مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# قىز يىغلىما

ISBN 978-7-5371-5468-0
9 787537 154680 >
باھاسى: 19.00 يۈەن

ئالىمجان ئىسمائىل

# يىغلىما قىز



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئالىمجان ئىسمائىل

# يىغلىما قىز

( پوۋېستلار )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

姑娘别流泪/阿力木江著. —乌鲁木齐:新疆青少年出版社，2006.12
ISBN978—7—5371—5468—0

Ⅰ.姑… Ⅱ.阿… Ⅲ.中篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 026522 号

责任编辑：**尼加提·穆合力斯**
责任校对：**依巴达提·亚森**
封面设计：**阿里甫·夏**

**姑娘别流泪**(维吾尔文)
(中篇小说)
**阿力木江·斯马义** 著

---

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路二巷1号　邮编:830049)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本　10印张
2006年12月第1版　2009年3月第3次印刷

---

ISBN 978—7—5371—5468—0　定价:19.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى: نىجات مۇخلىس
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ

# يىغلىما قىز

(پوۋېستلار)

ئاپتورى: **ئالىمجان ئىسمائىل**

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا 1 - قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 10
2006 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2009 - يىل 3 - ئاي 3 - بېسىلىشى
ISBN978 — 7 — 5371 — 5468 — 0
باھاسى: 19.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە

يىغلىما قىز ........................................ 1

سىرلىق قاينام ........................................ 147

چېغىر يول ........................................ 235

# يىغلىما قىز

## 1

ھەممە نەرسە ئارقىدا، ئۇزاقتا قالدى. ئۇنىڭ تۇغۇلۇپ، ئۆسكەن قەدىردان يۇرتى، ناتونۇش شەھەرلەر، چېتى كۆرۈنمەس، ماڭسا ـ ماڭسا تۈگىمەيدىغان قاقاس چۆللەر، توغراقلىقلار، قاغجىراپ تۇرغان كۆرۈمسىز قىزغۇچ، تاقىر تاغلار ھەممىسى تولىمۇ ئۇزاقتا، خۇددى سەھەردە كۆرگەن چۈشتەك كۆڭۈلدە خىرە ـ شىرە ئىز قالدۇرۇپ ئارقىدا قالدى. ئۇ كىچىك چاغلىرىدا تولا ئاڭلىغان ناخشىدا ئىسمى ئاتىلىدىغان داۋانچىڭدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى، مۇشۇ قارا ئارغامچىدەك تولغىنىپ، ئۇپۇق قوينىغا كىرىپ كەتكەن يول تۆت كۈندىن بۇيان ئۇنى يېتىلەپ ئەكېتىۋاتىدۇ. بۇ يولنىڭ ئايىغى چىقىدىغاندەك ئەمەس، بۇ قات ـ قات تاغلارمۇ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس.

ئامانگۈل ھەممە نەرسىگە قاراپ ھاردى، يولۇچىلار بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ ئۇخلاشماقتا. ئارقا تەرەپتە بىرى قويغان ئۇنئالغۇدىن داۋۇتجاننىڭ ناخشىسى كېلەتتى.

تېرەك بوستان، تېرەك بوستان،
تېرەك بوستانغا مەن ھەيران...

بۇ ئادەم يول بويى ئۇنئالغۇنى قويۇپ كەلدى. ئامانگۈل ھەر قېتىم ناخشىنى ئاڭلىغاندا، كۆز ئالدىغا ئاشۇ ناخشا بىلەن ئىسمى-

داش مەھەللىسى كېلىدۇ. ھازىرمۇ ناخشىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كۆڭ-
لى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ھازىر ئۆيدىكىلەر نېمە ئىش قىلىۋاتقان-
دۇ؟ دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، ھەرقاچان كېۋەز يىغىشنى باشلى-
دى. بۇ يىل ھەممە ئۇمىد شۇ كېۋەزدە، ئۆيدىكىلەر پاختىنى
سېتىپلا ساڭا پۇل ئەۋەتىمىز، دېگەنتى. بىچارە ئاپام يىغلاپ
يۈرەمدىكىن؟ ...

— ئامانگۈل، كەلدۇق.

ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ۋىجىك، ئاق يۈزلۈك يىگىتنىڭ
سۆزى ئامانگۈلنىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. يىگىت ئالدى تەرەپنى
كۆرسىتىپ دېدى:

— ئەنە ئۈرۈمچى، بۇ يەرنى ئۇلانباي دەپ ئاتايدۇ.

ئامانگۈل ئورنىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇپ، ئوچۇقچىلىقتا
خۇددى كۆل سۈيىدەك يېيىلىپ، كەچكى قۇياش نۇرىدا يالتىراپ
ياتقان شەھەرگە قىزىقىش ۋە ئېيتقۇسىز بىر خۇشاللىق بىلەن
تەلمۈردى. لېكىن ئۇ بۇككىدە دەل - دەرەخلەر ئارىسىدىكى
چوقچىيىپ چىققان ئىمارەتلەر بىلەن ئېگىز، ئىستىن قارايغان
تۈرخۇنلاردىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئاپتوبۇس شەھەر-
نىڭ چېتىدىكى قانداقتۇر بىر زاۋۇتلارنىڭ يېنىدىن خېلى ماڭدى.
ئاندىن دۆڭدىن چوڭ بىر كوچىغا قايرىلىپ، ئالدى تېمى پۈتۈن-
لەي ئەينەكلىك، ھەشەمەتلىك بىر بىنانىڭ دەرۋازىسىدىن
كىردى.

— يولۇچىلار بېكەتتى، — دېدى يېنىدىكى يىگىت ئۇنىڭغا
بىنانى ئىما قىلىپ.

ئامانگۈل بىناغا قاراپ بولغۇچە ئاپتوبۇس قاتتىق - قاتتىق
سىگنال بېرىپ ھويلىغا كىردى - دە، مەيداننى بىر ئايلىنىپ
ئوچۇقچىلىقتا توختىدى. ئۇزاق يولنىڭ ھاردۇقىدا ئېزىلگەن
يولۇچىلارغا جان كىردى. ئۇلار ئالدىراش نەرسە - كېرەكلىرىنى
يىغىشتۇرۇشقا، كىملەرنىدۇر چاقىرىشىپ ئاپتوبۇس ئىشىكىگە

قاراپ ئېقىشقا باشلىدى.

— مەن چىقىپ يوك - تاقلارنى چوشورەي، — دېدى يىگىت ئورنىدىن تورۇپ ۋە ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدىكى توپا باسقان قول سومكىسىنى تارتىپ چىقىپ ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە قويدى، — سىز بو سومكىلارنى ئالغاچ چوشەرسىز.

ئامانگول ماقول دەپ بېشىنى ئىرغىتتى، ئاپتوبۇستىكىلەر ئورۇندۇقلار ئارىسىدىكى تار يولدىن قاتار تىزىلىپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئامانگول تۆت كۈندىن بۇيان ھەمراھ بولۇشقان، بۇ شەھەرگە ھەرخىل مەقسەت، ئارزۇ - ئۈمىدلەر بىلەن كەلگەن سەپەرداشلىرىغا قىزىققاندەك قاراپ، ئاپتوبۇستىن چۈشتى.

ئامانگول بىلەن ۋىجىك يىگىت يوك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بىنانىڭ ئالدىغا چىقىشتى، كەڭ كوچا ماشىنىلارنىڭ ئاۋازى، كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى، دۇكانلاردىن چىقىۋاتقان ناخشا - مۇزىكىلار بىلەن گۈۋۈلدەيتتى. ئامانگولنىڭ قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ كەتتى. ئۇ خۇددى بىرى پىرقىرىتىپ - پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەندەك، كۆز ئالدى تۇمانلىشىپ، بىر خىل تەمتىرەش، ھودۇقۇش، ياتسىراش بىلەن ئالدىدىكى ھەممىگە ھاڭۋېقىپ قاراپتتى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەيتتى. «تۇرسۇن ھەمراھ بولمىغان بولسا تېنەپ نەلەردە يۈرەتتىم، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە ماشىنا سۆزلىشىش ئۇچۇن كېتىۋاتقان ۋىجىك يىگىتكە قاراپ قويۇپ، — ساۋاقداشلىقنى بۇ دورەم ئوبدان يەتكۈزدى. قىلچىمۇ جاپا تارتماي كېلىۋالدىم. كېيىنچە كىر - قاتلىرىنى بولسىمۇ يۇيۇپ، بۇ قىلغىنىنى ياندۇرارمەن. نېمىلا دېگەنبىلەن ئىككىمىز بىر يۇرتلۇق - دە».

تۇرسۇن ھايال ئۆتمەي ئاقۇچ بىر بولكىۋاي ماشىنىنى باشلاپ كەلدى.

— ھەممىسى مۇشۇمۇ؟ — دېدى قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان ياشقىنە شوپۇر يوك - تاقلارنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ

چىقىپ، — ئون بەش سوم بېرىڭلار.

ئامانگۈل چۆچۈپ كەتتى. ئۇ تۆت كۈنلۈك يولدىن ئوتتۇز نەچچە سومغا كەلگەن تۇرسا، ئەمدى بىر قەدەم يەرگە شۇنچىۋالا ئالامدۇ ياكى مەكتەپ شۇنچىلىك يىراقمىدۇ - يا؟ هارۋا بولغان بولسا ئەرزانراق بولارمىكىنتاڭ؟... ئامانگۈلنىڭ كۆڭلى بىرقىسما بولدى. ئۇ يانچۇقىدىن پۇلنى ئېلىپ تۇرسۇنغا تەڭلىدى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — تۇرسۇن ئوڭايسىز بىر قىياپەتتە قىزىرىپ كەتتى، — قويۇڭ، يانچۇقىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، بولدى، ماشىنىغا چىقىڭ!

ماشىنا قوزغالدى. ئامانگۈل ماشىنا ئەينىكىدىن ئەتراپقا، بۇ هەيۋەتلىك شەهەرنىڭ مەنزىرىسىگە تويماي قارايتتى. قاياققىلا قارىساڭ بىر - بىرىدىن ئېگىز، هەشەمەتلىك بىنالار، رەڭگارەڭ گۈللەر، مىغىلداپ ئۆتۈشۈۋاتقان ماشىنىلار، چىرايلىق ياسىنىۋالغان كىشىلەر... ئامانگۈل هەممىدىنمۇ بەك بىنالارنىڭ ئالدىغا پەلەمپەي قىلىپ تىزىۋېتىلگەن گۈللەرگە هەيران قالدى، شۇنداق رەتلىك، شۇنداق كۆركەم بۇ گۈللەر هازىرلا ئۈزۈپ تىكىپ قويغاندەك تاۋلىنىپ تۇرىدۇ. ئامانگۈلنىڭ كۆزى كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مەنزىرىگە قاراپ ئۈلگۈرەلمەيتتى، مانا خۇددى سەرەڭگە قېپىدەك ئېگىز بىنا لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئامانگۈل ئۇنىڭ سەككىز قەۋەتلىكچە سانىيالىدى. «ئاشۇ بىنالاردىمۇ ئادەملەر ئولتۇرىدۇ - هە، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بېشى قايماي، قورقماي قانداق ئولتۇرىدىغاندۇ؟ بىزنىڭ مەكتەپمۇ شۇنداق ئېگىزمىدۇر؟» ئۇ شوپۇرنىڭ ماشىنىنى شۇنداق تېز هەيدەۋاتقانلىقىغا ئاچچىقلاندى. ئۇنىڭ شەهەرنى ئوبدانراق كۆرۈۋالغۇسى بار ئىدى. لېكىن ئۆزىنىڭ ئەمدى بۇ شەهەردە بەش يىل تۇرىدىغانلىقى ئېسىگە كېلىپ خاتىرجەم بولدى. كۆڭلى شادلىققا تولدى. تېخى ئون كۈن ئىلگىرى ئۇ ئاشۇ يېزىدىن قاچان قۇتۇلارمەن، دەپ غەم يېگەنىدى. كىشىنىڭ تەقدىرىمۇ ۋاقتى -

سائىتى كەلسە بىردەمدىلا ئۇياق ـ بۇياق بولۇپ كېتىدىكەن، مانا ئۇ بىر پارچە قەغەز، بىر ئېغىز ماقۇل بىلەنلا دېھقان قىزىدىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ئايلاندى. كېچە ـ كۈندۈز ئارمان قىلغان ئارزۇ ـ تىلىكىگە يەتتى. مانا پەقەت چۈشىدىلا كۆرەلەيدىغان شەھەرنىڭ كوچىسىدا كېتىۋاتىدۇ، ئەمما ...

تۇرۇپلا ئامانگۈلنىڭ ئېسىگە يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار كېلىپ، كۆڭلى خۇددى چىۋىن يەۋالغاندەك غەش بولدى. ئۇ بۇ خىياللارنى ئۆزىدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن كوچىغا قارىدى. ماشىنا ئەمدى بايىقىدىن تارراق، ئادەملەرمۇ شالاڭ كوچىدا كېتىۋاتاتتى.

— ئەنە، مەكتەپكىمۇ كېلىپ قالدۇق.

تۇرسۇن ئۇنىڭغا قاراپ، ئالدى تەرەپنى شەرەت قىلدى.

ئامانگۈل هودۇققان هالدا ئالدىغا قارىدى. ئىككى تەرىپى بۈككىدە دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان كوچىنىڭ بېشىدا ئېگىز بىر دەرۋازا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. دەرۋازىنىڭ يان تۈۋرۈكىگە ئېسىلغان ئۇزۇن ئاق تاختايغا چوڭ قىلىپ مەكتەپنىڭ ئىسمى يېزىلغانىدى. ئامانگۈل خەتنى ئوقۇپ خۇشال كۈلۈمسىرىدى ۋە يېنىك بىر تىنىپ قويدى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپ ـ چىقىۋاتقان، بىر ـ بىرىنى قولتۇقلىۋالغان قىزلارغا، توپ ـ توپ يىگىتلەرگە هەۋەسلىنىپ قاراپ قويدى. ئۇمۇ بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ يوللاردا ئاشۇلاردەك ئەركىن، غەمسىز ماڭىدۇ. ئاشۇ خىيابان باغ ئىچىدە ئاۋۇ ئورۇندۇقلاردا دەرسلەرنى تەكرارلايدۇ، دەم ئالىدۇ. بىچارە ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ مۇشۇنداق چىرايلىق مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرسە قانچە خۇشال بولار ـ هە! خۇدا بۇيرۇسا مەكتەپ پۈتتۈرگىچە ئاپىسىنى بىر ئەكېلىپ كۆرسىتىدۇ، شەهەرنى ئايلاندۇرۇپ ئوينىتىدۇ...

ماشىنا فونتان ئېتىلىپ تۇرغان كۆلچەكنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئۈچ قەۋەتلىك قەدىمىي پاسونىدىكى بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. تۇرسۇن شوپۇرغا پۇلنى بېرىپ ئۇنى يولغا سېلى-

ۋەتتى ـ دە، بىناغا كىرىپ كېتىپ، بىر هازادىن كېيىن ئوتتۇرا ياشلاردىكى قامەتلىك بىر ئادەمنى باشلاپ چىقتى.

— ئامانگۈل، سىزنىڭ سىنىپ مەسئۇلىڭىز، — دېدى تۇرسۇن ئۇ كىشىنى ئامانگۈلگە تونۇشتۇرۇپ.

— بەك كېچىكىپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى ئۇ كىشى ئامانگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ هال ـ ئەهۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن، — باشقا ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بولغىلى نېكەم...، — ئامانگۈل نېمە دېيىشنى بىلمەي يەرگە قارىدى. ئۇنىڭغا بۇ ئوقۇتقۇچى «ئەمدى كەچ قالدىڭىز، ئۆيىڭىزگە قايتىپ كېتىڭ» دەيدىغاندەك تۇيۇلۇپ يۈرىكى مۇزلاپ كەتتى.

— يۈرۈڭ، ئاۋۋال سىزنىڭ ياتىقىڭىزنى كۆرسىتىپ قوياي، — دېدى مۇئەللىم ۋە ئۇلارنى باشلاپ ماڭدى.

مۇئەللىم ئامانگۈللەرنى قاراڭغۇ كارىدور ئارقىلىق ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ باش تەرىپىدىكى بىر ياتاقنىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىپ ئىشىكنى چەكتى. ئىچكىرىدىن بىر قىزنىڭ «كىرىڭ» دېگەن زىل ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۇلار يۈك ـ تاقلارنى كۆتۈرۈشكىنىچە چاقچاقلىغىنىچە ياتاققا كىرىشتى. ئامانگۈل بۇ يېڭى ماكانىغا ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ياتاققا تام بويلىتىپ ئىككى قەۋەتلىك ئۈچ جۈپ كارىۋات قويۇلغان، ئىشىك تۈۋىدىكى بوش ئورۇنغا بولسا ساندۇق، چامادانلار تىزىۋېتىلگەنىدى. دېرىزە ئالدىغا تارغىنە بىر ئۈستەل قويۇلغانىدى. تۆردىكى كارىۋاتنىڭ ئاستىدىكى گۈللۈك يۇڭ ئەديال يېپىلغان ئورۇندا خۇددى ئارتىسلاردەك چىرايلىق ياسىنىۋالغان بىر ئورۇق قىز ئۈستەلدىكى ئەينەككە قاراپ پەرداز قىلىۋاتاتتى. ئۇ كىرگەنلەرنى كۆرۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئەينەك ۋە پەرداز قۇتىسىنى ياستۇقىنىڭ ئاستىغا تىقتى.

— هە، ئادىلە، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ — دېدى مۇئەللىم هېلىقى قىزغا قاراپ.

— بىكار، مۇئەللىــم ...، — قىز ھــودۇقــۇش ئارىلاش ئالمان - تالمان جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ يۈزى شۇ ھامان قىزىرىپ ئوت ئالدى.

— ئادىلە، سىزگە يېڭى ھەمراھ كەلدى، — دېدى مۇئەللىم قارشى تەرەپتىكى بوش كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇرۇپ ۋە ئامانگۈلگە قاراپ سوئال نەزىرىدە بېشىنى ئېغىتتى، — ئىسمىڭىز نېمە ئىدى؟ ھە، ئامانگۈل، تونۇشۇۋېلىڭلار، بۇ قىزنىڭ ئىسمى ئادىلە، سىلەر بىر سىنىپتا ئوقۇيسىلەر.

مۇئەللىم ئۇلارغا رەسمىي دەرس باشلىغىچە قىلىدىغان ئىشلارنى بىر قۇر دەپ بولۇپ ئامانگۈلگە «ئەمىسە ئورۇنلىشىۋېلىڭ، قالغان ئىشلارنى ئەتىگىچە سۆزلىشەرمىز» دەپ تۇرسۇن بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى. ئامانگۈل ئۇلارنى كارىدورغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىردى. ئۇنىڭ قەلبى شــادلىقتىن يــايرايتتى، ساق - سالامەت مەكتەپكە كېلىۋالغانلىقىدىن خۇرسەن ئىدى، ئۇ ھارغىنلىقىنىمۇ سەزمىدى. پەقەت ئۇسساپ تاماقلىرى قۇرۇپ كەتتى، ئۇ ئۇستەلدىكى ئىستاكاندا لىپمۇلىق تۇرغان چايغا تەلمۈرگەن ھالدا قاراپ قويدى، «توۋا، چاي - پاي ئىچەمسىزمۇ دېمەيدۇغۇ، تازىمۇ ھالى بار قىزمۇ نېمە» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بەش يىلغىچە بىللە ياتىدىغان ساۋاقدىشىغا ئاستا، ئەيمەنگەن ھالدا سەپسالدى. ئۇ ئېگىز بويلۇق، ئورۇق، ئاق سېرىق قىز ئىدى. ئۇنىڭ دۇپدۇگىلەك كۆكۈچ كۆزى ئامانگۈلگە باشتىلا سوغۇق كۆرۈندى. يۈزىنىڭ ئورۇقلۇقىغا باقماي ئېڭىكى بەكمۇ ئۇچلۇق بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ يۈزىنى تېخىمۇ ئۇزۇن كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ بۇدۇر قىلىپ بۇلۇتتەك كۆپتۇرۈۋالغان سېرىق چېچى يەلكىسىگە يېيىلىپ، ئۇنىڭغا بۆلەكچە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

ئۇ قىزمۇ تەرلەپ پىشىپ كەتكەن ئامانگۈلگە سىنچى كۆزى بىلەن قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزى ئامانگۈلنىڭ توپا - چاڭ

باسقان يۇك ـ تاقلىرىغا، قوپال سىرلانغان كىچىككىنە ساندۇقىغا چۈشكەندە قانسىز يۈزى پۈرۈشتى، ئىنچىكە قېشى كېرىلىپ، پېشانىسىدە ئىنچىكە قورۇقلار پەيدا بولدى.

— نەدىن كەلدىڭىز؟ — ئاخىر ئۇ سۆز قاتتى.

— ئاقسۇدىن.

— ئۆيىڭىز بازار ئىچىدىمۇ؟

— ياق، يېزىدا.

— ئۈرۈمچىدە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ؟

— يوق.

— خورەك تارتمايدىغانسىز؟

ئامانگۈل ۋىللىدە قىزاردى.

— ياق.

بۇ قىزنىڭ سوئاللىرى ئامانگۈلنىڭ كۆڭلىگە تېك كەلدى. «ئەجەبمۇ قوپال، سوغۇق قىز ئىكەنا، ئوقۇغۇچىدەكمۇ تۇرمايدۇ، تۇرقىدىن قارىغاندا يا ئۈرۈمچىلىك، يا شىماللىق بولسا كېرەك، بۇ قىز بىلەن قانداق قىلارمەن؟» ئامانگۈل ئەندىشە ئىچىدە شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ياتاققا كىرگەن چاغدىكى خۇشاللىقى نەگىدۇر غايىب بولدى. ئۇ ئىچىگە بىر تىنىپ قويدى ـ دە، يۇك ـ تاقلىرىنى يېشىشكە كىرىشتى. ئۇ، ئوقۇشقا مېڭىش ئالدىدا ئاپىسى يوتقان ـ كۆرپىسىنى پۇتۇنلەي يېڭىدىن تىكىپ بەرگەنىدى، ھەتتا ياستۇقىنىڭ توزغىقىنىمۇ يېڭى توزغاققا ئالماشتۇردى، پەقەت يېڭى كىگىز ئېلىشقا پۇل يېتىشمىدى، شۇڭا ئۆيدىكى ساقراق بىر ئاق كىگىزنى چىگىپ بەرگەنىدى. ھېلىمۇ بىچارىلەر ئۇنى جابدۇش ئۈچۈن بېقىنۋاتقان ئىككى قوينى، ئۆي سالىمىز دەپ ھازىرلاپ قويغان بەش تال تېرەكنى سېتىۋەتتى. ئامانگۈل شۇلارنى ئويلىسىلا يۈرىكىنىڭ بىر يېرى ئېچىشاتتى.

ئامانگۈل كىگىزنى تالاغا ئاچىقىپ بىرەر قۇر قېقىشتۇرۇۋې-

تىپ كارىۋاتقا سالدى، يوتقان - كۆرپىلىرىنى قاتلاپ يىغدى، ئاخىرىدا ياستۇقنى كارىۋاتقا ئېلىشىغا، نېمە بولدى، ياستۇق «جارتلا» قىلىپ يېرتىلىپ ئىچىدىكى تورغاق خۇددى بوران ئۇ- چۇرغان ساماندەك ياتاق ئىچىگە، ئادىلەنىڭ ئورۇن - كۆرپىلىرى- نىڭ ئۇستىگە پۇرقىراپ چېچىلدى.

— ئاپام! ... — ئامانگۇل چىرقىرىغىنىچە ياستۇقنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. قورققىنىدىن پۇت - قولىدا جان قالمىدى.

باياتىن ئامانگۇلنى «ئورنىڭىزنى سېلىۋېلىڭ» دەپ ئۇدۇلدى- كى كارىۋاتقا ئۆتۈپ ئولتۇرغان ئادىلە تۇيۇقسىزلا يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن دەسلەپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن توزغاققا مى- لەنگەن كارىۋىتىغا، ئورۇن - كۆرپىسىگە كۆزى چۈشۈپ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— ھەي، كۆزىڭىز بارمۇ؟ ... ۋىيەي، نېمە ئىش بۇ؟ — دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن.

ئامانگۇل نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ياستۇقنى پۇۋلەپ كارىۋىتىنىڭ ئۇستىگە قويدى - دە، قولى بىلەن ئالمان - تالمان ئادىلەنىڭ كارىۋىتىنى سۈپۈرۈشكە باشلىدى:

— مەنمۇ ئۇقماي قالدىم ... مىخقا ئىلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ...

— بوش، بولدى، بولدى، — ئادىلە كارىۋىتىغا ئۆتۈپ ئامانگۇلنى قوپاللىق بىلەن سىلكىدى، — نېمە ئۇ مەينىتىڭىزنى بۇ يەرگە كۆتۈرۈپ كېلىپ يۇرەتتىڭىز؟ ۋاي خۇدايىم، ئامان بولساق تېخى ئىش بار ئوخشايدۇ... ئۇ غۇدۇرىغىنىچە ياستۇقنىڭ ئاستىدىن چىرايلىق توقۇلغان كىچىككىنە قول سۈپۈرگىسىنى ئېلىپ ئورنىنىڭ ئۇستىدىكى توزغاقلارنى پولغا سۈپۈرۈشكە باشلىدى.

ئامانگۇل خىجالەتچىلىكتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. «ئەجەبمۇ سەت ئىش بولدى، — دەپ ئويلىدى ئۇ

ئېچىدە، — كېلە - كەلمەيلا سەھرالىقلىقىمنى قىلدىمغۇ...
ئەمدى بۇنىڭغا بولۇپ بېرىدىغان بولدى - دە.... ماۋۇ قىز ئۆزۈك
سوپىۇر، دېگەن بولسىمۇ يىغىپ ياستۇقۇمغا قاچىلىۋالاتتىم، يەر-
دىن يىغىۋالسام تېخىمۇ زاڭلىق قىلار، ئەمدى پاكار ياستۇقتا
قانداقمۇ ياتارمەن؟ ئەستا...» ئۇ ئادىلەنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىدا
چەيلىنىپ ئەخلەتكە ئايلىنىۋاتقان توزغاقلارغا ئېچى سىيرىلغان
هالدا قاراپ قويدى.

ئۇلارنىڭ دەسلەپكى تونۇشۇشى شۇنداق باشلاندى.

## 2

ئادىلە مۇشۇ شەھەرلىك قىز ئىدى. يەنە كېلىپ نام -
شەرىپى شەھەرگە مەشھۇر بولغان نازىرىنىڭ ئەتىۋارلىق يالغۇز
قىزى ئىدى. ئادىلەنىڭ ئىككى ئاكىسى خېلى بۇرۇنلا ئۆي -
ئوچاقلىق بولۇپ ئۆي ئايرىپ چىقىپ كېتىشكەن، ئۇلار
ھەپتە - ئون كۈندە بىر كېلىپ چوڭ ئۆينى يوقلاپ قويۇشاتتى.
شۇنداق بولغاچقىمۇ بۇ ئائىلىدە ئادىلە تولىمۇ ئەركىن ئۆستى.
ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئوقۇشى، نەدە تۇرۇپ، نەدە يۈرگىنىنى
سۈرۈشتۈرۈشكە چولىسىمۇ تەگمەيتتى. پەقەت بىر ئىش ئۇلارنى
چۆچۈتۈپ قويدى. ئادىلە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى
يىللىقىدا سىنىپتىن كۆچەلمەي قالدى. ئۇ ھەممە پەندىن بىراقلا
ئۆتەلمىگەنىدى. بۇ ئىش شەھەردە ئۆزلىرىنى تۆتىنىڭ بىرى ساناپ
يۈرگەن بۇ ئائىلىنىڭ يۈزىنى ئوبدانلا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلار
ئەمدى ئادىلەنى چىڭ تۇتىدىغان، ئىلگىرىكىدەك نېمە دېسە رايىغا
قويۇپ بەرمەيدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ ئادىلە مىڭبىر تەس-
لىكتە ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، ئائىلىسىنىڭ زورى بىلەن
ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەردى، ئىمتىھان بېرىشنىغۇ بەردى،
لېكىن قانچە نومۇر ئالىدىغانلىقى دادا بىلەن ئانىغا بەشقولدەك
ئايان ئىدى. ئاخىر نازىر ئۆزى ساقىلىنى سۆرەپ مەكتەپكە،

مائارىپ ئىدارىسىگە، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىلىرىغا مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. ھېلىمۇ مۇشۇ مەكتەپتە ئۇنىڭ يېقىنلىرى چىقىپ قالدى. ئۇلار بۇ پېشقەدەم باشلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئادىلەنى مەكتەپكە قوبۇل قىلدى.

— مەن مال دوختۇرى بولمەنمۇ؟ — دېدى ئادىلە ئۆزى تەقسىم قىلىنغان مەكتەپنىڭ نامىنى ئاڭلاپ دادىسىغا، — بولدى، ئوقۇمايلا قوياي.

— ئاۋۋال ئوقۇپ چىقمامسىز، قىزىم، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دېگەن دىپلومنى ئېلىڭ، ئاندىن بىر گەپ بولمامدۇ.

توغرا، ئۇ نېمە غەم قىلىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە دادىسى ھەممىنى توغرىلايدۇ، ئۇنىڭدا شۇنچىلىك يۈز - ئابرۇي، ھوقۇق بار ... ئادىلە بۇنىڭغا باش قاتۇرمىدى. ئۇ پەقەت يەنە بەش يىلنى سىنىپتا، مەكتەپ ئىچىدە سولىنىپ ئۆتكۈزۈشنى ئويلىسىلا بېشىغا تاغ يىقىلاتتى. نېمە ئىلاج، ئۇ ئاخىر بويىنىنى باغلىغاندەك بولۇپ مەكتەپكە باردى. لېكىن ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ «ئۆيدە يېتىپ ئوقۇڭ» دېگىنىگە ئۇنىماي مەكتەپ ياتىقىدا ياتتى. «ئۆيدە مېنى قەپەسكە سولاپ ئۆينىڭ ئىشىنى قىلدۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن مەكتەپ قانداق بولمىسۇن ئەركىنرەك» دەپ ئويلايتتى ئۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىزلاردىن دوست تېپىۋېلىشمۇ مۇمكىن. ئەمما ھازىرغىچە ئۇنىڭ دىتىغا ياقىدىغان بىرمۇ قىز ئۇچرىمىدى، ئاماڭگۇل دەسلەپ كىرگەندە ئۇنىڭ چىرايلىقلىقى ئادىلەنى تاڭ قالدۇردى. لېكىن سەھرالىقلىقى، قىلىقلىرى كۈندىن - كۈنگە ئۇنى بىزار قىلىشقا باشلىدى. ئادىلەنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ كۆڭلى قالدى. ئۇ زېرىكىشكە باشلىدى.

بۈگۈن شەنبە، ئۇ دەرستىن چۈشۈپ بىردەم مەكتەپ ھويلىسىنى ئايلىنىپ يۈردى، ئۇنىڭ ئۆيگە قايتقۇسى زادىلا يوق ئىدى. «ھەرقاچان تاغاردا بىر كىرنى يىغىپ تەييار قىلىپ قويىدى، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — ئۇنى تۈگەتسەم ئۆي تازىلايمەن، تاماق ئەتمىسەم بولمايدۇ، ۋاي بولدىلا» ئۇ ئۆيگە بېرىشتىن

قەتئىي يالتايدى، ياتاقىمۇ كۆڭلى تارتماي... ئەمەسمۇ ياتاقتا ئۇ مۆڭداشقۇدەك كىم بار، ھەممىسى بىر - بىرىدىن ئۆتكەن تومپاي، سەھرالىقلار...

ئاخىر ئۇ كىنو كۆرۈپ كەلمەكچى بولۇپ، سومكىسىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ياتاققا ماڭدى. بىناغا كىرىشكە دېجورنى ئايال ئۇنى چاقىردى:

— ئادىلە، — دېدى ئۇ دېرىزىدىن بىر خەتنى چىقىرىپ، — باياتىن بىرەيلەن كېلىپ سىزگە ماۋۇ خەتنى قالدۇرۇپ قويۇپ كەتتى.

ئادىلە ئەجەبلەنگەن ھالدا خەتنى ئاچتى:

«ئادىلە! — دەپ يېزىلغانىدى بۇ قىسقا خەتتە، — سىنى خېلى ساقلاپ بېقىپ، ئاخىر قايتىپ كەتتىم، بىكار بولساڭ كەچ سائەت بەشتە «ئەلئېھرام» غا كەلگىن.

تۇرغان»

ئادىلەنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك سائىتىگە قارىدى. يەنە بىر سائەت ۋاقىت بار ئىكەن. ئۇ خەتنى پۈرلەپ يانچۇقىغا سالدى - دە، يۇقىرىغا — ياتاققا قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلاتتى، ۋۇجۇدىدا ھاياجان دولقۇنلىناتتى. «توۋا، تۇرغان كەپتۇ - دە، بىز كۆرۈشمىگىلى مانا تۆت ئاي بوپتۇ، مېنى ئىزدىگىنىگە قارىغاندا ئىچكىرىدىكى ئوقۇتى جايىدا بولغان ئوخشايدۇ، زىيان تارتسا ھەرگىز ئىزدىمەيدۇ، ئۇ نېمە ئەكەلگەندۇ؟ توپلەي، پىلاش، كۆڭلەك ... ئىچكىرىدە قاندىداق كىيىم مودا بولۇپ كەتتىكىن؟ ئىشقىلىپ قۇرۇق كەلمىدى. كەچتە كۆرىمەنغۇ...» ئادىلەنىڭ كۆز ئالدىغا بۇ سودىگەر يىگىت بىلەن بولىدىغان ئۇچرىشىش، ئالىيېشىل چىراغلار چاقناپ تۇرغان، چىرايلىق قىز - يىگىتلەر بىلەن تولغان قەھۋەخانا، كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇش، مۇزىكا پەيزىنى سۈرۈپ ئولتۇرۇپ ئالىي

ئىچىملىكلەرنى ئىچىش، ئاندىن قانغۇچە تانسا ئويناش، ئاخىرىدا خالىي قېلىپ شېرىن مىنۇتلارنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار كېلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئېرىپ كەتكەندەك بولدى.

ئادىلە شولارنى ئويلىغاچ پەلەمپەي بىلەن ئۈچىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلدى. قايسىدۇر ياتاقلارنىڭ بىرىدە ئۈنئالغۇدىن ئۇ ئەڭ ئامراق ناخشا ياڭرىماقتا ئىدى:

قارا ساچىڭ يەلپۈنەر،
كۆزۈڭ ماڭا تەلپۈنەر،
يۈرىكىڭمۇ تەلپۈنەر،
ئون سەككىز ياشىم، ئون سەككىز ياشىم،
ئون سەككىز، ئون سەككىز، ئون سەككىز ياشىم...

ئۇ بۇ ناخشىغا دىمىغىدا قېتىلغىنىچە ياتاققا كىردى، لېكىن كىردىيۇ، ئەرۋاھى ئۇچتى:

— ئوھوي... نېمە ئىش بۇ؟

ياتاقنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا تارتىلغان تانىغا سۇيى ئېقىپ تۇرغان رەڭگارىڭ كىيىملەر يېيىۋېتىلگەنىدى. ئادىلەنىڭ باياتىن-قى شادلىقى يوقالدى، كەيپى ئۇچتى. يەنە كېلىپ نەق ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئالدىغا داغلىرى پاكىز چىقمىغان گۈللۈك كالتەك ئىشتاندىن ئىككىسى يېيىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن تامچىلىغان سۇ كارىۋىتىغا يېپىلغان ئەدىيالغىمۇ ئېقىۋاتاتتى. سېمونت پول كىر-دىن ئاققان سۇدا چىلىق - چىلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئادىلە ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا مايكىچان بولۇپ كىر يېيىۋاتقان ئامانگۈلگە قاراپ ئاچچىقلاندى:

— ھۆيت خېنىم، كىرخانا قىلىۋېتىپسىزغۇ بۇ ياتاقنى، — ئۇ كارىۋىتى تەرەپكە ئۆتۈپ ئەدىيالنى تۇتۇپ كۆردى ۋە ئېسقلىق ئىشتانلارغا يىرگەنگەن ھالدا قاراپ قولىنى شىلتىدى، —

ئېلىك ماۋۇ مەينىتىڭىزنى، يۈندىڭىزنى خەقنىڭ ئورنىغا ئېقىتامسىز؟!

ئامانگۈل نومۇستىن قىزىرىپ كەتتى.

— نەگە ياپىمەن؟ — دېدى ئۇ ئاستا.

— نەگە ياپسىڭىز ياپامسىز، مېنىڭ بېشىمغا ئەكېلىپ ياپامتىڭىز؟ هوي، قىزىق گەپ بولدىغۇ بۇ، بۇ يەر دېگەن كول-لېكتىپ ياتاق، سىزدىن باشقىمۇ ئادەم بار، يائاللا، قاچانمۇ بىر داشۆسىڭدەك بولۇپ غەرەز ئۇقىدىغان بولار... نېمە قاراپ تۇر-سىز، ماۋۇ قاسماقلىرىڭىزنى ئېلىڭ دەۋاتىمەن!

ئامانگۈلنىڭ بوغداي ئۆڭ چىرايى تاتىرىپ دومسايدى، ئۇ خۇددى ئاپىسىدىن دەشنەم يېگەن بالىدەك بوينىنى قىسىپ ئادىلە-نىڭ زەهەردەك گەپلىرىگە قارىتا بىر ئېغىز جاۋاب ياندۇرماستىن هېلىلا يايغان كىرلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ باياتىن مۇشۇنداق بولۇشىدىن ئەنسىرىگەنىدى، ئادىلەنىڭ دەرستىن چۈ-شۈپ يوقىلىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ ئۆيگە كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ خاتىرجەم هالدا كىرنى يايغانىدى.

ياتاقنىڭ ئىچىنى كۆڭۈلسىز جىمجىتلىق باستى. ئۇدۇلدىكى كارىۋاتتا تور توقۇپ ئولتۇرغان قازاق قىز ئامانگۈلگە ئىچ ئاغرىت-قان هالدا قاراپ قويدىيۇ، باشقا گەپ قىلمىدى. ئىشىك تۈۋىدە ياتىدىغان سېمىز قارا قىز — نورىمان ئوقۇۋاتقان كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئادىلەگە ئالىيىپ قاراپ قويدى.

ئادىلە ئۇلارنىڭ هېچقايسىسىغا زەن قويمىدى. ئۇنىڭ سو-زۇنچاق يۈزى ئاچچىقتىن تۈرۈلگەنىدى. ئۇ ئامانگۈلنىڭ كىرلار-نى يىغىشتۇرغىنىغا ياراتمىغان، خۇددى بىرنېمىدىن سەسكەنگەن-دەك قاراپ تۇردى ـ دە، ئاندىن دېرىزە تەكچىسىدىن ئەينەكنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى، تارتمىدىن چىرايلىق پەرداز قۇتىسىنى ئېلىپ، ئىنچىكە قېشىنى قاش قەلەم بىلەن بويىدى. قاپىقىغا سۈرمە تارتتى، كالپۇكىنى قىپقىزىل قىلىپ بويىدى. بۇلارنى

تۆگەتكەندىن كېيىن بىر بۆلۈڭدىكى قىزلارنىڭكىدىن ئايرىپ تىزىپ قويغان قىزىل چاماداننى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن كىيىملىرىنى ئېلىشقا باشلىدى.

ياتاقتىكى قىزلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ كىيىمى ئەڭ جىق ئىدى. قىزىل چامادانىنىڭ ئىچى ئاغزى بىلەن تەڭ كىيىمگە توشقانىدى. ئۇ ئىككى كۈندە بىر دېگۈدەك كىيىم ئالماشتۇرۇپ كىيەتتى، يەنە كېلىپ قىزلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ مودا، قىممەت كىيىملەرنى كىيەتتى. قىزلار ئۇنىڭغا قانچە ئۆچ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يېڭى پاسوندىكى كىيىملىرىگە ھەۋەس قىلىشاتتى، ئۇنىڭدىن قەيەردىن ئالغانلىقىنى ئاستا سورىشاتتى، يۇقىرى يىللىقنىڭ قىزلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ ئۇنىڭدەك ياسىنىپ يۈرىدىغانلار ئاز ئىدى.

ھازىرمۇ ئۇ خۇددى كۆز - كۆز قىلغاندەك قىزلارنىڭ ئالدىدا كىيىملىرىنى بىر - بىردىن ئېلىپ ئۈستىگە تەڭلەپ چىقتى، ئاخىر گۈللۈك كوپتا بىلەن شۇنىڭغا پار قاتلاق يوپكىنى ياراتتى. پۇتىغا يېپيېڭى تۇپلەي، يېڭى پايپاق كىيدى، يەنە ئەينەك ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. چامادانىدىن ئەتىر ئېلىپ چېچىغا، كىيىملىرىگە چاچتى، ياتاقنىڭ ئىچىنى گۈپپىدە ئۆتكۈر پۇراق بىر ئالدى. قىزلار يەر ئاستىدىن ئۇنىڭ پەرداز قىلىشىغا ھەۋەس، ھەسەت بىلەن قاراپ - قاراپ قويۇشاتتى. لېكىن ھېچكىم تىنىپ بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى، ئاخىر ئادىلە سائىتىگە قارىدى ۋە چىرايى جىددىيلىشىپ نەرسىلىرىنى ئالدىراپ يىغىشتۇرۇپ جايلاشتۇردى - دە، سومكىسىنى قولىغا ئالدى.

ئادىلە ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، ئۆزىگە دۈمبىسىنى قىلىپ كىرلىرىنى قاتلاۋاتقان ئامانگۈلگە ئاچچىقى بىلەن قاراپ قويۇپ ئىشىكنى جالاقشىتىپ يېپىپ چىقىپ كەتتى. كارىدوردا ئۇنىڭ تاقىلداپ ماڭغان ئاياغ ئاۋازى خېلى بىر چاغقىچە ئاڭلىنىپ

تۇردى.

— يائاللا، كەتتىمۇ بۇ هازازۇل! — ئۇدۇلدىكى كارىۋاتتا تور توقۇپ ئولتۇرغان قازاق قىز خەدىشە دېرىزىدىن سىرتقا قاراغاچ دېدى، — هە، ئەنە كېتىۋاتىدۇ، كىرىڭىزنى يېيىۋېرىڭ، ئامانگۇل، ئۇ بۇگۇن كەلمەيدۇ.

— بۇ بىرنېمە قىپقىزىللا زومىگەر بولۇۋالدىغۇ ئەمدى، — نۇرىمانمۇ كىتابنى قاتلاپ گەپ قىستۇردى، — نېمىسىگە شۇنچىۋالا ئۆكتەملىك قىلىدۇ؟

ئامانگۇل باياتىندىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. قىزلارنىڭ گېپى ئۇنىڭ سەۋر قاچىسىنى چېقىۋەتتى، ئۇ كارىۋاتقا ئېڭىشكىنىچە مىشىلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇ ئۇرۇمچىگە كېلىپ بىرىنچى قېتىم يىغلىدى، ئادىلەنىڭ ئاھانىتى، خورلۇقى ئۇنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. نۇرىمان بىلەن خەدىشە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بەزلەشكە باشلىدى:

— بولدى يىغلىماڭ، — دېدى خەدىشە، — بولمىسا سىنىپ مەسئۇلىڭىزغا دېسىڭىز بولمامدۇ، ياۋاش تۇرسىڭىز بوزەك قىلىۋېرىدۇ.

— شۇ، سىزمۇ تېتىپ قويۇڭ، — نۇرىمان قۇۋۋەتلىدى، — چىدىمىسا باشقا ياتاققا چىقىپ كەتسۇن.

— ئۇنىڭ بىلەن بەش يىلنى قانداقمۇ ئۆتكۈزەرمىز؟

ئامانگۇل قانچە قىلسىمۇ ئۆزىنى توختىتىۋالالمايۋاتاتتى، بۇگۇنكى ئىش ئۇنىڭغا تولىمۇ هار كەلدى. ئۇ شۇنچىۋالا قىلىپ كەتكۇدەك ئادىلەنىڭ كۆزىگە نېمە كۆرۈنىدىكىنتاڭ؟ مانا مەكتەپكە كەلگىلى بىر ئايدىن ئېشىپ قالدى، ئۇ نېملا قىلمىسۇن ئادىلە ئۇنىڭ ئىشىدىن بىرەر ئېۋەن تېپىپ سىلكىشلەيتتى، بىردەم «پۇتۇڭنى يۇيمىدىڭ، ياتاق سېسىپ كەتتى» دېسە، بىردەم «كارىۋاتنى غىچىرلىتىپ ئۇخلاتمىدىڭ» دەيتتى، ئاشكارىدىن - ئاشكارا ئۇنىڭ كىيىملىرىنى مازاق قىلاتتى، ئامانگۇل ئۇنىڭ ئىچ

پۈشۈقىنى چىقىرىدىغان ئويۇنچۇقى بولۇپ قالدى. ئامانگۈل شۇ-
ڭىمۇ ياتاقتا ئەركىن ھەرىكەت قىلالمايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا يۈزتۈرا
گەپ قىلىشتىنمۇ ئەيمىنىدۇ. ئۇنى كۆرسە نېمىشقىدۇر ھودۇ-
قۇپ، تېنى شۈركۈنىدۇ، ئۇ ياتاقتا بولسا ياتاقتا ئولتۇرغۇسىمۇ
كەلمەيدۇ.
ئامانگۈل دەسلەپ ھەممە گۇناھنى ئۆزىنىڭ ئەپسىزلىكى،
تومپايلىقىدىن كۆردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ چوڭ شەھەر، ئالىي
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، تۇرمۇش ئادىتى
تولىمۇ يېڭى، يوچۇن ۋە سىرلىق بىلىنىپ ئۇنى تەمتىرىتىپ
قويغانىدى. شۇڭا ئۇ ھەربىر ئىشتا ئادىلەنى، باشقا قىزلارنى
دوراشقا باشلىدى، ئۇ ئۆمرىدە چىشىنى چوتكىلاپ يۇيۇپ باقمىغا-
نىدى. ئۆتكەن يەكشەنبە ماگىزىنغا كىرىپ چىش چوتكىسى،
چىش پاستىسى سېتىۋالدى، دەسلەپ چوتكىلىغاندا چىشى قاناپ
كەتتى، چوتكا بەك قاتتىق ئىكەن، ئۇ ئۆزىمۇ قورقۇپ كەتتى.
ئاغزىنىڭ ئىچى قۇرۇپ بىر كۈن كەچكىچە كالپۇكىنىڭ ئىچى
ئېچىشىپ يۈردى. لېكىن بارا - بارا ئۆگىنىپ قالدى، ھازىر
ئەتىگىنى چىشىنى چوتكىلىمىسا ئاغزى بەتتام بولۇپ بىئارام بو-
لىدۇ. ئۇ پات - پات يوشۇرۇنچە يانچۇقىدىكى كىچىك ئەينەكتە
چىشلىرىغا قاراپ باقىدۇ ۋە ئاقىرىپ ئېچىلىپ كەتكەن چىشلىرى-
غا، كۈندىن - كۈنگە سۈزۈلۈپ تولۇۋاتقان چىرايىغا قاراپ كۆڭ-
لى كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى.
ئامانگۈل ھەممىدىن ئادىلەنىڭ كىيىملىرىگە ھەيران قالات-
تى. قايسى كۈنى ئۇخلاش ئالدىدا ئۇنىڭ كۆزى ئادىلەنىڭ رۇباش-
كىسىغا چۈشۈپ يوشۇرۇنچە ئاستا ئۇنىڭغا سەپسالدى. يىپەكتەك
غىلدىرلاپ تۇرغان ھال رەڭ بۇ رۇباشكىسىنىڭ ئالدىغا ۋە ئېتەك-
لىرىگە تور تۇتۇلغانىدى. بۇ كىيىمدە ئۇنىڭ ئورۇق بەدىنى
شۇنداق زىلۋا، چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ سو-
ۋېتنىڭ رۇباشكىسى بولۇپ ئوتتۇز سومغا ئاپتۇ. ئادەتتە بۇنداق

رۇباشكىدىن تۆت - بەشى بار، ئۇ ئىككى - ئۈچ كۈندە بىرنى يەڭگۈشلەيدۇ، ئامانگۈل ئاپىسى تىكىپ بەرگەن قىزىل تاۋار رۇباشكىسىغا قاراپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭدا پەقەت ئىككىسىلا بار، شۇنىمۇ قاچان يىرتىلىپ كېتەر دەپ ئاياپ كىيىدۇ.

ئامانگۈل ياتاقتىكى باشقا قىزلارغىمۇ سەپسالدى. ھەر ھالدا ئۇلارنىڭمۇ ھال - كۈنى، كىيىم - كېچىكى ئامانگۈلدىن جىق ياخشى ئىكەن. نۇرىمانغا ھەر ئايدا ئۆيدىكىلىرى خۇددى دېيىشىۋالغاندەك ئەللىك سومدىن پۇل ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. خەدىشەگىمۇ خەت - خالتا ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرىدۇ. ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنىلا ئۇ توقسان سومغا بىر ئۆتۈك ئالدى. ھەر ھەپتىدە بىر يېڭى كىيىم ئېلىپلا تۇرىدۇ... ئامانگۈل ياتاقتا ھەممىدىن بىچارە، ھەممىدىن نامرات ئۆزى ئىكەنلىكىنى، شۇڭلاشقىمۇ ئادىلە ئۇنى كۆزگە ئىلماي خارلايدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىشكە باشلىدى. شۇڭا بايا ئادىلە ئۇنى سىلكىشلىگەندىمۇ ئۇ پەقەت ئىچىگىلا سالدى. ئۆزىنىڭ نامرات، كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلۇپ قالغانلىقىغا كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلىدى. لېكىن ئۇنىڭ نېمە ئامالى بار؟ ئۆيىنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭغا بەشقولدەك ئايان، ئۇلارنى پۇل دەپ قىستاشقا يۈرىكى چىدىمايدۇ، ئۇ مەكتەپكە كېلىشتىن ئىلگىرىمۇ شۇلارنى ئويلىغان، باشقىلاردىنمۇ ئۇرۇمچىدە پۇل بولمىسا ئوقۇماق تەس ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ كۆپ ئويلاندى. ئەگەر قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرەلمىسە يېزىدا ئۆمۈرۋايەت دېھقان بولۇپ ئۆتسە بولىدۇ، ئاشۇ ئانىسىدەك، ئوقۇشتىن يالتىيىپ چىقىۋالغان دوستلىرىدەك ئېتىزدا ئەمگەك قىلسا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا نېمە يول بار؟ شۇڭىمۇ ئۇ ئۈرۈمچىگە كېلىش ئۈچۈن ئاز ئازار چەكمىدى، ئورنىنى تولدۇرغۇسىز بەدەل تۆلىدى، ئاخىر ئارزۇسىغا يەتتى، ئۇ يەنە قانچىلىك قىيىنچىلىق بولسا چىدايدۇ، بۇ بەش يىلمۇ ئۆتۈپ كېتەر، ئادىلەمۇ ئوڭشى-

لىپ قالار...

ئامانگۈل يەنىلا ئۆزىگە تەسەللى بەردى، يىغا بىلەن ئىچ - قارنىمۇ بوشىشىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ ئادىلەنىڭ بۇگۈن كەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ يىغىۋەتكەن كىرلىرىنى باشقىدىن يايدى.

## 3

ئامانگۈلنىڭ شەھەرنى كۆرگۈسى بار ئىدى. لېكىن، يالغۇز چىقسا ئېزىپ قېلىشتىن قورقۇپ بىر يەكشەنبىنى ياتاقتا ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئارىلىقتا نۇرسۇنغا دەپ باقماقچىمۇ بولدى. لېكىن يەنە قىزلار، مۇئەللىملەر كۆرۈپ باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن دەپ ئۇنىڭغىمۇ ئېغىز ئاچمىدى. بۇگۈن نۇرىمان ئۇنىڭغا «بازارغا بىللە چىقايلى» دەپ قالدى. ئامانگۈلنىڭ خۇشاللىقتىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى، ئۇ خۇددى تويغا بارىدىغاندەك ياسىنىپ، باش - كۆزلىرىنى يۇيۇپ تەييارلىق قىلدى.

بۇگۈن يەكشەنبە بولغاچقا، كوچىدا ئادەم جىق ئىدى. ئۇلار بىرنەچچە ئاپتوبۇسنى چىقالماي ئۆتكۈزۈۋەتتى.

— ئامانگۈل، — دېدى نۇرىمان ئۇنى تارتىپ، — بۇنداق تۇرساق كەچكىچىمۇ چىقالمايمىز، سىز ماڭا ئېسىلىڭ، بۇ قېتىم چوقۇم چىقايلى.

نۇرىمان تەنھەرىكەتچىدەك بەستلىك قىز ئىدى، ئامانگۈل ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن بىلىكىنى مەھكەم تۇتتى، دەرۋەقە نۇرىماننىڭ يول ئېچىشى بىلەن ئامانگۈل ئاپتوبۇسقا چىقىۋالدى. ئاپتوبۇس ئىچىدە دەسسىگۈدەك يەر يوق ئىدى. كىمدۇر بىرى ئامانگۈلنىڭ ئوڭ پۇتىنى شۇنداق قاتتىق دەسسىدىكى، ئۇ چىرقىرىۋېتىشكە تاس قالدى.

ئاپتوبۇس چايقىلىپ - سىلكىنىپ كېتىۋاتاتتى، ئامانگۈل

قەيەرلەرگە كەلگەنلىكىنىمۇ پەرق قىلالمىدى. ئۇلار خېلى ئۇزاق ماڭدى. ئاپتوبۇسقا بىر جۈپ قىز ـ يىگىت چىقىپ، ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇردى. قىز شۇنچىلىك كالتە يوپكا كىيىۋالغان ئىدىكى، ساغرىسىنى ئارانلا يېپىپ تۇراتتى. يىگىت ئەتراپىدا ھېچكىم يوقتەك قىزنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ ئۇنىڭ كۆكسىنى سىلاشقا باشلىدى. قىزمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ھەدەپ جىلمىياتتى.

ئامانگۈل ۋىللىدە قىزىرىپ چەتكە قارىۋالدى.

— ئېشەكلەر، — دېدى نۇرىمان ئۇلارغا ئالىيىپ، — ئامانگۈل، بۇياققا كېلىڭ، نومۇس دېگەننى بىلمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ قىلىشىۋاتقىنىنى قاراڭ...

نۇرىمان خېلى يەرگىچە تىللاپ غۇدۇراپ باردى. ئامانگۈل بولسا ھېلىقىلارغا قايرىلىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇ ئىچىدە «توۋا» دەيتتى. ئۇلار ئادەم تازا قايناپ تۇرغان بازارغا كېلىپ ئاپتوبۇستىن چۈشتى.

بىر ـ بىرىدىن چوڭ ماگىزىنلار، ئەركىن بازار، رەڭگارەڭ ماللار ئامانگۈلنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىپ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى، نۇرىمان ئۇنىڭغا ماگىزىنلارنى، كوچىلارنى تونۇشتۇرۇپ ماڭدى، ئەمما ئامانگۈل ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ئېسىدە تۇتالمىدى، ئۇلار بىرنەچچە كوچىنى ئايلىنىپ چىقتى. ئامانگۈلنىڭ ماگىزىندىكى ماللارغا قاراپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالاتتى، نۇرىمان پات ـ پات ئۇنى چاقىراتتى.

— ئامانگۈل، مېڭىڭ، تېخى ماگىزىننىڭ چوڭى ئالدىمىزدا.

بىر ماگىزىندىن چىقىۋېتىپ ئامانگۈل نۇرىماننى يىتتۈرۈپ قويدى. ئۇنداق بولۇشى ئامانگۈل ماگىزىن ئالدىدىكى شەخسىيلەر تۇتۇپ تۇرۇشقان قول سائەتلەرگە قاراپ قالغانىدى. ئۇ ئۇيان ـ بۇيان يۈگۈردى. نۇرىمان ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. ئامانگۈل ئەندىشىگە چۈشتى. ئەمدى مەكتەپنى قانداق تېپىپ كېلىش كې-

-رەك ئۇ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن هالدا ماگىزىن ئالدىدا خېلى ئۇزۇنغىچە تۇردى. ئۇرىماندىن دېرەك يوق. ئۇنىڭ ئۈستى-گە، ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ، پۇت - قولىدا قىلچە ماغدۇر قالمىدى. ئامانگۈل ئامالسىز ئاۋۋال قورساقنى تويدۇرۇشنى ئوي-لاپ ئاشخانا ئىزدىدى. ئۇ ئىشىك بېشىغا «مۇسۇلمان ئاشخانى-سى» دېگەن تاختاي ئاسقان بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يانچۇ-قىدىكى پۇلنى ئېلىپ بىر قارىۋەتتى - دە، ئاندىن ئىشەنچلىك هالدا ئاشخانىغا كىردى. چاققانغىنە ئاشخانىدا ئادەم خېلى بار ئىدى. ئامانگۈل دېرىزە ئالدىدىكى بوش بىر ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ پۇتلىرىنى كۆتۈرگۈدەك ماجالى قالمىغانىدى.

بىلىكىگە ئاپئاق دەسمال ئېسىۋالغان ياش بىر يىگىت ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ چاي قويدى ۋە:

— نېمە يەيلا؟ — دەپ سورىدى.

— بىر تەخسە لەڭمەن بەرسىلە.

— ئوبدان، — تاڭجاڭ يىگىت ئاشخانىنىڭ ئىچىگە قاراپ سوزۇپ تۇرۇپ تاماق بۇيرۇدى.

قىزىق چاي ئامانگۈلنىڭ هاردۇقىنى چىقارغاندەك بولدى. ئۇ ئارقا - ئارقىدىن ئىككى پىيالە ئىچىۋېتىپ ئۇسسۇزلۇقى قانغاندىن كېيىن ئاشخانا ئىچىدىكىلەرگە سەپسالدى. ئۇنىڭ يېنى-دىكى ئۈستەلدە ئۈچ قىز چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار ياشلارغا خاس مودا كىيىملەرنى كىيىشىپ، يۈزلىرىنى بويىشى-ۋالغانىدى. ئامانگۈل ئۇلارنى ئون بەش - ئون ئالتە ياشلاردا دەپ مۆلچەرلىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالدى.

— يائالالا، خۇدايىم بىر ساقلىدى جۇمۇ، — چېچىنى ئوغۇل باللارنىڭكىدەك قىسقا ياسىتىۋالغان جۇغى كىچىك بىر قىز سۆز-لەۋاتاتتى، — هېلىمۇ بېكەتكە كېلىپ قالغانىكەنىمىز، مەن ئى-شىكتىن چۈشۈشۈمگە ئىگىسى ۋارقىراپلا قالدى. هېلىمۇ بېكەتتە ئادەم جىق ئىكەن، ئاداش، سەن نەگە كەتتىڭ؟

— مەن ئارقىدا، بىر خانىمنىڭ يېنىدا ئىدىم.
— نېمىنى قولغا چۈشۈردۈڭ؟
— ئەسكى لاتىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىكەن، — ئېگىززەك، كۆزلىرى يۇمۇق، قارىمۇتۇق قىز يېنىغا تۇكۇرۇپ قويدى، — ھالىغا قارىسا ئات تارتالمايدۇ، قېرى پاسكىنىنىڭ ... تۆت بېكەت ماڭغىنىم بىكارغا كەتتى ... ئۆتكەندە ئالغان قەرزىڭنى ئەمدى بېرىۋېتەرسەن؟
— يائاللا، سېنىڭدىن بىرنەرسە سورىغۇسىز ئىكەنسەن ـ دە، نېمانچە ئالدىرىتىسەن؟ مانىڭغىچۇ سوۋېتنىڭ ئۆتۈكىدىن بىرنى ئېلىۋالاي، ماقۇل دە، بۇدا چوقۇم بېرىۋېتىمەن.
— گېپىڭدە تۇرمايدىغان يالغانچى ئىكەنسەن، ئىككىنچى مەندىن بىرنېمە سوراپ باققىنە قېنى؟
— بېرىمەن دېدىمغۇ، نېمانداق قىلىسەن.
— بولدى، بولدى، قۇلاقنى ئاغرىتماڭلارچۇ، — دوغىلاق، گەۋدىلىك قىز ئاچچىقى بىلەن ئىككىسىنى سىلكىدى، — كەچتە قايسى كۇلۇبتا ئويدان سىنئالغۇ قويۇلىدىكەن، ئۇقتۇڭلارمۇ؟
— «تىنچلىق» كۇلۇبىدا ئامېرىكىنىڭ بىر سىنئالغۇسىنى قويۇۋاتىدۇ دەيدۇغۇ.
— ئەمىسە كۆرمەمدۇق؟
— ئاداشلار، — كىچىك قىز ئۇلارغا يالۋۇردى، — كەچتە مېنى چاقىرىۋالمىساڭلار ئاپام تالاغا چىقارمايدۇ.
— كەچلىك مۇزاكىرىگە بارىمەن دېمەمسەن؟
— بوپتۇ، چاقىرىۋالايلى، — سېمىز قىز ئۇنىڭغا قاراپ مىيىقىدا كۇلدى، — كالپۇكۇڭ نېمە بولدى؟
كىچىك قىز ئەركىلىگىنىچە ئۇنىڭ بىلىكىنى چىمدىدى.
— تازا ئاچ بۆرىنىڭ قولىغا چۈشكەن ئوخشىمامسەن، قانداقكەن؟
ئامانگۈل ئاستا چەتكە قارىۋالدى. توۋا، ماۋۇ قىزلار نېمە-

لەرنى دېيىشىۋاتىدۇ، قارىسا كىچىكلا قىزلار، ئەتە - ئۆگۈن ئالىي مەكتەپكە چىقىشسا نېمە بولار؟ مۇشۇلارغا قارىغاندا ئادىلەدىن ئانچە ھەيران قالمىسامۇ بولغۇدەك، چوڭ شەھەردە ئۆسكەن قىزلار مۇشۇنداق بولۇپ كېتەمدىغاندۇ - يا؟

ئامانگۈلنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇ تامىقىنى ئىتتىك يەپلا قوپتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ھېلىقى قىزلار ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى بار - يوق ئاشۇ پۇلنى ئوغرىلىۋالىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى، ئۇ بۇ پۇلدىن ئايرىلسا ئاشخانىدىن قانداق چىقىدۇ؟ مەكتەپكە قانداق بارىدۇ؟ ئۇ تولا تۇتۇۋېرىپ پۇرلىشىپ، تەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەن بەش سومنى ئاشخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرغان خوجايىنغا تەڭلىدى.

— لەڭمەن قانچە پۇل؟

— ئۈچ سوم، — خوجايىن قاپىقىنى ئاچماستىن ئۇنىڭغا ئىككى سومنى قايتۇرۇپ بەردى.

ئامانگۈلنىڭ ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. بىر ۋاخ تاماق ئۈچ سوم بولسا ئىش بار ئىكەن، ئۇ تېخى ئاشقان پۇلغا بىر پايپاق ئېلىۋالاي دېگەنىدى، ئەمدى بۇ ئىككى سومغا نېمە كېلىدۇ؟ كىر يۇيىدىغان سوپۇنمۇ قالمىدى، يۈز سوپۇنمۇ كىچىككىنە قالدى، ئۆيدىكىلەر قاچان پۇل ئەۋەتەر، ئۇرۇمچى دېگەندە مىدىر-مىساڭلا پۇل كېتىدىكەن. بايىقى قىزلارنىڭ ئاشۇ يولغا كىرىشىمۇ بىكار ئەمەسكەن - دە، ھەرقاچان ئۆيدىكىلىرى پۇل بەرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ كىيگۈسى، ئوينىغۇسى كېلىدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا شەھەردە ئاسانلا يولدىن چىقىپ كەتكۈدەك ... ئامانگۈل، ئەمدى ياتاقتىن چىقمىسىڭىز بولغۇدەك، يانچۇقىڭىزدا پۇلىڭىز يوق شەھەر ئارزۇلاشنى سىزگە كىم قويىدى.

ئامانگۈل كېتىۋېتىپ شۇلارنى كۆڭلىدىن كەچۈردى. ئۇ مەكتەپكە تېزرەك كېتىۋېلىشنى ئويلايتتى، لېكىن كەلگەن يولنى ھېچ پەرق ئېتەلمىدى، بىر - ئىككى كوچىنى ئارىلاپ چىق-

تى، ئاخىر بولماي ئاپتوبۇس بېكەتتە ماشىنا كۈتۈپ تۇرغان چوڭ ياشلىق بىر كىشىدىن سورىدى:

— ئالدىڭىزدىكى توغرا كوچىغا چىقسىڭىز بېكەت بار، — دېدى ئۇ ئادەم قولى بىلەن كۆرسىتىپ، — شۇ يەردىن چىقسىڭىز ئۇدۇل بارسىز.

بېكەتتە ئادەم خېلى بار ئىدى. ئامانگۈل بىر ئامال قىلىپ ئاپتوبۇسقا چىقتى ـ دە، ئوتتۇرىغا كىرىۋالدى. قىستاڭچىلىقنىڭ دەستىدە تۇتقۇدەك يەرمۇ يوق ئىدى. ئاپتوبۇس ھەربىر تورمۇز قىلغاندا ئۇ دەلدۈگۈنۈپ بىرلىرىگە ئۇرۇلاتتى. كىملەرنىڭدۇر قۇچىقىغا كىرىپ قالاتتى. بۇ يەردە ئەرلەردىن ئۆزۈڭنى يىراق تۇتۇشۇڭمۇ مۇمكىن ئەمەسكەن، ئىككىنچى بېكەتكە كەلگەندە كەينىدىكىلەر ئۇنى قىستاپ ئالدىدىكى بىرىگە چاپلاپلا قويدى. ئۇ ئادەمنىڭ جەينىكى دەل ئۇنىڭ كۆكسىگە تاقىلىپ ئاغرىتىۋەتتى، ئامانگۈل تىن ئالالماي قالدى. ئۇ مىڭ مۇشەققەتتە يېنىغا سۈرۈ- لۈپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلدى.

بېلەت ساتقۇچىنىڭ ئەنسىز، قوپال ئاۋازى، تىللىشىش، بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ ئورۇن تالىشىش، ئاچچىق تەردىن بىقسىپ كەتكەن ھاۋا قوشۇلۇپ باشنى قايدۇراتتى. ئامانگۈل ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن پات ـ پات سىرتقا قارايتتى، ئۇ قاياققا كېتىۋاتقانلىقىنى ھېچ ئۇقالمىدى، تۇرۇپلا ئۇنى ئەنسىزلىك بې- سىشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا قانداقتۇر بىر يوغان قول ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە بىلىنەرلىك قىلىپ قىسىپ قويدى، ئامانگۈل چۆچۈپ قولىنى تارتىۋالدى ۋە كىمدۇر بۇ دەپ كەينىگە قارىدى. بوي ـ بەستى كېلىشكەن، ئۇستىگە كاستۇم كىيىپ، گالىستۇك تاقىۋالغان يالاڭباش بىر يىگىت ئۇنىڭغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ ئامانگۈلگە شۇنچىلىك يېقىن تۇراتتىكى، ئامانگۈل قايرىلىپ قارىغاندا پېشانىسى ئۇنىڭ يۈزىگە تېگىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن گۈپۈلدەپ ھاراق پۇراپ تۇراتتى. ئاماڭ-

گۈلنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى، ئۇنىڭغا شۇ تاپتا ماۋۇ قارامتۇل يىگىت ئۇنى كاپلا قىلىپ قۇچاقلاپ سۆيۈۋالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. يىگىت بولسا ئۇنى قاپساپ چاپلىشىپ تۇرۇۋالدى. ئامانگۈل ئەتراپىغا قارىدى، ھېچكىم ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايدۇ، كاشكى مىدىرلىغۇدەك يەر بولسا.

— نەگە ماڭدىڭىز؟ — ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستا دېدى ھېلىقى يىگىت.

ئامانگۈل گەپ قىلماي ئالدىغا قاراپ تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە باستى. يىگىت بولسا ئۇنىڭغا تېخىمۇ چاپلىشىپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاشقا باشلىدى. ئامانگۈل نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ۋارقىراي دېسە كىشىلەردىن خىجىل بولاتتى، جىممىدە تۇرسا بۇ يىگىت ئەدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى بۇ رودۇپايدىن قانداق قۇتۇلۇشنى ئويلاشقا باشلىدى.

— كىنوغا كىرىپ چىقايلىمۇ؟ — ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە پىچىرلىدى، — تونۇشۇپ قالايلى.

ئامانگۈلنىڭ پېشانىسىدىن سوغۇق تەر تەپچىدى، ئۇ قاپقىنى تۈرگەن ھالدا ئالدىغا قاراپ تۇراتتى، ئاپتوبۇس بېكەتكە كېلىپ توختىدى، ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ يىگىتنى قاتتىق بىر ئىتتەردى ـ دە، ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ۋارقىراشلىرى، تىللاشلىرىغا قۇلاق سالمىدى، ئاپتوبۇسقا چىقىۋاتقانلارنى ئىتتىرىپ يۈرۈپ يەرگە چۈشۈۋالدى . ئۇ چۈشۈپلا ئەتراپقا قارىدى. چۈشكەنلەرنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى مەست كۆرۈنمەيتتى، ئامانگۈلنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ يېنىك تىن ئالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نەگە كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى، ئۇ كوچىنىڭ بېشىغا كۆز يۈگۈرتۈپ مەكتەپ دەرۋازىسىنى تونىدى. ئۇ تەكشى دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان پىيادىلەر يولى بىلەن تېز مېڭىپ كەتتى.

ئامانگۈل بىر كۈن كەتمەن چاپقاندىن بەتتەر ھېرىپ كەتتى، بېشى غوڭۇلداپ ئاغرىيتتى، ئۇسسۇزلۇقتىن تامىقى قۇرۇپ كەت-

تى، ئومۇمەن بۇگۈن شەھەرگە قىلغان سەپىرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ قالدى. كوچىنىڭ پاكىزلىقى، بىر - بىرىدىن ئېگىز، ھەشەمەتلىك بىنالار، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان گۈللۈكلەر، مال بىلەن تولغان ماگىزىنلار ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئامانگۇل مۇشۇنداق گۈزەل شەھەردە ئاشخانىدىكى ھېلىقى قىزلارنىڭ پارىڭىنى، ئاپتوبۇستىكى چىرايلىق يىگىتنىڭ قىلىقلىرىنى ئۇچرىتىمەن دەپ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى، قاردىساڭ بىر چىرايلىق كىيىنىشكەن مەدەنىيەتلىك ئادەملەر، ئوماق قىزلار... ئۇلار نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ؟ بۇ شەھەرلىكلەر نومۇس دېگەننى بىلمەمدۇ نېمە؟

— ئامانگۇل!

ئۆز خىيالى بىلەن كېلىۋاتقان ئامانگۇل يېنىدىلا چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى. دەرۋازىغا يېقىن چوڭ كوچىدا تۇرسۇن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

— نەدىن كېلىۋاتىسىز؟ — تۇرسۇن ياندىشىپ كېلىپ سورىدى.

تۇرسۇننى كۆرۈپ ئامانگۇلنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى.

— بازارغا بارغانىدىم، — دېدى ئۇ راست گەپنى قىلىپ، — ئۇقماي نېرىقى بېكەتتە چۈشۈپتىمەن.

— يالغۇز كىرگەنمىدىڭىز؟

— ياق، نۇرىمان بىلەن بىللە بارغان، ئۇنى يىتتۈرۈپ قويدۇم.

— بەللى، — تۇرسۇن كۈلدى، — بۇگۈن ئويۇن قويۇپسىلەر - دە، ئۇ قىزغۇ يوللارنى پىششىق بىلىدۇغۇ دەيمەن.

— ئۇ بىلىدۇ، مېنى ئىزدەپ يۈرەمدىكىن بىچارە.

— يەكشەنبە كۈنى بازارغا چىقمىسىمۇ بولغۇدەك، نېمىدېگەن جىق ئادەم.

ئامانگۇل ئاستا تۇرسۇنغا سەپسالدى، پاكار بويلۇق، چىرايە-

دىن ياۋاشلىقى چىقىپ تۇرغان بۇ بالا ئامانگۇلگە بۆلەكچىلا يېقىنچىلىق قىلاتتى، ئۆيىدىن خەت ـ خەۋەر كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى سورايتتى، ئامانگۇلمۇ نېمە گېپى بولسا ئۇنىڭغا دەيتتى. ئۇنىڭغا دېمەي كىمگە دەيدۇ، ئۇنىڭ بىردىن بىر يېقىنى، يۇرتدىشى شۇ ئەمەسمۇ، لېكىن يېقىندىن بۇيان ئامانگۇل ئۇنىڭ يوقلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ گەپكە تۇتىدىغانلىقىنى، كۆرۈشكەندە بىر قىسمىلا قارايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ سەل ئېھتىياتمۇ قىلىپ قالدى. تۇرسۇنغۇ ياخشى بالا، لېكىن... ياق، بۇ زادى مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر ئۇنىڭ شۇنداق خىيالى بولسا مەن ئۆزۈمنى تارتمىسام بولمايدۇ، ئوقۇغۇچىلار يەنە بۇلار يۈرۈۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالمىسۇن.

ئامانگۇلنىڭ كۆڭلىدىن شۇ خىيال كەچتى ـ دە، تۇرسۇن بىلەن خوشلىشىپ ياتاققا قاراپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى.

## 4

ئامانگۇل ئەمدى بازارغىمۇ كەمدىن كەم چىقىپ، پۈتۈن زېھنىنى دەرسلەرگە بەردى. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئادەتتە بىر ـ ئىككى سائەت كۇتۇپخانىغا كىرىپ كىتاب ـ ژۇرنال كۆرەتتى، ئادىلە يەنە ئاۋۋالقىدەك ئالدىراش ئىدى، كۈندۈزى ياتاققا تولا كىرمەيتتى، بەزىدە چۈشلۈك دەم ئېلىشتىمۇ بازارغا بېرىپ كېلەتتى، ياتاققا پەقەت ئاخشىمى ئۇخلايدىغان چاغدىلا پەيدا بولاتتى، ھەر يەكشەنبە ئۇ ياتاققا بىرەر يېڭى كىيىم كىيىپ كېلەتتى ۋە قىزلارنىڭ ئىچىگە ئوت يېقىۋېتەتتى.

بۈگۈنمۇ دەرستىن چۈشۈپلا خېلى ئۇزۇن يىتۇپ كېتىپ ياتاققا پەيدا بولدى، تۇرقىدىن نەگىدۇر ئالدىرايتتى، ئۇ كىيىمىنى ئالماشتۇردى ـ دە، يەنە ئالدىرىغىنىچە چىقىپ كەتتى. ئامانگۇلمۇ كۇتۇپخانىغا بارماقچى بولۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتى. ئۇ ياتاقتىن چىقىپ ئىشىكتىن ئۈچ ـ تۆت قەدەم نېرى يەردە تۇرغان

تۆتبۇرجەك قاتلانغان قەغەزگە كۆزى چۈشتى. كارىدوردا ھېچكىم يوق ئىدى، ئامانگۈل قەغەزدىن ئۆتۈپ بولۇپ نېمىشقىدۇر كۆرۈپ باققۇسى كەلدى ـ دە، قەغەزنى ئېلىپ ئاچتى.

«ئادىلە! سېنى نەچچە قېتىم ئىزدەپ بېرىپ كۆرۈشەلمىدىم، مېنىڭدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپ يۈرگەنلىكىڭنى بىلىۋاتىمەن، ساڭا ئېيتىپ قويايكى، مېنىڭدىن قۇتۇلالمايسەن. مەن گېپىڭگە ئىشىنىپ بىر بالام بىلەن ئايالىمنى قويۇۋەتتىم، ئۆيۈمنى ۋەيران قىلدىم، سەن نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىپ بەردىم، تاپقان ـ تەرگىنىمنى ساڭا خەجلىدىم، ھازىر مېنىڭ ئوقىتىممۇ ئاقمىدى، ۋەيران بولدۇم. بۇنىڭغۇ ئۆزۈمنىڭ ئەخمەقلىقىمدىن كۆرىمەن، بوپتۇ ... لېكىن ئويۇن ئۆز يولى بىلەن، ئالدى ـ بەردى بولسا ئۆز يولى بىلەن بولىدۇ. ھازىر ماڭا پۇل لازىم. شۇڭا ئۆتكەندە ئالغان مىڭ سومنى ياندۇرۇۋەت. سەن ھازىر تۇرغاننى تېپىۋالدىڭ. مەيلى، قىز بالا دېگەن ئەسلىدىمۇ كېپىنەكتەك نەرسە، مەن قىزغانمايمەن، ئەمما پۇلۇمنى بېرىۋەت. بولمىسا ھەممە ئىشىڭنى كوچىغا يايىمەن. مەكتىپىڭگە خەت يازىمەن، چىرايلىقچە بېرىۋەتسەڭ قۇتۇلىسەن، بولمىسا...»

ئامانگۈل ئۇ خەت گويا ئۆزىگە يېزىلغاندەك قورقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قولى خەتنى ئەمەس، خۇددى بىر پارچە چوغنى تۇتقاندەك تىترەيتتى. ئۇ ئىتتىك ئەتراپىغا قارىدى، كارىدور جىمجىت ئىدى. ئامانگۈل دەسلەپ خەتنى ئالغان جايىغىلا تاشلاپ قويماقچى بولدى. چۈنكى خەتنى ئۇنىڭ ئوقۇغانلىقىنى ئىنس ـ جىن كۆرمىدى. ئۇ بىر مىنۇتچە نېمە قىلارىنى بىلمەي ئىككى تايىن بولۇپ تۇردى، تۇرۇپلا ئۇنىڭ كاللىسىغا بۇ خەتنى باشقا بىرى كۆرۈپ قالسىچۇ؟ دېگەن سوئال كەلدى. دەرۋەقە باشقىلار كۆرۈپ قالسا

سۆز - چۆچەك بولىدۇ، بەلكىم تەشكىلگە ئەكىرىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن، ئۇ چاغدا تۇرغانلا گەپ، ئادىلەگە چارە كۆرىدۇ، بەلكىم مەكتەپتىن ھەيدىۋېتىشىمۇ مۇمكىن ··· ئاتا - ئانىسى ئۇنى مەك- تەپكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئاز جاپا تارتمىغاندۇ؟ ئۇنىڭدىن ئادىلە- نىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بەرسەم بولمىدىمۇ، بوپتۇ، ئۇ قىلغاننى مەن قىلماي، بەلكىم مۇشۇ ياخشىلىقىم ئۈچۈن بولسىمۇ بۇنىڭ- دىن كېيىن تولا خارلاپ كەتمەس.

ئامانگۇل ئەتراپىغا يەنە بىر قارىۋېتىپ خەتنى يانچۇقىغا چىلىك سالدى - دە، كۇتۇپخانىغا قاراپ كەتتى. ئادىلە بۇ كېچە ياتاققا قايتىپ كەلمىدى. ئەتىسى بىرىنچى سائەتلىك دەرستىن چىققاندا ئۇ ئادىلەنى چەتكە چاقىردى:

— بۇ سىزنىڭ خېتىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ يانچۇقىدىن خەتنى ئېلىپ.

ئادىلە خەتنى ئىتتىك ئېلىپ ئېچىپ كۆردى - دە، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى.

— نەدىن ئالدىڭىز؟ — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ.

— كارىدوردا يېتىپتۇ، ئاخشام تالاغا چىقىۋېتىپ كۆرۈپ قالدىم. ھېچكىمگە كۆرسەتمىدىم.

ئادىلە خەتنى پۇرلەپ يانچۇقىغا سالدى. ئۇنىڭ بىردەم تاتى- رىپ، بىردەم قىزىرىپ ھودۇقۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئاماز- گۇلنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالدى. خېلىدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى ئاران ئوڭشىۋالدى.

— ئەسقەر دېگەن بۇ بالا بىزنىڭ مەھەللىلىك ئوقەتچى ئىدى قارالڭ، — ئۇ ئامانگۇلگە ئالدىراپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — ئۆتكەندە ساۋاقداشلارنىڭ ئولتۇرۇشىدا بىللە بولغان، ئايالى تازد- مۇ كۈنچى ئىكەن، بىر - ئىككى قېتىم تانسا ئويناپ قويسام بالاغا قالدىم، توۋا ···

ئادىلە باش - ئايىغى يوق گەپلەر بىلەن ئۆزاقتىن - ئۆزاق

ئۆزىنى ئاقلىدى. ئامانگۈل گەپ ـ سۆز قىلمىدى، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ نېمە دەيدۇ؟ ئۇ تېخى ئادىلە، «سەن بۇ خەتنى نەدىن ئوغرىلىۋالدىڭ، سەن مېنىڭ نەرسىلىرىمنى ئاختۇرىدىغان ئوخشايسەن» دەپ تىللاپ كېتەرمۇ دەپ كېچىدىن بۇيان ئەندىشە قىلىپ چىققانىدى. خۇداغا شۈكرى، ئۇنداق قىلمىدى، ئامانگۈل خۇددى بىر بالا ـ قازادىن قۇتۇلغاندەك يېنىكلەپ قالدى، قالغان ئىشنى ئادىلە ئۆزى قانداق قىلسا قىلمامدۇ، ئىككىنچى ئۇنىڭ نەرسىسىگە قول تەگكۈزمەيدۇ، ئامانگۈل شۇلارنى ئويلاپ ئادىلە- نىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىغىمۇ ئانچە زەن قويۇپ كەتمىدى.

ئادىلەنى بولسا ئامانگۈلنىڭ گەپ قىلمىغانلىقى باشقىچە ئوي- لاندۇرۇپ ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. شۇ كۈنى كەچتە ياتاقتا ئۇلار ئىككىسى يالغۇز قالغاندا ئۇ ئامانگۈلنى يېنىغا چاقىردى:

— ئامانگۈل! — دېدى ئۇ ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن مۇلايىم- لىق بىلەن، — ماۋۇنى كۆرۈپ بېقىڭە، سىزگە كېلەمدۇ؟

ئادىلە چامادانىدىن مېغىز رەڭ بىر رۇباشكىنى ئېلىپ ئامان- گۈلگە تەڭلىدى، ئۇ كۈلۈپ تۇراتتى. ئامانگۈل ھەيران قالدى. بۇ نېمە بولۇپ بۇنداق ئېرىپ قالغاندۇ؟ ئەتىگەنكى خەتتىن چۆچۈ- گەن ئوخشـــــامـــدۇ؟ بۇنى بىلگەن بولـــسـام تېـــخـــمۇ قور- قۇتىدىكەنمەن.

ئامانگۈل گەپ قىلغۇچە ئادىلە رۇباشكىنى ئۇنىڭ بويىغا تەڭلەشتۇرۇپ كۆردى.

— ۋىيەي، سىزگە دەللا كېلەمدۇ نېمە، قارىڭە مانا، كى- يىپ كۆرۈپ بېقىڭە!

ئامانگۈل رۇباشكىنى تۇتۇپ كۆردى، بۇنىڭ چۆرىسىگىمۇ ئۆزىگە ماس ھالدا كەڭرى تور تۇتۇلغانىدى.

— بۇمۇ سوۋېتنىڭ رۇباشكىسى ئوخشايدۇ ـ ھە؟ — ئامانگۈل قىزىرىپ سورىدى.

— ھەئە، يېقىندا سوۋېتتىن بىر تۇغقىنىمىز كەلگەنىدى،

شۇلار سوۋغىغا ئالغاچ كەپتىكەن، ماڭا سەل قىسقا كېلىپ قالـ
دى، سىز كىيىپ بېقىڭە؟
— مەن كىيىپ نېمە قىلىمەن؟
— كىيىپ بېقىڭە، سىزگە قانداق كېلىدىكىن؟
ئامانگۇلگە ئىشكتە بىرى ماراپ تۇرغاندەك بىلىنىپ، خاۋا-
تىرلىنىپ قاراپ قويدى، ئادىلە بۇنى سېزىپ ئىشكنى ئىچىدىن
تاقاپ قويدى.
ئامانگۇلنىڭ يۈرىكى ھاياجان، خۇشاللىقتىن دۇپۇلدەپ ئاغـ
زىغا تىقىلاتتى، ئۇ خۇددى ئۇياتلىق بىر ئىشنى قىلىۋاتقاندەك
ئۆزىچە قىزارغىنىچە كۆڭلىكنى سالدى. ئادىلە ئۇنىڭ ئۇستىدـ
كى كېلەڭسىز تاۋار رۇباشكىغا يىرگەنگەندەك قاراپ قويدى،
لېكىن ئامانگۇلنىڭ زىلۋا قامىتى، چىڭ، چوقچىيىپ چىققان
كۆكسىگە ھەۋەس بىلەن تىكىلدى.
— لىپتىكنىمۇ ئۆزىڭىز تىكىۋالغانمۇ نېمە؟ — ئادىلە ئۇنىڭ
لىپتىكىنى تۇتۇپ بېقىپ سورىدى.
— ئاپام تىكىپ بەرگەنىدى، بۇمۇ يىرتىلىپ كەتتى، —
ئامانگۇل قىزىرىپ كەتتى.
— ۋىيەي، راستىنلا بولماپتۇ، ماڭا دېسىڭىز بولمامدۇ،
مەندە جىق، توختاپ تۇرۇڭە، — ئۇ چامادانىنى ئاختۇرۇپ بىر
سۇلياۋ خالتىدىن يېپيېڭى بىرىنى سۇغۇرۇۋالدى.
— ئاۋۇ نېمىڭىزنى سېلىۋېتىڭ، بىرى كۆرسىمۇ سەت،
مانى تاقاڭ، ئەكېلىڭ، مەن تاقاپ قوياي، — ئۇ بېشى بىلەن
خەدىشەنىڭ كارىۋىتىنى ئىما قىلدى، — مۇشۇ تاغدىن كەلگەن
قوڭقۇاي جىنىدا سوۋېتىنىڭكىنى تاقايدىغان بولۇپ كەتتى.
ئادىلە بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ، يەنە بىر تەرەپتىن خۇددى
كىچىك بالىنى كىيىندۈرگەندەك ئامانگۇلگە لىپتىكنى تاقىدى،
ئاندىن ـ ۇباشكىنى كىيدۈردى.
— ۋاھ، سىزنىڭلا ئىكەن جۇمۇ، قۇيۇپ قويغاندەكلا كېلىپ

كەتتىغۇ، ئارقىڭىزنى قىلىڭە، كەڭ ـ تارلىقىمۇ شۇنداق جايىدا.
ئۆزىنىڭ لىپتىكىگە، كەڭ رۇباشكىسىغا ئادەتلەنگەن ئامانگۈلگە بۇ كىيىملەر بەكلا تاردەك، بەدىنىنى قورۇپ قويغاندەك بىلىندى:
— تار ئەمەسمۇ؟ — ئۇ بىلىنى تارتىپ كۆرۈپ سورىدى.
— ياق، رۇباشكا دېگەننى ئەسلىي مۇشۇنداق كىيىدۇ، سىزنىڭ رۇباشكىڭىز نېمە ئۇ، تاغاردەكلا، ئاشۇ رۇباشكىڭىزنى كۆرسەملا جۇدۇنۇم تۇتىدۇ. بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنى كىيىۋېرىڭ.
— ۋيەي، نېمە دېگىنىڭىز بۇ، مېنىڭ هازىر پۇلۇم يوق، — ئامانگۈل رۇباشكىنى سېلىۋەتمەكچى بولدى.
— مەن سىزگە ساتمەن دېمىدىم، ئامانگۈل، — ئادىلە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.
— ئەمىسە...
— سىزگە بەردىم، ئەنە، مېنىڭ چامادانىمدا نەچچىسى تۇرمامدۇ، ئەگەر ئالمىسىڭىز خاپا بولىمەن. راست...
ئامانگۈل نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. بۈگۈنكى بۇ تۇيۇقسىز ئامەت ئۇنى تەمتىرىتىپلا قويغانىدى. ئۇ هاياجان بىلەن يېپەكتەك سىلىق رۇباشكىنى سىلاپ قويدى. بۇ ئالدىنقى يەكشەنبىدە مۇشۇنىڭدەك رۇباشكىلارنى سودىگەرلەرنىڭ بوتكىسىدا كۆرگەن، لېكىن باهاسىنى ئاڭلاپلا لاسىدە بولۇپ نېرى كەتكەنىدى. مانا ئاشۇ ئارزۇ قىلغان رۇباشكا بۈگۈن ئۇنىڭ ئۈستىگە بىكارغىلا چىقىۋاتىدۇ. بۇ ئادىلە زادى قانداق قىز؟ ئۆزى قوپال بولغىنى بىلەن كۆڭلى تۈز ئوخشىمامدۇ؟
— ئامانگۈل! — دېدى ئادىلە ئاستا، — نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان سىزگە جىق قوپاللىق قىلىپ كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتتىم، قارىسام سىز يەنىلا ماڭا ئاداۋەت ساقلىمىدىڭىز، كەينىمدىنمۇ گەپ قىلغىنىڭىزنى ئاڭلىمىدىم. بىز قانداقلا بولمىسۇن بەش يىل

بىللە ئوقۇيمىز، بىر قازاننىڭ ئېشىنى يەيمىز. شۇڭا مېنىڭدىن ئۆتكەن يەرلىرىنى كۆڭلىڭىزگە ئالمىسىڭىز، ئىككىمىز دوست بولۇپ ئۆتسەك دەيمەن، قانداق دەيسىز؟

— مەن بىلەنمۇ؟ — ئامانگۈل ئەجەبلەندى.

— سىنىپتا مېنىڭ كۆڭلۈمگە سىزلا ياردىڭىز، قارىسام سىزنىڭمۇ تۇتقان بىرەر دوستىڭىز يوق ئىكەن.

— ماڭا ئوخشاش سەھرالىق بىلەن كىم دوست بولۇشنى ياقتۇرىدۇ دەيسىز.

— بولدى، مەن ياقتۇردۇم. ۋىيەي، بىز خۇددى مۇھەببەتلەشكەن قىز - يىگىتلەردەكلا سۆزلىشىپ كەتتۇقمۇ، — ئادىلە شوخلۇق بىلەن ئامانگۈلنى قۇچاقلاپ قويدى. ئامانگۈلمۇ بۇ گەپكە ئىچ - ئىچىدىن كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئۆرۈمچىگە كېلىپ تۇنجى قېتىم كۆڭۈل - كۆكسى يايراپ كۈلدى.

— ئامانگۈل! — دېدى ئادىلە ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، — بىز دوست بولغاندىكىن بىر - بىرىمىزنى سىز دېيىشىپ يۈرۈشمەيلى، بولامدۇ؟

— مەيلى...

دەل شۇ چاغدا خەدىشەلەر تەكراردىن يېنىپ ياتاققا كىرىشتى. ئۇلار ئادىلە بىلەن ئامانگۈلنىڭ خۇشال، قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇرۇشقىنىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى.

— خەدىشە، رۇباشكا ئامانگۈلگە يارىشىپتۇمۇ؟ — دەپ سورىدى ئادىلە.

خەدىشە قورۇنۇپ، ئوڭايسىزلىنىپ تۇرغان ئامانگۈلگە باشتىن - ئاياغ كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. باشقا قىزلارمۇ ئىتتىك ئۇلىشىپ رۇباشكىنى تۇتۇشۇپ كۆرۈشكىلى تۇردى. پەقەت نۇرىمانلا يېقىن كەلمەستىن ئامانگۈلگە ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— قانچىگە ئالدىڭىز؟ — خەدىشە ئامانگۈلدىن سورىدى.

ئامانگۈل نېمە دېيىشنى بىلمەي ھودۇقۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئادىلە جاۋاب بەردى:

— يىگىرمە بەش سوم، قىممەت ئەمەس ـ ھە؟

— بولىدىكەن.

بۇ كېچە ئامانگۈلنىڭ خېلىغىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۇستىدە غىلدىرلاپ تۇرغان يىپەكتەك يۇمشاق رۇباشكىنى، كۆكسىنى قىسىپ تۇرغان لىپتىكنى تۇتۇپ قوياتتى، بۇلارغا راستىنلا ئېرىشكەنلىكىگە ئۇنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. «تووۋا، — دەيتتى ئۇ تورۇسقا قاراپ ياتقىنىچە، — تۇرمۇشتا ئاجايىپ ئىشلار بولىدىكەن، ئادىلەدەك ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ياسانچۇق قىز ئۇنى دوست تۇتۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئادىلەگە نەرى ياراپ قالدىكىنە، مەن ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ تەڭ بولالايمەن؟ مېنى ئەخمەق قىلىپ كولدۇرلىتىۋاتامدۇ ـ يا؟ باياتىن ئۇ ئامانگۈلگە «سېنىڭ چىرايىڭ مەندە بولسىچۇ» دېدى. دەرۋەقە، ئۇ ئۆز چىرايىنىڭ سەت ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. يېزىدىمۇ ھەممە يىگىتلەرنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشەتتى. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدىمۇ مەكتەپكە يېڭى كەلگەن دولقۇن دېگەن ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ تەكلىپ قويغانىدى. لېكىن، ئامانگۈلنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسى بولغاچقا دولقۇننىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى. نېمە بولمىسۇن ئۇ بۇ ئارزۇسىغا ئېرىشتى. مانا ئەمدى ئادىلەدەك دوستقىمۇ ئىگە بولدى. ئۇ ئەمدى يەكشەنبە كۈنلىرى ياتاقتا يېتىم بالىدەك بوينىنى قىسىپ ئولتۇرمايدۇ، ئادىلە ئۇنى زېرىكتۈرمەيدۇ. باياتىن ئۇ كېلەر يەكشەنبە ئامانگۈلنى ئۆيىگە ئاپىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، دادىسى چوڭ باشلىق ئوخشايدۇ، ئۆيلىرى كەڭتاشامىش، ئۆيىدە تېلېۋىزور، سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇلارنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن. كەچكىچە كۆرىمىز دەۋاتىدۇ... ئامانگۈل بۈگۈن تولىمۇ راھەتلىنىپ ئۇخلىدى.

## 5

ئامانگۈل ئويغىنىپ يېنىغا ئۆرۈلدى. ياتاق ئىچىگە خىرە ـ
شىرە يورۇق چۈشكەنىدى. قىزلار تېخى قوپمىغان، كىمنىڭدۇر
يېنىك تارتقان خورىكى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئامانگۈل بېشىنى
كۆتۈرۈپ دېرىزىگە قارىدى ۋە ھەيران بولغانلىقىدىن ۋارقىرىۋې-
تىشكە تاس قالدى. پۈتۈن جاھان ئاپئاق قارغا چۆمكەلگەنىدى.
تۇماندەك تۇتۇلغان ئاسماندىن توزۇغان گۈل بەرگىدەك ئېرىنچەك-
لىك بىلەن لەپىلدەپ قار چۈشمەكتە ئىدى. ئامانگۈل ئۆز ـ
ئۆزىگە ئىشەنمەي بىر پەس بۇ مەنزىرىگە قاراپ تۇردى. توۋا،
تېخى تۈنۈگۈنلا جاھان ياز ئىدى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماق-
لىرىمۇ تېخى تۆكۈلۈپ بولمىغاندەك ئىدىغۇ، بىر كېچىدىلا ھاۋا-
نىڭ بىراقلا ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، ئۇرۇمچىدە
قىش ئەجەبمۇ بالدۇر چۈشىدىكىنە... ئۇنىڭ يادىغا يىراقتا قالغان
يۇرتى كەلدى، 11 ـ ئاي دېگەن ئۇ يەرلەردە يازغا تەۋە ھازىر
كېۋەزلەر تېخى ئېتىزدا، كەنجى غوزىلار بۇ كەمدىمۇ ئېچىلىدۇ،
قوناقنىمۇ تېخى خاماندىن ئەكىرگۈدەك بولمىدى، دېھقانلار تېخى
كاڭلىرىغا ئوت قالىغۇدەك بولمىدى. مانا بۇ يەردە قىش باشلى-
نىپ كەتتى. ئامانگۈل تېخى قىشلىق كىيىملىرىنىڭ غېمىنى
قىلغۇدەك بولمىغانىدى. ئۆيىدىن بولسا ھازىرغىچە خەت ـ
چەك كەلمەيۋاتىدۇ، بۇلارغا نېمە بولدىكىنە؟ ئۆتكەندە كەلگەن
خېتىدە پاختىنى ساتساق پۇل ئەۋەتىمىز، دەپتىكەن، ھازىرغىچە
پۇل كەلمىگىنىگە قارىغاندا ئۆيدە بىرەر ئىش بولغاندىمۇ ـ يا،
خۇدايىم ساقلىسۇن، بۇداقى خەتتە بۇ شەھەردە قىش بالدۇر
چۈشىدىغانلىقىنى ئېنىقراق قىلىپ يېزىپ قويسا بوپتىكەن، ھې-
لىمۇ كونا بولسىمۇ قىشلىق جۇۋىزا بىلەن قىشلىق ئايىغىمنى
ئېلىۋېلىپ ئوبدان قىپتىكەنمەن، بولمىسا قانداق قىلاردىم؟ بۇدا
قانچىلىك پۇل ئەۋەتەر؟ ھېچ بولمىغاندا بىر سوكنا چاپان ئالغۇ-

دەك ئەۋەتسە بولاتتى، بۇ تۇرقىدا بۇ يىل يېڭى ئاياغ ـ كىيىم ئالالمايدىغان ئوخشايمەن...

ئامانگۈلنى يەنە كۆڭۈلسىز خىياللار چىرمىۋالدى، قىشنىڭ غېمى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاشۇ قىش ئاسمىنىدەك خىرەلەشتۈردى. ئۇ كىچىك چاغلىرىدا ھەر قېتىم قار ياغسا قەۋەتلا خۇش بولاتتى. ئۇنىڭ يۇرتىدا قار تولىمۇ ئەتىۋار، پۈتۈن قىش بويى بىر ـ ئىككى قېتىملا قار ياغاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياغقاندىمۇ قېلىنلى- قى ئوشۇقتىن ئېشىپ كەتمەيتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئامانگۈل پاختىدەك قار باسقان دالىدا ئىز سېلىپ مېڭىشنى، قارنىڭ ھەر دەسسىگەندە غاچىلداپ چىقىدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆ- رەتتى، ئۇ قار ياغقان كۈنى ھەممىدىن بالدۇر تۇراتتى ۋە سۈپۈرگە بىلەن ئىشىكنى چوڭ يولغىچە، قوۇدۇققىچە يول ئېچىپ سۈپۈرەت- تى، ئاندىن مەكتەپكە بارغۇچە دوستلىرى بىلەن قار بوۋايلارنى، ئۆيلەرنى ياسىشاتتى. ئۇ دادىسىنىڭ قارنى كۆرۈپ:

— ئەجەب بەلەن ياغدى، خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر يىل دېھ- قانچىلىق ئوخشايدىغان بولدى، — دېگەن سۆزىنى ئاڭلى- سا ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭغا كىچىكىدىنلا قار يېقىملىق تۇيۇلۇپ، كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى.

ئامانگۈلنىڭ قارنى كۆرۈپ بېشىغا چۈشكەن قىشنىڭ غېمىغا ئۇنى، نەچچە كۈندىن بېرى قىيناۋاتقان ئەندىشىلىك ئويلار قوشۇ- لۇپ، تېخىمۇ پاراكەندە بولدى.

كارىۋاتلار غىچىرلاپ، قىزلار بىردىن ـ ئىككىدىن تۇرۇشقا باشلىدى. كارىدوردىمۇ قىزلارنىڭ بىر ـ بىرىنى چاقىرغان، ئىشكلەرنىڭ ئېچىلىپ ـ يېپىلغان ئاۋازى كېلەتتى، يېڭى بىر كۈنلۈك ھايات باشلىنىۋاتاتتى. ھەرقاچانقىدەك ھەممە قىزلارنىڭ كەينىدىن ئادىلە تۇردى:

— ئامانگۈل! — دېدى ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئەسنەپ تۇرۇپ، ئاندىن سىئىتىگە قاراپ يەنە چاقىردى، — ئامانگۈل،

تۆرە، تاماق ۋاقتى بولاي دەپ قاپتۇ ... ئوھۇي، قار يېغىپتۇمۇ نېمە؟ ئوخشىتىپتۇغۇ!

ئۇ ئىچ كۆڭلەكچانلا دېرىزىدىن سىرتقا قارىۋېتىپ، ئاندىن قايرىلىپ كارىۋاتقا كېلىپ ئامانگۈلنىڭ يوتقىنىنى تارتتى:

— ئامانگۈل! سېسىپ قالىسەن ئەمدى، قوپە!

ئامانگۈل ئۇنىڭغا قاراپ ئۆرۈلدى ـ دە، ئاستا دېدى:

— مەيدەم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، دەرسكە چىقالمايدىغان ئوخشايمەن، سەن مۇئەللىمگە دەپ قويامسەن؟

ئادىلە ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ جىددىيلەشتى:

— نېمە دەيدىغانسەن؟ نېمە زىيان قىلغاندۇ؟

— ئۇقمايمەن.

— ئۇنداق بولسا دوختۇرغا چىقىپ باقساڭ بوپتىكەن، مەن بىللە ئاچىقايمۇ ـ يا؟

— ياق، بولدى، سەن تاماققا چىقىۋەر.

— ئاچ قورساق يېتىۋەرسەڭ تېخىمۇ ئاغرىمامدۇ، ئاشخانىدىن شىفەن ئەكېلىپ بېرەيمۇ ـ يا؟

— ياق، ھېچ نەرسە يېگۈم يوق، بىردەم ياتسام ئوڭشىلىپ قالارمەن.

— قانداق ئاغرىۋاتىدۇ، مۇجۇپمۇ؟

ئامانگۈل «ھەئە» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

— مېنىڭمۇ بەزىدە شۇنداق تۇتۇپ كېتىدۇ، چىديالماي قالىمەن، بوپتۇ، ئۇنداق بولسا بىردەم يات، مەن دەرستىن چۈشۈپ دوختۇرخانىدىن دورا ئالغاچ كېلەي.

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتۈپ ياتاقتا ئامانگۈل ئۆزى يالغۇز قالدى. باياتىنقى كارىدورنى بىر ئالغان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، قىزلارنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرىنىڭ ھەممىسى يوقىدى، پۈتۈن بىنا جىمجىتلىققا چۆمدى. ئۇلار ياتاقلارنى ئەتىر سوپۇن، يۈز مايلارنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقىغا تولدۇرۇپ چىقىپ كېتىشتى. بەلكىم ئۇلار

شۇ تاپتا يېڭى قارنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشىپ كېتىشىۋات-
قاندۇ، بىر ـ بىرىگە قار ئېتىشىپ ئوينىشىۋاتقاندۇ ... ئامانگۈل
يېتىپ شۇلارنى پەرەز قىلدى، چۈنكى ئۇلار غەمسىز، ئۇلاردا
ئوقۇش، ئويۇندىن باشقا قايغۇ يوق، مەن نېمانچىلا تەتۈر پېشانە
بولۇپ تۆرەلگەندىمەن، ماڭا نامراتلىق غېمىمۇ يېتىپ ئاشاتتىغۇ،
ئۇنى ئاز دەپ بۇ ۋەھىمىنىڭ قوشۇلغىنىنى كۆرمەمدىغان ...
ئامانگۈلنىڭ كۆز ئالدىغا هامان شۇ بىر قورقۇنچلۇق خىيال
كېلىۋېلىپ يۈرىكىنى مۇجۇيتتى، دېمى سىقىلغاندەك بولاتتى.
تولا يېتىۋېرىپ ئۇنىڭ يانپاشلىرىمۇ ئاغرىپ كەتتى، بېلى ياغاچ-
تەك قېتىپ كۈيۈشۈپ ئاغرىيتتى، ئۇ ئاستا ئۆرە بولۇپ ئولتۇر-
دى. ئۇنىڭ بېشى خۇددى تاشنى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ
كەتكەندى، ئۇ پىكىرلىرىنى يىغىپ ئوبدانراق ئويلىنىپ باققۇسى
كېلەتتىيۇ، لېكىن شۇ هامان كاللىسىنى يەنە ھەرخىل ۋەھىمە-
لىك ئويلار قاپساپ كۆزىگە يىغا ئولىشاتتى.

ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولۇپ قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا قانداق
قىلارمەن...

ئۇنىڭ كاللىسىغا شۇ دەھشەتلىك سوئال كەلسىلا بەدىنى
تىكەنلىشىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشاتتى. ھازىرمۇ ئۆزىگە يەنە
ئىختىيارسىز شۇ سوئالنى قويدى. قويدىيۇ، ۋۇجۇدىغا تىترەك
ئولىشىپ كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى. ئۇ يەنە ياستۇققا ئۆزىنى
تاشلاپ، يوتقاننى بېشىغا يۆركىدى ـ دە، يوتقاننىڭ بىر چېتىنى
چىشلىگىنىچە ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇ ياش دېگەن نەلەر-
دىن كېلىدىكىن، مانا نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇ يىغلاۋاتىدۇ،
يىغلىسا ـ يىغلىسا بۇ كۆز يېشى تۈگەر ئەمەس، خۇدايىم قىز
بالىغا ئۆز يېشىنى ئايىماي بەرگەنىكەن، بولمىسا قانداق قىلار
ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادانگۈلگە، باشقا نېمە ئامال بار، بۇ يات
يۇرتتا ئۇنىڭ نە بىر يېقىن تۇغقىنى، نە بىر ئادىمى يوق، ئۇ
ئۆز بېشىغا كەلگەن بۇ دەردنى كىمگە ئېيتالايدۇ؟ ئادىلەگە دېسۇن-

مۇ؟ ياق، ياق! ئۇ ئادىلە بىلەن دوست بولغىلى تېخى ئۇزۇن بولمىدى، ئادىلە مىجەزى يېنىك قىز، ناۋادا ئامانگۈلدىن بۇ گەپنى ئاڭلىسا ھە، سەنمۇ تايىنلىق ئىكەنسەنغۇ، دەپ پۇتۇن مەكتەپكە يېيىپ رەسۋا قىلمامدۇ؟ ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ... بۇنىڭ بىر چارىسىنى قىلمىسا ئەتە ـ ئۆگۈن تېخىمۇ رەسۋا بولمامدۇ، بۇنى يوشۇرغىلى بولمايدىغۇ ئاخىر...

ئامانگۈل دەككە ـ دۈككە ئىچىدە چۈش بولغانلىقىنى تۇيماي قالدى. ياتاقتا ھەممىدىن بۇرۇن ئادىلە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىر قولىدا تاماق ئاچىسى بار ئىدى.

— ئامانگۈل! — دېدى ئۇ كارىۋاتقا يېقىن كېلىپ، — دورا ئەكەلدىم. ئىچىۋالغىنە، قانداقراق تۇرىسەن، تازا يىغلىغان ئوخ-شايسەن؟ قارا، قاپاقلىرىڭ مۇشتتەك ئىششىپ كېتىپتۇ، — ئۇ چايداندىن ئىستاكانغا قايناق سۇ قۇيۇپ ئامانگۈلگە تۇتتى، — مانا، ماۋۇ دورىنى ئىچىۋال!

ئامانگۈل ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى ۋە دوستىنىڭ كۆڭلى ئۇ-چۇنلا دورىنى ئىچتى.

— بىر نەرسە يېگۈڭ بارمۇ؟ ئاشخانىدا مانتا ئېتىپتىكەن، ساڭا ئالغاچ كەلدىم.

— ياق.

— بۇنداق ئاچ يېتىۋەرسەڭ تېخىمۇ ئاجىزلاپ كېتىسەن، كۆڭلۈڭ زادى نېمە تارتىدۇ، بولمىسا بازاردىكى ئاشخانىلارغا چىقىپ ئەتكۈزۈپ ئەكېلەي، خۇيمەن ئىچىپ باقامسەن ـ يا، ئاچچىق ـ چۈچۈك...

— ياق، رەھمەت ئاداش.

— ساق بولغان بولساڭ كىنو كۆرەتتۇق، بۈگۈن مەكتەپ-نىڭ كۇلۇبىدا ئامېرىكىنىڭ يېڭى بىر كىنوسىنى قويىدىكەن.

— سەن كۆرۈۋەرگىن.

— ۋيەي، سېنى بۇنداق تاشلاپمۇ، توۋا دېگىنە...

— بۈگۈن نېمە دەرس ئۆتتى؟

— نېمە بولاتتى؟ يەنە شۇ خەنزۇچە ... ئەمىسە چاي دەملەپ بېرەي، مەندە ناۋات بار، ئەگەر ئاشقازىنىڭ سوغۇقتىن ئاغرىغان بولسا شۇ پايدا قىلىدۇ.

ئادىلە پايپېتەك بولۇپ چاي دەملىدى، تارتمىسىدىن بىر سۇلياۋ خالتىنى ئېلىپ ناۋاتنى چىقىرىپ ئىستاكانغا سېلىپ ئارىلاشتۇردى. ئامانگۇل ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ كۆڭلى بۇزۇل-دى. ئىنسان بالىسى قانداق بولمىسۇن ياخشىلىقنى بىلىدىكەن، ئامانگۇل ئۇنىڭغا ئازراق ياخشىلىق قىلىۋىدى، مانا ئادىلەمۇ ئۇ-نىڭ ھالىغا يېتىۋاتىدۇ، بولمىسا ئادىلە كىم، ئۇ كىم؟ ئادىلە دوست تۇتاي دېسە مەكتەپتە قىز كەممۇ؟ مانا خۇددى بىر تۇغقى-نىدەك ئۇنىڭ ئۇچۇن پەرۋانە بولۇۋاتىدۇ. كىنوغىمۇ چىقمىدى، ياكى ئامانگۇل ئىچىدىكى دەردىنى ئۇنىڭغا دېسۇنمىكىن، بەلكىم ئۇ بىرەر مەسلىھەت بېرەر، ناۋادا ئادىلە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇر-سىچۇ؟ خۇدا ساقلىسۇن ئۇ كۈننى ...

ئامانگۇلنىڭ بەدىنىگە يەنە تىترەك ئولاشتى، بوغۇزىغا تۇز-لۇق بىرنەرسە قاپلاشتى. ئۇ قانچە قىلىپمۇ كۆز يېشىنى تۇتۇۋالا-لمىدى. ئۇ تەتۈر قارىغىنىچە مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. چاي دەملەۋاتقان ئادىلە ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— ئامانگۇل، يەنە نېمە بولدۇڭ؟ — ئادىلە ئۇنىڭ كارىۋىتى-غا چىقىپ ئامانگۇلنى ئۆزىگە تارتىپ قاراتتى، — ئامانگۇل، — دېدى ئۇ ئامانگۇلنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ، — قارىسام سې-نىڭدە بىر ئۆزگىرىش باردەك قىلىدۇ، مېنى ھەقىقىي دوستۇم دېسەڭ يوشۇرماي ئېيتقىن، زادى ساڭا نېمە بولدى ئاداش، ئۆزۈڭنى بۇنداق قىيىنىغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟

ئامانگۇل ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى. ئادىلەنىڭ گېپى ئۇنىڭ كۆڭلىنى بۇزدى. ئۇ ئادىلەنى قۇچاقلىغان ھالدا بۇلدۇقلاپ يىغلاپ كەتتى.

— مەن تۇگەشتىم، ئادىلە، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟
— زادى نېمە ئىش بولدى؟ — ئادىلە ھېچ نەرسىنى ئۇقالماي تىت - تىت بولاتتى، — يىغلاۋەرمەي ئوچۇقىنى ئېيتقىنە زادى، ئۆيۈڭدە بىرەر ئىش بوپتۇمۇ - يا؟
ئامانگۇل بېشىنى چايقىدى.
— ئەمىسە نېمە بولدى؟
— ......
— دېگىنە، جېنىم ئاداش!
— ئاي كۆرمەيۋاتىمەن.
ئادىلە ئەندىكىپ كەتتى، ئۇنىڭ قاشلىرى كېرىلىپ كۆزى ھەيرانلىق، تەئەججۇپ بىلەن چەكچەيدى، ئۇ گويا ئۆز قۇلىقىغا ئۆزى ئىشەنمىگەندەك ئالدىدىكى ياش تۆكۈپ تۇرغان قىزغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. ئۇ ئامانگۇلنىڭ «كېسىلى» نىڭ بۇنداق بولۇپ چىقىشىنى زادىلا پەرەز قىلمىغانىدى. بىرنەچچە سېكۇنتقىچە ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلمەي ھودۇقۇپ، ئاندىن ئۆزىگە كەلدى.
— قانچە ئۇزۇن بولدى؟ — دېدى ئۇ ئاخىر ئاستا.
— مەكتەپكە كەلگەندىن بېرى كۆرمىدىم.
— نېمىشقا بالدۇرراق دېمەيسەن؟ كۆڭلۈڭ ئېلىشامدۇ؟
— ھەئە...
— ئۆزۈڭدە باشقىچە ئۆزگىرىش بارمۇ؟
— ئۇقمايمەن.
دوستىنىڭ مىسكىن چىرايىغا قاراپ ئادىلەنىڭ ئىچى سىيرىلدى.
— بۇنىڭغا ئۆزۈڭنى ئۇنچىۋالا يوقىتىپ قويما، — دېدى ئۇ ئامانگۇلنىڭ يەلكىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بەزىدە خۇنمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قالىدۇ، مۇنداق قىلايلى، ئەتە مەن سېنى دوختۇرغا ئاپىراي، ئاۋۋال ئېنىقلاپ باقايلى.
— دوختۇرغا؟ — ئامانگۇل چۆچۈپ كەتتى، — ياق، ياق،

دوختۇرغا نېمە دەيمەن؟
— نېمە، راستتىنلا بىرەر ئىش بولغانمىتى - يا؟
ئامانگۈل لېۋىنى چىشلىگىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى.
— بۇ گەپچە پۇتۇشكەن يىگىتىم بار دېگىنە، ئەجەب نەچچە ۋاقىتتىن بېرى دېمىدىڭا؟
— ئۇنداق ئىش ئەمەس، مەكتەپكە كېلىشنىڭ ئالدىدا بىرى مەجبۇر قىلغانىدى.
— نېمە دەيدىغانسەن؟ — ئادىلە ھەيران بولدى، — سېنىڭ بېشىڭدىنمۇ خېلى ئىشلار ئۆتۈپتىكەن - دە؟ ... ، — ئامانگۈل ھەسرەتلىك تىنىپ ئادىلەگە قارىدى.
— ئەمدى قانداق قىلارمەن؟
— بولدى، غەم قىلىۋەرمە، ئاۋۋال دوختۇرخانىغا بېرىپ باقايلى، مېنىڭ تونۇش دوختۇرلىرىم بار، ئەگەر راستتىنلا بالا بولۇپ قالغاندىمۇ چارىسىنى قىلغىلى بولىدۇ.
— مەكتەپ ئوقۇپ قالسىچۇ؟
— مەكتەپكە ئوقتۇرماي تۇگىتىمىز. ھېچكىم ئوقماي قالىدۇ، — ئادىلە ئۇنىڭ چۈۋۈلغان ياش يۇقى چاچلىرىنى تۈزەپ، قولىدا كەينىگە تارىدى، — بۇنداق ئىش بولغاندىن كېيىن ماڭا بالدۇرراق دېسەڭ بولماتتى؟ شۇنىڭغا قارىغاندا ماڭا تېخىچە ئىشەنمەيدىكەنسەن - دە؟
— ياق ئۇنداق ئەمەس، ئادەم خىجىل بولىدىكەن.
— خىجىل بولۇپ يوشۇرغىنىڭ بىلەن ئىش چوڭىيىپ كەتسە قانداق قىلاتتىڭ؟ يەنە بىر يەرلىرىڭ سەھرالىق - دە سېنىڭ، — ئۇ ئامانگۈلنىڭ پېشانىسىنى نوقۇپ قويۇپ سورىدى، — دېگىنە ئاداش، بۇ زادى قانداق ئىشتى؟
ئامانگۈلنىڭ چىرايى ھەسرەتلىك تۈس ئالدى. ئۇ ياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ پىغانلىق ئۇھ تارتتى.
— ماڭا بۇ مەكتەپكە كېلىشمۇ ئاسانغا چۈشمىدى، — دەپ

سۆزىنى باشلىدى ئۇ ياغلىقىنى قولىدا مىجىقلاپ تۇرۇپ، — دەسلەپ ئاشۇ ئىشتىن نومۇس قىلىپ ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغۇمىمۇ كەلدى. لېكىن يەنە بىچارە ئاتا ـ ئانامغا ئىچىم ئاغرىدى. ئۇلار مېنى مىڭبىر مۇشەققەتتە ئوقۇتتى، قېرىغاندا بىزنى باقار دەپ ھەممە جاپايىمنى تارتتى. شۇلارنى ئويلاپ بۇ خورلۇق، ئاھانەتكە چىدىدىم. سەن ئۇقمايسەن ئاداش، بىزنىڭ يۇرتىمىز تولىمۇ نامرات يۇرت، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھال ـ كۈنىمۇ ئاران ـ ئارانلا ئۆتىدۇ. «كەمبەغەلنى بالا باسىدۇ» دېگەن راست. بىزنىڭ ئۆيدە ئالتە بالا بار، چوڭ ئاكام كىچىكىدە كېسەل بولۇپ، تۇزۇك داۋالىنالماي مېيىپ بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئىككىنچىسى مەن، قالغانلار تېخى كىچىك، دادام بىچارە ئاكامنىڭ ئاجىز بولۇپ قالغىنىغا ئىچى پۇشۇپ مېنى ئوقۇتتى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۆيدىكى قىيىنـ چىلىقلارغا قاراپ، بولدى ئوقۇماي دېسەم دادام زادى ئۇنىمىدى، «ئېتىزنىڭ ئىشى بىز بىلەنلا كەتسۇن، قىزىم، سىز بولسىڭىزمۇ ئوقۇپ يولىڭىزنى تېپىڭ» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇڭلاشقا تىرىشىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەردىم. ئالغان نومۇرۇممۇ خېلى يۇقىرى ئىدى، ئۆزۈممۇ، ئۆيدىكىلەرمۇ خۇشال بولۇشتۇق، مەھەللىدىكىلەرمۇ مانا ‹بوسـ تان› دىنمۇ داشۆسىڭ چىقىدىغان بولدى» دەپ بىزنىڭ ئۆيدىكىـ لەرگە ھەۋەس قىلىشتى. ئىمتىھان بەرگەن بالىلارنىڭ ئۇقتۇـ رۇشلىرى كېلىشكە باشلىدى. قارىسام مېنىڭدىن نومۇرى تۆۋەنـ لەرمۇ كېتىۋاتىدۇ، ماڭا بولسا جىمجىت. ئاخىر ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىگە باردىم. ئۇ يەردە ماڭا ئوخشاش ئوقۇغۇچىلارـ دىن بىرنەچچىسى ئولتۇرۇشۇپتۇ، بىركەمدە ئوتتۇرا ياش، قاپىقى سېلىنغان بىر ئەر كىشى كىردى. ئۇ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىكەن، ئۇ ئولتۇرغانلاردىن كېلىش سەۋەبىنى بىر ـ بىرلەپ سوراپ تېگىشلىك جاۋابنى بېرىپ يولغا سالدى. ئاخىرىدا

مەن يالغۇز قالدىم. ئۇ ماڭا قىزارغان كۆزىدە بىر قاراپ قويۇپ ئاندىن خاتىرىسىنى ئۇزاق ئاختۇردى:

— سىزنىڭ نومۇرىڭىزغۇ توشىدىكەن، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، — بەلكىم ئانكىتىڭىزنىڭ بىر يېرىدە چاتاق بولسا كېرەك.

مەن ئانكىتنى قانداق يازغانلىقىمنى ئېيتىپ بەردىم.

— ياكى باشقا ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ، — ماقۇل، بىز ئۇرۇمچى بىلەن سۆزلىشىپ باقايلى، سىز ئەتە كېلىڭ.

مەن خېلى ئۇمىدلىنىپ قالدىم، بىر كۈننى تەستە ئۆتكۈزدۇم، ئەتىسى ئەتىگەندىلا ماڭارىپ ئىدارىسىگە باردىم، باشقىلارنىڭ ماڭا قارايدىغان چولىسى يوق، باشلىقنى سورىسام بىرى «باشلىق ئۆيىدە، بۈگۈن چۈشكىچە يازىدىغان ماتېرىيال بار، كەلمەيمەن دېگەنتى» دېدى، مەن ئۇنىڭدىن تېزرەك بىر خەۋەر ئاڭلاش ئۈچۈن ئۆيىگە ئىزدەپ باردىم، ئۇنىڭ ئۆيى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئارقىسىدىكى ئائىلىلىكلەر بىناسىدا ئىكەن. ئۇ ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ بىرنەرسە يېزىۋاتقانىكەن.

— ھازىر ئىشخانىدا ئىش قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى، — دېدى ئۇ ماڭا كۈلۈپ تۇرۇپ، — كەچكىچە سىلەردەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەۋاسىنى سورايدىغان گەپ، ئۆتكەنلەرغۇ خۇش بولۇشۇپ چىقىپ كېتىدۇ، ئۆتەلمىگەنلەر خۇددى بىز توسۇپ قويغاندەك بىزنىڭ ياقىمىزغا ئېسىلىدۇ، ئەتە يىغىن بار ئىدى، شۇڭا ئازراق تەييارلىق قىلاي دەپ ئىشخانىغىمۇ بارمىدىم، — دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىدىكى تومپۇچكىدىن چوڭ بىر چىنە تەخسىدە ھۆل ئۈزۈمنى ئېلىپ مېنىڭ ئالدىمدىكى ئۈستەلگە قويۇپ، ماڭا، — ئۈزۈمگە بېقىڭ، — دېدى.

مەن بولسام باشلىقنىڭ مېنىڭ تەقدىرىم ھەققىدە بىرەر

ئېغىز ئۇمىدلىك گەپ قىلىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتىم، ئاخىر ئۇ مېنىڭ ئۇدۇلۇمدىكى ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى.

— سىزنىڭ ئىشىڭىز چاتاق تۇيىدۇ، — دېدى ئۇ ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ.

بېشىمدىن بىر چېلەك مۇزدەك سۇ قۇيۇۋەتكەندەك شۈركىنىپ كەتتىم، يۈرىكىم قېتىپ قالغاندەك بولدى. كاللامغا كەچمىگەن ئويلار كەلدى، «شۇنچە يىل چىشىمنى چىشلەپ ئوقۇغىنىمنىڭ خۇلاسىسى مۇشۇ بولدىمۇ؟ ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن مەھەللىگە قايتىپ بارىمەن، ئۆيدىكىلەرگە نېمە دەيمەن» دەيتتىم ئىچىمدە.

— جۇيجاڭ، — دېدىم مەن يىغلاپ تۇرۇپ، — ماڭا ياردەم قىلسىلا، مەن قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىزنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن ...

مەن خۇددى پۇچۇق نانغا زار بولغان تىلەمچىدەك ئۇنىڭغا يالۋۇردۇم. ئائىلەمنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتتىم. باشلىق مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ كۈلۈپلا قويدى. ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ مېنىڭ يېنىمغا كەلدى:

— سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز راست تەس ئىكەن، بىز يەنە سۆزلىشىپ چوقۇم بىر ئامالىنى قىلىمىز، — دېدى ئۇ ئاستا قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — ئەمدى بىزنى نېمە بىلەن رازى قىلىسىز؟ — دېدى.

مەن چۆچۈپ كەتتىم، ئۇنىڭ قولۇمنى تۇتۇشىدىن باشقىچە بىر خىل مەنىنى چۈشەندىم - دە، ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم، قورقىنىمدىن يۈرىكىم ئاغزىمغا قاپلاشتى. پۇت - قولۇم دىر - دىر تىترەيتتى. باشلىق مېنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەن تۇرقۇمغا بىر پەس قاراپ تۇردى - دە:

— بۇ تۇرقىڭىزدا داشۆدە ئوقۇشنى خالىمايدىغان ئوخشايسىز، بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئېچىشتى، شۇ تاپتا بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتسەم ئوقۇشتىن مەھرۇم بولىمەن، كەتمىسەم باشلىقـ ىنىڭ تەلىپى ... شۇ چاغدا راست گەپنى قىلسام جېنىمدىنمۇ تويدۇم، بىزدەك باشپاناھى يوق خەقلەرنىڭ بالىلىرىغا كۈن كۆرـ مەك نېمانچە تەستۇر. ھەممە يەردە توسقۇنلۇق، «نېمىشقىمۇ قىز بالا بولۇپ تۆرەلگەندىمەن» دەيمەن ئىچىمدە، نېمە ئامالىم بار، ئاخىر ئىستىقبالىمنى دەپ ئۇنىڭ رايىغا باردىم...

ئامانگۈل تېلىقىپ گەپ قىلالماي قالدى. ئۇنىڭ ئاغزى ئۇمچىيىپ كۆز چانىقىدا يەنە غىلدىرلاپ ياش پەيدا بولدى. ئۇ قولىياغلىقى بىلەن ياشلىرىنى ئېرتىپ ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ قويدى.

ئادىلە چىن كۆڭلىدىن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى.

— مۇنداق ئىشلارنى كۆردۇم دېگىنە ئاداش، — ئۇ ئامانگۈلـ ىنىڭ چىرايلىق قوللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى، — توۋا، بۇ ئادەملەر نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىكىن مۇشۇ كۈنلەردە، كىشىنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىدىغان، خالىس بىر ياخشىلىق قىلىدىغان ئىش يوق ئىكەن، بولۇپمۇ قىز بالىنىڭ ھالىغا ۋاي، بەزىدە مەنمۇ نېمىشقىمۇ قىز بالا بولۇپ تۆرىلىپ قالدىمكىن دەپ جىلە بولىـ مەن، ئوغۇل بالا بولساڭ، بولمىغاندا ئاشپەزنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالىساڭمۇ كۈنۈڭ ئۆتىدۇ. ھېچكىم ئەيىب كۆرمەيدۇ، سەن بىلەن مەندەك مۇشۇنداق دەردنى تارتمايدۇ، قىز بالىغا تەس ئىكەن... ئۇھ ... ئۆتكەن ئىش كەتتى، ئەمدى مىڭ يىغلىساڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، ئاداش. ئەر كىشى دېگەن قىلغۇلۇقىنى قىلـ ىپ قويۇپ غېمىدا يوق يۈرىدۇ، ھېلىقى جۇيجاڭ بۇ كەمگىچە يەنە نەچچىسىنى قىلتاققا چۈشۈردى كىم بىلىدۇ، بار دەردنى مانا سەن تارتىۋاتىسەن، ھەي خۇدايىم، بۇنىڭغا نېمە چارە بار دەيـ سەن، بولدى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، كەينىڭگە چۆرۈۋەت، بۇ جاھاندا قايسىبىر دەردكە يىغـ

لايسەن ئاداش.

ئادىلەنىڭ تەسەللىسى بىلەن ئامانگۈلنىڭ كۆڭلى خېلى تىندى. مانا نەچچە كۈندىن مۇشۇنچىلىك بىرەر ئېغىز گەپنى ئاڭلىغان بولسىمۇ كاشكى، ھېلىمۇ ئادىلەدەك دوستقا ئۇچراشقىنىممۇ مېنىڭ تەلىيىم، ئۇنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ، ئۇنىڭ ياردىمىدە بۇ پالاكەتتىنمۇ تىنچ ئامان قۇتۇلۇپ كېتەرمەن، ئامانگۈل شۇلارنى ئويلاپ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

— ئادىلە، — دېدى ئامانگۈل يالۋۇرغان قىياپەتتە، — بۇ گەپنى ھازىرغىچە بىر ئىنسانغا تىنمىغانىدىم، بۇگۈن ساڭا دەۋاتىمەن، بىرىگە دەپ قويماسسەن؟!

— نېمە دەۋاتىسەن ئاداش، مېنى شۇنچىلىك ئاغزى بوش، شاللاق كۆردۈڭمۇ؟ مېنىڭ مىجەزىمنى بىلىسەنغۇ، بولدى تولا چىشىمغا تەگمەي ماۋۇ چاينى ئىچە، ھېلى ماۋۇلار كىرسە ساڭا نېمە بولدىكىن دەپ قالمىسۇن يەنە.

ئامانگۈل ئۈستىدىن گويا بىر تاغنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالدى.

ئەتىسى ئادىلە مۇئەللىمدىن رۇخسەت ئېلىپ ئۇنى دوختۇرغا ئېلىپ باردى. ئادىلە راست ئېيتقانىكەن، ئۇ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش ئورۇق، كېلىشكەن بىر دوختۇر قىزنى چەتكە چاقىرىپ نېمىلەرنىدۇر دېدى. دوختۇر ھودۇقۇش، ئۇياتتىن تىترەپ تۇرغان ئامانگۈلنى خېلى ئۇزاق تەكشۈرگەندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قورساقتا يوقتەك قىلىدۇ، بەزىدە ھاۋا، سۇ ئالماشقاندىمۇ ھەيزدە نورمالسىزلىق بولۇپ قالىدۇ، — دېدى، ئاندىن رېتسېپقا بىر مۇنچە خەتنى يېزىپ ئادىلەگە تۇتقۇزدى، — ئوكۇل قويۇپ كۆرۈپ باقايلى، دورىمۇ ئىچسۇن.

ئامانگۈل ئەمدى خاتىرجەم بولدى. ئۇلار چىقىپ ئوكۇل قويدۇردى. شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ئۇ تەقەززا بولغان نەرسە تۇيۇقسىز لا كەلدى.

## 6

ئادىلە بىلەن ئامانگۈل ئەمدى ئايرىلماس يېقىن دوستلاردىن بولۇپ كەتتى. ئادىلە دېگەندەك ئامانگۈل ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇ-دى، كۆڭلىدىن تامامەن چىقىرىۋەتتى. ئۇ ھازىر ئىلگىرىكىدەك ياتاقتا غېرىبسىنىپ ئولتۇرمايدىغان بولدى، ئادىلە ئۇنى بىرەر-دەممۇ بىكار قويمايتتى، دەسلەپ بىر - ئىككى ھەپتە تانسا ئۆگەت-تى، ئاندىن قىزلارنىڭ ئولتۇرۇشلىرىغا بىللە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كەلدى، كىنو - تىياتىرلارنى كۆرسەتتى، ئادىلە ئاستا - ئاستا ئۇنى بۇ سىرلىق شەھەرنىڭ ئۇ كۆرۈپ باقمىغان تۇرمۇشى بىلەن تونۇشتۇرماقتا ئىدى. ئۇ ھەممىگە ھەيران بولاتتى. ھەۋەس قى-لاتتى. بولۇپمۇ قىزلارغا قاراپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالاتتى. ئۇلار-نىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئوقۇغۇچىلار، بەزىلىرى ئۆيىدە بىكار تۇرۇۋاتقانلار، لېكىن ئۇلارنىڭ كىيگەن كىيىمى، ئاسقان زىبۇ زىننەتلەرنى ئادەم ئۇركۈيدۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن پارچە گەپ چىقمايدۇ، ئامانگۈل ئۇلارنىڭ ئاشۇ كىيىم - كېچەك، زىبۇزىن-نەتلەرنى قانداق تاپىدىغانلىقىغا ھېچ ئەقلى يەتمەيتتى. نېمىلا بولمىسۇن ئۇ ئۇرۇمچىنىڭ قىزلىرىغا ئىچ - ئىچىدىن ھەۋەس قىلاتتى.

ئامانگۈلنى ئۇرۇمچىنىڭ يەنە بىر ئادىتى قىزىقتۇردى. بۇ يەردە مېھماندارچىلىق، ئولتۇرۇشنىڭ ئىسمىمۇ كۆپ بولىدى-كەن. توي، توي چېيى، ئۆي چېـيـى، تۇغـۇلـغـان كۈنى، بايرام... دېگەندەك، ئىشقىلىپ بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ ئوينايـ-دىغانلا گەپكەن. مانا بۈگۈنمۇ ئادىلە ئۇنى يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن تۇرغاننىڭ ئۆيۈشتۈرغان چاي ئولتۇرۇشىغا ئەكەلـدى. ئۇلار كىرگەندە مېھمانلار ئاساسەن كېلىپ بولغانىكەن. مېھمانخا-نا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئۇزۇن ئۈستەلنىڭ ئىككى تەرە-

يىدە كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك ياسىنىۋالغان قىز ـ يىگىتلەر سالا۔
پەت، ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار بۇ ئىككى قىزغا خۇددى
مودا كىيىملەرنى كۆرسىتىدىغان مودېللارغا قارىغاندەك باشتىن
بويىغا نەزەر سېلىشتى، يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت
چاقنىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ مەنىلىك جىلمىيىشىپ
قويۇشتى. بىر ـ بىرىدىن ئاشۇرۇپ پەرداز قىلىشىۋالغان، سۇ۔
زۇلۇشۇپ ئولتۇرۇشقان قىزلار بولسا ئۇلارغا قاپاقلىرىنى سۈزۈپ
سوغۇق نەزەر تاشلاشتى ـ دە، ئۆزئارا پىچىرلىشىپ قويۇشتى.
ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ھەسەت، قىزغىنىش، مەسخىرە
ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ئادىلە قىزلارغا پىسەنتمۇ قىلماستىن ئامانگۈلنى قولتۇقلى۔
غان ھالدا ئۇستەلگە كەلدى ۋە قىزلار بىلەن ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا،
خۇشياقمىغاندەك سالاملىشىپ قويدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قىلچىمۇ
ھودۇقۇش، ياتسىراش بىلىنمەيتتى. ئامانگۈل ئۆزىنى قانچە ئازا۔
دە تۇتاي دېسىمۇ ھەشەمەتلىك سورۇن، قىزلارنىڭ سىنچى كۆز۔
لىرى، يىگىتلەرنىڭ يەۋەتكۇدەك قاراشلىرى ئۇنى تەمتىرىتىپ
قويۇۋاتاتتى.

— يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئوقەتچى، سودىگەر باللار، —
ئادىلە بىردەمدىن كېيىن ئامانگۈلنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپ
ئۇيەدىكىلەرنى تونۇشتۇرۇپ چىقتى، — ئاۋۇ دوغىلاق، بورۇتلۇق
يىگىتنىڭ ئىسمى شەمشىدىن — مۇشۇلارنىڭ خوجايىنى، تۇرغاند۔
نىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ نەچچە شەھەردە دۇكىنى بارمىش، ھەم۔
مىسىدىن بېيى. ماۋۇ ئېگىزنىڭ ئېتى ئەسقەر، ئۇرۇمچىدە ئۇنى
«ئەسقەر لۇشياڭ» دېمىسە تونۇمايدۇ، ئىچكىرىدىن ئەڭ بۇرۇن
لۇشياڭ ئەكېلىپ ئوقەت قىلغان. ئاۋۇ قارا يىگىت ۋەلى، تۇر۔
غاننىڭ دېيىشىچە، پۇل سودىسى قىلىدۇ دەيدۇ، ماۋۇ پاسكىنى۔
لارنى تونۇمايدىكەنمەن، — ئادىلە يېنىدىكى قىزلارنى بېشىدا
شەرەت قىلىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى.

ئامانگۈل ئاستا، يەر ئاستىدىن ئۈدۈلدىكى يىگىتلەرگە سەپ-سالدى. ئۇلار ئۈستىگە قاتۇرۇپ دەزمالللانغان كاستۇم كىيىپ، ئاپئاق ياقىلىرىغا گالىستۇك تاقىشىۋالغان، قوللىرىدا قوش - قوشلاپ ئالتۇن ئۈزۈكلەر بار ئىدى. ئامانگۈلنىڭ كۆز ئالدىغا مەكتەپتىكى مۇئەللىملەر كەلدى، بۇلارنىڭ هازىرقى تۇرقى ئاشۇ سالاپەتلىك مۇئەللىملەردىن هېچ قېلىشمايتتى. ئامانگۈل ئۇلار-نىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سالدى.

— ئەتىگەن سەمەت گۇاڭجۇدىن تېلېفون بېرىپتۇ، — دېدى ئەسقەر شەمشىدىنگە قاراپ، — ناهايىتى ئەرزان چېكەن ئۇچراپ قالدى، پۇل ئەۋەتىڭلار دەيدۇ.

— چېكەن هازىر سۇرمەيۋاتىدۇ، — دېدى شەمشىدىن بېشى-نى چايقاپ، — ئۇنىڭ ئورنىغا گۈللۈك دۇخاۋا ئالسۇن، بىر گە ئىككى پايدا قىلىدۇ، ئاندىن شېكەرچاچتىدىن بولسا ئالساق بولى-دۇ، هازىر سوۋېتتىن كەلگەنلەر شۇنىڭغا دۈم چۈشۈۋاتىدۇ. ئەتىگەنلىككە مەن ئۆزۈم تېلېفون بېرەي...

— دوللار قانچىكەن، ئۇقتۇڭمۇ؟ — سورىدى ۋەلى.

— پەرقى يوق ئىكەن... هە راست، سېنى بۈگۈن خېلى مۇڭگۈز ئالدى دېيىشىدۇغۇ؟

— كىم دەيــدۇ؟ — ۋەلــى كۆزىنىــڭ پاختىسىنى چىقار-دى، — بىرى سوۋېتتــن ئەكېلىپتىكەن، سورىسام بەك ئۆرە سوراپ تۇرۇۋالدى.

— قانچە دەيدۇ؟

— بىر مىڭ سەككىز يۈز دەيدۇ.

— بولىدىكەن.

ئامانگۈل ئۇلارنىڭ گەپلىرىنىڭ بەزىلىرىنى چۈشەنمىدى، ئاڭغىچە ئادىلە پەيدا بولدى. باياتىن ئۇ، تۇرغانغا ياردەملىشىپ بېرەي دەپ ئاشخانىغا چىقىپ كەتكەنىدى.

— تۇرغاننىڭ ئايالى يوقمۇ؟ — ئامانگۈل ئاستا سورىدى.

— ئاجرىشىپ كەتتى، تولا كۆنلەپ ئۆنى تويدۇرۇۋەتتى.
— سېنىڭدىنمۇ؟
— ياقەي، — ئادىلە بىر قىسما بولۇپ قاپىقىنى سوزۇپ قويدى، — تۇرغان سەل شوخراق، شۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمىدى. بولمىسا تۇرغان ئۇ نېمە دېسە ئېلىپ بېرەتتى، شۇ دۆلەتنىڭ قەدرىگە يەتمىدى، كۆرگۈلۈكى بار ئىكەن ئۇنىڭ...

بىردەمدىن كېيىن ھەر خىل قورۇملار تارتىلىپ پېچەتلىك بوتۇلكىلارنىڭ ئاغزى ئېچىلدى. ھايال ئۆتمەي سىپايە يىگىتلەرنىڭ يۈز - كۆزلىرى قىزىرىپ، خۇمارلاشقان كۆزلىرى قىزلارنىڭ ئۈستىدە ئويناشقا باشلىدى. ئامانگۈل تۆردە ئولتۇرغان شەمشىدىنىنىڭ ئۆزىگە پات - پات قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. «تۇرقىدىن قارىغاندا ئۆيلەنگەندەك تۇرىدۇ، — ئىچىدە ئويلىدى ئامانگۈل ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشىپ، — ياكى بۇمۇ تۇرغاندەك ئايالىنى قويۇۋەتكەن نەرسىمىكىن، ئەجەب كۆزى يامان نېمىكەن... توۋا، بۇ ئادىلەنىڭ ئارىلاشمايدىغان ئادىمى يوق ئىكەن، نەدە يۈرۈپ بۇلار بىلەن تونۇشۇپ كەتكەندۇ؟»

بوتۇلكىلار ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلىشقا باشلىدى. تۇرغان بۇلۇڭدىكى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئۈنئالغۇنى قويدى. بىر ئايالنىڭ ئېلېكترونلۇق مۇزىكا بىلەن ئورۇندىغان ناخشىسى ياڭرىدى.

— تانسا ئوينايلى!

ئامانگۈل بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئالدىدا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ شەمشىدىن تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلاشقان، پاتاڭلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئامانگۈل نېرىدا ئولتۇرغان قىزلارنىڭ ئۆزىگە سوغۇق، ياراتمىغاندەك نەزەر سېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، دېدىللىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇشنى نىيەت

قىلدى. ئامانگۈل شۇ تاپتا ئىچىدە ئادىلەدىن مەمنۇن بولدى، ئاشۇ ئادىلە ئۇنىڭغا زورلاپ يۇرۇپ تانسىنى ئۆگەتتى، ئەگەر تانسا بىلمىگەن بولسا ئاشۇ ھەسەتخور قىزلارنىڭ ئالدىدا نومۇستىن ئۆلەر ئىدى.

شەمشىدىندىن گۇپۇلدەپ نافتالىن ئارىلاش ئەتىر پۇرىقى كېلەتتى. ئۇ سېمىزلىكىگە قارىماي شۇنداق يېنىك، چاققان ئوينايتتى.

— نەدە ئىشلەيسىز؟ — شەمشىدىن ئۆيىنى بىر ئايلانغاندىن كېيىن ئامانگۈلدىن سورىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىكى قاتار ئالتۇن چىشى چىراغ يورۇقىدا ۋالىلداپ كەتتى.

— مەن ئوقۇغۇچى، — دېدى ئامانگۈل سەل تارتىنىپىراق.

— شۇنداقمۇ؟ قايسى مەكتەپتە؟

— ئادىلە بىلەن بىر مەكتەپتە.

— ھە، مۇنداق دەڭ، تونۇشۇپ قويايلى، ئىسمىڭىز...؟

— ئامانگۈل.

— مېنىڭ ئىسمىم شەمشىدىن، خىزمەت ئورنىمىز دۆڭكۆۋرۈكتە، — ئۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلدى، — ئېنىقراق، دېسەك پۇل نەدە بولسا بىزمۇ شۇ يەردە ئىشلەيمىز.

شەمشىدىننىڭ خۇش چاقچاقلىقى ئامانگۈلدىكى تارتىنىش، ھودۇقۇشنى يوق قىلىۋەتتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى خېلى ئەركىن ھېس قىلىپ شەمشىدىننىڭ سوئاللىرىغا قورۇنماي جاۋاب بېرەتتى. ئىككىنچى قېتىم شەمشىدىن ئۇنى يەنە تانسىغا تارتتى.

— ئۆزلىرى قالتىسقۇ خېنىم، — ئۇ تانسىنى تۈگىتىپ ئولتۇرۇشقا ئادىلە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، — شەمشىدىنباينى قارىتىپلا ئالدىڭغۇ، دىققەت قىلدىڭمۇ، ئاۋۇ پاسكىنىلارنىڭ ئۆتى يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قېلىۋاتىدۇ، بىلەمسەن، ھەممىسىنىڭ كۆزى شەمشىدىندە، تازا چىڭ تۇت، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇۋالساڭ زىيان تارتمايسەن ئاداش.

ئادىلە سىرلىق بىر ھالەتتە كۆلۈپ، ئۇنىڭ بىلىكىنى چىمـ-
دىپ قويدى، ئاڭغىچە ئەسقەر كېلىپ ئۇنى تانسىغا تارتتى.

ئۆي ئىچى ئەتىر، يۇزمايلارنىڭ ھىدى، ئالىي سورتلۇق تاماكىنىڭ ئىسى، ھاراقنىڭ پۇرىقى بىلەن تولۇپ مانانلاشتى، قىزىغان ھاۋادىن جانغا راھەت، يېقىملىق بىر پۇراق تارقىلىپ كىشىنى ھاياجانغا سالاتتى. يىگىتلەرنىڭ سىپايە، سالاپەتلىك ھالىتى نەلەرگىدۇر يوقىلىپ، ئىچىلىپ خۇشخۇيلىشىپ كەتتى. ئۇلار بىر - بىرلىرىگە مەردلىك بىلەن ۋەدىلەرنى بېرىشكە، قەلبىنى چۇشەندۈرۈشكە باشلىدى. قاچانلاردىكى كۆڭلى قالغان يەرلىرىنى دەپ ئەپۇ سورىشاتتى، باشقىدىن ئاغىنە بولۇپ بىر - بىرىگە قول بېرىشەتتى. قىزلارمۇ ئەمدى سۆزۈلۈشتىن قېلىپ، بىر - بىرىگە قىزىل ھاراق، پىۋىلەرنى قۇيۇشۇپ تارتىنماستىنلا ئىچىشمەكتە ئىدى، تۇرۇپ ئۇلار يىگىتلەرگە نەزەر ئاغدۇرۇشۇپ ئۆز-ئارا پىچىرلىشىپ قويۇشاتتى. ئۇنىئالغۇدىن ناخشا ياڭرىماقتا.

قارا ساچىڭ يەلپۈنەر،
كۆزۈڭ ماڭا تەلمۈرەر،
يۈرىكىمۇ تەلپۈنەر،
ئون سەككىز ياشىم، ئون سەككىز ياشىم،
ئون سەككىز، ئون سەككىز، ئون سەككىز ياشىم...

ئامانگۈلگە بۇ ئولتۇرۇشتىكى ھەممە نەرسە شۇنداق يېقىمـ-لىق، كۆڭۈللۈك تۇيۇلۇپ، دىلى يايراپ كەتتى. ئەنە شەمشىدىن ئەسقەرنىڭ ئۇنىڭغا يېپىشىپ تۇرۇپ قىلىۋاتقان گېپىگە قۇلاق سالماستىن، ئامانگۈلگە ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن باقماقتا، ئاماڭ-گۈل بولسا بۇنىڭدىن ھۇزۇرلانماقتا ئىدى. قىز بالا ئۇچۇن يىگىتلەرنى ئۆزىگە تەلمۈرتۈشتىنمۇ ئارتۇق لەززەت بولمايدۇ. ئۇنداق چاغدا سىنىڭ بىر جىلۋىلىك تەبەسسۇمۇڭ، نازاكەتلىك

بىر بېقىشىڭ مەن ـ مەن دېگەن يىگىتنىڭ ھوشىنى يوقىتىدۇ.
ئامانگۇل ئون سەككىز يىللىق ئۆمرىدە مانا بۇگۈن ھاياتىنىڭ،
ياشلىق گۈزەللىكىنىڭ ھۇزۇرىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئېسىگە تۇرۇپ.
لا ئاشۇ يىراقتا قالغان نامرات يۇرتى كەلدى، ئۇ يەردىكى كىشى.
لەرنىڭ يېگى يىلنى خاتىرىلىگەنلىكىنى ئامانگۇل ئەزەلدىن
ئاڭلاپ باقمىدى. ئۇلار پەقەت يىلدا كېلىدىغان ئىككى ھېيتنىلا
بىلىشىدۇ، ھېيتتىمۇ پەقەت مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى توپىلاڭ مەي.
داندا ناغرا ـ سۇنايغا ياش ـ قېرى ھەممىسى ئۇسسۇل ئوينىشى.
دۇ، بىر ـ بىرىنى توپا ـ تۇمانغا كۆمۈشىدۇ، بىچارە دېھقانلار
شۇ ئويۇندىن ھۇزۇر ئېلىشىدۇ، ئەتىسىدىن باشلاپ كەتمىنىنى
كۆتۈرۈپ ئېتىزلىققا مېڭىشىدۇ، بۇ يەردىچۇ؟ ئويناىمەن دېسەڭ
كۇندىلا تاماشا بار، پەقەت پۇلۇڭ بولسىلا بولدى، شەھەر
دېمەك — پۇل دېمەك، ئەنە شەمشىدىننىڭ پۇلى بولغاچقا ئاۋۇ
قىزلار ئۇنىڭغا تەلمۈرۈشمەكتە، ئۇنى ئامانگۇلدىن قىزغانماق.
تا. ئەمما، ئۇلاردا ئۆزىنىڭكىدەك چىراي يوقلۇقىنى ھېس قى.
لىپ ئامانگۇلنىڭ ۋۇجۇدى راھەتلەندى.
تامدىكى ھەيۋەتلىك سائەت جاراڭشىپ ئون بىر قېتىم ئۇ.
رۇلدى. لېكىن مېھمانلار ھازىر تارقىلىدىغاندەك ئەمەس. ئەسقەر
كاستۇمىنى سېلىپ ساپانىڭ ئۈستىگە چۆرۈدى ۋە ئالدىدىكى بو.
تۇلكىنى كۆتۈرۈپ ئېگىشتۇردى ـ دە، ئىشىككە قاراپ
ۋارقىرىدى:
— ھەي تۇرغان، قېنى بۇ؟... هاراق توگىدى، بۇنداق
چۇپەيلىك قىلما، ساڭا بۇنچىلىك داستىخان دېگەن نېمە؟ بۇگۈن
قانغۇچە ئويناىمىز، شۇنداقمۇ شەمشى؟!...
ئۇ شۇنداق دېدىيۇ، لېكىن شۇ ھامان دېگەن گېپىنى ئۇنتۇپ
نېرىدا ئولتۇرۇشقان قىزلارنىڭ قېشىغا سۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ
رومكىلىرىغا قىزىل ھاراقنى قۇيۇپ ئىچىشكە زورلىغىلى تۇردى.
ئۇ ئوبدانلا تەڭشىلىپ قالغانىدى. شەمشىدىن توختاپ قالغان

ئۇنئالغۇنىڭ لېنتىسىنى ئالماشتۇرغىلى قوپتى. شۇ پۇرسەتتە ئامانگۈل ئادىلەنى ئىزدەپ كارىدورغا چىقتى. ئۇنىڭ ئېسىگە مەكتەپ، ياتاقنىڭ تۈزۈمى كېلىپ ئولتۇرالمايلا قالدى، ئۇ ئاش-خانىغا قارىدى، ئۇ يەردە ئادەم يوق ئىدى. ياندىكى ئۆيدىن بىرلىرىنىڭ ئاستا سۆزلەشكەن ئاۋازى، تۇرۇپ - تۇرۇپ چوكۇل-دىغان ئاۋاز كېلەتتى. ئامانگۈل ئىشىكنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئىچ-كىرىگە قۇلاق سالدى.

— ۋىيەي، ئاستىراق، كالپۇكۇمنى ئۈزۈۋالامسىز؟

ئامانگۈل ئادىلەنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ ھودۇقۇپ كەتتى.

— ئەسقەر ئەجەب يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىۋاتىدۇغۇ؟ — دېدى تۇرغان ھاسىراپ تۇرۇپ، — سىزگە ئىچ - پەش تارتىپ يۈرمىگەندۇ؟

— خۇدايا توۋا دەڭە، — ئادىلە ناز بىلەن، ئاغرىنغاندەك بىر تەلەپپۇزدا دېدى، — ئۇ ھاراقكەشنى نېمە قىلىمەن، سىزنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرنىقىڭىزغا تەڭ قىلمايمەن.

— راست يۈرەك سۆزىڭىز - ھە؟

— قەسەم ئىچىپ بېرەيمۇ؟ مېنىڭغۇ دەيسىز؟ ئۆزىڭىزچۇ؟ مەن يوق چاغدا قايسى قىزلارنى ئەكىرىسىز، كىم بىلىدۇ؟

— يوق خىيالنى قىلماڭ.

— ھى، — ئادىلە تامىقىنى قېقىپ قويدى، — ئەر كىشى دېگەنگە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ ھە راست، يېڭى يىللىق نېمە سوۋغا بېرىسىز ماڭا؟

— ئەتە يالغۇز كېلىڭ، سىزگە ئاتاپ قويغان نەرسەم بار.

كارىۋات غىچىرلاپ چوكۇلدىغان، ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ئامانگۈلنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، مېھمانخانا ئۆيگە قايتىپ ك رىدى. «توۋا، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىد-گە، — ئادىلە تۇرغان بىلەن شۇنداق ئىكەن - دە، ئاتا - ئانىسى ئۇقىدىغان بولسا نېمىدەپ قالار، شۇنداق چوڭ باشلىقنىڭ قىزى

تۇرۇپ بىر ئۆيلەنگەن ئوقەتچى بىلەن مۇھەببەت باغلاپ يۈرگىنىـ
نى، ياكى ئۇنىڭ پۇلىغا قىزىقىۋاتامدۇ ـ يا، بايا ماڭا شەمشىدىنىـ
نى دېگىنىمۇ بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە.... ياق، ياق خۇدا ساقلىـ
سۇن، ئادىلە نېمە قىلسا ئۆزىنىڭ ئىشى، لېكىن مەن تىنچقىنە
ئوقۇشۇمنى ئوقۇي، ماڭا پۇتۇن بىر ئائىلە قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ.
بۇ ئويلار ئامانگۇلنىڭ كۆڭلىنى مەيۈسلەندۈردى، ئۇنىڭغا بۇ
ئۆيدىكى ئويۇن ـ تاماشا، نازۇ نېمەت، ناخشا ـ مۇزىكا، ھەممە
نەرسىلەر يات تۇيۇلدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن دەرھال كەتكۇسى
كەلدى. ئىچىدە، «مۇنداق يەرگە ئىككىنچى كەلمەيمەن» دېدى.

ئولتۇرۇش ئاخىرلىشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئامانگۇل ئاـ
دىلەگە «قايتىمەن» دەپ قاتتىق تۇرۇۋالدى.

— نېمە، ئاشۇ چىرايلىق ياتاقنى سېغىنىپ كەتتىڭمۇ بىرـ
دەمدە؟ — ئادىلە قېيىداپ سۆزلىدى.

— بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، كېتەي، — ئامانگۇل
چىڭ تۇرۇۋالدى.

ئۇنىڭغا گەپ يېگۈزەلمىگەن ئادىلە ئاخىر شەمشىدىننى چاـ
قىردى.

— ئامانگۇل كېتىمەن دەپ ئۇنىمايۋاتىدۇ، قانداق
قىلىمىز؟ — دېدى ئۇ مەنىلىك قاراپ.

— مەن ئۆزۈم كېتىۋېرەي، — دېدى ئامانگۇل ئوڭايـ
سىزلىنىپ.

— ھەي ساراڭ، مەكتەپ دېگەن نە ئۇ؟ بۇ كېچىدە قانداق
يالغۇز كېتەلەيسەن؟

— بولدى، بىز بىللە كېتەيلى، مېنىڭمۇ ئەتە ئەتىگەندە
قىلىدىغان ئىشلىرىم بار ئىدى، — شەمشىدىن ئامانگۇلگە قاراپ
بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ خۇددى پايدىلىق بىر سودىنى
قىلغاندەك چىرايىدىن ئەندىكىش، خۇشاللىق چىقىپ تۇراتتى.

ئۇلار كىيىنىپ كوچىغا چىقتى. تالادا ئۇچقۇنداپ قار چۈشـ

مەكتە ئىدى. ئادەمسىز بوش قالغان كوچا ئۇيقۇسىرىغان بوۋاي-
دەك مۈگدەپ ياتاتتى. ئۇلارنىڭ تەلىيىگە بىردەمدىلا بىر تاكسى
ئۇچراپ قالدى. شەمشىدىن قول كۆتۈرۈپ توختاتتى ۋە كەينى
ئىشىكنى ئېچىپ ئاۋۋال ئامانگۈلنى ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن ئۆزى
نېرىقى ئىشىكتىن كىرىپ ئۇنىڭ يېنىغا جايلاشتى.

ئامانگۈل ماشىنىنىڭ ئىچىگە، يۇمشاق ئورۇندۇقلارغا را-
ھەتلەنگەن ھالدا قاراپ قويدى. ئۇ ھازىرغىچە بۇنداق ماشىنىغا
چۈشۈپ كۆرمىگەنىدى، بۇ ئوڭۇمۇ - چۈشۈمۇ دەيتتى ئىچىدە.

شەمشىدىن يول بويى ئۇنىڭغا ئۆزى توغرۇلۇق، گۇاڭجۇ،
شاڭخەي، بېيجىڭ... توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ بارمىغان
يېرى ئاز ئىدى. پاكىستان، تۈركىيىگىمۇ بېرىپ ئويناپ كەپتۇ،
يېقىندا سوۋېتكىمۇ چىقىپ موسكۋا، لېنىنگراتلارغىچە ئايلىنىپ
كەپتۇ. ئامانگۈل ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلدى، نېمىدېگەن تەلەيلىك
يىگىت، دۇنيانىڭ يېرىمىنى كۆرۈپ بوپتۇ، پۇل دېسە بار،
مەنچۇ؟ ئۈرۈمچىگە قانچىمۇ مۇشەققەتتە كەلدىم، يەنە بەش يىل
ئوقۇسام، ئاندىن تۆت تەڭگىگە ئېرىشەلەيمەن. بۇ دۇنيا نېمانچە
تەڭشەلمىگەندۇ؟...

— ئامانگۈل، — دېدى شەمشىدىن ئۇنىڭغا قايرىلىپ ۋە
يانچۇقىدىن قىزىل دۇخاۋا قاپلانغان كىچىك بىر قۇتىنى چىقىرىپ
ئاچتى.

— چەت ئەللەردە بىر ئادەت بار ئىكەن، — دېدى ئۇ قۇتىنى
ئامانگۈلگە سۇنۇپ، — يېڭى يىلدا دوستلار بىر - بىرىگە سوۋغا
قىلىشىدىكەن، بۈگۈن سىز بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق، بۇنىڭدىن
كېيىن ئارىلىشىپ ئۆتەرمىز. بۇ ئاز بولسىمۇ يېڭى يىلىڭىزغا
سوۋغام بولسۇن.

ئامانگۈل قۇتىنىڭ ئىچىگە قاراپ ئەندىكىپ كەتتى، ئۇنىڭدا
بېغىمۇ، ئۆزىمۇ ساپسېرىق چىرايلىق ئايالچە سائەت تۇراتتى.

— ۋيەي، نېمە قىلغىنىڭىز، ياق ئالمايمەن، — دېدى ئۇ

ئۆزىنى قاچۇرۇپ.
— ئالمىسىڭىز مەن رەنجىيمەن، ياراتمايۋاتامسىز - يا؟
— ياق، ياق، بۇنداق قىممەت نەرسىنى ئالمايمەن.
— سىزنىڭغۇ لايىقىڭىز ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم.
ئامانگۈلنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولدى. شەمشىدىن ئۇنىڭغا قاراپ تەلمۈرۈپ تۇراتتى، ئۇ بىردەمگىچە قانداق قىلاي دەپ ئارىسالدى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ هازىرغىچە سائىتى يوق ئىدى ۋە سائەت تاقاشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمەيتتى، هەر قېتىم ئادىلەنىڭ ئۇزۇكىنىڭ كۆزىدەك كىچىككىنە سائىتىگە كۆزى چۈشـكەندە ئۇنىڭ ئىچىگە بىر ئوت تۇتۇشاتتى. مانا بۇ نەرسە هازىر ئۇنىڭغا بىكارغىلا كېلىۋاتىدۇ، ئۇ بۇنى پۇل تېپىپ قانداقمۇ ئالالايتتى... ۋالىلداپ تۇرغان سائەت ئۇنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتماقتا ئىدى. ئەگەر ئۇ ئالمىسا باشقا بىر قىز هامان ئالىدۇ.
ئامانگۈلنىڭ قولى ئىختىيارسىز قۇتىغا سوزۇلدى. شەمشىدىن قۇتىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىغىنىچە قولىنى چىڭ قىسىپ قويدى. ئامانگۈل تىترىگىنىچە يەرگە قارىۋالدى.
— كېلەر يەكشەنبە كۆرۈشەيلى بولامدۇ، مەن سىزگە ياتىغىمنى كۆرسىتىپ قوياي، — دېدى شەمشىدىن مەكتەپنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئامانگۈلنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.
— قېنى قاراپ باقاي، — دېدى ئامانگۈل ئۇنىڭدىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن. ئۇ ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى، هەر هالدا شەمشىدىن ئۇنى ئارتۇق تۇتماي قويۇۋەتتى. ئۇ «خوش» دېدى - دە، ئارقا - ئالدىغا قارىماي ياتاققا قاراپ ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ كەتتى. ئەتراپ جىمجىت، هەممە ئۇيقۇدا، بىنالارنىڭ دېرىزىلىرى قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئامانگۈل تىنۋش چىقارماسلىقتا تىرىشىپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ياتاققا

كىردى. قىزلار بىر خىلدا پۇشۇلداپ ئۇخلىماقتا ئىدى. ئامانگۇل ئاستا چىراغنى ياقتى. خەدىشە ئۆرۈلۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

— ئامانگۇل سىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچالماي.

— ھەئە.

— نەگە باردىڭىز؟

— داشۆدىكى بىر يۇرتلۇق قىزلارنىڭ يېنىغا بارغانىدىم، — ئامانگۇلنىڭ ئاغزىغا شۇ گەپ كەلدى.

خەدىشە جىم بولدى. ئامانگۇل خۇددى ھېلى بىرى كېلىپ تەكشۈرىدىغاندەك كىيىملىرىنى ئىتتىك سالدى ـ دە، ئورنىغا كىردى. ئاندىن يوتقاننى تارتىپ توسۇپ ھېلى شەمشىدىن بەرگەن سائەتنى قولىغا سېلىپ كۆردى. سائەت بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. ئۇ خۇددى ئالتۇن بىلەزۈك تاقىغاندەك خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ تويمايتتى، خەدىشەنىڭ يۆتىلىشى ئۇنى ئېسىگە كەلتۈردى، ئۇ يېنىك بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ چىراغنى ئۆچۈردى. ئۇ يېتىپمۇ خېلىغىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بۈگۈنكى ئولتۇرۇش، ئادىلەنىڭ دېگەنلىرى، شەمشىدىننىڭ ئىلتىپاتى، ئومۇمەن يېقىندىن بۇيانقى تۇرمۇشىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر كېلىپ، پىكىرلىرى ئۇچى يوق يىپتەك چىگىشلىشىپ كەتتى.

## 7

ئۆرۈمچىنىڭ ئۇزۇن قىشىمۇ تۈگەپ ياز كەلدى. مەۋسۇملۇق ئىمتىھانلارمۇ تۈگەي دەپ قالدى. ئامانگۇل تۇنۇگۇن ئۆيىدىن خەت بىلەن بىللە قىرىق سوم پۇل تاپشۇرۇۋالدى. دادىسى خېتىدە شۇ پۇلنى كىرا قىلىپ تەتىلگە كېلىشىنى، ئۇنى ئۆيدىكىلەرنىڭ بەك سېغىنغانلىقىنى قايتا ـ قايتا يېزىپتۇ. ئامانگۇلنىڭمۇ ئۆيىنى، ئۆكىلىرىنى بەك كۆرگۈسى كەلدى. نېمىدېگەن

بىلەن ئۇزۇن ئايرىلىپ كەتسە چىدىماق تەس ئىكەن، تەتىل يېقىنلاشقانسېرى ئۆيدىكىلەر، مەھەللىسى، بىللە ئۆسكەن دوستلىرى پات - پاتلا چۈشىگە كىرىپ خىيالىدىن نېرى بولمايدىغان بولدى. مەن كەتكەندىن بۇيان كىملەرنىڭ تويى بولۇپ كەتتىكىن؟ ئايشەم كۈزدە قىلماقچىدى. قىلغان بولسا ھازىر ئىككى قاتمۇ بولغاندۇ. يەنە كىملەر تويغا تۇتۇش قىلدىكىن، ئۆيدىكىلەر سەن كەلگۈچە يېڭى ئۆينىمۇ سېلىپ پۈتتۈرۈپ قويىمىز، دەپتۇ، بىچارىلەر، قانچىمۇ جاپا تارتىۋاتقاندۇ؟...

ئامانگۈل ئۈرۈمچىدە ئۆتكەن بىر يىلنىڭ قانداقلارچە تېز توشۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇقمايلا قالدى. ئىلگىرى ئۇنىڭغا سىرلىق تۇيۇلىدىغان بۇ شەھەر، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى، ئويۇن - تاماشىلار ئەمدى ئۇنىڭغا ئادەتتىكىچە، ھېچبىر ھەيران قالغۇدەك يېرى يوق نەرسىگە ئايلاندى. بۇ بىر يىل جەريانىدا ئۇ ھەممىنى كۆردى. ئۆگەندى، ئاستا - ئاستا بۇ تۇرمۇشقىمۇ كۆنۈپ قالدى. دەسلەپ ئۇ كىيىم - كېچەك، پۇلدىن قىينالدى، بويىنى قىسىلدى. ئەمما كېيىنچە بۇنىڭمۇ چارىسى تېپىلدى. ئۇ شەمشىدىندەك مەرد سودىگەرلەر بىلەن تونۇشۇۋالدى. ئۇلارغا بىر جىلمىيىپ قويساڭ ئۇستۇڭگە بىرەر قۇر كىيىم چىقىپ قالاتتى. يېڭى يىللىق ئولتۇرۇشتىن كېيىن ئامانگۈل ئادىلە بىلەن بىر - ئىككى قېتىم ئۇنىڭ دۇكىنىغا، ئۆيىگە باردى. شەمشىدىن ئۇلارغا تۇركىيىنىڭ كۆڭلەكلىرى، ياپوننىڭ ياغلىقلىرىدىن ھەدىيە قىلدى. ئامانگۈل ئىشقىلىپ ئۇنىڭ بىلەن خالىي جايدا ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. شەمشىدىن بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى مال ئەكېلىش ئۈچۈن ئىچكىرىگە كەتكەن پېتى ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى. ئامانگۈل بىر ھېسابتا ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولدى. چۈنكى شەمشىدىننىڭمۇ بىكارغا بېرىۋەرمەيدىغانلىقىنى، ھامان بىر كۈنى بۇ ھېسابنى قىلىدىغانلىقىنى ئۇ ۋەھىمە بىلەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

ئامانگۈل ئۆيىدىن كەلگەن خەتنى ئوقۇۋاتقاندا ئادىلە كىردى.

— كىمنىڭ خېتى ئۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ تاماق قاچىسىنى دېرىزە تەكچىسىگە قويۇۋېتىپ.

— ئۆيدىن كەپتۇ، مېنى تەتىلدە كەل دەپ پۇل ئەۋەتىپتۇ، — ئامانگۈل خەتتىن بېشىنى كۆتۈرمەي جاۋاب بەردى.

— سەنمۇ كەتسەڭ مەن يالغۇز قالىدىغان بولدۇم - دە، ئىككى ئاينى قانداقمۇ ئۆتكۈزەرمەن؟

دوستىنىڭ مىسكىن چىرايىغا قاراپ ئامانگۈلنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولدى.

— مەن بىلەن بىزنىڭ يۇرتقا بېرىپ كېلەمسەن - يا، — دېدى ئۇ ئادىلەگە، — شۇنىسى سەھرا، ئويۇن - تاماشا يوق، زېرىكىپ قالارسەنمىكىن دەيمەن.

ئادىلە بىر مىنۇتچە ئويلىنىپ تۇرۇپ بىردىنلا چىرايى ئې-چىلدى:

— بولمىسا شۇنداق قىلايمۇ - يا؟ ھازىرغىچە جەنۇبنى كۆرۈپ باقماپتىمەن، يېزا دېگەن قانداق بولىدۇ، ئۇقمايمەن. ئەمىسە ئۆيدىكىلەرگە دەپ باقاي، ئەڭ ياخشىسى، سەن بېرىپ ئاپامغا دېگىنە، مېنى شۇ ئۆينىڭ ئىشلىرىدىن بىر قۇتۇلدۇرغىنە ئاداش.

ئادىلەنىڭ بارماقچى بولغانلىقى ئامانگۈلنىمۇ قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇ يېزىدا ئىككى ئاينى ئۆتكۈزۈش-كە كۆزى يەتمەي تۇراتتى، ئادىلە بىللە بولسا ئۇمۇ زېرىكمەيدۇ ياكى پەقەت بولمىغاندا ئادىلەنى باھانە قىلىپ ئۇرۇمچىگە بالدۇر قايتىپ كېلىدۇ. ئىككى دوست شۇنداق كېلىشتى. ئامانگۈل شۇ كۈنىلا بىر دوستىنى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆيىگە خەت يېزىۋەتتى.

ئۇزۇن چۆللەر، قاقاس تاغلار كۆلكە ـ چاقچاقلار بىلەن بىلىنمەي ئۆتتۈپ كەتتى، ئاپتوبۇس تەتىلگە قايتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن توشقانىدى. ئۇلار خۇددى قەپەستىن ئايرىلغان قۇشلاردەك ئەركىن يايرىشاتتى، گەپ قىلىشىپ هارمايتتى. ئۇلار بىلەن تۇرسۇنمۇ بىللە ماڭدى. ئۇ يول بويى بۇ ئىككى قىزنى كۈتۈپ، مېهمان قىلىپ ماڭدى. چۈشكەنلا يەردە تاماق ئالاتتى، مېۋە ـ چېۋە توشۇيتتى. ناهىيىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۆيىگە كەتمەستىن ئىككى قىز ماڭغۇچە ئۇلارنىڭ قېشىدا يۈردى.

— ئاداش، قارىسام بۇ مۆرىمەس ساڭا ئاشىق بولۇپ قالغاندەك تۇرامدۇ نېمە؟ — دېدى ئادىلە ئامانگۈلنىڭ يېنىغا بارىدىغان كونا بىر ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — قارىغىنە، بىچارىنىڭ سېنىڭدىن زادى ئايرىلغۇسى كەلمەي پەرۋانە بولۇپ يۈرگىنىنى.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلمىساڭچۇ، — ئامانگۈل ئاچچىقلانغاندەك بولۇپ ئۇنى مۈرىسى بىلەن ئىتتەردى.

شۇ ئارىدا تۇرسۇن ئىككى بوتۇلكا گاز سۇيىنى كۆتۈرۈپ ئاپتوبۇستا پەيدا بولدى.

— يولدا ئۇسساپ قالساڭلار ئىچەرسىلەر، — دېدى ئۇ بوتۇلكىنى ئادىلەگە تەڭلەپ ۋە ئامانگۈلگە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ھەلقۇمى تىنماي قىمىرلايتتى. قىسىق كۆزلىرى ئىچكى بىر هاياجاندىن يالتىراپ كەتكەندى، ئامانگۈل بولسا ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشاتتى.

ئادىلە تۇرسۇنغا قۇۋلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— تۇرسۇن! سىزنى جىق ئاۋارە قىلدۇق، رەهمەت، — دېدى ۋە ئامانگۈلگە قاراپ گېپىنى مەنىلىك قىرىپ قويدى.

— نېمە ئاۋارىچىلىك؟ — تۇرسۇن قىزارغان هالدا ئاپتوبۇسنىڭ تۇتقۇچىنى سىلىدى، — زېرىكسەڭلار ناهىيىگە كېلىڭلار، هېيتتا كىرىڭلار بولمىسا.

— كەلسەك ئوينىتارسىز؟
— چاتاق يوق، بىزنىڭ ئۆيىنى ئامانگۇل بىلىدۇ، يېقىنلا.
شوپۇر ئاپتوبۇسنى ئوت ئالدۇردى، تۇرسۇن ئامانگۇلگە يەنە بىر قارىۋېتىپ ئاپتوبۇستىن چۈشتى.
— بىچارە بالا، — دېدى ئادىلە ئاپتوبۇس خېلى ئۇزىغان بولسىمۇ تېخىچىلا جايىدا تۇرغان تۇرسۇنغا قاراپ، — سېنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدىكەن جۇمۇ، تەلەپ قويدىمۇ؟
— ياقەي، نېمە سەن شۇنىڭ بىلەنلا قالدىڭمۇ؟
— ئەگەر تەلەپ قويسىچۇ، قانداق قىلاتتىڭ؟
— يوق گەپنى قىلمىغىنە، مېنىڭ خىيالىمدىمۇ يوق.
— چىرايىغا قارىسام، سەن ئۇنىڭ خېلى ئەمەس، لېكىن ئاق كۆڭۈل بالىدەك قىلىدۇ، بۇنداق يىگىتلەر ۋاپادار كېلىدۇ، لېكىن بىز قىزلار بولساق بۇنداقلارنى ياراتمايمىز، شوخ، ئويۇن-چىلارنى تاللايمىز، ئۇنداق يىگىتلەرنىڭ كۆپىنچىسى قىزلارنى قونچاق ئېتىپ ئوينايدۇ، داغدا قويىدۇ، ئەجەب ئىش، تۇرمۇش دېگەنمۇ قايسىبىر كىتابتا دېگەندەك خۇددى سەھنىدىكى سىرلىق ئويۇنغا ئوخشايدىكەن.
— پاھ، — ئامانگۇل ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قوي-دى، — پەيلاسوپ بولۇپ كەتتىڭغۇ ئەمدى، سەن دېگەن مال دوختۇرى جۇمۇ!
— شۇنى دەيمىنا، — ئادىلە ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى.
ئۇلار كۈن قايرىلغاندا توپا - چاڭغا مىلىنىپ، مەھەللىگە كىرىپ كەلدى. ئىككى قاسىنقى رەتسىز تىكىلگەن ئاق تېرەك ۋە سۆگەتلەر بىلەن قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان مەھەللىنىڭ تار، ئەگرى - بۈگرى كوچىسىدا كېتىۋېتىپ ئادىلە ئەتراپىغا قىزىقىپ قارايتتى، ئەتراپتىن ئاچچىق توپا، قىغنىڭ چۈچۈمەل، سېسىغان پۇرىقى گۇپۇلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سۇۋاقلىرى چۈشۈپ، تاملىرى زەيدىگەن كونا ئۆيلەر، ئۇزۇم

بارىڭىنىڭ سايىسىدە قاراڭغۇلاشقان ھويلىلار، ئۆرۈلگەن قورۇق
تاملار ئادىلەنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى. كوچىنىڭ چېتىگىلا
دۆۋىلەپ قويغان قىغنىڭ ئۈستىدە يۈز - كۆزى مەينەت،
يېرىم - يالىڭاچ بالىلار موللاق ئېتىشىپ ئويناۋاتاتتى. دەرۋازى-
سى يوق، ئۇنىڭ ئورنىغا تالدىن شادا ئىشىك توقۇپ بېكىتىپ
قويغان قورۇلاردىن چاچلىرى چۇۋۇلغان، بالا كۆتۈرگەن ئايالالار
چىقىپ بالىلارنى چاقىراتتى، ئۇلار كوچىنىڭ چېتى بىلەن ئاۋاي-
لاپ دەسسەپ كېلىۋاتقان سومكا كۆتۈرۈشۈۋالغان بۇ يوچۇن قىز-
لارغا قىزىقىپ قارىشاتتى. ئۇلار كېلىۋاتقانلارنىڭ بىرى ئامانگۈل
ئىكەنلىكىنى تونۇشقاندا بولسا ئاغىزلىرى ئېچىلىپ، نۇرسىز
كۆزلىرىدە ھەيرانلىق پەيدا بولاتتى.

ئامانگۈل ئادىلەنى ئىشىكنىڭ ئالدىغا ئۇششاق تېرەك تىكىل-
گەن قورۇنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. بۇ ھويلىنىڭ دەرۋازىسى-
نىڭ ئورنىغىمۇ تالدىن توقۇلغان شادا ئىشىك ئورنىتىلغان بو-
لۇپ، ئىشىك قىيسىيىپ يېرىم ئېچىقلىق تۇراتتى. ئادەم بويى
كەلمەيدىغان، كونىراپ كەتكەن ھويلا تېمىدىن قورۇنىڭ ئىچى
ئېنىق كۆرۈنەتتى، ئالدىدا ئۈزۈم بارىڭى بىلەن توسۇلغان كۆرۈم-
سىز ئۆي مۆكچىيىپ تۇراتتى. ئامانگۈلنىڭ كۆزىگە ئۆيلەر تېخى-
مۇ كونىراپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۆينىڭ قارشى-
سىدا يېڭىدىن سېلىنغان ئىككى ئېغىز ئۆي چوقچىيىپ تۇراتتى.
ئۇنىڭ سۇۋاقلىرىمۇ يېڭىلا قۇرۇغان، ئىشىك، دېرىزىسىمۇ سىر-
لانمىغانىدى. ھويلا جىمجىت، ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىقتىكى توخ-
تام سۇنىڭ ئىچىدىن نېمىدۇر تۇتۇپ ئويناۋاتقان، يۈز - كۆزلى-
رى شالتاق بولۇپ كەتكەن بالا ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەن قىزلار-
غا يېتىرقىغاندەك قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

— ھۇسەن، — دەپ چاقىردى ئامانگۈل ئۇنى، — نېمە
قىلىۋاتىسەن؟

بالا بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئېرىقتىن سەكرەپ

چىقتى ـ دە، ئۇدۇل ھويلىغا قاراپ يۈگۈردى:
— ئاپا! ئاپا! ئاچام كەلدى!
— مېنىڭ كىچىك ئوكام، — دېدى ئامانگۈل خىجالەت بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ، — ئۆيگىمۇ كەلدۇق، تازا ھېرىپ كەتتىڭ ـ ھە؟!
ئۇلار دەرۋازىدىن ئەمدى كىرىشىگە ئۆيدىن ئوتتۇرا بويلۇق، ئۇستىگە ئۆچۈپ كەتكەن كەڭ چىت كۆڭلەك، ئوشۇقىغا كېلىدىغان قىزىل ئىشتان كىيگەن، پۇتىغا ئەسكى بىر چوخەينى سۆرىگەن ئاق يۈزلۈك ئايال ھاسىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ كېلىۋېتىپ يولدىكى سۇپۇرگىگە پۇتلىشىپ يىقىلغىلى تاس قالدى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىۋاتقان قىزلارغا قاراپ ئەندىكەتتى، دېمى يېتىشمەي ھاسىرايتتى، ئۇنىڭ ئۇششاق قورۇقلار تور تارتقان يۈزى قىزىرىپ تىترەيتتى. ئۇ قىزىنى تەستە تونۇدى ۋە:
— ئامانگۈل! كۆز نۇرۇم بالام! — دېگىنىچە ئۇنى باغرىغا باستى. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ ئوشۇق گەپ قىلالماي قالدى. قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان مۇرىسى سىلكىنەتتى. بۇ مەنزىرىگە قاراپ ئادىلەنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئامانگۈل ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدىن ئاجراپ ئۇنىڭغا ئادىلەنى تونۇشتۇردى.
— ئاپا، بۇ قىز ئادىلە، خەتتە يازغان دوستۇم شۇ.
ئانا ئوڭايسىزلانغان ھالدا ياغلىقى بىلەن كۆز يېشىنى ئېرىتىپ، ئادىلە بىلەن تىنچلىق سوراشتى.
— يېزىدىن پىيادە كەلگەن ئوخشىماسىلەر؟ — دېدى ئانا ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ، — ئەتىگەن دادىڭىز بېكەتكە بېرىپ باقايمىكىن دېگەنىدى، بارسىمۇ بوپتىكەن، يولدا تازىمۇ چارچىغانسىلەر؟ بۇ ئارىلىقمۇ خېلى بار...
— بىرەر ھارۋىمۇ ئۇچراپ قالمىدى ئۇنىڭ ئۇستىگە...
— ھازىر ھەممە ئادەم ئورمىدا ئەمەسمۇ، بالام، ھېيتقىچە بۇغداينى ئورۇۋالغىلى ئالدىراپ، دېھقانلارنىڭ بازارغا كىرگۈ-

دەكمۇ چولىسى يوق، مېھمان قىز جاپا تارتىپ قالدى ـ دە...
ئانا تەمتىرەيتتى، قىزنى ساق ـ سالامەت كۆرگەننىڭ خۇشاللىقىدا ئۆزىنى قويار يەر تاپالماي ئالدى ـ كەينىگە يۈگۈرەيتتى. ئادىلە ئۇنىڭغا سەپسالدى. ئۇنىڭ بوي تۇرقىدىن تارتىپ چىرايىغىچە ئامانگۈلگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، ھەتتا ئاۋازىمۇ ئامانگۈلنىڭكىدەك زىل، يېقىملىق ئىدى.
بۈگۈن بۇ ئائىلىدە ھېيت بولغاندەك بولدى. ئامانگۈلنىڭ دادىسى ئېگىز بويلۇق، ياۋاش ئادەم قىزلار بىلەن تىنچلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئادىلەنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماستىن بىر پاقلاننى ئاچىقىپ سويدى.
— شۇنچە يەردىن كەلدىڭلار، — دېدى ئانا، — تۈگە سويساقمۇ ئەرزىيتتى، قۇربانلىقتا يەنە خۇدايىم بېرەر... بىر يىلدىن بۇيان ئوقۇيمىز دەپ چارچىغانسىلەر، ھازىر ئوقۇشمۇ بەك ئېغىر دەيدۇ، ئوبدان ئويناپ دەم ئېلىڭلار.
ئامانگۇل ئىتتىك ئادىلەگە قاراپ ۋىللىدە قىزاردى.
ئۇلار بىر نەچچە كۈنگىچە ئۆيدىن چىقالمىدى، ئامانگۈلنىڭ شەھەرلىك بىر قىزنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان قوشنىلار، ئامانگۈلنىڭ ئىلگىرىكى دوستلىرى ئۇزۇلمەي كىرىپ تۇراتتى. ئۇلار ئامانگۈلنىڭ قانداق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈشكە قىزىقاتتى. ئۇلار توغرۇلۇق تەسىراتلار بىردەمدىلا پۈتۈن مەھەللىگە تارقالدى.
— توۋا، ئامانگۈل ئەجەببىر بولۇپ قاپتۇ، گەپ ـ سۆزلىرىمۇ بىر قىسما...
— ئۇرۇمچى ياراشقاندەك تۇرامدۇ، نېمە، ئاقىرىپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ.
— ئامانگۈلنىڭمۇ ئېپى بار ئىكەن، قاراڭلار، ئۇرۇمچىگە بېرىپلا باشلىقنىڭ قىزى بىلەن دوست بولۇۋالغىنىنى، بۇ تۇرقىدا مەكتەپ پۈتتۈرگەندە ئامانگۈلنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىدىن كەل-

مەسلىكى يېقىن ئوخشايدۇ.
— كېلىپمۇ نېمە قىلىدۇ، بىزلا ئىكەنمىزغۇ ئەخمەق بولۇپ ئېتىزدا ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدىغان...
— ئاۋۇ قىز ئارتىسقىلا ئوخشايدىكەن، دەسلەپ بىز خەق ئەمەسمىكىن دەپ قاپتۇمەن...
— هازىر شەھەرنىڭ قىزلىرى قالتىس كىيىنىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. تووۋا دېمىسە...

ئۆز ۋاقتىدا ئامانگۈل بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان قىزلار ئامانگۈلنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇشاتتى.

پەتنچىلەرنىڭ ئايىغى بۇگۈن بېسىقتى. بۇگۈن هارپا ئىدى. ھەممە ئۆيلەردە ئەتىكى ھېيتنىڭ تەييارلىقى قىزىپ كەتكەنىدى. بۇگۈن ئاياللار ئۆي قېقىش، نان يېقىش، ساڭزا سېلىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئەرلەر بولسا هويلا - ئارامىلارنى تۈزەشتۈرەتتى، قۇربانلىق قوينىڭ غېمىنى قىلىپ يۈرۈشەتتى. مەھەللىدىكى بىر - دىنبىر ساتىراش مەھەممەتقارىنىڭ قولى بۇگۈن ھەممىدىن بېسىق بولۇپ كەتتى، ئۇ ئەتىگەندىن بۇيان ئېرىق بويىدىكى سۆگەت تۈۋىدە نۇرغۇن ئادەمنىڭ چېچىنى چۈشۈردى، ساقال - بۇرۇتىنى ياسىدى، يەنە بىر مۇنچە ئادەم نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى.

ئامانگۈل چۈشكىچە ئاپىسىنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىپ بەردى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۇخلاۋاتقان ئادىلەنى ئويغاتتى:
— دەرياغا بېرىپ سۇغا چۈشۈپ كېلەمدۇق، — دېدى ئۇ، — بۇ يەرنىڭ مۇنچىسى شۇ دەريا.

بۇ تەكلىپ ئادىلەگە تازا خۇشياقتى. ئۇلار ئۆيدە ئولتۇرۇ-ۋېرىپ ئىچى پۇشۇپ كەتكەنىدى. ئىككى قىز سوپۇن، لۆڭگىلەر-نى سومكىغا سېلىپ كوچىغا چىقىشتى. دەريا مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە، جىرادا ئىدى. دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقى قوشنا يېزا - توغراقنىڭ يەرلىرى ئىدى. قىزلار مەھەللىنىڭ قىغ پۇراپ تۇرىدىغان كوچىلىرىدىن چىقىپ هارۋا يولى بىلەن ئېتىز

ئارىلاپ تۈۋەنلەپ كەتتى.
يول ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئىدى. ھارۋا ئىزى كىچىككىنە،
تار ئېرىقچىلارنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئۇ خۇددى يىلاندەك
تولغىنىپ سوزۇلۇپ ياتاتتى. قىزلار يولنىڭ چېتى بىلەن —
ئادەملەرنىڭ ئايىغى دەسسەپ تۈكى قالمىغان گىلەمدەك تاقىرلى-
شىپ قالغان قاتتىقراق يول بىلەن مېڭىشتى. جىمجىت دالا
خۇددى سېھىرلەنگەندەك سۈكۈنات ئىچىدە ئېغىر تىناتتى. ئاسمان
بۇلاق سۈيىدەك سۈپسۈزۈك، پەقەت ئۇپۇق جىيەكلىرىدە بىر
نەچچە پارچە ئاق بۇلۇت ئېسىلىپ قالغانىدى. تومۇز قۇياشىنىڭ
تەپتىدىن كۆزنى ئاچقىلى بولمايتتى. دۇمبىلەر ئوت بولۇپ كۆيەت-
تى. بۇغدىيى ئورۇۋېلىنغان ئېگىزلىق ئۈستىدە، ئاپتاپپەرەسلەر-
نىڭ سالپايغان قۇلاقلىرى، قوناقلارنىڭ سارغىيىشقا باشلىغان
غول يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە ياز قۇياشىنىڭ زەھەردەك ئۆتكۈر
ئىسسىقى ئېسىلىپ تۇراتتى.
تىنىق ئاسمان قەرىدە يالغۇز بىر سار ئۇچۇپ يۈرەتتى.
ئۇنىڭ قوڭۇر قانىتى كەڭ يېيىلغان بولۇپ، قۇياشقا يۈزلەنگەندە
ئۇنىڭدىن چېقىلغان چاقماقتەك نۇر چاچرايتتى، ئۇ ئاستا - ئاستا
پەسلەپ، مەھەللە تەرەپكە يۈزلەندى - دە، ھاۋانى قىلىچتەك
كېسىپ شۇڭغۇپ چۈشۈپ كەتتى. «قايسى جانىۋارنىڭ ئەجىلى
توشتىكىنە» دەپ ئويلىدى ئامانگۈل ئىچىدە. قىزىغان دالا ئۈستى-
دە نېپىز داكىدەك ئالۋۇن لىغىلدايتتى، پەستە قارامتۇل يېپتەك
توغرىسىغا سوزۇلغان دەريا قاسىنىقىدىكى دەرەخلىك بىنەپشە ئۇ-
پۇق بىلەن تۇتىشىپ تۇراتتى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئوتلار،
ياۋا گۈللەر ئۈستىدە كېپىنەكلەر، يىڭناغۇچلار ئۇچۇپ يۈرەتتى.
سالقىن ئوتلۇقنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان چېكەتكىلەر تىنماي
چىرىلدايتتى، ئارىلاپ بۆدۈنىنىڭ سايرىغان ئاۋازى، قورۇپ پىش-
قان ئوتلارنىڭ چاراسلاپ سۇنغان ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىناتتى.
ئوڭ تەرەپتىكى بىر چېتى ئېگىز ئۆسكەن قوناقلىققا تۇتاش-

قان بۇغداي ئېتىزىدا بىر دېھقان دۈمچىيىپ ئورما ئورۇۋاتاتتى.
ئۇ بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا، ئۇچىسىغا كەڭ ئاق كۆڭلەك كىيگەن
بولۇپ بېلىنى كۆك پوتا بىلەن باغلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ دۈمبىسى
تەردىن پارقىرايتتى. دىقماق بويىنى، قاپقارا تۇك بېسىپ كەتكەن
مەيدىسىنى بويلاپ تەر سۇدەك قۇيۇلاتتى. ئۇ كۆنگە بىر قارىۋې-
تىپ، بېلىدىن ئۇزۇن تاش بىلەينى ئالدى ۋە ئۆزىگە باققاندا
ھەددىدىن تاشقىرى يوغان ئورغىقىنى ئېلىپ شارتىلدىتىپ بىلەش-
كە باشلىدى. ئۇ بىلەينى ئورغاققا ھەر بىر سۈركىگەندە ئورغاق-
نىڭ ئاقارغان بىسىغا قۇياش نۇرى چۈشۈپ ئەينەكتەك يالتىراپ
چاقنايتتى. ئۇ ئورغىقىنى بىلەپ بولۇپ كەينىگە، بۇغدىيى ئورۇ-
لۇپ بولغان ئېگىزلىققا قارىدى. ئۇنىڭدىن يىگىرمە — ئوتتۇز
قەدەم كەينىدە بېشىغا گۈللۈك يېشىل ياغلىقنى چېكىلەپ تېڭى-
ۋالغان، ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن ئورۇقراق ئايال باغ باغلاۋاتات-
تى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان يۈزى مىستەك پارقىرايتتى.
ئۇنىڭ چاچلىرىغا، كۆڭلەكلىرىنىڭ ياقىلىرىغا بۇغداي قىلتىرىق-
لىرى سانجىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ باغلىقنى يەرگە يېيىپ دەستى-
لەگلىك ئۇنچىلەرنى ئەكېلىپ قويىدى ـ دە، باغلىقنىڭ ئىككى
ئۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنچىنى كۆچەپ تىزلىدى. قۇرۇپ كەت-
كەن بۇغداي غوللىرى تىرسىلاپ مىجىلدى، ئايال چاققانلىق
بىلەن باغلىقنى ئايلاندۇرۇپ چىگىپ بىر ئۇچىنى باغلىقنىڭ ئى-
چىگە قىستۇردى ـ دە، باغنى ئىنجىقلاپ كۆتۈرۈپ باياتىن دۆۋى-
لەپ قويغان، خۇددى موگخۇلنىڭ جولمىسىدەك چوقچايتىپ قوي-
غان بۇغداي باغلىرىنىڭ قاتارىغا ئەكېلىپ تىكلەپ قويىدى. ئايال
ھارغىن ئۇھ تارتتى ۋە كۆنگە قايرىلىپ قاراپ يولدا كېلىۋاتقان
قىزلارنى كۆرۈپ بىر پەس تېگىرقاپ تۇرۇپ قالدى. قىزلار
يېقىن كەلگەندىلا ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى:
— ۋۇي، ئامانگۈلغۇ بۇ، — دېدى ئۇ يولغا ئۆتۈپ ۋە
ئامانگۈلنىڭ بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە سەپسېلىپ تۇرۇپ، —

قانداق، تىنچ كەلدىڭىزمۇ؟ كەپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، قاچان كەلدىڭىز؟

— بىر نەچچە كۈن بولدى، — دېدى ئامانگۈل ئۇنىڭ ئىسسىقتا قىزىرىپ كەتكەن يۈز - كۆزىگە قارىغىنىچە، — ئۆزىڭىزمۇ ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

— خۇداغا شۈكرى، ئازراق بۇغداي قالغانىدى، بۈگۈن ئورۇۋېتەيلى دەپ... تۇۋا، ئۆزگىرىپلا كېتىپسىز جۇمۇ، تونۇيالمايلا قالدىم...

— مەنمۇ سىزنى تونۇيالمايلا قاپتۇمەن...

— قېرىپ كېتىپتۇمەنمۇ؟

— ياق، — ئامانگۈل خىجالەت بولدى.

— ئېتىزنىڭ ئىشى تۈگەشتۈرۈۋېتىدىكەن، سىز ئەجەبمۇ ئەقىللىق ئىكەنسىز، يېزىدىن قۇتۇلۇۋالدىڭىز، مەن نېمە پوق يەپ ئوقۇۋەرمىگەن بولغىيتتىم؟...

شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ يېنىغا يۈز - كۆزى شالتاق، تۆت - بەش ياشلاردىكى ئىشتانسىز ئوغۇل بالا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئايالنىڭ ئېتىكىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ، قىزلارغا قىزىققاندەك قاراپ قالدى. ئايال بالىسىنىڭ تۇرقىدىن خىجالەت بولدىمۇ قىزلارغا قاراپ:

— قاياققا ماڭدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— دەريا بويىغا بېرىپ كېلەيلى دەپ كېتىۋاتىمىز.

— ھە، ھېيتتا ئۆيگە كېلىڭلار، مەنمۇ كۆرۈشكىلى كىرەرمەن.

قىزلار خوشلىشىپ ماڭدى.

— ئادىلە! — دېدى ئامانگۈل سەل ماڭغاندىن كېيىن، — سىزنىڭچە ئاشۇ ئايال نەچچە ياشلاردا باردۇ؟

ئادىلە كۆزىدىكى رەڭلىك كۆزەينەكنى تۈزەپ قويۇپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئايالغا سەپسالدى.

— ئوتتۇزدىن ئاشقاندۇ.

— يىگىرمىگە كىردى، — دېدى ئامانگۈل.
— يىگىرمە ياشتا؟
— ھەئە، ئاينىسا مەندىن بىر سىنىپ ئىلگىرى ئوقۇيتتى. ئۇ مەكتەپتە ناخشىچى ئىدى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇ- ۋاتقان چېغىدا ۋىلايەتنىڭ سەنئەت كۆرەكلىرىگە قاتناشقانىدى، كېيىن سەنئەت ئۆمىكى ئالغۇدەك دېگەن گەپمۇ چىقىپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ دادىسى بەك خۇراپىي ئادەم ئىدى. قىزنىڭ سەنـ ئەتچى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئوقۇشتىن چىقىرىۋالدى، بىر يىل ئۆتە ـ ئۆتمەي مۇشۇ زەيدىناخۇنغا زورلاپ بەردى. بىچارە ئاينىسا بىرەر يىلغىچە قان يىغلاپ يۈردى، ئاخىر تەقدىرگە تەن بەردى.
— شۇنداقمۇ؟ — ئادىلە ھەيران بولۇپ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى.
— دېھقان قىزلىرىنىڭ كۆنى مۇشۇ، شۇڭىمۇ خەقلەر خور- لىسىمۇ چىداپ چىقىپ كەتتىمغۇ، يېزىدا قالغان بولسام مەنمۇ ئاشۇ ئاينىسادەك ئېتىزدا ئىشلەپ يۈرەتتىم.
— توغرا قىپسەن ئاداش، — ئادىلە ئۇنى قۇۋۋەتلىدى.
— بىچارە ئاينىسا ھېيتلىق تەييارلىقىنىمۇ قىلالماپتۇ، — ئامانگۈل خۇرسىنىپ قويدى.
ئۇلار ھايال ئۆتمەي دەريا بويىغا كېلىشتى. ئامانگۈل دوس- تىنى ئىلگىرى ئۆزى داۋاملىق چۆمۈلىدىغان دەريانىڭ ئوتتۇر- سىدىكى چوڭ بىر ئارالغا باشلاپ كەلدى. بۇ ئارال قويۇق ئۆس- كەن تال، تاغ تېرەكى بىلەن پۈركەلگەنىدى. ئۇنىڭ كۈنچىقىش تەرىپى قۇمساڭغۇ ئىدى. دەرۋەقە بۇ يەردە ئۇلارنى ھېچكىممۇ كۆرمەيتتى.
دەريا بويى ئاجايىپ بىر سېھىرلىك جىمجىتلىققا چۆمگەنـ دى. چىمەنلىك قىرغاقنى يالاپ جىمىرلاپ ئېقىۋاتقان دەريادىن شىلدىرلىغان، قايناملاردىن چۆرۈلىغان ئاۋاز كېلەتتى. سۈپسۈ- زۈك سۇ، سالقىن قىرغاق، جىمجىت دالا ئادىلەگە ئاجايىپ

يېقىملىق تۇيۇلۇپ كەتتى. قىزلار كىيىملىرىنى سېلىشىپ يوغان سۆگەت ئاستىدىكى چىملىققا قويدى. ئادىلە سۇغا چۈشۈشتىن قورقۇپ پۇتىنى سۇغا چىلاپ قىرغاقتا تۇردى. سالقىن سۇدىن ئۇنىڭ تېنى يايراپ كەتتى. مانا ئۇ شۇ ياشقا كەلگۈچە بىرەر قېتىممۇ مۇشۇنداق دەريا سۈيىدە چۆمۈلۈپ باقماپتۇ. ئۇ بۇلارنى پەقەت كىنولاردىنلا كۆرەتتى. مانا بۈگۈن ئۇ ھەقىقىي دەريانى كۆردى.

«چولتۇك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بەدىنى، يۈز - كۆزلىرىگە سۇ چاچراپ ئەندىكىپ كەتتى، ئامانگۈل سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلدى.

— بېشىڭنى يە! ئەجەبمۇ قورقۇتتىڭا، — ئادىلە ئۇنىڭغا قاراپ ئاچچىقى بىلەن كۈلدى.

— چۈشمەي تۇرامسەن؟ — ئامانگۈل ئۇنىڭ يېنىغا ئۈزۈپ كەلدى، — ئەكەل قولۇڭنى، مەن يېتىلەپ چۈشۈرەي.

— قورقىمەن.

— نېمىدىن قورقىسەن؟ مانا، چوڭقۇر ئەمەس.

— يىلان يوقتۇر - ھە؟

— سېنى قانداق يىلان قورقماي چاقار...

ئادىلە ئامانگۈلنىڭ قولىنى تۇتۇپ، خۇددى تېيىلغاق يەردە ماڭغاندەك يانچە بولۇپ ئاستا سۇغا كىردى. ئۇ سۇغا چۆككەنسېرى ئەندىكىپ سىلكىنەتتى، بىردەمدىن كېيىن ئۇ سۇغا كۆنۈكتى ۋە ئامانگۈلنى دوراپ ئۈزۈشكە باشلىدى.

— كەل، ئادىلە، دۈمبەڭگە سوپۇن سۈرۈپ قوياي، — ئامانگۈل قىرغاقتىن سوپۇننى ئەكېلىپ ئۇنى چاقىردى. ئادىلە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئامانگۈل بۈگۈن بىرىنچى قېتىم ئۇنىڭ بەدىنىنى تۇتۇپ كۆردى. ئۇ شۇنچىلىك ئورۇق ئىدىكى، ئۇنىڭ بەدىنىدە تَۆش يوقتەك، ئەكسىچە ئۇستىخاننىڭ ئۈستىگە ئاپئاق تېرىنى تارتىپ كىيدۈرۈپ قويغاندەكلا ئىدى. سوپۇن ئۇنىڭ

بەدىنىدە گويا ئىگىز - پەس تاختاينىڭ ئۈستىدە ماڭغاندەك غىر-تىلدايتتى. ئامانگۈلنىڭ كۆزى دوستىنىڭ كۆكسىگە چۈشتى، ئۇنىڭ كۆكسى پەقەتلا يوق ئىدى. ئامانگۈلنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى.

— مەن ئورۇقمىكەنمەن، — دېدى ئادىلەمۇ ئۇنىڭ ئويىنى سەزگەندەك، — تۇرۇپ ئۆزۈمگىمۇ ئۆچلۈكۈم كېلىدۇ، سېنىڭ-دىكى فىگۇرا مېنىڭدە بولسىچۇ دەيمەن، مانا سەن ئورۇقمۇ ئەمەس، سېمىزمۇ ئەمەس، تىرسىسىدە تۇرسەن، قانداق تەلەيلىك يىگىتنىڭ قولىغا چۈشەرسەنكىنتاڭ... راست، ساڭا ئىچىمنىڭ تارلىقى كېلىۋاتىدۇ، ئەگەر مەن يىگىت بولۇپ قالغان بولسام چوقۇم سېنىلا ئالغان بولاتتىم.

— مانا ساڭا ئالدى دېگەن! — ئامانگۈل ئوچۇملاپ ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ چاچتى. ئىككى دوست بىر پەس دەريا بويىنى بېشىغا كىيىشىپ بىر - بىرىگە سۇ چېچىشىپ ئويناشتى.

مۇشۇنداق تومۇز كۈنى سۇغا بىر چۆمۈلۈپ چىقىپ قىزىغان قۇم ئۈستىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىش قانچىلىك راھەت، ئىككى قىز سۇدىن چىقىپ يۇمشاق قۇمدا سوزۇلۇپ يېتىشتى. دەريا يۈزى كۆزنى قاماشتۇرۇپ جىمىرلايتتى، نېرىقى قىرغاقتا ياپيې-شىل قوناقلىق يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇلارنىڭ ئەمدىلا چىقارغان ئاقۇچ پۆپۈكلىرى قۇياش نۇرىدا كۈمۈشتەك تاۋلىنىپ يېنىك تەۋرىنەتتى. بۇ يېشىللىقنىڭ چېتى بىر - بىرىگە مىنگەشكەن قىزغۇچ تاغلارغا تۇتىشىپ كېتەتتى. تاغنىڭ ئەڭ ئىگىز چوققى-سىدا ئاپئاق قار ياغقان بولۇپ، زەن قويۇپ قارىسا بۇ تاغ خۇددى ئاق دوپپا كىيگەن بوۋايغا ئوخشايتتى، تاغ باغرىدىكى جىرالار خۇددى ئۇنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلارغا، ئېدىردىكى قوناق پۆپۈكلى-رى ئۇنىڭ ئاقارغان ساقال - بۇرۇتىغا ئوخشايتتى.

— ئامانگۈل! — دېدى ئاسمانغا قاراپ ئېزىلىپ ياتقان ئادىلە كۆزىنى ئېچىپ، — مەن شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتىمەن،

بىلەمسەن؟ سەھرانىڭمۇ ئۆزىگە لايىق ئەۋزەللىكى بار ئىكەن. قارىغىنە، قانداق جىمجىت، ساپ ھاۋا، بۇ يەردە كاللاڭمۇ تىپ-تىنچ بولۇپ قالىدىكەن. ئۇرۇمچىدىكى چېغىمدا كەچكىچە جىددىيلىشىپ ئالدىراپلا يۈرەتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاراڭ - چۇرۇڭ، مىغىلدىغان ئادەم، ماشىنىلارنىڭ دەستىدە بېشىم قاپاقتەكلا بولۇپ قالاتتى. بۇ يەرگە كېلىپ شۇنداق يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم.

— راستمۇ؟ — ئامانگۈل ئۆرە بولۇپ رازىمەنلىك بىلەن دوستىغا قارىدى، — مەن سېنى زېرىكىپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، بۇ يەردە شەھەردىكىدەك ئويۇن - تاماشا يوق، دېھقان دېگەن بابا كۆرگەندەك، تىرىكچىلىكنىڭ غېمى بىلەنلا يۈرىدۇ.

— ئۇ يەرلىرىنى دېسەڭغۇ شەھەرگە يەتمەيدۇ، شۇڭا كونىلار «ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق» دەپتىكەن...

— توغرا، راست دەيسەن، ئەمما يەنىلا شەھەرگە يەتمەيدۇ، شەھەر دېگەن ئىلىمنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى، شەھەرگە بىر كىرىپ چىققان ئادەمنىڭمۇ كۆرگەن نەرسىسى جىق بولىدۇ، يېزىدا نېمە بار، ئۆي، ئېتىزلىق، بۇغداي، قوناق، شۇ...

— سىلەرنىڭ بۇ يېزىدىن ئالىي مەكتەپكە چىققان يالغۇز سەنمۇ نېمە؟

— ھازىرچە مەن، بۇرۇن بىر قىز چىقىپتىكەن، بىزنىڭ قوشنىمىز سېلىمخان دېگەن تۇل خوتۇننىڭ قىزى ئىدى. بېيجىڭدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. قىزىق ئىش، مېنىڭ ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا چىقىشىمغا بىر ھېسابتا شۇ ئايال سەۋەبچى بولدى دېسەممۇ بولىدۇ.

— قانداقسىگە؟

— مەن تېخى باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئۇ ئايال يولدىشى بىلەن يېزىغا تۇغقان يوقلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كىيىملى-

ـرىگە قاراپ ئاغزىمىز ئىچىلىپلا قالدى. تۇغقانلىرىغا ئەكەلگەن سوۋغىتىمۇ ھېسابسىز جىق ئىدى. نەچچە كۈنگىچە مەھەللىدە شۇلارنىڭ گېپى بولدى. يېزىدا ئەتىۋارلىق مېھمان بولدى، بىز-نىڭ ئۆيدىكىلەرمۇ ئۇلارنى مېھمانغا چاقىردى. ئۇ ئايال مېنىڭ ئوقۇشۇمنى سوراپ، ئىشلىگەن تاپشۇرۇقلىرىمنى ئەستايىدىل كۆرۈپ مېنى ماختىدى:

— بۇ قىز دەرستە بەك ياخشى ئىكەن، ئوقۇتۇڭلار، چوڭ شەھەرلەردە ئوقۇسۇن، — دېدى ئاپام بىلەن دادامغا. ئايالنىڭ شۇ گېپى قۇلىقىمغا بەك ئورۇنلىشىپ كېتىپتىكەن، مەن چوڭ بولسام ئاشۇ ئايالدەك بولىمەن، دەپ ئوقۇشقا تېخىمۇ بېرىلىپ كەتتىم. ھەرقانداق ئىشقا بىر نەرسە سەۋەب بولىدىكەن...

— بۇ گەپچە، كېيىن ئۇرۇمچىدە ئېلىپ قالسا قالىدىغان ئوخشىمامسەن؟

— قالىمەن، لېكىن بىزلەرگە تەس... سېنىڭغۇ داداڭ چوڭ باشلىق، بىر يولىنى قىلالايدۇ، ئەمما ماڭا كىم ياردەم قىلىدۇ دەيسەن...

— يەنە تۆت يىلنى تۇگەتكىچە نېمە ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كېتىدۇ، كىم بىلىدۇ... بولمىسا ھازىردىن باشلاپلا ئۇرۇمچىلىك يىگىتتىن بىرنى تۇت، راست ...

— سېنىڭ ئاغزىڭغا شۇلا كېلىدۇ، — ئامانگۈل بېشىنى چايقاپ كۈلدى.

ئىككى دوست خېلى بىر چاغقىچە كەلگۈسى تەقدىرلىرى توغرىسىدا سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

## 8

يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلىنىپ كەتكىلىمۇ خېلى بولدى. مەكتەپنىڭ بىر خىلدىكى شاۋقۇنلۇق ھاياتى يەنە باشلاندى. ئاماڭ-

گۈل بىلەن ئادىلە ئاشۇ سەھرادا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى، يېزى-
نىڭ ساددا كىشىلىرىنى، ئۇلار دائىم بېرىپ چۆمۈلىدىغان دەريا-
نى پات - پاتلا ئەسلىشىدۇ. ئامانگۇل دوستىنىڭ يېزىدىكى دەم
ئېلىشتىن رازى بولغىنىغا بەك خۇشال ئىدى.

— ماڭا بۇ تەتىل خۇددى جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش پراكتىكى-
سىدەك بولدى، — دېدى ئادىلە بۇگۈن يەنە يېزىنىڭ گېپى
چىققاندا، — مەن ھازىرغىچە يېزىنى، دېھقاننىڭ تۇرمۇشىنى
كۆرۈپ باقمىغانىدىم، بۇ قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ھەيران
قالدىم. بىزنىڭ يېزىلىرىمىز تولىمۇ قالاق، نامرات ئىكەن.
دېھقان بىچارىلەر ھازىرغىچە تېخى قورساقنىڭ غېمىدا ئىكەن
ئەمەسمۇ، شەھەر بىلەن سېلىشتۇرساڭ پەرق بەك چوڭ ئىكەن.

ئامانگۇلمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى.

— مەنمۇ ئۈرۈمچىگە دەسلەپ كەلگەندە ھەيران قالغانىدىم.

— يېزىنىڭ ئاياللىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئۈرۈمچىنىڭ ئايال-
لىرىنى خېنىم دېسە بولغۇدەك. مەسىلەن، شەھەردىكىلەر دېھقان
ئاياللىرىدەك ئەمگەك قىلمايدۇ، نان ياقمايدۇ، كىرنىمۇ ئاساسەن
تازىلايدىغان يەرگە بېرىدىغان بولدى. باشقا نېمە ئىش بار؟

— بالىنىمۇ كۆپ تۇغمايدۇ…

— ھەئە، ھازىر بىرنىلا تۇغىدۇ، شۇنىمۇ باقالماي قاقشاي-
دۇ، ئۇنىڭغا قارىغاندا يېزىدىكى ئاياللارنىڭ جېنى تۆمۈرمىكىن
دەپ قالدىم. لېكىن ئاداش، دېھقان خەقنىڭ بىر ئىشى مېنى
ھەيران قالدۇردى، ئۇلار شۇنچىلىك نامراتلىقىغا باقماي ئاجايىپ
ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست ئىكەن. بىچارىلەر بىزنى قانداق كۆ-
تۈپ كەتتى. تونۇغان - تونۇمىغانلار ھەممىسى ئۆيلىرىگە چاقىر-
دى، ئۆزلىرى يېمەي بىزنى مېھمان قىلدى. ئۈرۈمچىدىچۇ؟
ئۇدۇل قوشنىسىنىڭكىگە ھەتتا چەت ئەلدىن تۇغقىنى كەلسىمۇ
كارى يوق. ئىشىكنى دۈم تاقاپ ئولتۇرۇۋېرىدۇ، ئاي - يىللاپ
بىر - بىرىنىڭكىگە كىرىپ - چىقىشمايدۇ، كىشىلەر بەك مەدە-

نىلىشىپ كەتسە شۇنداق بولۇشۇپ قالامدىكىنتاڭ ...

ئامانگۈلگە ئادىلەنىڭ بۇ سۆزلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق تۇيۇلدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى، ئامانگۈل ھەر كۈنى خەت كەلدىمىكىن دەپ خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە كىرەتتى. لېكىن نېمىشقىدۇر خەتتىن دېرەك يوق ئىدى. ئۇرۇمچىدە ھاۋا كۈندىن - كۈنگە سوۋۇشقا باشلىماقتا ئىدى. ئۇ ئۆز خىيالىدا ئۆتۈكتىن بىرنى ئېلىۋالماقچىدى. ئۆتكەن يىلقى قىشلىق ئايىغى كىيگۈسىز بولۇپ كەتتى.

بۈگۈن ئۇ يەنە خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە كىردى. خۇداغا شۈكرى خەت كەپتۇ، ئۇ خەتنى ھويلىدىلا ئېچىپ ئوقۇدى. لېكىن ئوقۇپلا بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. چىرايى تاتىرىپ، يۈرىكى سىقىلدى، خەتتە خۇش خەۋەر يوق ئىدى. ئۇلار قايتىپ بىرەر ھەپتىدىن كېيىن تۇيۇقسىز قاتتىق مۆلدۈر يېغىپ، ئېتىزلىقتىكى زىرائەتلەرنى ۋەيران قىلىۋېتىپتۇ، شۇ قاتاردا ئۇلارنىڭ يىگىرمە مو يەردىكى كېۋەزى پۈتۈنلەي ئۆلۈپتۇ، ھېلىمۇ بۇغداينى يىغىۋالغانىكەن، بولمىسا يەيدىغانغا ئوزۇقمۇ قالماسكەن، ئۆيدىكىلەر خېتىدە يېقىن ئارىدا پۇل ئەۋەتەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ يېزىپتۇ.

خەتنى ئوقۇپ ئامانگۈل لاسىدە بولۇپ قالدى. كۆزىگە يىغا ئولاشتى، «ئۆتۈكنىمۇ ئېلىپ بوپتىمەن، — دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن، — ئەمدى قىشنى قانداق چىقىرارمەن؟... كونا ئاياغنى يامىتىپ كىيەرمەنمۇ؟...» ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يىل ياتاقتىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى بەس - بەس بىلەن ئۆتۈك كىيىشىپ ئۇنىڭ ئىچىگە تېخىمۇ ئوت سالغىلى تۇردى. خەدىشە ئۆتكەن ھەپتە بىر يۈز ئەللىك سومغا بىر پەلتو ئالدى. نۇرىمانمۇ يېڭى پوپايكا - يوپكا كىيدى. ھەممىسىلا ئۆيلىرىدىن خېلى پۇل ئەكېلىشكەنىدى. ئامانگۈلنىڭ بولسا دادىسى ماڭار چاغدا بەرگەن پۇلغا ئۆزى

بىلەن ئادىلەگە بېلەت ئالدى، يولدا خىراجەت قىلدى، ئۈرۈمچىگە كەلگەندە ئىلگىرى ـ كېيىن يانچۇقىدا يىگىرمە سوم پۇل قالغاندى، نەچچە ۋاقىتتىن ئۇششاق ـ چۈششەك ئېلىپ ئۇمۇ تۈگىدى. مانا ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئادىلەدىن سوراۋۇرسىمۇ سەتقۇ، ھېلىمۇ ئۇ بىرمۇنچە كىيىملەرنى بىكارغا بەردى...

ئامانگۇلنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قاتتى، ئۇ دەرەخلەر ئارىسىدىكى سېمونت ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ھەسرەتلىك ئويغا پاتتى، «قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەن بىر سوئال ئۇنىڭ مېڭىسىنى پىچاقتەك كوچىلايتتى.

ئامانگۇل ئاچچىق خىياللار بىلەن قاراڭغۇ چۈشكىچە ئولتۇردى.

ئەتىسى يەكشەنبە كۈنى ياتاقتىكى قىزلار ئەتىگەندىلا بازارغا جابدۇندى، ئادىلە ئاخشام ئۆيىگە كەتكەنىدى. ئامانگۇل ئورنىدىن ۋاقىچە تۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلى تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر، ھەسرەتلىك ئىدى. ئۇ قىزلارنىڭ قايسى ماگىزىنغا، قانداق يېڭى كىيىملەرنىڭ چىققانلىقى توغرىسىدىكى قىزغىن پاراڭلىرىغىمۇ قۇلاق سالمىدى، ئىچىدە بولسا ئۇلارغا ئاچچىقى كەلدى، ئۇلارنىڭ تېززەك يوقىلىشىنى ئارزۇ قىلدى. لېكىن ئۇلار قېرىشقاندەكلا ياسىنىپ بولۇشالمايتتى. «توۋا، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە ئۇلارغا قاراپ، — بۇ قىزلار ئۆتكەن يىللىرى ياتاقتىن چىقىشمايتتى، ئادىلە پەرداز قىلسا كەينىدىن تىللاپ زاڭلىق قىلىشاتتى، ھازىر بولسا ئادىلەدىن قاشلىقنى قانداق ئېتىش، سۇرمىنى قانداق تارتىشنى سورىشىدىغان بولدى، ھەممىسى چاچلىرىنى كېسىپ بۇدۇر قىلىشتى. ئۈرۈمچىنىڭ قايسى كوچىسىدا قانداق ماگىزىن بار، قايسى قەھۋەخانا ئازادە، قايسى تانسىخانىنىڭ تاذسىسى قىزىيدىغانلىقىنى بەشقولدەك بىلىشىدۇ، شەنبە كەلگۈچە ئاران چىدىشىدۇ... شەھەر بۇلارنىمۇ ئۆزگەرتتى...»

سائەت ئونلارغا يېقىن قىزلار قىيا ـ چىيا بىلەن بازارغا

مېڭىشتى. ئامانگۈل «مىجەزىم يوق» دەپ ئۇلاردىن ئايرىلىپ يالغۇز قالدى. ئۇ بىردەم تورۇسقا تىكىلگىنىچە خىيال قىلىپ ياتتى. ياتقانسېرى كاللىسىغا بىر ـ بىرىدىن كۆڭۈلسىز، ئاچچىق ئويلار كېلىۋېلىپ كۆڭلى بۇزۇلدى. «مەن بىتەلەي نېمىشقىمۇ شۇنداق كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلۇپ قالغان بولغىيتىم، دادام ئەڭ بولمىغاندا بىر ئىشچى بولۇپ قالغان بولسا نېمە بولاردى، ئايدا بولمىسىمۇ ئىككى ئايدا بىرەر قېتىم پۇل ئەۋەتىپ تۇرار ئىدى. مۇشۇنداق كۈن كۆرۈپ يەنە تۆت يىلنى قانداق تولدۇرارمەن، تووۋا…»

ئامانگۈل بىرەر سائەتتەك كۆڭۈلسىز خىياللار بىلەن ئازابلىنىپ ياتتى. كۆزىگە يىغا ئولىشاتتى، قۇرۇق ياتاق، زۇۋانسىز تۆت تام ئۇنى يەپ قويىدىغاندەكلا بىلىنەتتى. ئاخىر بولالماي قوپۇپ سىرتقا چىقتى. مەكتەپ ئىچىدە ئادەم شالاڭ ئىدى. ئارىلاپ سالاپەتلىك ياسىنىشقان ئوقۇتقۇچىلار ئۇچرايتتى. تۇرقىدىن ئۇلار بىرەر توي ياكى نەزىرگە مېڭىشقاندەك قىلىشاتتى. ئەرلەر ساقال ـ بۇرۇتىنى پاكىز قىرغان، كىيىملىرىنى قاتۇرۇپ دەزماللىغانىدى. ئاياللار بولسا شۇ كۈنلەردە ئەڭ مودا بولغان سوۋېتنىڭ ئۆتۈكى، پەلتولىرىنى كىيىشىپ، چاچلىرىنى بوياشقانىدى. ئۇلار ئەرلىرىنى قولتۇقلىشىپ ئالدىرىماي مېڭىشاتتى. ئامانگۈل ئۇلارغا ھەۋەسلىنەتتى. مەنمۇ كېيىنچە ئاشۇلاردەك يۈرسەم ـ ھە، دەپ ئارمان قىلاتتى.

ئامانگۈل بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭ چىققىشىغا كوچا ئاپتوبۇسى كېلىپ توختىدى ۋە ئۇنىڭدىن سودىلىقنى بالدۇرلا پۈتتۈرۈشكەن ئوقۇغۇچىلار خۇشال سۆزلىشىپ چۈشۈشتى. ئامانگۈلنىڭ كۆزى بىر قىزنىڭ قولىدىكى تور سومكىغا سېلىنغان ئۆتۈككە چۈشتى ـ دە، يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. بۇ ئامانگۈل ئۆتكەن يەكشەنبە تاللاپ كۆرۈپ قويغان ئۆتۈكنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. رەڭگى قىزدىل،

سارغـۇچ چەمـلـدـك، قونچىغـا مـەرۋايـىـتـتـەـن گـۇل چەككەن... دەل شۇ... ئامانگۇل ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ ئۆتۈكنى كۆرۈشۈپ ئۆزئارا نىمىدۇر دېيىشىپ كېتىۋاتقان قىزلارغا قاراپ بىر پەس ئۇمىدسىزلىنىپ تۇردى ـ دە، ماگىزىنغا بىرىپ باقماقـ چى بولۇپ ئاپتوبۇسقا چىقتى. مەن بارمىغاندىن كېيىن سېتىۋېـ تىپتۇ ـ دە، دەپ ئويلىدى ئۇ ئەلەم بىلەن. ئۆتكەن يەكشەنبە بازار ئارىلاپ كېتىۋېتىپ شەخسىي سېتىقچىنىڭ ئالدىدىكى ئاشۇ ئۆتۈككە كۆزى چۈشكەندى. ئۇنىڭ پاسونىمۇ غەيرىي، هازىر قىزلار كىيىپ يۈرگەن ئۆتۈكلەرگە پەقەت ئوخشاشمايتتى. ئامانـ گۇل ئۆتۈكنى ئالدۇرۇپ كىيىپ باقتى. ئۆتۈك شۇنداق دەل كەلدىكى، خۇددى موزدۇز ئۇنىڭ پۇتىنى ئۆلچەپ تىككەندەك ئىدى.

— ئۆتۈك سىزنىڭلا ئىكەن، — دېدى سېتىقچى ئۇنىڭ پۇتىغا قاراپ، — تەلىيىڭىز بار ئىكەن، ئالدىڭىزدىلا بىر قىز كىيىپ بېقىۋىدى، قونچى پاتماي قويدى، سېمىزرەك قىز ئىـ كەن، بولمىسا ئۇياق ئەكېتەتتى. سىزگە تازا كەلدى.

ئامانگۇل سېتىقچى شۇنداق دېگەنسېرى تېخىمۇ قىزىقتى، ئۇ تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈپ باقتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆتۈك بىر پارچە ئوت بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. لېكىن تۇـ رۇپلا يانچۇقىدا پۇلى يوقلۇقى ئېسىگە كېلىپ ئۆتۈكنى ئىتتىك سېلىپ ياندۇرۇپ بەردى.

— بوپتۇ، يەتمىش بەشكە ئېلىڭ، — دېدى سېتىقچى ئامانـ گۇلنى قىممەت كۆردى دەپ ئويلاپ.

ئامانگۇل كۈلۈپ قويدى ـ دە، ئەتە ـ ئۆگۈنگىچە پۇلنى هازىرلاپ ئالىدىغانلىقىنى، باشقا بىرىگە سېتىۋەتمەسلىكىنى تاپىـ لاپ دۇكاندىن چىقتى، ئامانگۇل ئۆز ئۆيىدا ئەتە ـ ئۆگۈنگىچە ئۆيدىن پۇل چوقۇم كېلىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى.

ئامانگۇل ئۇدۇل ئۆتۈك بار دۇكانغا باردى. دۇكاندا ئادەم

ـىق ئىدى، ئۇ كىشىلەرنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئېسىقلىق ئۆتۈكلەر-
گە كۆز يۈگۈرتتى. خۇداغا شۈكرى، ئۇ تاللىغان ئۆتۈك شۇ
ئۆتكەنكى جايىدا ئېسىقلىق تۇراتتى، دەل شۇنىڭ ئۆزى…
ئامانگۈلنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى، ئاندىن سېتىقچىنىڭ ئۆزىنى
تونۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىتتىك دۇكاندىن يېنىپ چىقتى.
ئۇ تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ نېمىدەپ كەلگەنلىكىنى ئويلاپ ئۆز - ئۆزىنى
جىملىدى. ئۆتۈك سېتىلىپ كەتكەن بولسا نېمە ئامالىڭ بار
ئىدى. ئەمدى مانا تېخىمۇ ئالالمايسەن، ساڭا ئۆيدىن يەنە بىر
قېتىم پۇل كەلگۈچە ئۇنىڭ تۇرۇشى ناتايىن - دە، ئەڭ ياخشىسى
ئۇنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت، ئۇمىدىڭنى ئۈز!… كوچىدا ئادەم
سەلدەك ئاقماقتا. ئۇلار شۇنچىلىك ئالدىراش، شادىمان، جىد-
دىيلەشكەن، مەنىسىز چىرايلار، ئەنە تۆمۈر رېشاتكىنىڭ ئالدىدا
قوللىرىغا ياغلىقلارنى، مەرۋايىتلارنى، ئاياللارنىڭ مېدالىئون -
ھالقىلىرىنى تۇتۇپ قاتار تۇرۇشقان ئاياللار، ئۇلار ھەر خىل
ئاۋازدا خېرىدار چاقىرىشاتتى، بىرەر ئۆتكۈنچى قاراپ قويسىلا
يېپىشاتتى، كوچىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ماگىزىنىنىڭ ئوچۇق
دېرىزىسىگە ھەر خىل پوپايكىلارنى ئېسىپ قويۇشقانىدى، دېرىزى-
نىڭ ئالدىدا بىر يىگىت بىلەن بىر قىز بەس - بەس بىلەن
توۋلاشماقتا:

— تاللىۋېلىڭلار، يېرىم باھا چۈشۈرۈلدى، تېز
كېلىڭلار!…

پۇل ھەممە ئادەمنى سۆزلەتمەكتە، ۋارقىراتماقتا.

ئامانگۈل مەقسەتسىزلا بىردەم كوچا ئايلاندى. ئۇنىڭ قىلغۇ-
دەك ئىشىمۇ يوق ئىدى، ياتاقتا قايتىشقا تېخىمۇ كۆڭلى تارتمى-
دى، كۈن تېخى بالدۇر ئىدى. ئۇ ئايلىنىپ ئادەم شالاڭ كوچىغا
چىقتى. ئۇنىڭ كۆزى رەسىم تاختىسىنىڭ ئالدىغا ئولىشىپ قال-
غان بىر توپ ئادەمگە چۈشتى. ئۇلار تاختايغا چاپلانغان بىر ئېلانغا
بويۇندىشىپ قاراشماقتا ئىدى. ئامانگۈل نېمە بولغىيدى دېگەن

خىيال بىلەن يېقىن كېلىپ كۆز يۈگۈرتتى. ئېلاندا سەنئەت
سارىيى رەسىم سىزىشقا مودېل قىز - يىگىتلەرنى قوبۇل قىلىد-
غانلىقى، مودېل بولغۇچىغا سائىتىگە قاراپ ھەق بېرىدىغانلىقى،
خالىغۇچىلارنىڭ سەنئەت سارىيىغا كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشى
كېرەكلىكى يېزىلغانىدى. ئامانگۈل ئېلاننى بىرنەچچە قېتىم ياد-
دۇرۇپ ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تېلېۋىزوردا ئارىلاپ
چىقىپ قالىدىغان، رەسىم سىزغۇچىلارنىڭ ئالدىدا ھەيكەلدەك
قېتىپ ئولتۇرىدىغان قىزلار كەلدى. لېكىن ئۇلار شۇنداق چى-
رايلىق، ئادەم ئەيمەنگۈدەك قىزلار ئىدى. ئۇلار ئارتىسلار بولسا
كېرەك، دەپ ئويلايتتى، ھازىر بولسا ئېلاننى كۆرۈپ گۇمانلى-
نىپ قالدى، ئارتىسلاردىن تاللايدىغان ئىش بولسا بۇ ئېلاننى
چىقىرىپ نېمە قىلاتتى. تۇرۇپلا ئامانگۈلنىڭ كۆڭلىگە بىر ئۇرۇ-
نۇپ بېقىش خىيالى كەلدى. بۇنىڭغا نېمە كېتىدۇ، ئۇنىڭ
چىراي - تۇرقىمۇ قايسى ئارتىستىن كەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر
يەكشەنبە كۈنى پائالىيەت قىلىدىكەن، بۇنداقتا ئوقۇشقىمۇ دەخلى-
سى بولمايدۇ، ناۋادا ياراپ قالسا پۇلغىمۇ ئىگە بولدى دېگەن
گەپ... ئۇنىڭ قەلبىدە ئۈمىد پەيدا بولدى، نېمە بولمىسۇن تەلەي
سىناپ باقماقچى بولۇپ ئېلاندىكى ئادرېس بويىچە سەنئەت سارىيى-
نى ئىزدەپ ماڭدى.

ئىش ئۇنىڭ ئۈمىد قىلغىنىدەك بولدى. ئۈستىگە بوزماتادەك
ئۇ يەر، بۇ يېرى ئاقىرىپ ئۆڭۈپ كەتكەن، شۇ كۈنلەردە ياشلاردا
مودا بولغان پادىچى كىيىمى كىيىپ، چېچىنى گەدەنگىچە ئۆستۈ-
رۈۋالغان قارامتۇل يىگىت ئامانگۈلگە باشتىن - ئاياغ سەپسېلىپ
چىقىپ بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى - دە، ئۈستەل-
دىن بىر گرافىنى ئالدى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— ئامانگۈل.

— ئوقۇغۇچىمۇ؟ بىر يەردە ئىشلەمسىز؟

ئامانگۈل راستىنى دەيمۇ - دېمەيمۇ دەپ بىردەم ئارىسالدى بولۇپ، ئاخىر ئاغزىغا كەلگەننى دېدى.

— ئوقۇغۇچى.

— قايسى مەكتەپتە ئوقۇيسىز؟

— مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدا.

— ياخشى، — يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ ماقۇللاپ قويدى، — رەسىمگە قىزىقىدىغان ئوخشىمامسىز؟

— ياق، سىزالمايمەن... ھەۋەس قىلاتتىم.

— بۇرۇن مودېل بولۇپ باققانمۇ؟

— ياق...

— ھىم، كېرەك يوق، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، — بۇ ئانچە تەس ئەمەس، بىز بىر رەسىم ئۆگىنىش كۇرسى ئاچقان، ئۇلار نەچچە ۋاقىتتىن نەزىرىيە ئۆگىنىش، مەشىق قىلىش بىلەن بولدى، ئوبدان ئاساس تىكلىدى، ئەمدى جانلىق ئادەملەرنى سىزىشنى ئۆگەتمەكچىمىز، شۇڭا ئېلان چىقارغانىدۇق. سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز مودېل بولۇپ بېرىش، يەنى بىز دېگەندەك تۇرۇپ بەرسىڭىزلا بولدى، بەلگىلىمە بويىچە سائىتىگە بەش سوم ھەق بېرىمىز. قانداق، بولامدۇ؟

ئامانگۈل ئەندىكىپ كەتتى. «بىر سائەتكە بەش سوم، بىكار ئولتۇرغانغا - ھە» بۇنىڭ بولمايدىغان نەرى بار. ئامانگۈل رازىلىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— مېنىڭ ئىسمىم ئادىل، تونۇشۇپ قويايلى، — دېدى يىگىت ۋە يانچۇقىدىن بىر كارتوچكىنى ئېلىپ ئامانگۈلگە سۇندى.

ئامانگۈل قاتتىق قەغەزگە بېسىلغان ھەرپلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ ئۇنى يانچۇقىغا سالدى. ئۇ ئادىلنىڭ يۈرەكنى ئاغدۇرغۇدەك ئاجايىپ بىر قارىشىدىن ئەندىككەندەك بولدى. «ئەجەبمۇ كۆزى يامان ئىكەنا» دەپ ئويلىدى ئامانگۈل چىقىپ كېتىد-

ۋېتىپ.
كېيىنكى يەكشەنبە كۈنى ئامانگۈل ئۈدۈل سەنئەت سارىيىغا كەلدى. ئادىل ئۇنى چوڭ بىر زالغا باشلاپ كىردى. ئۇ يەردە يىگىرمىگە يېقىن ياش بالا ئالدىلىرىغا رەسىم سىزىش جازىسىنى تىكلەپ قويۇپ بەزىلىرى رەسىم سىزىۋاتاتتى، بەزىلىرى ئىككى - ئۈچتىن بولۇپ نېمىدۇر كۆرۈشۈۋاتاتتى. ئادىل ئالدى تەرەپكە ئۆتۈپ قولىدىكى قېرىنداش بىلەن تاختاينى چەكتى:

— ساۋاقداشلار، باشقا ئىشنى قويۇڭلار، بىز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نەزەرىيە ئۆگەندۇق، ئاز - تولا مەنزىرە سىزىپ كۆردۇق، ئەمدى بۈگۈندىن باشلاپ جانلىق ئادەم سىزىشقا ئۆتىمىز، قېنى، تەييارلىق قىلىڭلار، — دېدى، ئاندىن ئىشىكتە قىزىرىپ، ھودۇقۇپ تۇرغان ئامانگۈلگە بېشى بىلەن شەرەت قىلدى. ئۆزى بولسا بىر قاتلىما ئورۇندۇقنى ئەكېلىپ ئالدىغا قويدى. بۇلۇڭدا، كۆك رەخت يېپىلغان ئۈستەل ئۈستىدە ئادەملەرنىڭ يېرىم ھەيكىلى، گۈللەر، سۇلياۋدىن ياسالغان مېۋىلەرنىڭ مودېللىرى تىزىلىپ تۇراتتى. ئامانگۈل بېشىنى كۆتۈرمەستىن ئادىلنىڭ يېنىغا كەلدى.

— يۈزىڭىزنى سەل قىيپاش تۇتۇڭ، ھە، مۇشۇ يەرگە قاراڭ، — دېدى ئۇ ئامانگۈلنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، — ئىككى قولىڭىزنى تىزىڭىزنىڭ ئۈستىگە، ھە مانا، مۇنداق قويۇڭ، — ئادىل ئامانگۈلنىڭ ئۇياق - بۇيىقىغا ئۆتۈپ كۆزەتكەچ بۇيرۇپ تۇراتتى. يەنە نېرىغا بېرىپ كۆزىنى قىسىپ قارايتتى. ئاخىر ئۇ رازى بولۇپ ئوقۇغۇچىلارغا، — ئەمىسە باشلاڭلار، — دېدى ۋە ئۆزىمۇ بىر جازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قولىغا قېرىنداش ئالدى.

ئۆينىڭ ئىچى جىمجىتلىققا چۆمدى، پەقەت قېرىنداشلارنىڭ شىتىرلىغان، ئۆچۈرگۈچنىڭ قەغەزگە سۈركەلگەن ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. يىگىرمە جۈپ كۆز ئامانگۈلگە بىر خىل سوغۇق،

مەنىسىز نەزەردە، خۇددى ئۇنىڭ چىرايىدىن، تۇرقىدىن بىرەر نۇقسان ئىزدەۋاتقاندەك ئۇزاق - ئۇزاق تىكىلەتتى. ئۇ بۇنى ھېس قىلغانسېرى بىئارام بولاتتى. ئۇ تامدىكى سائەتنىڭ بىر خىل رىتىمدا چىكىلدىشىغا قۇلاق سالاتتى. ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا سائەتكە قاراپ قويدى، تېخى ئاران ئون مىنۇت بوپتۇ، بۇنداق ئولتۇرۇپ بىر سائەتنى قاچان توشتۇرار، ئۇنىڭ ئالىقانلىرى چىپىلداپ تەرلەشكە باشلىدى، لېكىن ئۇ قىياپىتىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن، ئادىلنىڭ خاپا بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي لېۋىنى چىشلىدى. ئۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، مەكتەپنى، ساۋاقداشلىرىنى خىيالىغا كەلتۈردى. قىزلار مۇشۇ تاپتا نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ ھەرقاچان ماگىزىن ئارىلاپ يۈرۈشەمدىكىن، ئادىلەچۇ؟ ئۇ تۈنۈگۈن «ئاپامنىڭ مىجەزى يوق، كونا كېسىلى يەنە قوزغىلىۋاتىدۇ، ماڭا ئىش چىقتى» دەپ كەتكەنىدى، ھەرقاچان تاماق ئېتىۋاتامدىكىن؟ قانچە ئىچى پۇشۇۋاتىدىكىن، ئۇ مېنىڭ بۇ ئىشنى قىلغىنىمنى ئاڭلىسا نېمە دەر؟ تۇرغانلا گەپ زاڭلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭغا دېمەيلا قوياي، ھېچكىممۇ ئۇقمىسۇن...

ئامانگۈل يەنە سائەتكە قارىدى. ئاران قىرىق مىنۇت بوپتۇ، ئۇنىڭ پۇت - قولى كۆيۈشۈپ، بېلى تېلىپ كەتتى، ئۇ بۇ ئىشنىڭمۇ دەسلەپ ئويلىغاندەك ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى ئويلاپ خۇرسىنىپ قويدى. ئۇ كۆز قىرىدا ئادىلغا قاراپ قويۇپ پۇتىنى ئاستا مىدىرلاتتى. ئەمدى نېمىنى ئويلاش كېرەك؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا دۇكاندىكى ھېلىقى ئۆتۈك كەلدى - دە، يۈرىكىنىڭ بىر يېرى پىژژىدە ئېچىشىپ كەتتى. تۇرۇپلا ئۇنى بۇگۈنلا بىرى ئەكەتسە قانداق قىلارمەن، دېگەن ئەندىشە باستى، «ئۇنداقمۇ بولماس، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، — ياكى بىرىدىن قەرز ئېلىپ تۇرساممىكىن ياكى ئادىلغا پۇلنى ئالدىن بېرىپ تۇرۇڭلار دەيمىكىن، نېمىدەپ ئويلاپ قالار؟ ياق، ياق،

خۇدايىم ساقلىسۇن...» ئۇ ئاستا ئادىلغا كۆز قىرىنى سالدى، ئادىل ئەمدى پاكىنەك بىر بالىنىڭ يېنىدا، سىزىۋاتقان رەسىمگە قاراپ بىر نەرسىلەرنى دەۋاتاتتى، ئۇ ئامانگۈلنى كۆرسىتىپ، قولى بىلەن نېمىنىدۇر ئىشارەت قىلىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، ئاندىن ئۇ يەردىن ئۆتۈپ يەنە باشقىلارنىڭ قېشىغا باردى. ئامانگۈلنىڭ پەقەتلا چىدىغۇچىلىكى قالمىدى، ئۇ ئىلتىجا بىلەن ئادىلغا قارىدى. ئادىلمۇ سەزدىمۇ، ئىتتىك سائىتىگە قاراپ ئامانگۈلگە كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— بىردەم تەنەپپۇس قىلايلى، — دېدى ئۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

ئامانگۈل ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ بېلى ياغاچتەك بولۇپ، بوينى ئاغرىپ كەتكەنىدى.

— تەسىمكەن؟ — ئادىل ئۇنىڭ قىزىرىپ ھۆتۈككەن چىرايىغا قاراپ چاقچاق بىلەن دېدى، — سىز ئىلگىرى قىلىپ ئادەتلەنمىگەچكە شۇنداق تۇيۇلىدۇ، ئاستا - ئاستا ئۆگىنىپ قالىسىز، سىزمىچۇ، ئۆزىڭىزنى بەك قاتتىق تۇتۇۋالماي، ئەركىن ئولتۇرۇۋەرسىڭىز بولىدۇ، ئۆزىڭىزنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ باقامسىز؟

ئامانگۈل ئادىلنىڭ كەينىدىن كېلىپ باياتىن ئۇ سىزغان رەسىمگە قارىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا توم، ئۇزۇن چېچىنى قولىدا ئويناپ ئولتۇرغان، خىيالچان بىر گۈزەل نامايان بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجان بىلەن دۈپۈلدەپ سېلىشقا، يۈزلىرى ئوت بولۇپ يېنىشقا باشلىدى.

— بۇنداق سىزىشنى تېز سىزما دەپ ئاتايمىز، — دېدى ئادىل بىر خىل مەغرۇرلۇق بىلەن، — كېلەركى قېتىملاردا بوياق بېرىپ سىزىشقا ئۆتىمىز، ئۇ چاغلاردا سىزنى بەلكىم ئۇزاقراق ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشىمىز مۇمكىن، چىدىيالامسىز؟

ئامانگۈل رەسىمدىن كۆزىنى ئۈزمىگەن ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ

بېشىنى لىڭشىتتى.
ئامانگۇل بايىقى تۇرقىدا كۇرسانتىلارنىڭ ئالدىدا ئۇزاق ئول-تۇردى. ئاندىن ئادىل ئۇنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ ئۆزىنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى، قايسىلىرىنىڭ كۆرگەزمىلەرگە تاللانغان-لىقىنى ماختىنىش بىلەن تونۇشتۇردى. ئامانگۇل ئۇنىڭ گەپلى-رىدىن ئادىلنىڭ ئۆز كەسپىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى ئۆزىنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزىنى تونۇتالايدىغانلىقىنى ھېس قىل-دى. پاراڭ بىلەن بولۇپ ئۇلار كۈننىڭ پېتىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى، ئامانگۇل ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى.
— ۋاھ، سائەت ئالتە بولۇپ كېتىپتۇغۇ، — ئادىل سائىتى-گە قاراپ ئەجەبلەنىدى، — سىلەرگە سائەت نەچچىدە تاماق بېرەتتى؟
— بەشتە، ھېچقىسى يوق…
— مەن سىزنى تاماقتىن قويۇپتىمەن - دە، — ئادىل ئوڭايسىزلاندى، — مۇنداق قىلايلى، مەنمۇ تاماق يېمىدىم، يۈ-رۈڭ، بىللە تاماق يەيلى، ئاندىن كېتىڭ.
— رەھمەت، مەن قايتاي…
— رەھمىتىڭىزنى قويۇڭ، ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇشىنى مەنمۇ بېشىمدىن كەچۈرگەن، بارسىڭىز ھەرقاچان ئۆيدىن كەلگەن قات-تىق توقاچنى يەيسىز، يۈرۈڭ!
ئامانگۇل ئادىلنىڭ ئوچۇق مىجەزىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇلار بىللە ئاشخانىغا كىردى.
— يەكشەنبە كۈنىدىن باشقا كۈنلىرى ۋاقتىڭىز يوقمۇ؟ — ئادىل تاماق يەۋېتىپ سورىدى.
— بەزى كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن دەرس يوق…
— مېنىڭ دېگىنىم دەرس بولمىغان كۈنلىرى كېلەلەمسىز دېمەكچىمەن، كۇرسنىڭ بالىلىرى ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆگىنىش قىلىدۇ، ھازىرچە سىزدىن باشقا مودېل يوق… ئۇنىڭ

ئۈستىگە مەندە يېڭى بىر ئوي پەيدا بولدى.

ئامانگۈل تېڭىرقاپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— يېقىندا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىجادىيەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلمەكچى، مەن شۇنىڭغا ئۆلگۈرتۈپ سىزنىڭ رەسىمىڭىزنى سىزىپ باقسام دەيمەن...

ئامانگۈل ئەندىكىپ كەتتى. بىر تاتلىق ئېقىم تومۇر - تومۇرلىرىغا تاراپ ئۇنى ھاياجانغا سالدى. «بۇ ئوڭۇممۇ - چۈشۈممۇ» دەيتتى ئۆز - ئۆزىگە. ئۇ ئۆز رەسىمىنى ھەيۋەتلىك كۆرگەزمە زاللىرىدا، ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىلىرىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆڭلى يايراپ كەتتى.

— ۋاقتىم بولسىلا كېلەي، — دېدى ئۇ ئىتتىك.

— ماقۇل ئەمىسە، مەن سىزنى كۈتۈپ تۇرىمەن، — ئادىل ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ ئاستا دېدى.

ئامانگۈل مەكتەپكە خۇشال ياندى. ئادىل ئۇنى ئاپتوبۇسقا سېلىپ قويۇپ، بېكەتتە قالدى. ئامانگۈل خۇددى مەيىن شامالدەك نامەلۇم بىر تۇيغۇنىڭ لەززىتىدە خۇشال بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. «توۋا، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — مانا بىر چۈشتىن كېيىنلا يىگىرمە سوم تاپتىم، قالتىس ئامەت بولدىغۇ».

## 9

ئامانگۈلنىڭ كۆڭلىگە بىر ۋەسۋەسە چۈشتى. ئۇ دەرستە ئولتۇرغان چېغىدىمۇ، تاماقخانىغا كېتىۋاتقاندىمۇ، ئاخشىمى يوتقانغا كىرگەن چاغدىمۇ ئاشۇ بىر ئوي خۇددى ئوغرىدەك كېلىپ ئۇنىڭ قەلب دېرىزىسىنى ئاستا چېكەتتى. ئامانگۈل خىيالىدا ئۇنىڭ بىلەن گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن باغلاردا، سۈپسۈزۈك دەريا بويىدا، يەنە ئاللىقانداق يەرلەردە ئۇزاقتىن ئۇزاق سىردى-

شاتتى. قول تۇتۇشۇپ سەيلە قىلاتتى. ئۇ بۇنىڭ ئەبەدىي شۇنداق
داۋام قىلىشىنى خالايتتى.

تۇرۇپلا ئامانگۇل ئۆزىنىڭ بۇ ساراڭدەك ئويلىرىدىن ئۆزى-
چىلا نومۇس قىلىپ ئۆز - ئۆزىنى جىملەيتتى، «توۋا مەن نېمە
بولۇۋاتىمەن؟» دەپ ھەيران بولاتتى، لېكىن ھايال ئۆتمەي ھېلى-
قى شېرىن ئويلار ئۇچى يوق يىپتەك سوزۇلۇپ يەنە پەيدا بولاتتى.

ئۇ سەنئەت سارىيىغا پات - پاتلا باراتتى، ئۇنىڭ «دەرسى
يوق» كۈنلىرىمۇ ئەمدى بارغانچە كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆتۈك-
مۇ ئالدى، يانچۇقىغا پۇلمۇ كىردى. ھېلىقى تىيىنغا زار بولغان
كۈنلەر ئەمدى ئۆتمۈش بولۇپ قالدى. ئۇ ئادىل بىلەن يېقىن
تونۇشلاردىن بولۇپ قالدى. ئامانگۇل شۇنى ئۇقتىكى، ئادىل
ئىچكىرىدىكى رەسساملىق ئىنستىتۇتىنى تۈگىتىپ كەلگىلى ئىك-
كى يىل بوپتۇ، ئۇنىڭ بىر نەچچە رەسىمى ژۇرناللارغا چىقىپتۇ،
ھازىرچە يۈرگەن، ۋەدىلەشكەن قىزىمۇ يوقتەك ئىدى، ئۇ ئايرىم
ياتاقتا ياتاتتى. ئۇنىڭ ياتىقىمۇ خۇددى ئىشخانىسىغا ئوخشاشلا
رەسىم، قەغەز، ھەر خىل جازىلار بىلەن تولغان، قالايمىقان
ئىدى. دەسلەپ كىرگەن چاغدا ئۇ بۇ ياتاقتىكى نەرسىلەرگە، چالا
يىغىلغان يوتقان، داغ بولۇپ قېتىپ كەتكەن قاچا - قۇچىلار،
ئۈستەلدە يېيىلىپ ياتقان يۇڭ قەلەم، بوياقلارغا قاراپ نەدە ئول-
تۇرۇشىنىمۇ بىلمەي قالدى. بارا - بارا ئۇ بۇنىڭغا كۆنۈپ
قالدى، ئۇ ئۆز كۆڭلىدە: «ئۇ پۈتۈن زېھنىنى رەسىمگە، ئىجادى-
يەتكە بەرگەندىن كېيىن شۇنداق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغۇل
بالا، ئەر كىشىگە قالغان ئۆي نېمە بولماقچى» دەپ ئويلىدى.
ئادىلمۇ قىزنىڭ ئۆزىنىڭ ياتىقىغا زەن سېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ
خىجالەت بولۇپ قالدى. كېيىنكى قېتىم كەلگەندە ياتاق خېلىلا
رەڭ تۈزەپ قالغانىدى. ئادىل شۇ ياتاقتا ئۇنىڭ چوڭايتىلغان ماي
بوياق رەسىمىنى سىزىپ پۈتتۈردى. رەسىم كۆرگەزمىگە تاللى-
نىپ ياخشى باھاغا ئېرىشتى. ئادىلنىڭ خۇشاللىقى چەكسىز ئى-

دى. بىر كۈنى ئۇ ئامانگۈلنى بازارغا ئاچىقىپ كىيىملەر بار يەرگە ئەكەلدى:

— ئامانگۈل، — دېدى ئۇ كىيىملەرنى كۆرسىتىپ، — تاللاڭ، قايسىسى يارايدۇ؟

ئامانگۈل تېڭىرقاپ ئادىلغا قارىدى.

— ماڭا دەمسىز؟

— ھەئە، بىلەمسىز ھېلىقى رەسىمگە قەلەم ھەققى كەلدى، ئۇنىڭ يېرىمى سىزنىڭكى.

— ۋىيەي، نېمە دەۋاتىسىز؟ — ئامانگۈل قىزاردى.

— ئامانگۈل، — دېدى ئادىل جىددىيلىشىپ، — ئوقۇغۇچىلىق ھاياتنى مەنمۇ كۆرگەن، ئوبدان بىلىمەن، خىجالەت بولماڭ...

ئادىل ئامانگۈلنىڭ قانچە ئۇنىمىغىنىغا قويماي بىر يۈز يىگىرمە سومغا بىر پەلتو ئېلىپ بەردى. ئامانگۈل پەلتونى كىيىپ ئۆزىنى تونۇيالمايلا قالدى. ئادىل مال تونۇيالايدىكەن، رەڭگىمۇ، پاسونىمۇ غەيرىي بولۇپ، ئۇنىڭغا تازىمۇ ياراشتى.

ھەرقاچانقىدەك ئادىل ئۇنى ئاپتوبۇس بېكىتىگە ئۇزىتىپ كەلدى. ئامانگۈلنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكۈسى يوق ئىدى، ئۇ ئازادىرەك ئاپتوبۇس كەلسۇن دەپ نەچچە ئاپتوبۇسنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇ ئادىلنى يەنە كۆرەلمەيدىغاندەك كۆڭلى يېرىم بولاتتى.

— يېڭى يىلنى نەدە ئۆتكۈزمەكچىسىز؟ — تۇيۇقسىزلا سورىدى ئادىل.

— ھەرقاچان فاكۇلتېتتا پائالىيەت ئۆتكۈزۈلەر...

— بولمىسا كېلەمسىز - يا، بىللە ئۆتكۈزەيلى، — ئادىل ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە دېدى.

ئامانگۈلنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى، ئۇ ئادىل گويا ئۆزىگە تەكلىپ قويۇۋاتقاندەك پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ ياندى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ماقۇل» دەۋەتكەنلىكىنىمۇ ئۇقماي قالدى. ئۇنىڭ

كۆڭلى نېمىنىدۇر تۇيغاندەك بولدى.

ئامانگۇل ئەمدى يېڭى يىلنى كۇتۇپ كۇنلەرنى ساناشقا باشلىدى. قېرىشقاندەك كۇن تولىمۇ تەستە كەچ بولاتتى... ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۆتۇلۇۋاتقان دەرسلەر، ساۋاقداشلىرىنىڭ پاراڭلىرى پەقەت كىرمەيتتى، بۇگۇنمۇ ئۇ دەرستىن چۇشۇپ يالغۇز ئۆزى خىيال بىلەن تاماقخانىغا كېتىۋاتاتتى، بىرىنىڭ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۇردى. تاماقخانىغا قايرىلىدىغان دوقمۇشتا تۇرسۇن يالغۇز تۇراتتى، ئۇلارنىڭ كۆرۇشمىگىنىگە خېلى بولۇپ قالغانىدى. تۇرسۇن ئامانگۇلنىڭ كۆزىگە ئورۇقلاپ، كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۇندى. سوغۇقتىنمۇ ئۇنىڭ يۇز - كۆزى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— تاماققا ماڭدىڭىزمۇ؟— تۇرسۇن يېقىن كېلىپ سورىدى.

— ھەئە، سىزچۇ؟ بۇ يەردە تۇرۇپسىزغۇ؟

— مەن تاماق يەپ چىقتىم، مانتىكەن، — تۇرسۇن ئامانگۇلنىڭ چىرايلىق قامىتىگە ھەۋەس بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئامانگۇل بۇنىڭدىن سەل ئوڭايسىزلىنىپ ماڭماقچى بولۇپ تۇراتتى. تۇرسۇن ئالدىراپ قالدى.

— ئەتىگەن خەۋەرلىشىش بۆلۇمىگە كىرسەم سىزنىڭ خېتىڭىز باركەن، ئالغاچ كەلگەنىدىم، — ئۇ يانچۇقىدىن قاتلانغان بىر كونۋېرتنى ئېلىپ ئامانگۇلگە بەردى ۋە ئىككى تەرەپكە ھودۇققان ھالدا قاراپ قويدى.

— ھە، — ئامانگۇل قانداقتۇر بىر غەلىتىلىك ھېس قىلىپ خەتنى ئالدى ۋە ئادرېسقا كۆز يۇگۇرتتى. لېكىن خەت بەك سوركىلىپ يېزىلغاچقا دەرھال تونۇيالمىدى.

— مەن ياتاققا باراي، — تۇرسۇن نېرىدا كېلىۋاتقان ئادەملەرنى تونۇپ ئىتتىك خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

ئامانگۇل قولىدىكى كونۋېرتقا قايتىدىن سەپسالدى، لېكىن زادىلا پەرق قىلالمىدى. ئۇ خەتنىڭ كەينىنى ئۆرۇپ قارىدى،

خەتتە ماركىمۇ، پوچتىنىڭ تامغىسىمۇ يوق ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كەينىدە ئادىلە پەيدا بولدى.

— نېمە بۇ يەردە تۇرۇپ كېتىپسەنغۇ؟ — دېدى ئۇ ئامانگۇل-نىڭ يېنىغا كېلىپ ۋە ئامانگۇلنىڭ قولىدىكى خەتنى كۆرۈپ سورىدى، — نەدىن كەپتۇ؟

ئامانگۇل ئىتتىك خەتنى يانچۇقىغا سالدى ـ دە، پەرۋاسىزلا:

— ئۆيدىن، — دەپ قويدى.

— ئۆيدىكىلەر تىنچلىقمىكەن؟

— ھەئە...

— پەلتويۇڭ ئاجايىپ يارىشىپتۇ جۇمۇ، — ئادىلە ئۇنىڭ پەلتوسىغا باشتىن بوي بىر قارىۋېتىپ دېدى، — باياتىن ئېسىمدە يوق، كەينىڭدىن، بۇ تۇرغان نەدىن كەلگەن سەتەڭدۇر، دەپ ھەيران قالدىم. رەڭگىمۇ شۇنداق ئېچىپتۇ، كىيىم تاللىيالايدى-كەنسەن جۇمۇ سەن!

ئامانگۇلنىڭ ئېسىگە شۇ ھامان ئادىل كېلىپ، ئىچ ـ ئىچى-دىن سۆيۈنۈپ كەتتى.

— قايسى ماگىزىندىن ئالدىم دېدىڭ؟ — ئادىلە پەلتونىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ كۆرۈپ سورىدى.

— «دوستلۇق»تىن، سېنىڭمۇ ئالغۇڭ بارمۇ نېمە؟ پەلتو-يۇڭ بارغۇ؟

— ئۆزۈمگە پەقەت ياقمايۋاتىدۇ، سېنىڭ بىلەن پار كىيگۈم بار.

— ئۆيدىكىلەرگە دېسەڭ ئېلىپ بېرەر؟

— نەدىكىنى، ئۇلار ئۇنامدۇ؟ باشقا ئامالنى قى-لىمىز ـ دە، — ئادىلە قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ سىرلىق كۈلۈپ قويدى، — ھەممە ئاتا ـ ئانىلار سېنىڭكىدەك بولسىمۇ ـ ھە، بىچارىلەر ئۆزلىرى يېمەي، كىيمەي ساڭا ئەۋەتىپ تۇرىدۇ، مې-

نىڭ ئۇ ئاپام بىلەن دادام بولسا پۇللىرىنى بانكىغا تىقىپ ئاۋارە. ئاپام: «سەن دېگەن تېخى ئوقۇغۇچى، كىيىدىغان، ئوينايدىغان دەۋرىڭ ئالدىڭدا دەيدۇ» دادام بولسا ماڭا ئۆتمۈشنى ئەسلىتىپ، ئۆزىنىڭ قانداق ئوقۇغانلىقىنى سۆزلىگىلى تۇرىدۇ، دادامنىڭ رايىچە بولسا ياماق ئىشتان كىيسەم، خەينىڭ سوڭىغا دەسسەپ يۈرسەم ياخشى. ھەي، قوي جۇمۇ، ھېلىمۇ سودىگەرلەر بىلەن تونۇشۇپ قاپتىكەنمەن، بولمىسا قانداق قىلاتتىم؟ قىز بالا دېگەنگە تەس ئىكەن...

ئامانگۈل ئۇنىڭغا ئىچى سىيرىلغان ھالدا قاراپ قويدى. مانا ئادىلەنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بار ئىكەن. ئادىلە ئادەتتە ئاتا ـ ئانىسى توغرۇلۇق ئانچە جىق گەپ قىلمايتتى، ئامانگۈلنىڭ ئويىدا ئۇ كەنجى قىز بولغاچقا ئاتا ـ ئانىسى دېگىنىنى قىلىپ بېرىدۇ، دەپ ئويلايتتى. قايسىبىر چاغدا ئۇنىڭكىگە بارغاندا ئادىلەنىڭ ئاپىسى ئامانگۈلگە «ئادىلەنى كىچىكىدە بەك ئەركە قىلىپ چوڭ قىپتۇق، يامان ئۆگىنىپ قالدى» دېگىنىنى ئېسىگە ئالدى. ئامانگۈل ئۆزىنى ئادىلەنىڭ ئورنىغا قويدى، «ئەگەر مېنىڭ ئۇنچىلىك شارائىتىم، كىيىم ـ كېچىكىم بولغان بولسا قانائەت قىلاتتىم، تىنچقىنە ئوقۇشۇمنى ئوقۇيتتىم» دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە. لېكىن تۇرۇپلا يەنە گۇناھنى ئادىلەگە قويغۇسى كەلمەيمۇ قالدى. ھازىر كىيىنىشىۋاتقانلار يالغۇز ئادىلەمۇ؟ مەكتەپتىكى قىزلار بىر ـ بىرىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، يېڭى بىر مودا چىقسا پۇلىنىڭ قانچىلىك قىممەت ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر ئېلىشىدۇ، دېمىسىمۇ بۇ قىزلار نېمانچىلا كىيىدىغان بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ، ئۇلار ئۇنچىۋالا پۇلنى نەدىن تاپىدىغاندۇ؟

ئامانگۈل ئادىلەنىڭ گېپى بىلەن خەتنى ئۇنتۇپ قالدى. پەقەت تاماقنى يەپ بولۇپ ياتاققا قايتىپ ئىشكىنى ئاچقىلى ئاچقۇچنى ئالغاندىلا خەت قولىغا چىقىپ ئېسىگە كەلدى. ئۇ بىر پەس بۇ غەلىتە خەتكە قاراپ تۇردى ـ دە، ئاخىر نېمە بولسىمۇ

ئېچىپ كۆرۈپ باقاي دەپ كونۋېرتنى يىرتتى. خەت مەكتەپنىڭ
ئىش قەغىزىگە ناھايىتى رەتلىك يېزىلغانىدى:

«ئامانگۇل! — دەپ باشلانغانىدى خەت، — بۇ خەتنى
ئوقۇپ ئەجەبلىنىۋاتقانسىز، شۇڭا ئاۋۋال سىزدىن كەچۈرۈم
سورايمەن، راستىنى ئېيتسام، بۇ خەتنى سىزگە قانداق
بېرىشنى تولا ئويلاپ ھېچبىر ئامال تاپالمىدىم، شۇڭا خەتنى
يۇرتتىن كەلگەن قىلىپ ياسىدىم، بۇ قىلغىنىمنى توغرا
چۈشىنەرسىز.
ئەمدى مەقسەتكە كەلسەم، مەن سىز بىلەن تولۇق
ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۈچ يىل بىللە ئوقۇدۇم، تەقدىر ئىككى-
مىزنى ئۇرۇمچىدىمۇ ساۋاقداش قىلىپ قويدى، بەلكىم جەم-
ئىيەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ بىللە ئىشلەپ قالامدۇق تېخى،
مەن شۇنداق بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم.
ئامانگۇل! تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغى-
مىزدىلا مېنىڭ كۆزۈمگە سىنىپتىكى ھەممە قىزلاردىن يې-
قىن كۆرۈنەتتىڭىز، سىزگە كۆڭلۈمدىكى ھەممە گەپنى
ئېيتقۇم كېلەتتى، كېيىن ئۇرۇمچىگە كەلدۇق. ئۆتكەن بىر
يىلدا مەقسىتىمنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، ئۇنىڭ
ئۈستىگە مەكتەپمۇ بۇنداق ئىشلارنى چەكلەيدىكەن، ھازىر
ئىككىنچى يىللىققا چىقتۇق. مېنىڭ ئەمدى سەۋر - تاقەت
قىلغۇچىلىكىم قالمىدى، تەتىلدە بىزنىڭ ئۆيگە ئادىلە بىلەن
بارغىنىڭلاردا مەن سىزگە يۈرىكىمدىكى گەپلەرنى ئېيتماق-
چىدىم، لېكىن پەقەت پۇرسەت بولمىدى، سىزنىڭ مېنى
يارىتىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىك-
كىمىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىر - بىرى بىلەن ياخشى تونۇ-
شىدىكەن، مەن ئاپامغا پۇرىتىپ ئېيتىۋىدىم، ئۇمۇ ناھايىتى
خۇرسەن بولدى، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلسەم دادامغا ئېيتىپ

ئىككىمىزنى ناھىيىدە ئېلىپ قېلىشقا ئورۇن تەييارلاپ قو-يۇشقا ۋەدە قىلدى.

مەن سىزنىڭ ھازىرغىچە بىرەرىگە كۆڭۈل بەرمىگەنلى-كىڭىزگە قاتتىق ئىشىنىپ بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن، بەلكىم مەن سىزگە لايىق بولماسلىقىم مۇمكىن، لېكىن مەن سىز-نى ئۆمۈرۋايەت بەختلىك قىلىشقا قەسەم بېرىمەن. ئاماذ-گۈل! ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، ھازىر مېنىڭ كاللامغا دەرسمۇ چۈشمەيدۇ، سىزنى كۈندە بىر قېتىم كۆرمىسەم كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ.

سىزگە دەيدىغان جىق گەپلىرىم بار ئىدى. لېكىن قولۇمغا قەلەم ئالساملا قېچىپ كېتىدۇ، ئىشەنسىڭىز بۇ خەتنى ئۈچ قېتىم يازدىم. ئەگەر تەلىپىمنى لايىق كۆرسە-ڭىز شەنبە كۈنى كەچتە سىزنى كۈتۈپخانىنىڭ ئالدىدا كۈتە-مەن. چوقۇم كېلىڭ.

دەپ تۇرسۇن.»

ئامانگۈل خەتنى تىزىغا قويۇپ خىيالغا چۆمدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تۇرسۇننىڭ بايىقى ھودۇقۇش ئىچىدە قىزىرىپ تۇرغان قىياپىتى كەلدى. ئۇ ئۇرۇمچىگە كەلگەن چاغدىن باشلاپ تۇرسۇذ-نىڭ ئۆزىنى ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى، ئۇچراپ قالغان چاغلاردا غەلىتە تىكىلىپ قاراشلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە ئاشىق ئىكەنلىكىنى سېزىپ يۈرەتتى، بولۇپمۇ تەتىلگە بارغان چاغدا يولدا ئادىلە ئىك-كىسى ئۇچۇن پايىپېتەك بولۇپ خىزمەت قىلىشىدىن، ئۇنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ كەلگەندە خۇشاللىقتىن قىلارغا قىلىق تاپالماي قېلىشلىرىدىن بۇ يىگىتنىڭ قەلبىنى چۈشەنگەنىدى. ئۇنىڭ نەزد-رىدە تۇرسۇن ھەقىقەتەن ياۋاش، ئوبدان يىگىت ئىدى. بەلكىم ئۇ ئۆزى دېگەندەك ئۆمۈرۋايەت ۋاپا قىلىشىمۇ مۇمكىن... لېكىن ئامانگۈل ئۆزىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ياخشى كۆرىدىغان بىرەر تۇيغۇ-

نى ھېس قىلمايتتى. نېمىشقىدۇر مۇھەببەت تۇيغۇسى يوق ئىدى، ئۇنىڭغا قارىغاندا ئادىل ئۇنىڭ قەلبىنى بارغانچە مايىل قىلماقتا، ئۇنى ئۆزىگە ئەسىر قىلماقتا، ئۇنىڭ ئويىغا ئادىل كەلسىلا يۈرىكىنى ئازابلىق، شۇنداقلا، شېرىن بىر تۇيغۇ لەرزىگە سالاتتى، ئەس - ھوشىنى يوقىتاتتى، ئادىلنىڭ ھەممە نېمىسى، ھەتتا كۆزىگە دەسلەپتە سەت كۆرۈنگەن ئاشۇ بەترەك كىيىمىمۇ، ئۇزۇن چاچلىرىمۇ شۇنداق يارىشىملىق، چىرايلىق تۇيۇلىدىغان بولدى. ئۇ ئادىلنىڭمۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇدا يېڭى يىل ئاخشىمى ئادىل ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە ئامانگۈلنىڭ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىنمۇ ئۆز يۇرتىغا پەقەت بارغۇسى يوق ئىدى. ئاشۇ يۇرت ئۇنىڭ قەلبىنى يارىدار قىلدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ پاك، قىممەتلىك نەرسىسىنى دەپسەندە قىلدى. تۇرسۇن ھازىرچە بۇ ئىشلارنى بىلمەيدۇ، ئۇنى پاك دەپ ئويلايدۇ، ئەگەر كېيىن ئۇقۇپ قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئامانگۈل يۈزىنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرەلەيدۇ؟ ياق، ياق، ئۇ كۈننى كۆرسەتمىسۇن، تۇرسۇن نېمىدېگەن بىلەن ئەر، ئۇنىڭ غۇرۇرى دەپسەندە بولسا، ئۇمۇ ھازىرقىدەك ياۋاش ئۆتۈۋەرمەس...

ئامانگۈلنىڭ بىردىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغا تۇتتى. ھەر قېتىم ئاشۇ لەنىتى ئىشنى ئەسكە ئالسىلا بىر قىسما بولۇپ روھى چۈشەتتى، ھازىرمۇ تۇرسۇننىڭ خېتى بۇنى ئۇنىڭ ئېسىگە سالدى - دە، يىغلىغۇسى كەلدى. ئۇ ئۆزىنى قانچە بېسىپ باقسىمۇ بولمىدى، ئىچ - ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان ئاچچىق ياش پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ، گېلىنى نېمىدۇر بوغقاندەك بولاتتى. ئاخىر ئۇ دۈم بولدى - دە، ياستۇقنى قۇچاقلىغىن پېتى ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى.

ھېلىمۇ ياتاقتا ھېچكىم يوق ئىدى، ئادىلە قايناق سۇ ئەكەل-

گىلى چىقىپ كەتكەنىدى، چايداننى كۆتۈرۈپ كىرگەن ئادىلە ئامانگۈلنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالدى.
— ئامانگۈل! نېمە بولدى؟ — ئادىلە چايداننى يەرگە قويۇپلا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە كارىۋاتتا چېچىلىپ ياتقان خەتكە كۆزى چۈشۈپ ئەندىشە بىلەن سورىدى، — ئۆيدە بىرەر ئەھۋال بوپتۇ-مۇ؟ ماڭا قارىغىنە...
ئامانگۈل بېشىنى كۆتۈرمەستىن تېخىمۇ ئۆكسۈشكە باشلى-دى. ئادىلە ھېچ نەرسىنى ئۇقالماي خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى. خەتنى ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ جىلمىياتتى.
— ۋاي - ۋۇي، مۇشۇ گەپكە يىغلايدىغان ئىشمۇ؟ — ئادىلە ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تارتىپ ئەركىلەتتى:

يىغلىماڭ قىز، يىغلىماڭ، خۇش بولۇرسىز،
قارچىغىدەك يىگىتكە دوست بولۇرسىز...

— يىغلىماڭ ئاپئاق قىز.
— ۋاي، ماڭغىنە نېرى، — ئامانگۈل ئۇنىڭ قولىنى سىلى-كىپ كۈلۈۋەتتى.
— ھەي ساراڭ، — دېدى ئادىلە ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىر يىگىت ساڭا ئۆمۈرلۈكلۈك بولاي دەپ تەكلىپ قويۇۋاتسىمۇ يىغلاي-دىغان گەپمۇ؟ خۇشاللىقىڭدىن كۆڭلۈڭ بۇزۇلۇۋاتامدۇ - يا؟... مەنزە، مەكتەپتىكى بالىلارنىڭ كۆزىگە نېمە كۆرۈنمەنكىنتاڭ، بىرەرىمۇ تەكلىپ قوياي دېمەيدۇ، ماڭا مۇشۇنداق خەت يازسا خۇشلۇقۇمدا ئۇسسۇل ئوينار ئىدىم...
— ئادىلە! — ئامانگۈل بېشىنى كۆتۈرۈپ ياش يۇقى كۆزىدە ئۇنىڭغا ئالايدى، — مېنى زاڭلىق قىلمىساڭمۇ بولىدۇ.
— كىم زاڭلىق قىپتۇ؟ مەنمۇ خۇش بولۇۋاتىمەن ئاداش،

سىنىڭ يەنە تەلىيىڭ بار ئىكەن، ناھىيىنىڭ شۆجىسىغا كېلىن بولغۇدەكسەن، ياخشى ئەمەسمۇ؟ قېينانا بولغۇچمۇ تولىمۇ ئوڭ-لۇق ئايال ئىكەن، بىچارە ئۆتكەندە ئەجەب پايپېتەك بولۇپ كۆتۈپ كەتتىغۇ بىزنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەت ئورنۇڭدىنمۇ غەم قىل-مايسەن.

— سەن مېنى تۇرسۇنغا لايىق كۆرەمسەن؟

— ئەمىسە سېنىڭ نەرىڭ كەم؟ چىراي دېسە تۇرسۇنغا زايە كېتىسەن، تېخى سەن ھېلىقى، — ئادىلە بىردىنلا جىم بولۇپ، چىرايى ئۆڭدى، — سەن ھېلىقى ئىشنى دەۋاتامسەن - يە؟ سېنى مەجبۇرلىغان تۇرسا، سېنىڭدە نېمە گۇناھ؟...

ئامانگۈلنىڭ چىرايىنى مىسكىنلىك باستى. كۆزلىرىدە بىر ئىچكى ئازاب، مەيۇسلۇك ئەكس ئېتەتتى. ئادىلەمۇ ئۇنىڭ كۆڭ-لىنى چۈشەندى. ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى - دە، دوستىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلىدى:

— بۇرۇنلاردا قىز بـالا دېگـەن ئـاجىز، دېسە ھەيران قالاتتىم، — دېدى ئادىلە دېرىزىدىن يىراققا قاراپ، — ھازىر مۇنداق زەن قويسام راست ئىكەن، بەزىدە قىز بولۇپ تۇرۇلىپ قالغىنىمغا ئاچچىقىم كېلىدۇ، راست... ھەممىسى قىز بالىنى بوزەك قىلىشقا تەييار تۇرىدىكەن، ئوغۇل بالىچۇ... ئۇنى بىرى كىيدىك، كىيىمدىك دېمەيدىكەن، كۆرۈنگەن بىرى بوزەك قىلال-مايدۇ، بىرىدىن تاياق يېسىمۇ بىردىن ئۆچىنى ئالالايدۇ. بىزچۇ؟ ئۆيگە سولىنىپ ئولتۇرساڭ ئاتا - ئاناڭنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈ-نىسەن، تالاغا چىقساڭ خەقنىڭ گېپى، بار قىلغۇلۇقنى ئەرلەر قىلىۋېلىپ بالاغا، گەپ - سۆزگە قىزلار قېلىۋاتقان... ئۇھ... قىز بالىنىڭ كۆنىدىنمۇ تەس كۈن يوق ئىكەن، شۇڭىمۇ مەن ھازىر چاتىقىم بولمايدىغان بولدى. دېيىشىسەڭ دېيىشىۋەر، مەن ئۆزۈمنىڭ ئويۇننى ئويناۋېرىمەن، يا بايدىن، يا سايرامدىن چى-قار، كېيىنچە بىر گەپ بولار، ئويناپ ھارغان چېغىمدا بىرىنى

تۇتۇپ تېگىشىۋالارمەن، دەيمەن. قانداق قىلىمىز، قايسىبىرىگە يىغلاپ ئولتۇرىمىز ئاداش... ئۆزۈڭ قانداق، زادى تۇرسۇنغا كۆڭلۈڭ بارمۇ، يوق؟ راست گەپنى قىلغىنە!

ئامانگۇل يەرگە قارىغىنىچە بېشىنى چايقىدى.

— ئۇنداق بولسا تۇرسۇنغا جاۋابىنى بېرىۋەت، يۇرگەن يە-گىتىم بار دەمسەن، ئىشقىلىپ بىرەر سەۋەبنى دېمەمسەن، بول-مىسا ئۇمۇ كەينىڭگە كىرىۋېلىپ ئارام بەرمەيدۇ. كۆڭلۈڭ قىي-مامدۇ - يا؟

— نەدىكى گەپنى دەيدىغانسەن، — ئامانگۇل قىيىداپ دوم-سايدى.

— مەن ئۆتكەندە دېدىمغۇ، مېنىڭ ساڭا مەسلىھەتىم ئاداش، ئەڭ ياخشىسى يۇرتۇڭغا بارمىغىنىڭ تۈزۈك، ئۇ يەرگە بارساڭ هامان ھېلىقى گەپتىن قۇتۇلالمايسەن...

ئامانگۇل بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەلەم بىلەن خورسىنىپ قويدى. دەرۋەقە ئادىلە توغرا دەيدۇ، ئۇ ئىش ئۇنىڭ پېشانىسىگە تامغا بولۇپ ئورناپ كەتتى، ئامانگۇل بۇنى يۇيۇپمۇ چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، ئويۇپمۇ ئېلىۋېتەلمەيدۇ، ئۇ ئۆمۈرۋايەت بۇ مەرەز تامغىدىن قۇتۇ-لالمايدۇ، بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى ياخشى گەپلەر ئاسانلا ئۇنتۇ-لىدۇ، يامان گەپلەرنىڭ يىتمىكى تولىمۇ، تولىمۇ تەس. ئاماذ-گۇلنىڭ كۆز ئالدىغا تۇرسۇننىڭ ياۋاش، مەيۈس چىرايى كەلدى ۋە نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. لېكىن شۇ ھامانلا ئادىلنى ئويلىدى. راست، ئەتە كەچ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشى كې-رەك، دېمەك، ئەتە ئۇنىڭ تەقدىرى ھەل بولىدىغان كۈن. ئاماذ-گۇل ئادىل توغرۇلۇق ئادىلەگە ھازىرغىچە تىنمىغانىدى، باياتىن دوستىغا ئېيتىپ مەسلىھەت ئالايمىكىن دەپ ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، ئادىل رەس-مىي بىر نەرسە دېگەندىن كېيىن ئاندىن ئادىلەنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇشنى ئويلىدى.

ئەتىسى كەچقۇرۇن تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ياتاقتىكى قىزلار مەكتەپتىكى كۆڭۈل ئېچىشقا تەييارلىق قىلىپ ياسىنىشقا باشلىدى. ئامانگۇل بولسا دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرۇپ، لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارغا، ئاپئاق ماموق يېپىنغان زېمىنغا قارىغىنىچە تۇرسۇنغا دەيدىغان سۆزلىرىنى ئويلاپ ئولتۇردى. ئۇ تەقدىرنىڭ بۇگۈنكىدەك توغرا كەلتۈرگىنىگە ھەيران بولاتتى. ئۇ تۇرسۇن بىلەن خوشلىشىدۇ، لېكىن ئادىل بىلەن تېپىشىدۇ، ئادىل ھازىر نېمىلەرنى قىلىۋاتقاندۇ؟...

— تۇرسۇن بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ تانسىغا كىرەمسەن؟ — ئادىلە چېچىنى تاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى.

— قاراپ باقاي، — دېدى ئامانگۇل، — بالدۇرراق بىكار بولسام كىرەرمەن.

قىزلار كارىدورنى بېشىغا كىيىشىپ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ تانسىغا مېڭىشتى. ئامانگۇل يالغۇز قالغاندىن كېيىن كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى، يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ ئالدىرىماي پەرداز قىلدى، ئەتىر چاچتى ۋە ئۆتكەندە ئادىل ئېلىپ بەرگەن پوپايكا، پەلتونى كىيىپ سىرتقا ماڭدى. سىرتتا ئاياغ چۆككۈدەك قار ياغقانىدى. يۇمشاق قار ئاياغ ئاستىدا بوشقىنە غىچىرلايتتى. ئۇ ئىككى تەرىپى تەكشى قىرقىلغان قارىياغاچلىق يول بىلەن كۇتۇپخانا ئالدىغا كەلدى. بىنا ئالدى قاراڭغۇ ئىدى. يول بويىدىكى ستولبىغا ئورنىتىلغان لامپۇچكا ئەتراپقا سۇس يورۇق چېچىپ تۇراتتى. ئۇ بىنا ئالدىغا يېقىن كېلىشىگە لەمپىنىڭ ئاستىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن بىر گەۋدە سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. ئامانگۇل ئۇنىڭ تۇرسۇن ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا تونۇدى. ئۇ بۇگۈن ئۇستىگە قارا سوكنا پەلتو، بېشىغا شىلەپە كىيىۋالغانىدى. بۇ كىيىملەر ئۇنى خېلى سالاپەتلىك قىلىۋەتكەنىدى.

— ئامانگۇل! — دېدى تۇرسۇن يېقىن كېلىپ. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— بەك ساقلاپ كەتتىڭىزمۇ؟ — دېدى ئامانگۇل ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشىپ.

— ياق، ھېچقىسى يوق، — تۇرسۇن ئالدىراپ سۆزلەشكە باشلىدى، — بۈگۈن شۇنداق چىرايلىق كېچە بوپتۇ، سوغۇقمۇ يوق...

ئارىغا جىملىق چۈشتى. تۇرسۇن غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا پات ـ پاتلا ئامانگۇلگە سەپسېلىپ، ئۇنىڭ چىرايىدىن بىرەر مەنىنى تاپماقچى بولاتتى. شۇ تاپتا تۇرسۇننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يېنىپ گېلى قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى، ئامانگۇلدىن كېلىۋاتقان ئەتىر ئارىلاش يېقىملىق پۇراقنى ئۇ ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىچىگە سۈمۈرەتتى. ئۇ گەپنى نېمىدىن باشلاشنى بىلەلمەي ھودۇقاتتى، ئۇ پەقەت ئامانگۇلنىڭ كەلگەنلىكىدىن چەكسىز خۇرسەن ئىدى. ئامانگۇلمۇ تۇرسۇننىڭ بۇ ھاياجانلىق ھالىتىنى سېزىپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭغا ئۆز جاۋابىنىڭ قانداق زەربە بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يۈرىكى ئېچىشاتتى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە خېلىغىچە ئۈن ـ تىنسىز تۇرۇشتى. ئاخىر تۇرسۇن ئېغىز ئاچتى:

— ئامانگۇل! — دېدى ئۇ دېمى سىقىلىپ تۇرۇپ، — خەتنى كۆردىڭىزمۇ؟

ئامانگۇل پۈتى بىلەن قارنى جىجاپ تۇراتتى، كۆڭلىدە بولسا گەپنى نەدىن باشلاشنى ئويلايتتى.

— تۇرسۇن، — دېدى ئاخىر ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، — خېتىڭىزنى كۆردۈم، لېكىن... نېمە دېسەم بولار... رەنجىمەڭ ...

تۇرسۇن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېتىپلا قالدى.

— نېمىشقا؟ — ئاخىر ئۇ ئاستا سورىدى.

— مېنىڭ ۋەدە قىلىشقان يىگىتىم بار...

— يالغان، — تۇرسۇن قىزىرىپ تۇرۇپ دېدى، — ياق،

سىز يالغان ئېيتىۋاتىسىز، مەن بىلىمەن...
— راست.
— كىم ئەمىسە؟
— بۇنى سورىماڭ... مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، بىز ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يەرلىك، ھەر جەھەتتىن مۇۋاپىق بولاتتى، لېكىن... سىز كېچىكىپ قالدىڭىز، مېنىڭ بېشىم باغلىنىپ قالدى. ئۇنىڭغىمۇ ۋاپاسىزلىق قىلسام ياخشى بولمايدۇ - دە، سىز رەنجىمەڭ، مەكتەپتە قىزلار جىققۇ، سىز كىمگىلا تەكلىپ قويسىڭىز ياق دېمەيدۇ... گەپ شۇنداق بولسۇن، خېتىڭىزنىمۇ ئۆزىڭىزگە، ياندۇرۇپ بېرەي، كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن... — ئامانگۈل يانچۇقىدىن قاتلانغان كونۋېرتنى ئېلىپ تۇرسۇنغا سۇندى.
تۇرسۇن بۇتتەك قېتىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ ئۇچرىشىشنىڭ بۇنداق سوغۇق ۋە تېز ئاخىرلىشىشىنى پەقەت ئويلىمىغانىدى. شۇڭا ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي ئامانگۈلگە بىر پەس ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ تۇردى. ئەمما ئامانگۈلنىڭ چىرايى شۇنداق سالقىن، ھېسسىياتسىز ئىدى. ئۇ، ئۈمىدىنى ئۈزۈپ خەتكە قولىنى سوزدى، ئۇنىڭ قولى تىترەپ خەتنى ئاران ئالدى.
— خوش ئەمىسە، — دېدى ئامانگۈل بېشىنى كۆتۈرۈپ، — مەندىن رەنجىمەڭ، تۇرسۇن.
ئامانگۈل قايرىلىپ ماڭدى. ئەگەر ئۇ يەنە بىر ئاز تۇرسا، تۇرسۇننىڭ ئۈمىدسىز، مىسكىن تۇرقىنى كۆرۈپ چىديالمايدىغاندەك، يىغلىۋېتىدىغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ئىتتىك - ئىتتىك ماڭدى. بىچارە تۇرسۇن، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — ئەمدى ئۇنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ ئۇ ئەمدى ماڭا تازا ئۆچ بولىدىغان بولدى» .
لېكىن ئۇ ئاپتوبۇسقا چىقىپ شەھەرنىڭ كەڭ كوچىسىدا كېتىۋاتقىنىدا، بىردەمدىن كېيىن ئادىل بىلەن بولىدىغان ئۇچرى-

شىشنى ئويلاپ، قەلبىنى شېرىن بىر تۇيغۇ لەرزىگە سالدى.

## 10

ئادىل بۈگۈن ئالاھىدە تەييارلىق قىلغانىدى. ياتىقىنى پاكىز تازىلاپ رەتلىگەن، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئۈستەلنىڭ ئۈستىنى يېمەكلىكلەر بىلەن تولدۇرغانىدى، ئۇ ئۆزىمۇ ساقال - بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىرىپ، ئۈستىگە ئاپئاق كۆڭلەك، يېپيېڭى مايسىرەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىۋالغانىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا خۇددى تويى بولغان يىگىتكىلا ئوخشىشىپ قالغانىدى.
ئامانگۈل ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلىگە شۇ خىيال كەچتى ۋە بىر تاتلىق سېزىم ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى.
— مۇزلاپ كەتكەن ئوخشىمامسىز؟ — ئادىل ئامانگۈلنىڭ قىزىرىپ يېلىنجاپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ سورىدى، — قار يېغىۋاتىدۇ - ھە؟
— ھە، تالا شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ، — ئامانگۈل پەلتوسىنى يېشىپ تۇرۇپ سۆزلىدى.
— قار دېگەن قىشنىڭ زىننىتى ئەمەسمۇ، ئەتە كۈن ئېچىلسا تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ. ھە راست، ئەتە سۇرەتكە چۈشەمدۇق، مېنىڭدە ئاپپارات بار. ئەتە دەرس يوقتۇ؟
ئامانگۈل خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇ ئىلگىرىمۇ ئادىلنىڭ ياتىقىدا ئاپپاراتنى كۆرۈپ بۇ ئىش كۆڭلىگە كەچكەن، لېكىن خىجىل بولۇپ ئېغىزىدىن چىقىرالمىغانىدى، ئۇ ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن بۇيان تۈزۈككىنە سۈرەتكە چۈشۈپ باقماپتۇ، سۈرەتكە چۈشىدىغان پۇلىمۇ نەدە؟ بىر پارچە سۈرەتكە ئىككى - ئۈچ سوم ئالىدىكەن، ئۇ بىر قېتىم چوڭ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە قاتار تۇرۇشقان سۈرەت تارتقۇچىلارنى، ئەينەك جازىغا ئېسىپ قويغان رەڭلىك سۈرەتلەرنى كۆرۈپ سۈرەتكە چۈشكۈسى

كەلدى ـ دە، سۆزلەشتى، ئەمما باھاسىنى ئاڭلاپلا ئاستا نېرىغا كەتكەنىدى. ئەتە ئادىل ئۇنى بىكارغىلا سورەتكە تارتىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە قىش مەنزىرىسىدە چۇشىدۇ، بۇنىڭغا نېمىشقا خۇشال بولمىسۇن...

— يوق، — دېدى ئامانگۇل تەبەسسۇم بىلەن، — ئەتە بىر كۇن دەم ئېلىش ئىكەن.

— ناھايىتى ياخشى بولدى، ئەمىسە ئەتە شۇنداق قىلامدۇق؟

— مەيلى.

تالادا قار لەپىلدەپ چۇشمەكتە. ئىللىق، خاس ئۆيدە ئادىل بىلەن ئامانگۇل بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كېچە پەيزىنى سۇرمەكتە. ئىچىملىكنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئادىلنىڭ مەڭزى قىزىرىپ، كۆزى خۇمارلىشىپ كەتكەنىدى. ئامانگۇلمۇ ئۇزۇم ھارىقىدىن بىر نەچچە رومكا ئىچىۋەتتى، ئۇ ئادىلنىڭ قولىنى ياندۇرغۇسى كەلمىدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئىچى بارغانچە قىزىپ، ئۆزىنى راھەت ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى گويا بۇگۇن ئادىل بىلەن تويى بولغاندەك، شۇ ھۇجرىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدەك ئويلاپ قالدى. ئەنە ئادىل ئۇنىڭغا تەلمۇرۇپ قارىماقتا. ئۇ نېمىنىدۇر دېمەكچى، لېكىن مانا نەچچە سائەت بولدى. شۇ بىر ئېغىز سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتىدۇ، ئامانگۇل بولسا شۇ سۆزگە تەشنا. ئۇنىڭ قەلبى، يۇرىكى شۇ سۆزنى بىتاقەت بولۇپ كۇتمەكتە...

ئادىل ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنئالغۇنى قويدى. ئامانگۇل ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تانسا مۇزىكىسى — «كۆك دوناي» لەرزان چېلىنىشقا باشلىدى. ئادىل كېلىپ ئۇنى تانسىغا تارتتى. ئامانگۇلنىڭ قەلبى شامدەك ئېرىپ كەتتى. ئۇ ئادىلنىڭ ئۆزىنى بارغانچە يېقىن تارتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇردى، ئەمما ئۆزىنى چەتكە تارتمىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تارتقۇدەكمۇ ماغدۇر قالمايۋاتاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ يۇزىگە ئادىلنىڭ ھاسىراپ تىنغان تىنىقلىرى تېگىشكە باشلىدى. ئامانگۇل كۆتۇرۇلۇپ قاراشقىمۇ

ئاجىز ئىدى. ئاخىر ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە پىچىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئامانگۈل، سىزنى ياخشى كۆرىمەن... بىلەمسىز... سىزچۇ؟

ئامانگۈل باشقا گەپنى ئاڭلىيالمىدى. ئوتتەك قىزىق كۆيدۈرگۈچ بىر لەۋ ئۇنىڭ يۈزىگە تەگدى، ئاندىن لېۋىگە بېسىلدى... ئامانگۈل تىنالماي قالدى، پۈتۈن تېنىگە تارقالغان بىر شېرىن تۇيغۇدىن ۋۇجۇدى بىھوش بولدى، ئۇنىڭغا يۈرىكىدىن نېمىدۇر شۇرقىراپ ئاققاندەك سېزىلەتتى. «مۇھەببەت دېگەن شۇمۇدۇر،— دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە، — ئەجەب ئىكەنغۇ، جېنىم ئادىل! مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن، مەن ئارمىنىمغا يەتتىم...»

ئامانگۈل بۇ كېچە قايتمىدى، راستىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئادىلدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. پەقەت ئۇ ئادىلنى باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن دەپلا:

— ئادىل! قانداق قىلىمەن؟ كەتسەم بولاتتى؟ — دېدى.

— مۇشۇ كېچىدىمۇ؟ — ئامانگۈلنىڭ ئۇزۇن قوڭۇر چېچىنى سىلاپ، ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ دېدى ئادىل.

— ياتاقتىكى قىزلار نېمىدەپ قالار؟

— تۇغقىنىمىزنىڭكىدە قونۇپ قالدىم دېسىڭىز پۈتمىدىمۇ.

— سىزنىڭ ئىدارىڭىزدىكىلەر ئۇقۇپ قالسىچۇ؟

— ئۇنىڭدىن غەم قىلماڭ، بۇ ئەتراپتا بىزنىڭ ئىدارىدىكىلەر يوق، ھەممىسى باشقا ئىدارىنىڭ ئادەملىرى... ، — ئادىل ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراتتى، — سىز مېنى يالغۇز تاشلاپ كېتىپمۇ قانداق چىدايسىز؟ بىز ھامان...

ئامانگۈل ئاخىرىنى دېگۈزمىدى، ئۇ ئادىلنىڭ بويىنىنى قۇچاقلىغىنىچە يۈزىنى ئۇنىڭغا ياقتى. ئىككى تەن بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتتى...

ئامانگۈل نەچچە كۈنگىچە گاراڭدەك بولۇپ يۈردى، ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى، پەقەت ئادىل بىلەن ئۇچرىشىدىغان شەنبىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ كۈنلەرنى سانايتتى. تۈنۈگۈن ئاشخانىدىن قايتىۋېتىپ يولدا تۇرسۇنغا يولۇقۇپ قالدى. تۇرسۇن ئۇنى كۆرۈپ نېمىشقىدۇر قىزىرىپ، ھودۇقۇپ كەتتى، كۆرمىگەنگە سېلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئامانگۈلنىڭ تۇرسۇنغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. لېكىن شۇ ھامان ئادىل يادىغا كېلىپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى، ئامانگۈلدە نېمە ئامال؟ كۆڭۈل دېگەن شۇنداق نەرسە ئىكەن، ئۇ تۇرسۇننى دەپ ئۆز ئىستىقبالىنى خاراب قىلىسۇنمۇ؟ ئۇ بۇ بەختكە ئاسان ئېرىشتىمۇ؟ قانداق بەدەل تۆلىگەنلىكىنى تۇرسۇن ئەلۋەتتە بىلمەيدۇ، بىلمەيلا قويسۇن، ئادىلمۇ ئۇقمايدۇ، قايسى كۈنى مەستلىكتە ئادىلمۇ تۇيماي قالدى. خۇداغا شۈكرى، ئۇ ئەمدى بۇ تەشۋىش، ئازابتىن ئاخىر قۇتۇلدى، مەڭگۈگە قۇتۇلدى... ئۇ ئەمدى ئادىلغا سادىق بولىدۇ، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن ئوشۇق بەختنىڭ لازىمى يوق... تۇرسۇنغىمۇ بۇيرۇغان بىرى باردۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئۇچۇن باش قاتۇرۇپ نېمە قىلىدۇ؟

ئامانگۈل ئۆز تەقدىرىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى ئادىلگە دەيمۇدېمەيمۇ دەپ خېلى ۋاقىتقىچە ئارىسالدى بولۇپ يۈردى. چۈنكى ئادىل ئىككىسى ھازىرچە بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنماسلىقنى ۋەدىلەشكەنىدى. لېكىن ئادىلدىن قانداق يوشۇرۇپ قۇتۇلغىلى بولىدۇ؟ ئۇ تولا يالغان ئېيتىپمۇ ھاردى. تۈنۈگۈن كەچتە ئۇ ئامانگۈلنى قىستاقتا ئالدى:

— ئامانخان، ماڭا بىر قارىسىلا، — دېدى ئامانگۈلنىڭ كۆزىگە قادىلىپ، — يېقىندىن بۇيان ئۆزلىرى باشقىچىلىغۇ؟

— نېمە بوپتۇمەن؟ ۋاي توۋا، نېمە دەيدىغانسەن؟ — ئامانگۈل كۈلدى.

— نېمە بولغانلىقىنى كۆزىڭىز چاندۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، مەندىن يوشۇرۇپ كەتتىڭىزمۇ ئەمدى؟

— خۇدايا تووۋا دېگىنە...
— راست دېمەمسەن؟
ئادىلە رەنجىگەندەك بوينىنى تولغىدى. ئامانگۈل دوستىنىڭ كۆڭلىنى قالدۇرغۇسى كەلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە هامان يوشۇ-رۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇنىڭ ئادىلەدىن باشقا يېقىن دوستىمۇ يوققۇ، ئادىلە هازىرغىچە ئۇنىڭغا ياخشىلىقلا قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، ئەمدى كېلىپ ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەندەك قىلا-سام قانداق بولىدۇ؟ — ئامانگۈل شۇلارنى ئويلاپ ئادىلەگە ئۆزى-نىڭ ئادىل بىلەن قانداق تونۇشقانلىقىدىن تارتىپ هازىرغىچە بولۇنغان ئىشلارنى ئەندىكىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى.
ئادىلە ئۇنىڭغا هەيران بولدى.
— تووۋا، مۇشۇنچىۋالا ئىشلارنى قىلىۋەتتىڭمۇ؟ — ئادىلە هاڭ - تاڭ بولۇپ سورىدى، — سەن مۇنداق تۇرغىنىڭ بىلەن بوش نېمە ئەمەسكەنسەن جۇمۇ! ئادىل دېدىڭمۇ؟ دوستى يوقمىكەن؟
— مەنغۇ كۆرمىدىم، بەلكىم باردۇ؟ قانداق؟ ساڭا تونۇشتۇ-رۇپ قويايمۇ؟
— شۇنى دەيمەن، مېنى ئاشۇ سودىگەرلەرگىلا تاشلاپ بې-رەمسەن؟
— تۇرغانچۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇلۇشۇپ كەتمىگەنسەن؟
— مېنى شۇنىڭغا تېگىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ — ئادىلە كۆ-ڭۈلسىز بىر هالەتتە ئاچچىق كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى، — مەن ئۇنچە-ۋالا ئەخمەق ئەمەس، راستىنى ئېيتسام، تۇرغاننىڭ پۇلى ئۇچۇنلا هە دەپ يۈرۈۋاتىمەن، ئۇلاردىن ۋاپا كەلمەيدىغانلىقىنى تازا بىلى-مەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېگەي دېگەندىمۇ ئۆيدىكىلەر ئاڭلىسا مېنى تىرىك تۇرغۇزۇپ سويىدۇ، ئۇلار ئۆلسىمۇ قوشۇلمايدۇ، بەزىدە شۇلارنى ئويلاپ ئوبدان يىگىت بولسا مەنمۇ چىرايلىق يۈرۈپ باقسام دەيمەن، لېكىن نېمىشقىدۇر ماڭا يولۇقمايدىغۇ - تاڭ...

ئەمدى سەن تېپىپ بەرمىسەڭ بولمىدى ئاداش! بولمىسا ئادىلنى تارتىۋالىمەن جۇمۇ!

ئامانگۇل ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كۈلدى. ئەمما كۆڭلىدىنىڭ بىر يېرىدىن شۇنداقمۇ بولارمۇ، ئادىلدىنمۇ ئايرىلىپ قالارمەنمۇ، دېگەن ئەندىشىمۇ «لەپ» قىلىپ ئۆتتى - دە، بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇ ئادىلەنىڭ ئوينىشىپ چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئادىلنى ئادىلەگە كۆرسەتمەسلىكنى، ئۇ توغرۇلۇقمۇ ئادىلەگە كۆپ گەپ قىلماسلىقنى ئويلىدى.

ئامانگۇل ئەمدى ئادىلنى ئىلگىرىكىدىن يۈز ھەسسە ياخشى كۆرۈشكە باشلىدى، ئۇ ئۇچرىشىدىغان كۈننى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى. كۆڭلىدە بولسا بۈگۈن ئادىلغا نېمە تاماق قىلىپ بەرسەم بولار؟ دەپ ئويلايتتى. ئادىل ھەر قېتىم ئۇ كەلگۈچە گۆش، كۆكتاتلارنى ئەكىرىپ قوياتتى. ئۇلار قولمۇ قول تاماق ئېتىشىپ يەيتتى، ئاندىن ئامانگۇل ئادىلنىڭ ئۈنىمىغىنىغا قويماي كىيىملىرىنى يۇيۇپ بېرەتتى. بۇ ئىش ئەمدى ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى.

نەچچە ئاي شۇنداق بىلىنمەي ئۆتۈپ كەتتى.

بۈگۈن ئامانگۇل دەرستىن چۈشۈپلا ئادىلنىڭ يېنىغا جابدۇندى. ئادىل سىرتقا خىزمەتكە كەتكەچكە ئۇلار ئىككى ھەپتىدىن بۇيان كۆرۈشەلمىگەنىدى. ئامانگۇل بارغانسېرى ئۈنىڭدىن ئايرىلىپ چىديالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. بەزىدە ئادىل ئېسىگە چۈشسە خاتىرە دەپتىرىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇۋالغان سۈرەتنى ئېلىپ قارايتتى، يۈزىگە ياقاتتى، ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى دەيتتى. بۇنداق چاغلاردا ئادىل بىلەن بىللە بولغاندىكى قىلىشقان گەپلىرى، ئادىلنىڭ ئەركىلىتىشلىرى، يېقىمدىن سىزماقچى بولغان رەسىمى توغرىسىدىكى قىزغىنلىق بىلەن دېگەن سۆزلىرى... بىر - بىرلەپ كۆڭلىدىن ئۆتەتتى. تۇرۇپلا ئۇ ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىنى، ئۆيىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى، ئامانگۇل

ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە قالىدۇ، قانداق ئىدارىدە ئىشلىسىمۇ مەيلى، ئۇلار بىرەر يىل ئۆتكۈزۈپ توي قىلىدۇ، ئامانگۈل ئۆيىنى ئادىل رازى بولغۇدەك چىرايلىق، پاكىز ياساپ تۇتىدۇ، ئادىلنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن شەرت - شارائىت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەيدۇ، ئۇنىڭغا ئۆمۈرۋايەت ۋاپادار ئايال بولىدۇ...

ئامانگۈل شۇنداق تاتلىق خىياللار بىلەن ئۆزىگە تونۇش ۋە شۇنداق قەدىرلىك بىلىنىدىغان پەلەمپەي بىلەن ئادىلنىڭ ياتىقىغا كىردى. ئادىل مايكىچان ساقىلىنى ئېلىۋاتقانىدى. ئۇ ئىشىكتىن كۈلۈپ كىرگەن ئامانگۈلنى كۆرۈپ يايراپ كەتتى:

— هازىرلا سىزنى خىيال قىلىپ تۇراتتىم، — دېدى ئۇ ئامانگۈلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى بىر قولىدا قۇچاقلاپ، — سىزنى شۇنداق كۆرگۈم كەلدى...

ئامانگۈلنىڭمۇ شۇ تاپتا ئۇنى قۇچاقلاپ پۇرىغۇسى، سېغىنىش تەشنالىقىنى قاندۇرغۇسى بار ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ:

— قارىڭە سىزنى، يۈزىڭىزنى كېسىۋاپسىزغۇ، ئالدىرىماي ئېلىۋېلىڭ، — دېدى.

— ئەمىسە، بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، — دېدى ئادىل ئەينەكنىڭ قېشىغا ئۆتۈپ، ئۇ بىر تەرەپتىن ساقىلىنى ئالغاچ بۇ قېتىم تۇۋەندە ئېچىلغان يىغىنىنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ بەردى.

ئامانگۈل ئۇنىڭ گېپىنى تىڭشىغاچ كارىۋاتتا چېچىلىپ ياتقان رەسىملەرنى، رەسىملىك ژۇرناللارنى كۆرۈشكە باشلىدى. ژۇرنالنىڭ كۆپىنچىسى چەت ئەللەرنىڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىپيالىڭاچ ئاياللارنىڭ هەر خىل شەكىلدە چۈشكەن سۈرەتلىرى، سىزما رەسىملەر بار ئىدى. ئۇ ئىلگىرىمۇ ئادىلنىڭ مۇشۇنداق ژۇرناللارنى كۆرىدىغانلىقىنى سېزىپ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالغانىدى. هازىرمۇ ئۇنىڭ دىلى غەش بولىدى. «نېمىشقا

بۇنداق نەرسىلەرنى كۆرىدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئامانگۇل ئىچىدە، — بۇلار سېرىق، چاكىنا نەرسىلەرغۇ، بۇنىڭدىن كۆرە مەنزىرىلەرنى سىزسا بولمامدۇ؟ ئادىلنىڭ مۇشۇنداق رەسىم سىزىش ئويىمۇ بارمۇ- يا؟ خۇدايىم ساقلىسۇن...»

ئامانگۇل بىلمىگەنگە سېلىپ سورىدى.

— ئادىل! سىز يالىڭاچ ئادەملەرنى سىزىپ باقتىڭىزمۇ؟

ئادىل ئۇنىڭ ئويىدىكىنى بىلمەستىن ئۇدۇللا جاۋاب بەردى:

— مەكتەپتىكى چېغىمىزدا بىر - ئىككى قېتىم سىزىپ پراكتىكا قىلغان، خىزمەتكە چىققاندىن بۇيان شارائىت بولمىدى، — ئادىل ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — بۇ يىل ئۆكتەبىردە بېيجىڭدا مەخسۇس يالىڭاچ رەسىملەر كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلىدىكەن، ئۇقتۇرۇش كەلدى، مەن شۇنى ئويلاۋاتىمەن.

— سىزمۇ سىزماقچىمۇ؟ — ئامانگۇل ھودۇقۇپ سورىدى.

— ھەئە، — ئادىل بېشىنى لىڭشىتتى، — ھەقىقىي رەسسام بولۇش ئۈچۈن مۇشۇ ماھارەتنى ئىگىلەش كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسان تېنىنىڭ گۈزەللىكىنىمۇ پەقەت مۇشۇنداق يالىڭاچ ھالەتتە ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ، مانا بۇ رەسىمگە قاراڭ، — ئۇ ژۇرنالدىكى بىر چەت ئەللىك ئايالنىڭ يالىڭاچ رەسىمىنى ئېچىپ ئامانگۇلگە كۆرسەتتى، — بۇ ئايالنىڭ فىگۇرىسىنى قاراڭ، بۇ مانا تۇغما گۈزەللىك، ئاجايىپ نەپىس سەنئەت، ئەگەر بۇ ئايال كىيىم كىيىۋالغان بولسا بەدىنىنىڭ مۇشۇ گۈزەللىكىنى ھېس قىلالمايتتۇق. ئۇ ۋاقىتتا كىيىم ئۆز رولىنى كۆرسىتىدۇ، ئىنسان تېنىنىڭ ساپ، تەبىئىي گۈزەللىكى يېپىلىپ قالىدۇ، بىزنىڭ خەلقىمىز بۇنداق رەسىملەرنى ئۇيات دەپ بىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنداق دېيىش نادانلىق، گەپ ئادەتلىنىشتە، سىزچۇ؟ سىز يارىتىدىغانسىز؟

— مەنمۇ؟ — ئامانگۇل قىزىرىپ كەتتى.

— ھە، سىز مېدىتسىنادا ئوقۇۋاتقاندىن كېيىن بۇنى ئاڭلىق چۈشىنىسىزغۇ دەيمەن، سىلەرمۇ ئادەم ئورگانىزمىنى تەتقىق قىلىسىلەر - دە...
— ئۇ ئوخشاشمايدۇ - دە، — ئامانگۈل چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئىتتىك دېدى.
— تېگى - تەكتىدىن ئوخشاش، دوختۇرلار ئورگانىزمنىڭ قۇرۇلمىسىنى، ھۈجەيرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، رولىنى تەتقىق قىلىدۇ، سەنئەتكارلار بولسا ئۇنىڭدىكى ھېسسىياتنى، گۈزەللىك-نى ئىپادىلەيدۇ، مۇشۇلا پەرقى بار. ئامانگۈل! — ئادىل ئامان-گۈلنى تارتىپ ئۆزىگە قارىتىپ دېدى، — مەن سىزنىڭ يالىڭاچ رەسىمىڭىزنى سىزسام دەپ ئويلايمەن.
ئامانگۈل سەسكىنىپ كەتتى، «ئادىل چاقچاق قىلىۋاتمايدى-غاندۇ - ھە؟ ئۇ مېنى نېمە كۆرۈۋاتىدۇ؟ توۋا، نېمە گەپ بۇ؟ مېنى رەسۋا قىلماقچىمۇ؟... شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇنىڭ مېنى ياخ-شى كۆرىمەن دېگىنى يالغان، ئەسلىدە مېنىڭدىن پايدىلانماق-چى، مېنى قونچاق قىلىپ ئوينىماقچى ئىكەن - دە... گۈزەللىكمىش... قانداق ئادەم ئۆزىنىڭ سۆيگەن قىزىنى شۇنداق قىلىدۇ، ئۇياتلىق يەرلىرىنى خەلقئالەمگە سازايى قىلىدۇ؟...»
— راست دەۋاتامسىز، ئادىل؟ — ئامانگۈل تىترەپ تۇرۇپ سورىدى.
— ھەئە... مېنىڭچە سىز ئەڭ لايىق...
— ياق، ياق! ...، — ئامانگۈل ئاچچىقى بىلەن توۋلىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى جالاقلاپ تىترەيتتى، ئۇ كارىۋاتتىكى سوم-كىسىنى ئاچچىقى بىلەن يۇلۇۋالدى - دە، سىرتقا قاراپ يۈگۈردى.
— ئامانگۈل! ئامانگۈل! — ئادىل ئۇنى چاقىرىپ كەينىدىن چىقتى، لېكىن ئامانگۈل كەينىگىمۇ قارىماستىن ئاپتوبۇس بېكى-تىگە قاراپ ماڭدى.

ئامانگۈل شۇ ئاچچىقىدا ئۇدۇل ياتاققا يېنىپ كەلدى. ئادىل-
نىڭ دېگەنلىرىنى ھەربىر ئويلىسا تېخىمۇ ئاچچىقى كېلەتتى،
خورلۇق ھېس قىلاتتى، يىغلىغۇسى كېلەتتى. قىزلار ھەممىسى
كىنوغا كەتكەن بولسا كېرەك، ياتاقتا ھېچكىم يوق ئىدى. ئاما-
گۈل خېلى چاغقىچە بۈگۈنكى ئىشتىن ئازابلىنىپ ياتتى، ئەسلىدە
ئۇنىڭ بۈگۈن ئادىلغا دەيدىغان بىر مۇنچە گەپلىرى بار ئىدى.
بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇۋاتقان مەكتىپىنى ئېنىق ئېيتىپ، ئۇنىڭ-
دىن ئەپۇ سورىماقچى ئىدى. ئەمدى ئۇ قاچانغىچە يوشۇرىدۇ،
بۇنداق ئۆتۈۋەرسە كېيىن ئادىل باشقىچە ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن
ئىدى. مانا بۇ ئويىمۇ بىكار بولدى. ئەمدى قانداق قىلىش كې-
رەك؟ بەلكىم ئادىل ھازىر دېگەن گېپىگە پۇشايمان قىلىۋاتقاندۇ؟
ئەمما ئۇ ئامانگۈلنى نەدىن تاپىدۇ، مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىغا بې-
رىپ ئىزدەپ يۈرمىگىيدى، نېمىشقىمۇ بۇ ئىشنى بالدۇرراق دەپ
ئۇقۇشماسلىقنى تۈگەتمىگەن بولغىيدىم؟... مەن ئىزدەپ بارمى-
سام ئۇ مېنى تاپالمايدۇ... ئۇنداقتا مەن ئەمدى نېمىدەپ بارىمەن؟
مەن بىكارلا خاپا بوپتىمەن دەيمەنمۇ ياكى... مەنمۇ نېمانچە چىچاڭ-
شىپ كەتكەندىمەن، بەلكىم ئادىل ماڭا ئۆزىدەك ئىشەنگەچكە
شۇنداق دېگەن بولغىيدى، ئۇنىڭغا مەن ياردەم قىلمىسام كىم
قىلىدۇ، كىم ئۇنى قوللايدۇ، چەت ئەلدىكى ئەر - ئاياللار
يېرىم يالىڭاچ بىللە يۈرۈۋېرىدىكەن، ئىچكىرىدىمۇ ساپ شۇنداق
بولۇپ كېتىپتۇ، كىنو، تېلېۋىزورلاردا كۆرۈۋاتىمىزغۇ، مەدەنى-
يەتلىك ئادەملەر بۇنى نومۇس ھېس قىلمايدىكەن. بىزلا ئېغىر
ئالىدىكەنمىز... ئەگەر مەن بارمىسام ئادىل باشقا بىر قىزنى
تېپىۋالسىچۇ، ھازىر پۇللا بەرسە رازى بولىدىغان قىزلارنى يوق
دېگىلى بولمايدۇ، راست شۇنداق بولۇپ، كېيىن ئادىلنىڭ بېشى-
نى ئايلاندۇرۇۋالسىچۇ؟

ئامانگۈل ئويلىغانسېرى ۋەھىمىگە چۈشۈشكە باشلىدى، ئى-
چىنى نېمىدۇر تاتىلايتتى. ئاخىر ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلىدى. ئادىل

نېمىدەپ ئۆيلاپ قالغاندۇ؟ جىق سەھرالىقلىقىمنى چاندۇردۇم - دە، ئادىل مېنى زورلاپمۇ كەتمىگەنتىغۇ، نېمانچىۋالا سەكرەپ كەتكەندىمەن، سىزسىمۇ نېمە بوپتۇ. مەن ئەمدى ئادىلدىن نېمە-نى يوشۇرىمەن؟!...

ئامانگۈل كېچىنى تەستە ئۆتكۈزدى. ئۇ ئەتىگەنلىك تاماقنى چالا - بۇلا يېدى - دە، ئادىلنىڭ ياتىقىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ كەلگەندە ئادىل تېخى ئەمدى يۈزىنى يۇيۇۋاتاتتى، ئۇ ئامانگۈلنى كۆرۈپ بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن خۇشخۇي قار-شى ئالدى، گويا ئوتتۇرىدا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك ئىدى.

ئادىل يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئامانگۈل ئاستا سورىدى:

— ئادىل، — دېدى ئۇ يەرگە قاراپ تۇرۇپ، — سىز كۆرگەزمىگە راستتىنلا قاتناشماقچىمۇ؟

— شۇنداق نىيىتىم بار. بۇ ياخشى ئىش، ئامانگۈل!

— مەن رازى، — دېدى ئامانگۈل لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ.

ئادىلنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

— راست دەۋاتامسىز؟ — ئۇ ئامانگۈلنى قۇچاقلاپ يۈز - كۆزلىرىگە سۆيدى، — مەن سىزنى ماقۇل دەيدۇ، دەپ ئىشەنگە-نىدىم، دېگەن يېرىمدىن چىقتىڭىز، مۇشۇنداق يەرلىرىڭىزنى دەيمەنغۇ سىزنىڭ...

ئىللىق قۇچاق، شېرىن سۆيۈشۈش، يۈرەكنى بىھوش قىلى-دىغان تەبەسسۇم... ئامانگۈل ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىشكە تەييار، ئۇنىڭغا پەقەت ئادىل بولسىلا بولدى، ئۇ ئەمدى ئادىلسىز ياشىيالمايدۇ.

ئۇلار شۇ ھامان ئىشنى باشلىدى. ئامانگۈل ئادىلنىڭ دېگى-نىنى قىلدى. دەسلەپ ئۇنىڭ تېنى شۈركىنىپ قورۇندى، يۈز-لىرى ئوت بولۇپ ياندى، ئەمما ئادىلنىڭ ئۇنىڭغا ئادەتتىكىچە بىر خىل قىزىقىش، ھەۋەس بىلەن بېقىشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى توختات-

تى، ھېلىمۇ ياخشى ئادىل ئۇنىڭ يۈزىنى تولۇق چىقارمايدىغان، كىشىلەر قاراپمۇ تونۇۋالالمايدىغان قىلىپ سىزىدىغان بولدى. دېمەك ئۇنى پەقەت ئادىللا تونۇيدۇ، ئۇ تونۇسا نېمە بوپتۇ؟ ئۇ بەرىبىر كەلگۈسى ئېرىغۇ... ئامانگۈل كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى، ئۇ ھېچ نەرسىنى كۆرمەسلىكنى ئويلىدى.

بىردەم - بىردەم ئادىل ئۇنى دەم ئالدۇراتتى. ئۇنىڭغا قىزىق - قىزىق لەتىپىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى. ئۇلار بىر كۈنىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى. نەچچە يەكشەنبە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىر رەسىم پۈتتى. ئادىل بۇ ئەمگىكىدىن قەۋەتلا خۇش ئىدى. شۇ خۇشلۇقىدا ئامانگۈلنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ئۇنىڭغا خۇددى ئۆزىنىڭكىدەك «نيۇ زەي» چاپان بىلەن يوپكا ئېلىپ بەردى.

— ئەگەر، رەسىم كۆرگەزمىگە تاللىنىپ قالسا ئۇ چاغدا ئايرىم سوۋغىتىم بار، — دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ.

ئامانگۈلمۇ ئۇ «ئۇياتلىق» كۈنلەرنى پاتلا ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇ خۇددى تولىمۇ مۇشكۈل بىر رولنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنداپ تۈگەتكەن ئارتىستەك ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى ئارتىس دەپ ھېسابلايتتى ۋە ئارتىسلارغا ئىچ - ئىچىدىن قايىل بولدى. مىڭلاپ - مىليونلاپ كىشىلەرنى سۆيۈندۈرىدىغان، زوق بېرىدىغان روللارنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئارتىس قانچىلىك ئازابلارنى چېكىدىكەن، ئۆز تەبىئىتى كۆتۈرمىگەن قىلىقلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدىكەن، ئارتىس ئازاب چېكىدۇ، ئەمما كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئالىدۇ. ئامانگۈلمۇ شۇنداق قىلدى. ئادىل خۇش بولدى، ئېھتىمال ئۇ رەسىمنى كۆرگەن كىشىلەرمۇ زوقلىنىشى مۇمكىن...

دەرۋەقە رەسىم ياخشى باھالىنىپ كۆرگەزمىگە قويۇلدى، ژۇرناللاردا بېسىلىپ چىقتى. بۇ ئەسەر ئادىلنى بىراقلا جامائەتكە تونۇتتى.

# 11

ئوقۇش قانچە تەس، كۆڭۈلسىز بولسىمۇ، ئامانگۈل چىشىنى چىشلەپ كېتىپ باراتتى. ئادىلە ئىككىسى ئىمتىھانلاردىن ئاران - ئارانلا ئۆتەتتى. «دىپلوملا ئېلىۋالسام بولاتتى» دەيتتى ئامانگۈل ئۆز - ئۆزىگە. مانا تۆتىنچى يىلمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى، ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ مەۋسۇملۇق ئىمتىھانلارغا جىددىي تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى.

ئامانگۈل ئادىل بىلەن ھازىر كەمدىن - كەم كۆرۈشەلەيدىغان بولدى. چۈنكى ئادىل ھازىر ئىدارىدە كۆپ تۇرالمايتتى. ئۆتكەن-كى رەسىمنىڭ شۆھرىتى بىلەن ئۇ بىردىنلا تالانتلىق رەسسام بولۇپ تونۇلدى. ئىدارىسىمۇ ئۇنى كەسپىي ئىجادىيەتچى قىلىپ ئاجراتتى. ئۇ كۆپ چاغلاردا ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە بېرىپ تۇر-مۇش ئۆگىنەتتى، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇ يەردىن كەلسە ئىچكىرىگە — بېيجىڭ، شاڭخەيدىكى رەسىم كۆرگەزمىلى-رىنى كۆرۈشكە كېتەتتى. ئۇنى ياتاقتا ئىزدەپ كېلىدىغانلارمۇ كۆپ ئىدى. بولۇپمۇ ھەۋەسكار قىز - يىگىتلەر تولا كېلەتتى، ئەمدى ئۇنىڭ ئامانگۈل بىلەن بولىدىغان خالىي چاغلىرى بارغانچە ئازلاپ كېتىۋاتاتتى. ئامانگۈلگە ئادىل ئۇنىڭدىن بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك، مۇئامىلىسىمۇ ئىلگىرىكىدەك قىزغىن بولمايۋات-قاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. «ئادىل مېنى راستىنلا تاشلىۋېتەر-مۇ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ ۋەھىمە بىلەن بەزىدە، — ئۇ چاغدا قانداق قىلارمەن؟... ئوقۇشىمۇ بىر تۈگىمەسكە قالدى. بولمىسا تويىنى قىلىۋېلىپ خاتىرجەم بولاتتىم... توۋا، مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم، ئادىل ئۇنداق قىلمايدۇ، ئۇنىڭ نامى چىقسا ماڭىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ، ئېرىڭ كىم دېسە پالانچى دېيەلەيمەن. ئادىلە جىنىدىمۇ بىزگە ھەۋەس قىلىدۇ، خۇدايىم ئۆزى

ساقلار...»

ئامانگۇلگە بۇ بەخت قانچە تۇيۇقسىز كەلگەن بولسا ئازابمۇ شۇنداق ئۇشتۇمتۇتلا ئۇسۇپ كىردى. ئۇ بۇ تاسادىپىيلىقتىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپلا قويدى. ۋەقە مۇنداق بولدى. بىر ئاي ئىلگىرى ئادىل جەنۇبىي شىنجاڭغا تۇرمۇش ئۆگەنگىلى كەتكەندى. ئۇ ماڭار چاغدا ئامانگۇلگە «ئېپى كەلسە سىزنىڭ يۇرتىڭىزغىمۇ بارىمەن، قېيناتام بىلەن قېينانامغىمۇ سالام بېرىپ كېلەرمەن» دېگەندى چاقچاق قىلىپ. ئامانگۇل ئۇنىڭ بۇ گېپىنى چاقچاق دەپ قارىغانىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ نامرات يۇرتىدا ئادىل رەسىم سىزغۇدەك نېمە بار. ئۇلار مەنزىرىسى چىرايلىق، ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلغار يەرلەرنى كۆرىدۇ...

تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ قاپىقى تۇرۇپلا تارتىپ كەتتى، يۈرىكىمۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئاغاتتى. ئۇنىڭغا ئادىل بۈگۈن يېنىپ كېلىدىغاندەكلا بىلىنىپ، ئاخىر ئولتۇرالمىدى. ئۇ دەرستىن چۈشۈپلا ياتاققىمۇ كىرمەستىن ئادىلنىڭ ياتىقىغا ماڭدى. ئۇ تونۇش ئىشىككە كېلىپ، ئىشىكنىڭ ئوچۇقلۇقىنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى، كۆڭۈل دېگەن مانا شۇنداق، بايا قاپىقىمۇ بىكاردىن تارتمىغانىكەن. ئادىلنىڭ ھىدىنى ئالغان ئىكەن ـ دە... ئامانگۇل يۈرىكىنىڭ سەزگەنلىكىگە خۇش بولۇپ ئىشىكتە ئۆزىنى بېسىۋالغۇچە بىر ئاز تۇرۇپ، ئاندىن ياتاققا كىردى. ئۇ ئادىلنى يۈگۈرۈپ كېلىپ قۇچاقلار، قىزغىن ئەھۋال سورار، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئۇنداق بولمىدى، ئادىل كارىۋاتتا سوزۇلۇپ يېتىپ بىر ژۇرنالنى كۆرۈۋاتقانىكەن، ئۇ ئىشىكتە ئامانگۇلنى كۆرۈپ ئورنىدىن ئاستا تۇردى ۋە بىر خىل سالقىن ھالدىلا:

— كېلىڭ، — دېدى.

ئامانگۇل خۇددى بىرى بېشىدىن سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك پۈتۈن ئەزايى شۈركىنىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. ئۇ لاس-

سىدە بولۇپ خۇددى دەرسكە كەچ قالغان ئوقۇغۇچىدەك شۈمشى-
يىپ تۇرۇپ سورىدى:
— قاچان كەلدىڭىز؟
— چۈشتە.
— چۈشتىن كېيىن قاپىقىم تارتىپلا كەتكەنىدى، كۆڭلۈمدە
سىزنى كېلىپ قالدىمىكىن دەپ يۈگۈرۈپ كەلگەنىدىم. راستىنىلا
بىلىپ تارتقانىكەن...
ئادىل زوۋان سۈرمەستىن يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاش-
تۇردى. ئامانگۇل ئادىلنىڭ ئۆزىگە ئانچە ئېرەن قىلمىغانلىقىغا
ئەجەبلەندى:
— تاماق يېدىڭىزمۇ؟
— يېدىم، قورسىقىم توق...
— مىجەزىڭىز يوقمۇ، نېمە؟ يولدا ئاغرىپ قالمىغانسىز؟
— ياق، ھېچنېمە بولمىدىم. ھېرىپ قاپتۇمەن...
ئامانگۇل جىم بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ كۆڭلى چۈشىن يەۋالغان-
دەك بىئارام بولدى، ئىچىدە ئادىلغا ھەيران بولاتتى، «توۋا،
نېمە بولغاندۇ ئۇنىڭغا؟ بىرەر ئېغىز ئىللىقراق گېپىمۇ يوققۇ،
نېمىگە خاپا بولۇپ قالغاندۇ؟» ئۇنىڭ ئويىغا كەچمىگەن خىياللار
كەلدى. لېكىن ئۇ ئادىلنىڭ ئالدىدا، ئۇ كەتكەندىن بۇيان ئۇ
رەنجىگۈدەك بىرەر ئىشنى قىلغانلىقىنى زادىلا ئېسىگە ئالالمىدى.
ئادىل بولسا خۇددى ئۆيدە ئامانگۇل يوقتەك پۇرقىرىتىپ تاماكا
چېكىپلا ئولتۇراتتى. ئاخىر ئامانگۇل بىر خۇرسىنىپ قويۇپ
ئورنىدىن تۇردى:
— ئۇنداق بولسا سىز ئارام ئېلىڭ، كېيىنچە
كېلەرمەن، — دېدى ئۇ ئادىلغا تەلمۈرگەن ھالدا.
— ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئادىل ئۇنىڭغا قاراپ، — سىزگە
گېپىم بار.
ئامانگۇل ئەندىكىپ كەتتى. ئادىل ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ-

ياق ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

— ئامانگۈل، — دېـدى ئۇ ئـاخىر دېرىـزە ئالدىدا توخـتاپ، — بىز تونۇشۇپ يۈرۈۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن بولدى. مەن ئۆزۈم توغرۇلۇق سىزگە ھەممە گەپنى ئوچۇق دېدىم. ھېچ نەرسىنى يوشۇرمىدىم ھەم سىزدىنمۇ شۇنى كۈتكەن ۋە سىزگە ئىشەنگەنىدىم. لېكىن سىز باشتىلا ئۆزىڭىزنىڭ ئوقۇۋاتقان مەكتىپىڭىزنى مېنىڭدىن يوشۇرۇپ مېنى ئالداپسىز. نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭىز؟

ئامانگۈل ھودۇققىنىدىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

— ئادىل... ، — دېدى ئۇ ئوڭايسىزلىنىپ، — مەن مۇنداقلا دەپ قويغانىدىم، سىزنى مېنىڭ ئوقۇغان مەكتىپىمنى زاڭلىق قىلامدىكىن دەپ يوشۇرغانىدىم... خاپا بولماڭ...

— سىز مەنىدىـن خېلـى ئىشـلارنـى يوشـۇرۇپ كەپسـىز، — ئادىل ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى، — ناھىيىدىمۇ خېلى ئىشلارنى قىپتىكەنسىزغۇ؟

ئامانگۈلنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى، ئۇ تىترىگەن ھالدا:

— نېمە ئىشنى؟ — دەپ سورىدى.

— ئېسىڭىزدىن چىقىپ قالدىمۇ؟... مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سەمەت دېگەن ئادەمنى تونۇيدىغانسىز؟... ئېسىڭىزگە كەلدىمۇ؟... ئۇ ئادەم ماڭا سىزنىڭ مەكتەپكە قانداق ئۆتكەنلىكىڭىزنى دەپ بەردى... سىز سەھرالىق بولغان بىلەن بوش قىز ئەمەسكەنسىز، سىزدە ئار ـ نومۇس دېگەن يوق ئىكەن...

ئامانگۈلنىڭ يۈرىكى سىرقىراپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. پۈتۈن ئەزايىغا تىترەك ئولاشتى. ئۇ ئادىلنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمىدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، يۈگۈرگىنىچە تالاغا چىقتى، ئۇنىڭ دېمى سىقىلاتتى. نېمىدۇر يۈرىكىنى مۇجۇيتتى. كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ياتاققا قانداق

كەلگەنلىكىنى ئۇقمىدى، ھېلىمۇ ياخشى ياتاقتا ھېچكىم يوق ئىكەن، ئۇ ئادىلەنىڭ كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئادىلىنىڭ سۆرۈن چىرايى، دېگەن سۆزلىرى كەلدى ـ ھە، ئەلەم، خورلۇق دەستىدىن ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى...

قىزلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ كارىدوردا پەيدا بولۇشى ئۇنى يىغىدىن توختاتتى. ئۇ ئىتتىك قوپۇپ كۆز يېشىنى سۈرتتى ـ ھە، سىرتقا ماڭدى. ئۇ قىزلارغا كۆرۈنمەسلىكنى ئويلىدى. ئۇ مەكتەپ بېغىغا چىقتى. قاراڭغۇلۇقتا چۆمگەن باغ ئىچى شۇنداق سالقىن، نەم ئىدى. ئامانگۈل ھېچكىمگە كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن، قويۇق ئاكاتسىيە ئارىسىدىكى ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇردى.

ئامانگۈل ئۈچۈن ئۇنىڭ كەلگۈسى خۇددى مۇشۇ كېچىدەك قاراڭغۇ تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ تېخى ئەتىگەنلا خاتىرجەم، خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆزى چىن دىلىدىن سۆيگەن يىگىتى بار ئىدى. ھازىر بولسا ئۇ ھەممىدىن ئايرىلدى، بۇلار خۇددى بىر چۈشتەك غايىب بولدى، ئۇنىڭغا يەنە ئەلەم، يىغا ھەمراھ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئېسىگە ئاپىسىنىڭ كىچىك چېغىدا دېگەن گەپلىرى كەلدى. ئاپىسى ئۇنىڭ دۇمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— بالام، ئەجەبمۇ مەڭ جىققۇ سەندە، كونىلارغۇ مەڭلىك ئادەم تەلەيلىك بولىدۇ دەيدىكەن، ئىلاھىم سېنىڭمۇ بەختىڭنى بېرەر. بىز تارتقان كۈنلەرنى كۆرمەسسەن بالام، — دەيتتى. ئانىسىنىڭ بۇ سۆزى ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىگە بەك ئورناپ كېتىپتىكەن، ئۇنى ھەر بىر ئەسلىسە كۆڭلى ئىشەنچكە تولاتتى، ئۇمۇ ئانىسى دېگەندەك ئامەتلىك بولۇپ چوڭ بولغانىدى. ئوتتۇرا مەكتەپنى ياخشى تۈگەتتى. ئىمتىھاندىن ئۆتەلىشىگىمۇ ئىشەنچىسى كامىل ئىدى. پەقەت ئاشۇ جۇيجاڭ... ئۇ قاچان شۇنىڭغا يولۇقتى، شۇنىڭدىن كېيىنلا تەلەي قاچتى. ئۇنى پالاكەت باستى. ئامانگۈل باشتا بۇ ئىشقا ئۇنچىۋالا ئۆكۈنۈپ كەتمىگەن، بۇنى داغ

بولۇپ قالار دەپ ئويلىمىغانىدى. لېكىن ئۇ خاتا قىلغانىكەن، مانا شۇنچە يىراقلارغا كېتىپمۇ، بۇ پېشكەلدىن قۇتۇلالمىدى. شۇنچە يىللار ئۆتۈپمۇ ئۇ ھەر قەدەمدە ئۇنىڭ نومۇسىنى تۆكمەكتە، زار ـ زار يىغلاتماقتا. ياق، ئۇ بۇ داغنى يۇيۇپ يوقىتالمىغۇدەك، ئۇ ئۆمۈرۋايەتلىك چىقماس تامغا بولۇپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ تەقدىرگە تەن بەرسە بولغۇدەك، ئامانگۈل شۇ تاپتا بىر قىز ئۈچۈن قىزلىق نومۇسىنى، نامىنى ساقلاشنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ يەتتى. كاشكى بالدۇرراق بىلگەن بولسىمۇ... ئەمما جەمئىيەتتە ھەممىلا ئادەم نومۇس، ۋىجدان بىلەنلا ياشاۋاتمايدۇغۇ. ئادىلەچۇ؟ ئۇ ھەممىنى قايرىپ قويۇپ خالىغىنىچە ئويناپ يۈرۈۋاتىدۇ، ھەسرەت چەكمەيدۇ، ھەممە خاپىلىقنى كەينىگە تاشلىيالايدۇ، ئۇ «بىر كۈن بولسىمۇ ئويناپ ـ كۈلۈۋالغىنىڭ غەنىيمەت، ھازىر پاك مۇھەببەت، ئۆمۈرلۈك دېگەن گەپلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، ھەممىسى ساختا گەپلەر. تېخى شۇنداق ئۇلۇغ گەپلەرنى قىلىدىغانلارنىڭ ئۆزى ئەڭ بۇزۇق، ھەممە كوچىدا بار نېمىلەر» دەيدۇ، تازا ئويلاپ قارىساڭ ئۇنىڭ دېگەنلىرىمۇ توغرا، ئامانگۈل مانا ئۇرۇمچىگە كەلگەن تۆت يىلدىن بۇيان ئۇنداق ئىشلارنى جىق كۆردى. مۇشۇ مەكتەپتىلا ئادەتتە قىزلار ھەۋەس قىلىدىغان ئائىلىلەر تۇيۇقسىزلا بۇزۇلۇپ ئايرىلىشىپ كەتتى. ھېچكىم ئۇلارنى ئۇنداق قىلار دەپ ئويلىمايتتى. ئامانگۈلمۇ ئادىلنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەن، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلغانىدى. ئادىلمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلاتتى، مانا ئاخىر نېمە بولدى؟ ئامانگۈلنى ئىككى يىل ئەخمەق قىلىپ ئۇنىڭغا يەتكۈدەك قېنىۋېلىپ ئاخىر ئەسكى چاپاننى چۆرۈگەندەك تاشلىدى، يەنە ئۇنى ئاز دېگەندەك ھاقارەت قىلدى. ئەمدى ئامانگۈل كىمگە ئىشىنىدۇ؟ ئۇنىڭ پېشانىسىدە ئاشۇ تامغا بار ئىكەن، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتمايدۇ، يەنە ئۇنى ئالدايدۇ، ھەسرەتتە

قويدۇ... قۇرۇپ كەتسۇن!
بىرلىرىنىڭ باغدا ماڭغان تىۋىشى ئۇنى خىيالدىن سەگىت-تى. بىر جۇپ قىز - يىگىت ئۇنىڭدىن سەل نېرىراقتىكى ئورۇن-دۇققا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.
— نېمە بولدىڭىز؟ — يىگىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.
— شۇ سوئالنى ئۆزىڭىزگە بىر قويۇپ بېقىڭە، — قىز تىترىگەن هالدا سۆزلىدى، — مېنى ئەخمەق قىلاي دەمسىز ئەمدى؟
— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز؟
— بار گەپنى دەۋاتىمەن، ئەمىسە ئۇ پاسكىنىدىن ئايرىلغى-ڭىز كەلمەيلا قالدىغۇ؟
— بىردەم پاراڭلاشقانغا نېمە بوپتۇ؟ شۇنىڭغىمۇ تارلىق قىلامسىز؟
— سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىنى بىلمەيدۇ دېمەڭ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى مۇشۇ يەرلىك، سىز شۇنىڭ بىلەن يۇرۇپ شەهەردە قالماقچى بولۇۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟
— ۋاي - ۋۇي، سىز نەلەرگە كەتتىڭىز، — يىگىت كۇلدى.
— مەن سىزگە ئېيتىپ قوياي، ئەگەر مەندىن يۇز ئۆرۈيمەن دېسىڭىز مەن ئۆلۈپ بېرىمەن...
— مېنى شۇنچىۋالا ۋىجدانسىز چاغلامسىز؟ — يىگىت ئۇنى ئۆزىگە تارتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن قىزنىڭ مىچىلداپ يىغلىغىنى، ئارقىدىن سۆيۇشكەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئامانگۇل ئاستا ئورنىدىن قوپۇپ ئۇلارغا بىلىندۇرمەي دەرەخ ئارىسىدىن چىقتى. ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ ئەسكى بولدى. «بىچارە قىز، — دەپ ئويلىدى ئۇ ياتاققا كېتىۋېتىپ، — ئەنە، بىردەمدىلا ئېرىدى، يەنە ئالدان-دى. ئۇمۇ ئەتە - ئۆگۈن مېنىڭدەك بولىدىغان بولدى، نېمانچىلا بوزەك، ئاجىز يارىتىلىپ قالغاندىمىز؟ مۇشۇنداق ئازاب چېكىپلا

ئۆتەرمىزمۇ؟»

ئەتىسى چۈشتە ئادىلە ئۆيىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئامانگۈل-نىڭ يىغىدىن ئىششىغان قاپىقىغا، سولغۇن چىرايىغا قاراپ ئە-جەبلەندى.

— نېمە بولـدى؟ — دېدى ئـۇ ئـامانگۈلنىڭ يېنىغا كې-لىپ، — ئادىل بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالدىڭلارمۇ؟

دوستىنىڭ سوئالى ئۇنىڭ ئاران تىنچىغان دىلىغا باشقىدىن ئوت سالدى. كۆڭلى بۇزۇلدى، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ ئاخشام بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇ گەپ بىر باھانە دېگىنە، — دېدى ئادىلە ئاچچىقى بىلەن، — ئەسلىدە ئۇنىڭ نەزىرى ئۆسۈپ قالغان گەپ، سېنىڭ رەسىملىرىڭنى سىزىپ نام چىقىرىۋالدى. ۋاي ئادىل بولۇپ قال-دى. ئەر كىشىچۇ، ئازراقلا نام - ئاتاقتا ئېرىشسىلا ئۆزگىرىدۇ، مەن ئۆتكەندە ئادىل مۇكاپاتقا ئېرىشىپتۇ دېگىنىڭدىلا ئىش چاتاق دېگەنىدىم. ئويلىغىنىمدەك بولدى... بولدى ئاداش يىغلىما! مەن شۇڭا يىگىتلەرگە ئىشەنمەيمەن ئەمەسمۇ؟! ئادىل دېگەنلەر شە-ھەردە قاقۋاش بولۇپ كەتكەن نېمىلەر ئۇ، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنى ئۇپراتقۇچىلىك ئىش ئەمەس، يىگىت دېگەن يالغۇز ئادىللا ئە-مەس، سەن بۇ چىرايىڭ بىلەن نى - نى يىگىتلەرنى ئالدىڭدا ئۆمىلىتىسەن...

## 12

ئامانگۈلگە ئادىل بىلەن تونۇشقاندىن كېيىنكى يىللار ئانچە بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئادىل بىلەن بىللە بولغان بىر نەچچە سائەتنى بىرەر ھەپتىگىچە، يىگىدىن كۆرۈشكىچە لەززەت-لىك بىر ھاياجان بىلەن ئەسلەيتتى، ئەمدى بولسا كۈنلەر شۇنداق زېرىكەرلىك، مەنىسىز، ھەر بىر كۈن خۇددى بىر يىلدەك ئۆزۈن

تۆيۆلىدىغان بولدى، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەش بولسا تېخىمۇ ئېغىر، خۇددى يارا ئۈستىگە تۇز سەپكەندەك يۈرەكنى ئېچىشتۇ- رۇپ، دىلنى ئازابلايدۇ. ئۇنىڭ تەلىيىگە ئىمتىھانلار يېقىنلاپ جىددىيچىلىكتە بۇ غەملەر ئازراق ئۇنتۇلغاندەك بولدى. ئامانگۈل ئۇ خاتىرىلەرنى ئويلىماسلىققا، ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشىپ كۆر- دى. ئۇنىڭ ھالىغا يەنىلا ئادىلە يەتتى.

— بولدى، تولا ئويلاۋەرمە ئاداش، — دېدى ئۇ، — يىگىت دېگەن تېپىلماسنىڭ خورمىسى ئەمەس، ھازىرقى چاغدىچۇ، يە- گىتلەرگە ئۇنچىۋالا ئەقىدە قىلىپ كەتكۈچىلىكى يوق، بولسا تېخى كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ باشقىسى بىلەن يۈرسەڭ ئاندىن قەدرىڭگە يېتىدۇ. كەينىڭدىن كۈرسىغا كىرگەن ئىتتەك سوكۇل- دايدۇ، ئۇلارنىڭ شۇنداق ئەدىپىنى بەرسە بولىدۇ. ھە، راست تەتىلدە قانداق قىلىسەن، ئۆيگە بارامسەن؟

ئامانگۈل بىر دەم ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— قانداق قىلسام بولاركىن، — دېدى.

— شۇ سەھرادا يالغۇز نېمە قىلارسەن؟ يەنە بارساڭ يەنە شۇ يېزا···، — ئادىلەنىڭ ئېسىگە نېمىدۇر كەلگەندەك چىرايى جىددىيلەشتى، — ھەي، ئىچكىرىگە بېرىپ ئويناپ كېلەم- دۇق - يا؟

ئامانگۈل ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— ئىچكىرىگە؟

— ھەئە···

— ئۇ يەرگە نېمىدەپ بارىمىز؟ يا بىرىنى تونۇمىساق؟

— ئۇنىڭدىن غەم قىلما، — ئادىلە ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ پىچىرلىدى، — تۇرغانلار يېقىندا شاڭخەيگە مالغا بارىدىكەن، ماڭا «بارامسىز، بىللە ئويناپ كېلىڭ» دېگەنىدى، مەن يالغۇز قانداق قىلارمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدىكىلەرگە نېمە دەرمەن، دەپ بېشىم قېتىپ تۇراتتىم.

— بىزنىڭكىگە بارىمەن دېسەڭ بولىدۇغۇ.

— ھە، راست، مەن دۆتنىڭ ئېسىگە نېمىشقا شۇ گەپ كەلمىگەندۇ، ھەـە، ئۇلار كەينىمدىن بېرىپ ئېنىقلاپ يۈرەمەتى؟ — ئادىلە خۇشاللىقتىن چاۋاك چېلىۋەتتى.

— مەنچۇ، ئۆيدىكىلەرگە نېمە دەيمەن؟

— ساڭا ئاسانغۇ، — ئادىلە سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ دېدى، — مەسىلەن، تەتىلدە ئىنگلىزچىمۇ ياكى تۈركچىمۇ ئىشقىلىپ بىر كۇرستا ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدىم دېسەڭ بولىۋېرىدۇ، قانداق، ئەمىسە شۇنداق قىلامدۇق؟

ئادىلەنىڭ تەكلىپى ئامانگۈلنى قىزىقتۇرۇپ قالدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭغا يېزىدا نېمە بار؟ يالغۇزچىلىقتا ئۆتكەن ئىشلارنى تولا ئويلاپ ئۆزىنى قىينايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئايلىنىپ شەھەر كۆرۈپ كەلسە ياخشى ئەمەسمۇ؟... كېيىن بۇنداق پۇرسەت بولادۇ، يوق، كىم بىلىدۇ؟

— مەيلى، — دېدى ئۇ ئاخىر.

ئادىلە خۇشال بولۇپ ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيدى:

— سەن مېنىڭ ھەقىقىي دوستۇم جۇمۇ... ئەمىسە مەن بۈگۈنلا تۇرغانغا خەۋەر قىلىمەن، ئاندىن ئىككىمىز بېرىپ بىزنىڭ ئۆيدىكى قاقۋاشلارنىڭ بۇرۇتىغا چالما تىزىمىز...

ئامانگۈل ئادىلەنىڭ ئۆگىتىشى بويىچە ئەتىسىلا ئۆيىگە تەتىلدە بارالمايدىغانلىقى توغرۇلۇق خەت يېزىپ سېلىۋەتتى. ئۇ خۇددى ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلدى. ئەمدى ئۇنى ئىچكىرىگە قىلىدىغان سەپىرى، پويىزغا ئولتۇرۇپ مېڭىش، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان يات، سىرلىق دۇنيا قىزىقتۇرۇپ ئەندىكتۇرەتتى، ئۇ تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ بۇ تەۋەككۈلچىلىكىگە ئەندىشىمۇ قىلاتتى، ئۇ ئاشۇ يەرلەردە قانداقتۇر قورقۇنچلۇق قىسمەت كۈتۈپ تۇرغاندەك، بىر ۋەھىمە كۆڭلىدە لىپ قىلىپ پەيدا بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇزلاپ ئىككى تايىن بولاتتى. «تىنچقىنە

ئۆيگە كەتكىنىم تۈزۈكمىكىن، — دەيتتى ئۇنداق چاغلاردا ئۆز - ئۆزىگە، — ئۇ يەرلەرنى بەك قالايمىقان دېيىشىدۇ، ئۆتكەندە مەكتەپتە ياقۇپ مۇئەللىمنىڭ قىزى ئۆيىگە دېمەيلا ئىچكىرىگە قېچىپ كېتىپتىكەن، نەچچە ئاي بوپتۇ، ھازىرغىچە ھېچبىر خەۋىرى يوق دېگەن گەپلەر بولۇنغانىدى، كىم بىلىدۇ... لېكىن ئەمدى بارمايمەن دېسەم ئادىلە نېمە دەپ قالىدۇ، ئۇمۇ قايسى يىلى مېنىڭ كۆڭلۈمنى دەپ يېزىغا باردى. بىچارە بىر ئېغىز زېرىكتىم دېمىدى، ئەمدى ئادىلە بىر لەۋزە قىلغاندا ياق دېسەم ئۇ نېمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ، ئۇ يەرگە يالغۇز كېتىۋاتقىنىم يوقتۇ، ئادىلە بار، شەھەر كۆرۈپ كۆڭلۈمنى ئېچىپ كەلمەيمەنمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تىيىن چىقىم تارتمايمەن...

ئامانگۈل ئاخىر قەتئىي قارارغا كەلدى.

تۇرغان بىلەن شەمشىدىن ۋە ئەركىن دېگەن ئورۇق، ئاق سېرىق يىگىتمۇ بار ئىدى. ئامانگۈل شەمشىدىننى كۆرمىگىلى خېلى ئۇزۇن بولغانىدى. ئامانگۈلنىڭ كۆزىگە ئۇ بۇرۇنقىدىن سەمرىپ، پاكارلاپ قالغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ يول بويى ئامانگۈلدىن بىردەممۇ نېرى بولمىدى. ئۇنىڭغا يولدىكى شەھەرلەرنى، ئۇ يەردىكى مەنزىرىلىك جايلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. گېپىگە قارىغاندا ئۇنىڭ بارمىغان يەرلىرى ئاز ئىدى. ئامانگۈل ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلدى. مانا مۇشۇلارمۇ تۈزۈككىنە ئوقۇمىغان ئادەملەر، لېكىن كۆرمىگەن يېرى يوق ئىكەن، تۇرمۇشى باياشات، ئەجەبمۇ تەلەيلىك ئادەملەر ئىكەن... ماڭا نېمىشقا شۇنداق تەلەي كەلمەيدىغاندۇ؟ بەش يىل ئوقۇپ چىقسام تېخى قايسى جاڭگالغا تەقسىم قىلىنىۋېتىدۇ؟ ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئۆز تۇرمۇشىدىن ئۈمىدسىزلەندى. ئۇنىڭ ئېسىگە ئادىلەنىڭ قايسى كۈنى دېگەن گېپى كەلدى:

«شەمشىدىن ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ قارا، — دېگەنىدى ئادىلە بىر خىل سىرلىق كۈلۈپ، — ئۇ تۇرغانغا ئاشۇ ئامانگۈلنى قانداقمۇ يىگىت ئالار، دېگۈدەك، ساڭا كۆيۈپ قاپتۇ

جۇمۇ!…» ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا شۇ هامان ئادىل كەلدى. شەمشى-دىن بىلەن ئىككىسىنى سىلىشتۇرۇپ كۆردى. ئادىل ئۇنىڭدىن ياش، چىرايلىق ئىدى، ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىمۇ ئامانگۇلنى سۆيۈندۇرەتتى. لېكىن ئامال قانچە، ئۇ ئامانگۇلگە نېسىپ بولمى-دى. لېكىن شەمشىدىنمۇ ئانچە قېرى ئەمەسقۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ پۇلى بار، هازىر پۇلى بارنىڭ يۈزى بار. ئەگەر ئامانگۇل ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتسا تۇرمۇشنىڭ غۇربەتچىلىكىنى تارتماي خېنىملاردەك ئۆتۈشىدە گەپ يوق، يا شۇنداق قىلىپلا خاتىرجەم بولغىنى تۈزۈكمىكىن…، — ئۇ يول بويى شۇلارنى ئويلاپ كەلدى. ئاخىر يەنە بىر يىل ئوقۇشۇم بارغۇ، شەمشىدىنگىمۇ قاراپ باقاي، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى.

ئۇلار تۆتىنچى كۇنى شاڭخەيگە يېتىپ كەلدى. ئامانگۇل بۇ شەهەرنىڭ نامىنى باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا دەرسلىك كى-تابلىرىدىن ئاڭلىغانىدى. مانا هازىر ئۇ شۇ ھەيۋەت شەھەرنىڭ تار، ئادەم بىلەن توشقان كوچىلىرىدا كېلىۋاتىدۇ، ئۇ كوچىنىڭ ئىككى قاسىنىقىدىكى ئاسمانپەلەك، غەلىتە بىنالارغا، چۇمۇلىدەك بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كېتىۋاتقان ھەر خىل ماشىنىلارغا، كوچىدا كالتە ئىشتان، ئىچ مايكا بىلەنلا يۈرۈشكەن كىشىلەرگە هاڭۋاققان، قىزىققان هالدا قارايتتى، ئۇ سىمغا ئېسىلىپ كېتى-ۋاتقان ئاپتوبۇسنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ توختاپ قالدى.

— ترالليبۇس دېگەن شۇ، — دېدى شەمشىدىن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ.

قاياقتا قارىساڭ مىغىلدىغان ئادەم، قايناپ تۇرغان بازار. نېمىدېگەن جىق دۇكان، نېمىدېگەن مال… ئامانگۇلنىڭ دېمى سىقىلىپ كەتكەندەك بولدى. شەمشىدىن بىلەن تۇرغان قىزلارنى بىر كۈن شەھەر ئارىلاتتى. ئۇلار ترالليبۇسقا چۈشتى، تاكسىغى-مۇ ئولتۇردى، خۇاڭپۇجياڭغا بېرىپ پاراخوتقىمۇ چۈشۈپ ئايلان-دى. شۇنچە ئارىلىسىمۇ شەهەرنىڭ چېتى كۆرۈنىدىغاندەك ئەمەس

ئىدى. ئامانگۈلگە بۇ شەھەر تولىمۇ زور تۇيۇلدى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۈرۈمچىنىڭ خۇددى ناھىيە بازىرىدەك كىچىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ خۇددى باشقا بىر ئالەمگە كېلىپ قالغاندەك ھەممىگە قاراپ ئۈلگۈرەلمەيتتى، كۆرگەنلىرى ئۇنىڭغا گويا بىر چۈشتەك بىلىنەتتى.

ئەتىسى شەمشىدىنلەر تۇيۇقسىزلا بىر يەرگە مال ئالغىلى بارىدىغان بولۇپ قېلىشتى. گەپلىرىدىن قارىغاندا ئۇلار تېز بار-مىسا مالنى ھىممىت دېگەن سودىگەر ئالىدىغان بولۇپ، زاۋۇت بىلەن سۆزلىشىپتۇمىش.

— يۇرە ئاداش، —دېدى ئادىلە ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئامانگۇلگە، — ياتاقتا ئولتۇرۇۋېرىمىزمۇ؟ ماگىزىن ئارىلايلى.

ئامانگۈل تۇنۇگۇن دۇكانلارنى تۇزۇككىنە كۆرەلمىگەنىدى، شۇڭا ئۇمۇ رازى بولدى، قىزلار چىرايلىق ياسىنىپ كوچىغا چىقىشتى، ئۇلار بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن چوڭ ـ كىچىك دۇكانلارنىڭ ھەممىسىنى ئالا قويماي ئارىلاشقا باشلىدى. ئادىلە-نىڭ ئەس ـ يادى كىيىملەردە ئىدى. ماللارنىڭ كۆپلۈكى، چى-رايلىقلىقىدىن قىزلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنايتتى، ھەممىدىن ئادىلەنى شاڭخەينىڭ خۇرۇمدىن تىكىلگەن كىيىملىرى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ پاسونىمۇ خىلمۇ خىل ئىدى.

— دىققەت قىلدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ ئامانگۇلگە ئارىلاپ كۆرۈ-ۋېتىپ، — بۇ يىل شاڭخەيدە مۇشۇ كىيىملەر مودا بوپتۇ، ئۈرۈمچىگە تېخى بارغۇدەك بولمىدى. بىردىن كىيىپ كەت-مەيمىزمۇ؟

ئامانگۈل ئۇنىڭ باھاسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— پۇلىمۇ بار ئىكەن ئەمەسمۇ، — دېدى ئۇ ئۇمىدسىزلى-نىپ، — نەدىكى پۇلغا ئالىمىز؟

— ئەخمەق، ئاۋۇ بايلارغا ئالدۇرىمىز، بىكارغا ئەكەلدىمۇ بىزنى.

ئۇلار ماگىزىن ئارىلاپ يۈرۈپ چۈش بولغانلىقىنى ئۇقماي قالدى. قورساقمۇ ئاچقانىدى. ئاخىر ئۇلار ئىشىكىگە «مۇسۇلمان» دېگەن تاختا ئېسىلغان بىر ئاشخانىغا كىردى. ئاشخانىدا بىر نەچچىلا ئۈستەل بولۇپ تۆردىكى ئۈستەلدە بىر نەچچە ئۇيغۇر يىگىت تاماق يەپ، پىۋا ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. ئاشخانىغا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا چىرايلىق ئىككى ئۇيغۇر قىزىنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا قاراشتى. يىگىتلەرنىڭ كۈچتىن قىزارغان كۆزلىرى ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلەتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە كۆز قىسىشىپ، نېمىلەرنىدۇر دېيىشەتتى. قىزلار ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن يىگىتلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئېگىز بويلۇق، ئات يۈز بىرى قوپۇپ قىزلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ياخشىمۇ سىزلەر، — دېدى ئۇ ئەدەپ بىلەن جىلمىيىپ، ئۇنىڭ قىزارغان كۆزلىرى قىزلارنىڭ كۆزىگە قادالدى.

— ياخشىمۇ سىز، — دېدى ئادىلە ئۇنىڭغا جاۋابەن تەبەسسۇم بىلەن.

— ھەرقاچان شىنجاڭدىن كەلدىڭلارغۇ دەيمەن، بۇ يەردە كۆرگەندەك ئەمەسسىزغۇ؟

— ھەئە.

— نېمە تاماق يەيسىلەر؟

ئادىلە قانداق قىلىمىز دېگەندەك ئامانگۈلگە قارىدى.

— نېمە تامىقى باركىن؟

يىگىت تاڭجاڭنى چاقىرىپ قىزلار چۈشەنمەيدىغان بىر مۇنچە تاماق، سەيلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بۇيرۇدى.

— سىلەر قانداق كېلىپ قالدىڭلار؟ — سورىدى ھېلىقى يىگىت تاماقنى بۇيرۇپ بولۇپ.

— شەمشىدىن، تۇرغانلار بىلەن بىللە كەلگەن.

يىگىتنىڭ قاشلىرى كېرىلدى.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە.
— سىلەر تونۇشامسىلەر؟
— نېمىشقا تونۇشمايمىز، بىز يېقىن ئاغىنىلەر، ئۇلار ئۆز-
لىرى قېنى؟
— مال ئۇقۇشىمىز دېيىشىپ بىر يەرگە كېتىشتى.
— سىلەردىن ئوقەتنى ئەتىۋار كۆرۈپتۇ-دە، — يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى، — بوپتۇ، ئۇلار كەلگۈچە بىز سىلەرنى ئوينىتايلى. مېنىڭ ئىسمىم ھىممەت، قەيەرگە چۈشتۈڭلار؟

ئادىلە مېھمانخانىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى. ئامانگۈلنىڭ كۆڭلىنى ئەنسىزلىك باستى. ئۇنىڭغىچە نېرىقى ئۈستەلدىكىلەرمۇ بۇلارنىڭ قېشىغا كېلىشتى، ھايال ئۆتمەي ئۈستەلدە پىۋا، ھاراق-لار پەيدا بولدى. تاماق يېيىش ئولتۇرۇشقا ئايلاندى. ئادىلە بىر دەمدىلا ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ، كونا قەدىناسلاردەك بولۇپ كەتتى. ئامانگۈل بولسا ئىچىملىككە لېۋىنى تەگكۈزۈپ قويۇپلا ئىچمىدى. «بۇلار قانداق ئادەملەر كىم بىلىدۇ، ئېھتىيات قىلاي-لى» دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە. يىگىتلەر قىزلارنى قاتتىق مېھمان قىلىشتى. كەچقۇرۇن بولغاندا ئۇلارنى مېھمانخانىغىچە ئەكېلىپ قويۇشتى.

— كۆرۈشۈپ تۇرايلى، — دېدى ھېلىقى ئات يۈزلۈك يى-گىت، — بىز شەمشىدىنلەردەك سىلەرنى ياتاققا سولاپ قويماي-مىز. ئۇ ئاداشقا سودا بولسىلا بولدى...

شەمشىدىنلەر ئۈچىنچى كۈنى كەچتە پەيدا بولۇشتى. تۇرقى-دىن سودىسى قاملاشقان بولسا كېرەك، ھەر ئىككىسىنىڭ كەيپى خۇش ئىدى، ئۇلارنىڭ گېپىچە مال بىلەن قوشۇپ ھېلىقى ئەر-كىن دېگەن يىگىتنىمۇ شىنجاڭغا يولغا سېلىۋېتىپ كەپتۇ.

— قانداق، زېرىكمىگەنسىلەر؟ — دېدى شەمشىدىن يانچۇ-قىدىن «مارلىبورد» ماركىلىق تاماكىنى ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ تۇ-رۇپ، — تۇرغان ئىككىمىز سىلەرنى شاڭخەينىڭ يىگىتلىرى

ئوينتىپ كەتتىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ بىر بولدۇق.

— نەدىكى ئويۇن بولسۇن، — ئادىلە قىيىدىدى، — بىز شىنجاڭدىن ياتاق باققىلى كەپتىكەنمىز، ئادەمنى تاشلىۋېتىپ...

شەمشىدىن ئامانگۇلگە قاراپ خىجالەت بولغاندەك ھىجايدى.

— خاپا بولماڭلار، مانا ئەمدى قولىمىز بوشىدى، مالنىمۇ سېلىۋەتتۇق، ئەمدى خاتىرجەم ئوينايمىز ـ ھە، تۇرغان؟

— چاتاق يوق...

— راستمۇ؟ — ئادىلە خۇشال بولۇپ سەكرىدى، — شۇنداق ئاسانلا پۈتتىمۇ؟

— ئوقەت دېگەن شۇنداق ئىش، — دېدى شەمشىدىن چېچەـنى سىلاپ قويۇپ دېدى، — توغرا كېلىپ قالغاندا بىرەر سائەتـنىڭ ئىچىدىلا ئوتتۇز — قىرىق مىڭ سوملۇق مالنى قولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ، كەلمەي قالسا ئايلاپ ـ يىللاپ سوكۇلدىغان بىلەن بىكار، بۇ دورەم شۇنداق جايىدا كېلىپ قالدى، ئۆزىمىزمۇ نەق تۆپىدىن چۈشۈپتىكەنمىز، ھىممەت تايغان بۇگۈنلەردە بارغان بولسا نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىكىن؟ — شەمشىدىن تۇرغانغا قاراپ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

— ئۇنىڭ نەچچە كۈنكىچە گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدۇ ئەمدى...

— ئۇنداقتا بىزنىڭ ئايىغىمىز يارىشىپتۇ ـ دە، ئاداش، — ئادىلە قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئامانگۇلنى نوقۇدى.

— راست، راست، ئايىغىڭلار ياراشتى، سىلەرنى ئوبدان رازى قىلىمىز، قانداق، ماگىزىنلارنى كۆرۈپ باقتىڭلارمۇ؟

— كۆرمەيچۇ، كىيىملەرنىمۇ كۆرۈپ قويدۇق، — ئادىلە ناز بىلەن ئەركىلىدى.

— چاتاق يوق.

— يەنە ماگىزىنغا بارغاندا يېنىمىزۋالمىسىڭىز بولاتتىغۇ، پۇل دېگەن يامان تاتلىق نېمە.

شەمشىدىن جىلمىيىپ تۇرغان ئامانگۇلگە بىر قاراپ قويۇپ كۈلدى.

— ئادىلە، بىزنى شۇنچىلىك چاغلامسىز؟ بولدى، بۇ قىز-تىمقى پايدىنىڭ تېگى سىلەرنىڭكى.

— گېپىڭىز گەپ ئەمەسمۇ - ھە؟

— چاتاق يوق...

ئەتىسى ئۇلار ماگىزىن ئارىلىدى. ئادىلە شەمشىدىنلەرنى خۇرۇم كىيىملەر بار ماگىزىنغا باشلاپ كىرىپ تونۇگۇن كۆرگەن كىيىمنى ئالغۇزدى. ئۇ ئامانگۇلنى ئاستا چىمدىپ كىيىمنى شە-رەت قىلدى. لېكىن ئامانگۇل نېمىشقىدۇر تارتىنىپ قالدى. شەمشىدىن ئامانگۇلدىن سورىدى:

— سىزچۇ؟ خۇشىڭىز يوقمۇ - يە؟

— بەك قىممەتكەن.

شەمشىدىن كۈلۈپ قويدى - دە، مال ساتقۇچىغا يەنە بىرنى ئالغۇزدى. قىزلار كىيىپ ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈپ بېقىشتى.

— ۋاھ، سىزنىڭلا ئىكەن، — دېدى تۇرغان ئادىلەنىڭ يېنىغا كېلىپ، — مۇشۇ تاپتا چەت ئەللىكنىڭ ئۆزىلا بولدىڭىز، قالتىس ياراشتى...

شەمشىدىنمۇ ئامانگۇلنىڭ قامىتىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيلا قال-دى. كەچقۇرۇن ئۇلار ئىككى سومكىدا كىيىم - كېچەكنى ئې-لىپ ياتاققا قايتىپ كەلدى. ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە شەمشىدىن تۇرغاننى چاقىرىپ قولىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى، تۇرغان بېشىنى ئېغىتتى - دە، يېنىپ كوچىغا ماڭدى.

— تۇرغاننى نەگە ئەۋەتتىڭىز؟ — ئادىلە شەمشىدىندىن سورىدى.

— ھە، ھازىرلا كېلىدۇ، تاماكا بىر نەرسىلەر...، — ئۇ ئادىلەگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى.

— كەچتە تانسىغا ئاپىرىپ كەلسەڭلارمۇ بوپتىكەن، شاڭخەيـ
نىڭ تانسىسىنىمۇ كۆرۈپ باقايلى، — ئادىلە ياتاققا كىرگەندە
شەمشىدىنگە دېدى.
— ئۇمۇ بولىدۇ، خالىساڭلار سۇجۇغىمۇ بېرىپ ئويناپ
كېلىمىز، يىراق ئەمەس.
— شۇنداق قىلايلى، — ئامانگۈل خۇشال بولدى، — بۇ
شاڭخەي بەك ئىسسىق ئىكەن.
— سۇجۇ خېلى سالقىن، — دېدى شەمشىدىن ئامانگۈلنى
قۇۋۋەتلەپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئۇ يەردە مال ئۇقۇشىدىـ
غان ئىشىمىزمۇ بار.
— سىلەر ھۆكۈمەتنىڭ زاۋۇتىدىن ئالامسىلەر؟ — ئامانگۈل
قىزىقىپ سورىدى.
— ھەئە، ھازىر ئىشنىڭ كارى ماۋۇ، — شەمشىدىن قولىدا
پۇل سانىغاندەك ئىشارەت قىلدى، — ھازىر بەزى زاۋۇتلار مېلىـ
مىز بېسىلىپ قالمىسۇن دەپ، ئىشلىگەن نەرسىلىرىنى ئوـ
قەتچى ـ سودىگەرلەرگە ئۆتكۈزىدۇ، ئۇنداق بولۇشى ھۆكۈمەتنىڭ
سودا ئورۇنلىرى مالنى ۋاقتىدا ئالمايدۇ. ئالسىمۇ ئەرزان ئالىـ
دۇ، بىز بىرەر تىيىندىن بولسىمۇ پايدا بەرسەك ئەلۋەتتە بىزگە
بېرىدۇ، ھەممەيلەنگەن پۇل كېرەك ـ دە....
شۇ ئەسنادا يوغان سۇلياۋ سومكىدا لىققىدە نەرسىلەرنى
كۆتۈرۈپ تۇرغان كىردى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىدىن تەر
قۇيۇلاتتى.
— ياللا، بۇ كۈن نېمانچە قىزىپ كەتكەندۇ؟ — ئۇ
يۈز ـ كۆزلىرىنى ئېرتىپ تۇرۇپ سومكىسىدىكى نەرسىلەرنى —
پىششىق توخۇ گۆشى، سامسا، ھەر خىل مېۋە ۋە بىر نەچچە
بوتۇلكا هاراق، پىۋىلارنى ئۈستەلگە ئالدى.
— ۋاي ـ ۋۇي، نېمانچە جىق ئېلىۋەتتىڭىز، مېھمان چاقىـ
رامسىلەر نېمە؟ — دېدى ئادىلە ھەيران بولۇپ.

— مېھمان دېگەن سىلەر، بۈگۈن بىردەم ھاردۇق چىقىرايلى...

ئىككى قىز، ئىككى يىگىت ئولتۇرۇشنى باشلىۋەتتى. شەمشىدىن دەسلەپكى قەدەھنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— قېنى ئەمىسە، نەچچە كۈندىن ئىش بىلەن بولۇپ سىلەرنى ئوينىتالمىدۇق، ئەمدى بۈنىڭدىن كېيىنكى ئويۇن - تاماشىمىزنىڭ جايىدا، كۆڭۈللۈك بولۇشى ئۈچۈن بىردىن كۆتۈرۈۋېتەيلى!

تۇرغان قىزلارغىمۇ ئۆزۈم ھارىقىدىن قۇيۇپ تۇتتى، ئامانگۈل ئىككى تايىن بولۇپ ئادىلەگە قارىۋىدى، ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ رومكىنى ئالدى.

— ئامانگۈل! — دېدى شەمشىدىن ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ، — بۈگۈن بىزنىڭ رايىمىزنى ياندۇرماڭ، كۆڭۈللۈك ئولتۇرايلى، ئېلىڭە!

— ئالە ئاداش! — دېدى ئادىلەمۇ، — بۇ يەردە بىزنى كىم كۆرۈپتۇ، ئورۇمچىگە بارغاندا ئىچمەيمىز.

ئامانگۈل ئامالسىز قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە نەچچە خىل خىيال كەلدى. «ئەمدى بۇنچىلىك يەرگە يەتكەنىكەن، نېمە بولسا بولمامدۇ، ئوينىغىلى كەلگەندىكىن بۇلارنىڭ رايىنى ياندۇرماي» دېدى ئاخىر ئۆز - ئۆزىگە ۋە رومكىنى قولىغا ئالدى.

ئولتۇرۇش تازا قىزىۋاتاتتى، ئىشىك ئەنسىز چېكىلدى ۋە ئىجازەتنىمۇ كۈتمەي ياتاققا ھىممەت تايغان بىلەن قايسى كۈنى تاماقخانىدا بىللە بولغان سېمىز يىگىت كىرىپ كەلدى، بۇ تۇيۇقسىز كىرگەن مېھمانلارنى كۆرۈپ شەمشىدىننىڭ چىرايى شۇ ھامان ئۆڭدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — ھىممەت مىيىقىدا كۈلگىنىچە ئۈن قاتتى، — ۋاھ، تازا پەيزىنىڭ ئۈستىگىلا كەپتۇق جۇمۇ، ئوسمان، — ئۇ يېنىدىكى سېمىز يىگىتكە قاراپ كۆزىنى قىسىپ

قويدى ۋە تېگىرقاپ تۇرۇشقان شەمشىدىن بىلەن تۇرغانغا چاقچاق قىلدى، — مېھماننى كېلىڭلار دېمەيسىلەرغۇ، پەيزىڭلارنى ئۇچۇرۇۋەتتۇقمۇ - يە؟

— ئولتۇرۇڭلار، — دېدى شەمشىدىن سالقىن ھالدا.

ھىمىت ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردى - دە، رەڭگىرويى ئوبدانلا قىزارغان ئادىلە بىلەن ئامانگۈلگە قاراپ ھىجايدى.

— ئەھۋالىڭلار ياخشىمۇ، قىزلار؟ ئاشخانىغا بارماس بولۇپ كەتتىڭلارغۇ؟ — دېدى ئۇ.

شەمشىدىنلەرنىڭ كەلگەنلەر بىلەن خۇشى يوقلۇقىنى تۇيۇپ ئادىلە خۇشياقمىغاندەك جاۋاب بەردى:

— ۋاقتىمىز بولمىدى.

— شۇنداقمۇ؟ شەمشىدىنلەر زېرىكتۇرمەپتۇ - دە؟

— ئەلۋەتتە...

شەمشىدىن بىلەن تۇرغان ئەجەبلەنگەن ھالدا قىزلارغا قاراپ قويدى. قىزلارنىڭ سالقىن پوزىتسىيىسىگە قاراپ ھىمىتمۇ ئوشۇقچە گەپ قىلمىدى، ئۇ تۇرغان تۇتقان ھاراقنىمۇ ئىچمىدى، يانچۇقىدىن تاماكىنى ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق بىر شورىغاندىن كېيىن شەمشىدىنگە قاراپ توساتتىنلا قوپاللىق بىلەن دېدى:

— شەمشىدىن، مەن پۇتۇشۇپ قويغان مالنى ئەكېتىپسىلەر، نېمە قىلغان ئىشىڭلار بۇ؟

— نېمە مال؟ — شەمشىدىن ئۇقماسقا سالدى، — بىز شاگخەيگە ئەمدىلا كەلدۇق، تېخى ھېچ يەرگە چىققۇدەك بولمىدۇق جۇمۇ.

— خۇپسەنلىك قىلما، بۇ قىلىقىڭ ئىنساپلىق ئىش بولمىدى...

— سەن بەك گۇمانخور بولۇپ كېتىپسەن، — شەمشىدىن ئۇنى سىلكىدى، — مېنى سەن ئوبدان بىلىسەن، مەن سېنىڭ رىزقىڭغا قول سوزمىسامىمۇ شاگخەيدە چۆپقىتىم يېتىپ ئاشىدۇ،

ئەگەر لازىم بولسا بولدى مالنى مەن تېپىپ بېرەي ساڭا.
ھىمىتقا بۇ گەپ ھار كەلدى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.
— شەمشىدىن، — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ، — مەن سېنى خېلى ئوغۇل بالا دەپ يۈرەتتىم، بۇ قېتىم كۆرۈپ قويدۇم، خەير، بۈگۈن ۋاقتى ئەمەس، بىز كېيىن سۆزلىشەيلى، يۈرە، ئوسمان!
ئۇلار قوپۇپ ماڭدى، ئىشىككە بارغاندا ئۇ قايرىلىپ:
— بۇ ئۆتنە جاھان جۇمۇ، شەمشىدىن، بىلىپ قوي، —دېدى ئاچچىقى بىلەن ۋە ئىشىكنى زەردە بىلەن يېپىپ چىقىپ كەتتى.
بىر ئوبدان كەيپىياتنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن ھەممىنىڭ كۆڭلى غەش بولدى.
— بىزنىڭ مالغا كەتكەنلىكىمىزنى سىلەر دەپتىكەنسىلەر - دە؟ — دېدى تۇرغان ئادىلەگە خاپا بولۇپ.
— بىز نەدىن بىلەيلى، سورىسا دەپتۇق، — دېدى ئادىلە.
— سىلەر نەدە يۈرۈپ تونۇشۇپ يۈرىسىلەر؟
ئادىلە قايسى كۈنكى ئۇچرىشىشنى سۆزلەپ بەردى.
— بولدى، بولدى، — شەمشىدىن بوتۇلكىنى قولىغا ئالدى، — بۇ گەپنى قويۇپ تاماشىمىزنى قىلايلى، ئامانگۈل! شۇكلا بولۇپ كەتتىڭىزغۇ، قېنى، ماۋۇ بىر نەرسىلەرنى ئېلىڭلار. قۇيە، تۇرغان!...
ھاراق سوۋۇغان كەيپىياتنى ئوڭشىدى. بىردەمدىلا ھەممە كۆڭۈلسىزلىك ئۇنتۇلدى. ئامانگۈلنىڭ ئەزايى قىزىپ چىڭقىلغاندەك، يۈزى ئوت بولۇپ يانغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تانسا ئوينىغۇسى، ناخشا ئېيتقۇسى كېلەتتى.
— ئۇنىئالغۇ بولغان بولسىمۇ، — دېدى ئادىلە. ئۇ قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەنىدى، — تۇرغان! ناخشا ئېيتىڭە، ئامانگۈل

ئۇسسۇل ئويناپ بەرسۇن.

— ھەببەللى، — شەمشىدىن ئورنىدىن قوپۇپ كەتتى، — توۋلا ئاداش!

ئامانگۇل ئادىلەگە قاراپ كۈلۈپ قويدى، تۇرغان گېلىنى قىرىپ قويۇپ ناخشىنى باشلىدى:

ئاتۇشنىڭ يولى تاشلىق،
تاشلىقتا بولۇر ئاشلىق.
ئوينىۋالىلى ياش باللار،
ئۆتۈپ كېتىدۇ ياشلىق.

شەمشىدىن ئۇنىڭغا چاۋاك بىلەن تەڭكەش بولدى. ئادىلە ئامانگۇلنى نوقۇدى:

— قېنى ئامانگۇل! — دېدى ئۇ، — ۋاي خۇدايىم، مەن تارتىنغۇچە تۇرمىغۇدەك بۇ خېنىم.

ئادىلە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇزۇن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئويناشقا باشلىدى. لېكىن ئۇنىڭ پۇتى تانسىغىلا كېتەتتى. ئۇ بىر - ئىككى ئايلىنىپ كېلىپ ئامانگۇلنى تارتتى:

— ئەمدىغۇ بولار، — ئۇ ئامانگۇلنىڭ قولىدىن سۆرەپ ئوتتۇرىغا چىقاردى.

ئامانگۇل ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىدىلا مەكتەپنىڭ سەنئەت ئەترىتىگە قاتناشقانىدى. ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ئۇ بۇ قابىلىيىتىنى ئاشكارىلىمىدى. بىر قېتىم قىزلار ياتاقتا ئۆزئارا ئولتۇرۇشۇپ تاماشا قىلىشقاندا ئۇ ئۇسسۇل ئويناپ ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن سىنىپ ياكى فاكۇلتېتتا بىرەر كۆڭۈل ئېچىش بولسا ئامانگۇلنى ئۇسسۇل ئويناتماي قويمايتتى.

ئامانگۇل ئوتتۇرىغا چۈشكەندىن كېيىن تۇرغان ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ توۋلاشقا باشلىدى:

ئاتۇشنىڭ بازارىغا،
بەش تاغاردا قاق كىردى.
ئۈينىڭ ئالىلى ياش باللار،
ساقاللارغا ئاق كىردى...

ئامانگۈل بېشىنى كەينىگە يېنىك بىر تاشلاپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇنىڭ تال چىۋىقتەك تولغىنىپ ئويناۋاتقانلىقىغا قاراپ شەمشىدىن خۇدىنى يوقىتاي دېدى، ئۇ ئامانگۈلگە يەۋەتكۇدەك تىكىلىپ، چاۋاكنى بولۇشىغا چالاتتى.

— ياشاپ كېتىڭ، ئامانگۈل! — دېدى شەمشىدىن ئامانگۈل جايىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن بىر رومكا ھاراقنى ئۇنىڭغا تۇتۇپ، — مۇشۇنى سىزگە تۇتتۇم...

— شەمشىدىن! — ئادىلە ئەركىلەپ تۇرۇپ دېدى، — ئاچچىق ھاراقنى ئىچىۋېرىمىزمۇ؟ باشقا پەيزىڭىزمۇ باردۇ؟

شەمشىدىن دەرھال چۈشىنىپ قويۇن يانچۇقىدىن سۇلياۋ خالتىغا يۆگەلگەن بىر بولاقچىنى ئالدى.

— مانا، مانا، ئاپئاق قىز، سىلەردىن ئايلانسۇن، — دېدى ئۇ خالتىنى يىرتىپ تۇرۇپ، ئاڭغىچە تۇرغان يانچۇقىدىن پال - پال قەغەزنى ئېلىپ ئۇستەلگە يايدى، شەمشىدىن خالتىدىكى ئۇندەك ئاپئاق نەرسىنى قەغەزنىڭ ئۇستىگە تۆكۈپ، تېگىدىن سەرەڭگە يېقىپ تۇتاشتۇردى. ئاندىن يانچۇقىدىن ئىنچىكە بىر نەيچىنى ئېلىپ ئادىلەگە بەردى. قەغەز كۆيۈپ، ئۇنىڭدىن ياپپېشىل ئىس كۆتۈرۈلدى. ئادىلە نەيچىنى ئاغزىغا سېلىپ ئىسنى ئىچىگە سۈمۈردى. ئاندىن ئۇ نەيچىنى ئامانگۈلگە تۇتتى.

— ئىچىڭگە تارت، — دېدى ئۇ.

— نېمە بۇ؟

— تارتساڭ بىلىسەن، بولە!

ئامانگۈل نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەستىنلا نەيچىنى ئاغزىغا سېلىپ ئىچىگە سۈمۈردى. بۇ شۇ تاپتا خۇددى بىر

تېپىشماق ئويۇندەك ئۇنىڭغا قىزىق تۇيۇلغانىدى.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ئامانگۇل بىلەلمىدى. ئەمدى ئامانگۇلگە ئۆي پىرقىراۋاتقاندەك، ئۆزى بولسا شۇ ئۆي ئىچىدە خۇددى كېپىنەكتەك ئۇچۇپ يۈرگەندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. بىر شېرىن، لەززەتلىك ئېقىم ئۇنىڭ تومۇر-لىرىغا تارقىغاندەك بولۇپ بوشاشتى. ئۆيدىكى نەرسىلەر، ئادىلە، شەمشىدىنلەر خىرە - شىرە كۆرۈنەتتى. ئۇ شەمشىدىننىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى، يېنىغا كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىغانلىقىنى، ئاندىن كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ئاپارغانلىقىنى خۇددى چۈشتەكلا ھېس قىلاتتى. كېيىن ئۇ ھېچ نەرسىنى تۇيمىدى، ئۇ پەقەت تاڭغا يېقىن ئېسىگە كەلدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ ئىچ كۆڭلەك بىلەنلا ياتقانلىقىنى، يېنىدا يېرىم يالىڭاچ بولۇپ شەمشىدىننىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ بېشى تاشنى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر، پۈتۈن ئەزايى لايدەك بوش ئىدى. كۆڭلى ئېلىشىپ ياندۇرغۇسى كېلەتتى. ئۇ ئاخشامقى ئىشلارنى ئەسلەشكە تىرىشىپ باقتى. ئۇ ئويلىغانسېرى بەدىنى تىكەنلىشىپ، كۆڭلى شۇنداق ئەسكى بولۇپ كەتتىكى، لېۋىنى قاتتىق چىشلىگىنىچە ئۈنسىز يىغلىۋەتتى...

كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتۈۋەردى. ئامانگۇلگە بۇ «تاماشا» باشتا ئېغىر كەلگەنىدى، لېكىن ئاستا - ئاستا كۆنۈپ كەتتى. شەمشىدىن ئۇنى خاتىرجەم قىلاتتى.

— ئەگەر سىز رازى بولسىڭىز ئوقۇشىڭىز پۈتۈشىگىلا توي قىلايلى، — دەيتتى ئۇ مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ.

ئامانگۇل خېلىلا خاتىرجەم بولدى. ئۇلار ھەر كۈنى بىرەر رېستوراندا ياكى قەھۋەخانىدا تاماشا قىلاتتى. ئارىلىقتا سۇجۇ، خاڭجۇنىمۇ ساياھەت قىلىپ كەلدى. شەمشىدىن پۇلنى غازاڭدەك خەجلەيتتى. ئامانگۇلنىڭ دېگىنىنى ئېلىپ بېرەتتى. تەتىل ۋاقتى توشۇپ قالدى. بۇ سىرلىق شەھەرنىڭ ئويۇن - تاماشىسىغا

كۆنۈپ قالغان قىزلارنىڭ زادىلا كەتكۈسى يوق ئىدى. ئامال قانچە؟ ئاخىر ئۇلار ئۆگۈنلۈكنىڭ پويىز بېلىتىنى ئېلىپ تەييار-لاپ قويۇپ، بۈگۈن ياتاقتا بىردەم ئولتۇرۇش قىلدى. يەنە شۇ تاتلىق هاراق، لەززەتلىك چېكىملىك...

ئۇلار تازا پەيزى قىلىشىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئىشىك ئەنسىز ئۇرۇلدى. شەمشىدىن بىلەن تۇرغاننىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ چىرايلىرى-دا قان قالمىدى. سىرتتا بىر ئەرنىڭ قەھرلىك ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئىشىكنى ئاچ!...

شەمشىدىن قوپۇپ ئىشىكنى ئاچتى، ئۆيگە ساقچى كىيىمى كىيگەن ئۈچەيلەن كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆزى، يەردىكى پال - پۇل قەغەزگە چۈشتى. ساقچىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك بىرى شەمشىدىننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— يانچۇقۇڭدىكىنى چىقار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

بىردەمنىڭ ئىچىدە هەممە نەرسە ئاستىن - ئۈستۈن بولدى. ساقچىلار ئۇلارنى هويلىدىكى ساقچى ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ ماڭدى. سوئال - سوراق باشلاندى. ئامانگۈل بۇ يەردە ئۇيغۇر ساقچىلارنى كۆرۈپ هەيران بولدى. كېيىن ئۇقتىكى، شاڭخەيدىكى شىنجاڭلىق ئوقەتچىلەرنىڭ ئارىسىدىكى قالايمىقان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭدىن بىر تۈركۈم ساقچىلار كەلگەنىكەن، شەمشىدىنلەرنى بولسا هېلىقى هىممەت تۇتۇپ بېرىپتۇ. ئۇ شۇ ئارقىلىق ئۆچىنى ئالدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇلارنى ساقچىلار نازارەت ئاستىدا ئۈرۈمچىگە ئەكېلىپ ئادىلە بىلەن ئامانگۈلنى مەكتەپ قوغداش بۆلۈمىگە تاپشۇرۇپ بەردى. يەنە تۈگىمەس سوئال - سوراق باشلاندى. تەتىلگە كەت-كەن ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بولغان، دەرسلەر باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئامانگۈل ساۋاقداشلىرىغا كۆرۈنۈشتىنمۇ قېچىپ، ياتاق-تىن چىقمايدىغان بولدى، ئۇنى بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ۋەهىمىگە سالاتتى. ئادىلە بولسا هېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرەتتى، بەزىدە

ئامانگۈلنى بەزلەيتتى:

— قورقۇپمۇ كەتمە، دادام يول مېڭىۋاتىدۇ، ناھايىتى بىر ئاگاھلاندۇرۇش بېرەر، — دەيتتى ئۇ.

لېكىن، ئامانگۈلنىڭ كۆڭلىنى ئۈمىدسىزلىك باسقانىدى.

## 13

ھەممە نەرسە ئارقىدا قالدى، شەھەرنىڭ ئازادە چىرايلىق كوچىلىرى، كۆككە بوي سوزغان بىنالار، دەل - دەرەخلەر ئاستا - ئاستا كۆزدىن غايىب بولدى. ئاپتوبۇس شەھەرنى كەينىگە تاشلاپ تاغ بېغىرلاپ جەنۇبقا سوزۇلغان يولغا چۈشتى - دە، ئۇچقاندەك تېز مېڭىشقا باشلىدى. ماشىنىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇن-دۇقنىڭ دېرىزە يېنىدا ئولتۇرغان قىز دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئېغىر خورسىنىپ قويدى. ئۇ شەھەرنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋال-ماقچى بولغانىدى، لېكىن ئۇلگۈرەلمىدى. «خوش ئۇرۇمچى، خەيرخوش دوستلار! — دېدى ئۇ ئىچىدە، — بىزگە قايتا كۆرۈ-شۇشكە پۇرسەت بولارمۇ؟ ياق، بەلكىم ئەمدى مەڭگۈ كۆرۈشەل-مەسلىكىمىز مۇمكىن، مېنىڭ پېشانەمگە ئەنە شۇ يېزا پۈتۈلگەنىد-كەن، بۇ تەقدىرىمنى قانچە قىلىپمۇ ئۆزگەرتەلمىدىم، ئەمدى ئامالىم يوق... خەير، ئامانگۈلنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار! ...»

ئامانگۈلنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. كۆزىگە لىممىدە ياش ئەگى-دى. ئۇ يېنىدا مۈگدىنىپ، ئۆز خىيالى بىلەن ئولتۇرغان دادى-سىغا كۆز يېشىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن تەتۈر قاراپ، لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى. بىرەر ئايدىن بۇيان ئۇنىڭ يىغىسىز ئۆتكەن كۈنى يوق. ھېلىمۇ، ياش دېگەن نەدىن چىقىدىكىن، يىغلىسا - يىغلىسا تۈگىمەيدىغاندەك ئەمەس، ئامانگۈل ئورۇقلاپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر چاغدىكى تىنىق بۇلاقتەك يالتى-راپ، كۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى ھەسرەت، مۇڭ ئىگىلىدى.

ئۇ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىمەسلىككە تىرىشاتتى، لېكىن قاچقانغا يانداشقاندەك بۇ ئىشلار ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ دەرد - ئەلەمدىن ئېچىشىپ تۇرغان يۈرىكىنى تېخىمۇ ئېچىشتۇراتتى، مانا ھازىرمۇ تۆت يىللىق ئۆم-رى ئۆتكەن، ئۇنىڭغا ئاجايىپ قىسمەتلەرنى ئاتا قىلغان شەھەر بىلەن خوشلاشقان چېغىدا، ئۇنىڭ ئېسىگە يەنە شۇ ئازابلىق كۈن-لەر كەلدى.

ساقچىلار ئادىلە بىلەن ئۇنى مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن مەكتەپ تەشكىلى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ئۇلارنى ھېلى فاكۇلتېت ئىشخانىسىغا، ھېلى قوغداش بۆلۈمىگە چاقىرىپ سو-راق قىلاتتى، تەكشۈرۈش ماتېرىيالى يازغۇزاتتى. قوغداش بۆلۈ-مىنىڭ باشلىقى ئۇلارغا:

— مەكتەپتىن سىرتقا چىقمايسىلەر، — دەپ قاتتىق جېكىلىدى.

ئامانگۈلنى قاتتىق قورقۇنچ باستى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق خاتالىقتا يول قويغانلىقىنى ئەمدىلا ھېس قىلدى. «تۈرمىگە سو-لىسا قانداق قىلارمەن؟ ئەل - يۇرت، ئاتا - ئانام ئاڭلىسا نېمە دەر. بىچارە ئاپام ساراڭ بولۇپ قالار، نېمە دەپمۇ پوق يەپ ئادىلەنىڭ كەينىگە كىرگەندىمەن، ئۇنىڭغۇ يۆلەنگۈدەك دادىسى بار، يۈز - ئابرۇيى، ھوقۇقى بار، مېنىڭچۇ؟ ...» ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئادىلەنىڭ خەۋىرى بىرئاز خاتىرجەم قىلدى.

— دادام مەكتەپنىڭ باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ئوخشاي-دۇ، — دېدى بىر كۈنى ئۇ ئامانگۈلگە، — ماڭا «بۇنىڭدىن كېيىن سودىگەرلەر بىلەن قەتئىي ئالاقە قىلمايسەن» دەيدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا چوڭ ئىش يوقمىكىن دەيمەن، بەكمۇ غەم قىلىپ كەتمە...

بۇنى ئاڭلاپ ئامانگۈلنىڭ كۆڭلى سەل تەمكىن تاپتى، لې-كىن شۇ گەپتىن بىرەر ھەپتە ئۆتۈپ تۇيۇقسىزلا ياتاقتا ئامانگۈل-

نىڭ دادىسى كىرىپ كەلدى. دادىسىنى كۆرۈپ ئامانگۈل چۆچۈپ كەتتى. كۆڭلى بىر شۇملۇقنى تۇيۇپ، پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. دادىسىنىڭ دېيىشىچە مەكتەپتىن: «ئامانگۈل قاتتىق ئاغرىپ قالدى. تېز كېلىڭ» دەپ خەۋەر بېرىپتۇمىش، ئۇ ئامانگۈلنىڭ ساق ـ سالامەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى، ئەتىسى مەكتەپ باشلىقلىرى ئۇنىڭ بىلەن يېرىم كۈن سۆزلەشتى. قۇربانئاخۇن ئىشخانىدىن روھى چۈشكەن، مۈكچەيگەن ھالدا يېنىپ چىقتى. ئامانگۈل دادىسىغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى لازا سۈركىگەندەك ئېچىشىپ لاۋۇلدايتتى، يۈرىكى مۇجۇلاتتى. بىچارە دادا ياتاققىمۇ كىرمەستىن سىرتتا، تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆزۈنىچە تاماكا چەكتى. ئامانگۈلگە دادىسى بىر كۈندىلا قېرىپ، مۈكچىيىپ قالغاندەك كۆرۈندى.

ئەتىسى سىنىپ بويىچە يىغىن ئېچىلدى. مەكتەپ فاكۇلتېتىنىڭ باشلىقلىرى كىرىشتى، فاكۇلتېت مۇدىرى ئالدى بىلەن ئادىلە بىلەن ئامانگۈلنىڭ قىلمىشىنى تونۇشتۇرۇپ، ئاخىر مەكتەپنىڭ بۇ ئىككى قىزنى مەكتەپتىن چىقىرىش توغرىسىدىكى چارىسىنى ئوقۇپ بەردى. ئامانگۈل مۇشۇنداق بولارىنى تۈنۈگۈنلا ھېس قىلغانىدى، لېكىن نېمىشقىدۇر يەنە بىر ئاجىزغىنە ئۈمىد تېخى ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسكىن بېرىپ تۇراتتى. مانا ئەمدى بۇ ئۈمىدمۇ ئۈزۈلدى، ھەممىسى تۈگىدى. ئۇنىڭ شۇنچە يىل ئوقۇغىنى، شۇ ئوقۇش ئۈچۈن بەرگەن بەدەللىرى ھەممىسى بىكار بولدى. ئۇ يىغىن مەيدانىدىن يىغلىغىنىچە يېنىپ چىقىپ ئۆزىنى دەرەخلەر ئارىسىغا ئالدى. ھېچكىم ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ تەسەللىمۇ بەرمىدى. ئۇ قېرى بىر قارىياغاچنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۆزۈنىچە يىغلىدى. ھەسرەت، پۇشايمان، ئەلەم خۇددى سەل بولۇپ كۆزىدىن ئاقاتتى. پۈتۈن تېنى ھالسىز تىترەيتتى. ئۇنىڭ خىيالىغا پەقەت ھېچكىمگە كۆرۈنمەسلىك، بۇنداق ئىستىقبالسىز

هايات بىلەن خوشلىشىشلا كېلەتتى. دەرۋەقە ئەمدى ياشاشنىڭ نېمە ئەتىۋارى قالدى. ئۇنىڭ شۇنچە قىلغان ئەجرى بىكار بولدى، ئىستىقبالىمۇ تۈگىدى. ئەمدى ئاشۇ ئەسكى نام بىلەن دېھقان بولۇپ ياشىغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى! ... لېكىن قانداق ئۆلۈۋې- لىش كېرەك؟...

ئامانگۈل شۇ خىيالدا، يېنىغا كەلگەن ئاياغ تىۋىشىنىمۇ ئاڭلىمىدى.

— ئامانگۈل!

بىرىنىڭ جۈرئەتسىز، ئاستا چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئامانگۈلگە بۇ ئاۋاز تونۇشتەكلا بىلىندى. ئۇ يىغىسىنى تەستە توختىتىپ قۇلاق سالدى.

— ئامانگۈل! — بايىقى ئاۋاز يەنە تەكرارلاندى. ئامانگۈل ئەمدى ئېنىق تونۇدى. بۇ تۇرسۇننىڭ ئاۋازى ئىدى. «بۇ نېمە- دەپ كەلگەندۇ؟— دەپ ئويلىدى ئامانگۈل، — ئەمدى بۇنىڭغا بولۇپ بەردى - دە، ئۆتكەنكى ئەلىمىنى ئالغىلى كەلگەندۇ، تايىنلىق ...» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ كەتمەكچى بولۇپ قوزغالدى.

— ئامانگۈل، توختاپ تۇرۇڭ، — تۇرسۇن ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى، — كۆڭلىڭىزنى بۇز- ماڭ، ئامانگۈل، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ...،— ئامانگۈلنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، كۆزىگە ياش ئەگىدى.

— ياشلىقتا ھەر ئىشلار بولىدۇ، ئامانگۈل، — تۇرسۇن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — خاتا قىلمايدىغان كىم بار، سىز ئەسلىدە ئادىلەنىڭ كەينىگە كىرمىسىڭىز بۇ ئىشلارمۇ يوق ئىدى. مەن سىزگە بۇرۇنلا بۇ گەپنى دېمەكچىدىم، لېكىن سىزنى يەنە باشقىچە ئويلاپ قالارمىكىن دەپ جۈرئەت قىلالمىدىم، ئۇنداق دېيىشىم سىز بىلەن بىز تۆۋەندىن، يېزىدىن كەلگەنلەر، ئۇلارنى دورىيالمايمىز... ئەمدى قاراڭ، ئۆتكەن ئىشلار كەتتى، مىڭ دېگەنبىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ، بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىڭىزنى يوقى-

تىپ قويسىڭىز بولمايدۇ، سىز تېخى ياش، يەنە تۇرمۇش يولى
چىقىدۇ... ئەمدى بۇ ئىشلارنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ،
ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ... مەن ھېلىمۇ سىزنى ياخشى كۆرد-
مەن، ماڭا ئىشىنىڭ، مېنى ساقلىمىسىز؟
ئامانگۈل ئەندىكتى. تۇرسۇننىڭ سۆزى ئۇنىڭغا ياتتەك، ئۇ
ئامانگۈلنى مازاق قىلىۋاتقاندەك، ئۇ مۇشۇنداق يۇرەك ئاغرىقىنى
تارتىۋاتسا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنى كولدۇر-
لاتماقچى، ئەخمەق قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. «مەن
سىزنى ياخشى كۆرىمەن» ... ئۇ بۇنداق گەپنى ئاز ئاڭلىدىمۇ؟
ئەمدى مۇشۇ تۇرسۇن لۆم - لۆممۇ ئۇنى بوزەك قىلماقچى بولۇۋا-
تامدۇ؟ بۇلاردىن قۇتۇلىدىغان كۈنمۇ بولارمۇ؟...»
ئامانگۈل ئاچچىقى بىلەن تۇرسۇنغا ئالىيىپ قويۇپ، بىر
ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن باغدىن چىقىپ كەتتى. تۇرسۇن ئۇنى
چاقىرغاندى. ئامانگۈل كەينىگىمۇ قاراپ قويمىدى. ئۇنىڭ يۇرد-
كى تېخىمۇ بەتتەر ئېچىشىپ كېتىۋاتاتتى.
ئامانگۈل تۇرسۇندىن ئۆزىنى قانچە قاچۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ
ئامانگۈلنى ئەگىپ كەتمەيتتى. بۈگۈن ئەتىگەندىمۇ ئامانگۈل دادد-
سى بىلەن بېكەتتە ئاپتوبۇسقا ئەمدى چىقاي دەپ تۇرۇشىغا بېكەت
قورۇسىدا تۇرسۇن پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قولىدا سۇلياۋ سومكىدا
بىرنەرسە بار ئىدى. ئالدىراپ ماڭغاچقىمۇ ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرد-
دىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ ئامانگۈلنى كۆرۈپ ئىتتىك ئۇنىڭ
يېنىغا كەلدى.
— مۇشۇ ئاپتوبۇستا ماڭامسىلەر؟ — دېدى ئۇ ماشىنىغا
قاراپ قويۇپ.
ئامانگۈلنىڭ دادىسى «بۇ كىم؟» دېگەندەك ئامانگۈلگە
قارىدى.
— بىزنىڭ يۇرتلۇق، — دېدى ئامانگۈل ئۇنى دادىسىغا
كۆڭۈلسىزلا تونۇشتۇرۇپ، — ناھىيىدىكى ئاسىم شۇ-

جىنىڭ ئوغلى.

ئامانگۈلنىڭ دادىسى تەئەججۈپلەندى، چىرايىغا بىرخىل ئۈمىد، جانلىنىشتەك ئالامەت يۈگۈردى. ئۇ تۇرسۇن بىلەن ئالمان - تالمان تىنچلىق سوراشتى.

— ئامانگۈل، — دېدى تۇرسۇن ئۇلار تونۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، — مەن دادامغىمۇ خەت يېزىۋەتتىم، ئەگەر خالىساڭلار ناھىيىگە بارغاندا دادام بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىڭلار، سىزنى بىرەر ئورۇنغا ۋاقىتلىق بولسىمۇ سەپلەشنىڭ يولى چىقىپ قالار، قالغان ئىشنى مەن قىشلىق تەتىلگە بارغاندا دادامغا ئۆزۈم ئېيتىمەن...

ئامانگۈل گەپ - سۆز قىلمىدى، ئۇ دادىسىنىڭ ئالدىدا تۇرسۇننىڭ ئۇشۇقچە سۆزنى قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئىتتىك ماشىنىغا چىقىۋالدى. ئۇ ئۆزى توغرىسىدىكى سۆزلەرنى، كۆڭۈل ئاغرىتىشلارنى ئاڭلاشنى خالىمايتتى.

ماشىنا قوزغالدى، تۇرسۇن ئۇنىڭغا قولىنى كۆتۈرۈپ كۆڭۈلسىرىگىنىچە خوشلاشتى. ئۇنىڭ ئۈمىد، ئىنتىزارلىق، دەككە - دۈككىگە تولغان چىرايى ئامانگۈلنىڭ كۆز ئالدىدا خېلى بىر يەرگىچە ئەگىشىپ باردى. «توۋا، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — بۇ تۇرسۇن ماڭا نېمانچە يېپىشىدۇ، ھەممە ئىشنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا مەندىن نەپرەتلەنمەيدۇ، مەن نېمىشقا باشتىلا ئۇنىڭ بىلەن يۈرمىگەندىمەن. نېمىشقىمۇ ئەخمەقلىق قىلدىم ... ناۋادا تۇرسۇننىڭ نەچچە كۈندىن بۇيان دەۋاتقان گەپلىرى راست يۈرەك سۆزى بولسا... ياق، ياق، تۇرسۇن بىردەملىك قىزغىنلىقتا بېرىلىپ دەۋاتىدۇ، كېيىنچە ئۇ بۇ ئىشلارنى تەگىمەي قويامدۇ؟» ئامانگۈل بۇ داغنى ئۆمۈرۋايەت يۇيۇپ چىقىرالمايدۇ...

ئامانگۈل ئېغىر ئۇھ تارتتى.

— ئامانگۈل!

دادىسى ئۇنى چاقىردى ۋە بايا بېكەتتە تۇرسۇن بەرگەن سۇل-ياۋ خالتىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى.
— ئالما يەمسىز، قىزىم؟
ئامانگۇل بېشىنى چايقىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى ھېچ نەرسە تارتمايتتى. ئۇ دادىسىغا قارىسىلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يىغلى-ۋېتىشتىن قورقۇپ ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىۋالدى. يىراقتا ئۇتقاشتەك قىزارغان ئۇپۇق بويىدىكى تاغ كەينىدىن ئاستا - ئاستا قۇياش كۆتۈرۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى. ماشىنا ئەينىكى قۇياش نۇرىدا يالتىراپ، قارامتۇل يول ئۈستىدىمۇ ئەي-نەكتەك پارقىراپ كەتتى، ئامانگۇلنىڭ ئېسىگە بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى مەكتەپكە كەلگەن چېغى كەلدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈرىكى خۇشاللىق، ھاياجان، تەلپۈنۈشتىن كۆكسىگە پاتماي كەت-كەنىدى، ئۇنى كۈتۈۋاتقان ئاجايىپ چوڭ شەھەر، مەكتەپ، ستۇ-دېنتلىق ھايات خۇددى بىر تىلسىمدەك بىلىنگەنىدى. «قانداقتۇر - ھە؟» دېگەن سوئال ئۇنى ھودۇقتۇراتتى، مانا تۆت يىلدىن بۇيان ئۇ ھەممىنى كۆردى، قاندى، خۇلاسىمۇ چىقتى. تۆت يىل ئىلگىرى مۇشۇ قۇياش ئۇنى يۇرتىغا ئۇزىتىپ قويغانى-دى. مانا ھازىر يەنىلا شۇ قۇياش ئۇنى يۇرتىغا ئۇزىتىپ قويۇۋاتى-دۇ، لېكىن ھازىر ئۇ چاغلاردىكى خۇشاللىقنىڭ ئورنىنى ھەس-رەت، پۇشايمان، يىغا ئىگىلىدى. ئۇ، ئۈمىدسىزلىك تۇمان ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئولتۇرىدۇ.
قۇياش ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە. زېمىننىڭ يېڭى بىر كۈنى باشلىنىۋاتىدۇ، ئەمدى ئامانگۇلنى شۇ قۇياشلىق زېمىندا يەنە قانداق تەقدىر - قىسمەتلەر كۈتۈۋاتىدىكىن؟ كىشى ئەتىكى كۈننى ئالدىن بىلەلىسىمۇ كاشكى…

1991 - يىل ئاپرېل

# سىرلىق قاينام

مېھمانلار ئاخىر ئۆزىدى. بىر - بىرىدىن چىرايلىق ياسىنىشقان بۇ ئاياللار ئۆينى ئەتىر، يۇز مايلارنىڭ ئۆتكۈر يېقىملىق پۇرىقىغا كۆمۈۋېتىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ خۇشخۇي كۈلكە - چاقچاقلىرى، قىيقاس - چۇقانلىرى خېلى بىر چاغقىچە تۆۋەنكى پەلەمپەيدە، ھويلىدا ئاڭلىنىپ تۇردى.

ئىككى مەڭزى تونۇردىن ھېلىلا سويۇۋالغان گىردىدەك قىزىرىپ كەتكەن ئۆي ئىگىسى — زەينەپ مېھمانلارنى ھويلىغىچە ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ئالدىراپ ئۆيگە كىردى. ئوتتۇرا بويلۇق، بىمەھەل سەمرىپ كەتكەن بۇ ئايال سېمىزلىكىگە قارىماي ھەرىكەتلىرى چاققان، ئىللىق چىراي ئىدى. ئۇ ئالدىغا تارتقان پەرتۇقى بىلەن يۈز - كۆزلىرىدىكى تەرلىرىنى ئېرتتى، تومپىيىپ چىققان قورسىقىغا تارتىۋالغان پەرتۇقى بىر تەرەپكە قىڭغىر كېتىپ ئۇنى كۈلكىلىك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

— ۋايىيەي، بۇ ساراڭ خوتۇنلار ئاخىر كېتىشتى، — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ، ئۇ ئىتتىك ماڭغاچقىمۇ ھاسىراپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۇستەلنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرغان ئاق يۇزلۇك، پۇزۇر كىيىنگەن، كېلىشكەن ئايالغا قاراپ سورىدى، — ئالىيە، نېمە بولدى، تۇرۇۋاپسەنغۇ؟

— زەينەپ، سەنمۇ ئەمدى دەم ئالغىن، بۈگۈن تازا ھاردىڭ، چىمەن بىزنىڭكىگە بېرىپ قونۇپ كەلسۇن، — دېدى ئالىيە ۋە يېنىدىكى دىۋاندا ئولتۇرغان بوغداي ئۆڭ، كۆزلىرى يوغان، ئورۇق ئايالغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

زەينەپنىڭ چىرايى شۇئان ئۆڭدى.

— ۋاييەي، توۋا دېگىنە، ئالىيە، بۈگۈن ئۈچىمىز تازىمۇ ئوبدان ئۇچراشتۇق، مۇشۇ ئۆيدە مۇڭدىشىپ ياتىمىز. ئۆيدە يولدىشىڭ باردۇ؟

— ئۇغۇ بار. چىمەنمۇ مېنىڭ ئۆيۈمنى كۆرۈپ كەتسۇن - دە.

— سېنىڭ ئۆيۈڭمۇ، مېنىڭ ئۆيۈممۇ ئوخشاش ئاداش. بۈگۈن سىلەرنى قونىدۇ دەپ ئىمام بىلەن باللىرىنىمۇ چوڭ ئۆيگە ھەيدىۋەتتىم. ماقۇل دە، قانداق دېدىم - ھە، چىمەن؟

ئورۇق ئايال كۈلۈپ قويدى.

— ماڭا قايسىڭلارنىڭ ئۆيى بولسىمۇ ئوخشاش.

خېلى تالاش - تارتىشتىن كېيىن ھەممىسى زەينەپنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالىدىغان بولۇشتى. ئۈچ دوست ئۈستەلنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى. بۈگۈن ھەممىدىنمۇ ئۆي ئىگىسى زەينەپ بەك خۇشال ئىدى.

— بىر نەرسىلەرمۇ تۈزۈك يېيەلمەپتۇمۇ، نېمە؟ — دېدى زەينەپ تاتلىق - تۈرۈملەرنى قەغەز كوروپكىلارغا رەتلىك تىزىۋېتىپ، — ئالىيە، قانداقراق بوپتۇ؟

— باقالىيىڭ بەك ئوخشاپتۇ، ھېلىمۇ تازا يېيىشتى، ھېلىدىقى بىر قارا خوتۇننىڭ بۈگۈن كېچە چوقۇم ئىشى ئارتىپ كېتەمدىكىن دەيمەن.

— سەلىمەنى دەيدىغانسەن ھەرقاچان، — زەينەپ راھەتلىنىپ كۈلدى، — ئۇ ئاشۇنداق نەپسى بالاسى تەگكەن خوتۇن، لېكىن ئۇنداق بولغىنى بىلەن كۆڭلى تۈز...

— قويغىنە ئاداش، ئايال كىشى نەپسىنى ئۇنچىۋالا قويۇۋەتسىمۇ سەت تۇرىدىكەنلا.

— ھېلىقى ناخشىچى ئەجەبمۇ شەيتان نېمىكەن، — چىمەنمۇ گەپ قاتتى.

— ۋاي، بۇگۈن تېخى ئانچە ئېچىلمىدى، — دېدى زەينەپ خۇش بولۇپ، — ئۇنى ئۆمەكنىڭ ئارتىسلىرىنى دورا دېسە ئادەمنى كۈلدۈرۈپ هارام قىلىپ قويىدۇ.

— ناخشىنىمۇ ئوبدان ئېيتىدىكەن.

— ئۈرۈمچىنىڭ مېهماندارچىلىقى مۇشۇنداق ئاداش، سېنىڭ كۆڭلۈڭگە ياقتىمىكىنتاڭ.

— شۇنداق ئوبدان بولدى، سەنمۇ تازا ئاۋارە بولدۇڭ.

— ۋىيەي، نېمە دېگىنىڭ؟ هېلىمۇ شۇنچە يىلدا ئاران بىر كۆرۈشۈۋاتىمىز، ئالدىراشچىلىقتا داستىخىنىم كۆڭلۈمدىكىدەك بولمىدى، دەپ كۆڭلۈم يېرىم. قارىسام تاماقنىمۇ ئىككىڭلار تۈزۈك يېمىدىڭلار، مەن قىزىق بىر چاي دەملەي، ئەمدى ئۆچىمىز خالىي قالدۇق، تېخى تۈزۈككىنە پاراڭلاشقۇدەكمۇ بولمىدۇق. ئەتە كېتىمەن دەۋاتىسەن، بولمىسا...

— شۇنى دەيمەن، — ئالىيە زەينەپنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — شۇنداق قىلىپ راستىنلا مېنىڭ ئۆيۈمگە بارماي كېتەمسەن؟

— بۇدا كەلگىنىمدە بارىمەن.

— ئەمدى يەنە قاچان كۆرۈشىمىز كىم بىلىدۇ دەيسەن؟ مانا ئون يىلدا ئاران بىر كۆرۈشۈپتۇق، يەنە كۆرۈشكىچە كىم بار، كىم يوق...

ئالىيەنىڭ چىرايىنى تۇيۇقسىزلا غەمكىنلىك قاپلىدى، ئۇ يېنىك خۇرسىنىپ قويدى، ئۇنىڭ كىچىك بالىدەك تۇيۇقسىزلا مەيۈسلىنىشى چىمەن بىلەن زەينەپنىڭ كۆڭلىنىمۇ ئەسكى قىلىپ قويدى. چىمەن لېۋىنى يىمىرىپ قويدى، زەينەپ ئىككى دوستىغا قاراپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئىتتىك ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

چىمەن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئالىيەگە قارىدى. قاشتېشىدەك سۇزۇك، ئاپئاق چىراي، دولقۇنلىنىپ تۇرغان قوڭۇر چاچ، ۋالىلداپ كۆز چاقنىتىپ تۇرغان هالقا ـ ئۈزۈكلەر، چەت ئەلنىڭ

قىممەت باھالىق كۆڭلىكى ئۇنىڭغا شۇنداق ياراشقانىدىكى، چىد-
مەن دەسلەپ كىرگەندە ئۇنى تونۇيالماي قالغىلى تاس قالغانىدى.
ئۇ بىر قاراپلا دوستىنىڭ باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكىنى
قىياس قىلدى. لېكىن شۇنداق تۇرۇپ ئۇ نېمىشقا غەمكىن كۆرۈ-
نىدۇ. ئولتۇرۇش جەريانىدىمۇ ئۇ ئانچە ئېچىلىپ كەتمىدى.
تۇرۇپ - تۇرۇپ خۇرسىنىپ قوياتتى، ئۇ ياكى مېنى كۆرۈپ
شۇنداق قىلىۋاتامدۇ - يە…

ئۆيگە چەينەك كۆتۈرۈپ زەينەپ كىرىپ كەلدى.

— قېنى، ئۇسساپمۇ قالغانسىلەر. بىرەر پىيالىدىن قىزىق
چاي ئىچەيلى، — دېدى ئۇ بايىقى كۆڭۈلسىزلىكنى يوقىتىش
ئۈچۈن گەپنى يۆتكەپ. ئاندىن تام سائىتىگە قاراپ قويۇپ سورى-
دى، — تېخى بالدۇر ئىكەنغۇ، ئۇيقۇڭلار كەلمىگەندۇ؟

— ياقەي، — دېدى چىمەن ئالىيەگە قاراپ قويۇپ، — مەنغۇ
ئەتە يولدا ئۇخلىۋالىمەن، ئۈچ كۈنلۈك يولنى ئۇخلاپ تۈگەتمى-
سەڭ تۈگىمەيدۇ دەڭلار، سىلەر ئەتە خىزمەتكە بارىسىلەر…

— خىزمەت ھېچ يەرگە قاچمايدۇ ئاداش، — ئالىيە ئۇنىڭ
گېپىنى بۆلدى، — مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ دىدارلاشقىنىمىز
غەنىيمەت.

زەينەپ ئىككى دوستىنى تاتلىق - تۇرۇملاردىن ئېلىشقا
دەۋەت قىلاتتى. چىمەن خۇشخۇي ئولتۇراتتى، بۇ ئالىيەگە نېمە
بولغاندۇ؟…

— شۇنداق قىلىپ كېتىسەن؟ — زەينەپ كۆڭلى يېرىم
بولغاندەك چىمەنگە قاراپ سورىدى، — تۇۋا، چۈشتەكلا - ھە،
سېنى كۆرگىنىمگە ھېچ ئىشەنمەيۋاتىمەن، ساڭا قارىسام يىغلى-
غۇملا كېلىدۇ، راست…

— نېمىشقا؟ يا مەن شۇنچىلا قېرىپ كېتىپتىمەنمۇ؟

— ياقەي، ئوبدان تۇرۇپسەن، بۈگۈن سېنى كۆرۈپ ئاشۇ
ئوقۇغۇچىلىق چاغلار ئېسىمگە كېلىپ قالدى، ئەجەبمۇ بىر دەۋر

ئىكەندۇق. ئىمتىھاندىن باشقا ھېچ نەرسىدىن غەم قىلمايتتۇق، ئويناپ - كۈلۈپلا يۈرەتتۇق، مانا ھازىر قارىساڭ ھەممىمىز بىردىن ئۆينى بېشىمىزغا كىيدۇق. خىزمەت، بالا بېقىش، ئۆيىنىڭ غېمى. ئۇنى ئاز دەپ قېيىناتا، قېيىنانىنى كۈتۈش ... ۋاي - ۋۇي... تۈگىمەيدىغان ئىشلار ئىكەن بۇ، شۇلارنى ئويلىسىلا نېمىشقىمۇ ئۆي تۇتقاندىمەن دەپ كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ.

— قىزىق گەپ قىلىسەن - دە، زەينەپ، — چىمەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە زوقلىنىپ كۈلدى.

— راست دەيمەن، بەزى كۈنلىرى ئۆينىڭ ئىشلىرىغا يېتىشەلمەي تېرىكىپلا كېتىمەن، ئاچچىقىمدا ئىمام بىلەن سوقۇشىمەن، «سەن مېنىڭ بېشىمنى ئايلاندۇرمىغان بولساڭ مەن بۇ جاپانى تارتمايتتىم، ئويلاپ باققىنە، مەن ئۆز ۋاقتىدا قانداق قىز ئىدىم، سەن مېنى قېرىتىۋەتتىڭ» دەپ تاپا قىلىمەن. بىر - ئىككى كۈنگىچە قولۇمنى ئېگىپمۇ قويماي يېتىۋالىمەن. بىچارە ئىمام مەن بىلەن ئېيتىشماي ئۆزى بىر نېمىلەرنى قىلىپ تاماق ئېتىدۇ، باللارنى باقىدۇ. ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىم ئاغرىپ يەنە قوپۇپ قىلىپ كېتىمەن. ئۆز - ئۆزۈمگە: «نېمىگە كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىمەن، ماڭا ئەمدى يەنە قانداق تۇرمۇش لازىم. ئۆيۈم بار، ئىككى بالام ئالدىمدا، ئىمامۇ باشقا ئەرلەردەك تالاغا قاراپ مېنى خارلاۋاتقىنى يوق. بولدىلا...» دەيمەن. ئىمامنى سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر، تۇرغان تۇرقى شۇ، بەزىدە ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىم پۇشۇپمۇ قالىدۇ. «ھەي، سىزمۇ ئەر كىشى بولغاندىكىن بىر قانچە ئاغىنىڭىز بىلەن ئولتۇرۇپ ئىچىشسەڭلار بولمامدۇ، سىزنىڭ مەست بولغىنىڭىزنىمۇ بىر كۆرەي» دەپ كېتىمەن، راست ... ئىشقىلىپ ھەرقانداق ئادەمدە بىر ئەيىب بولىدىكەن - دە....

چىمەن بىلەن ئالىيە ئۇنىڭ گەپلىرىگە بىردەم كۈلۈشتى.

— سېنىڭ ئىمام بىلەن ئەر - خوتۇن بولۇشۇپ قالغىنىڭلار-غا ھەيرانمەن، — دېدى چىمەن كۆلگىنىچە، — مەكتەپتىكى چېغىڭدا ئۇنى كەچكىچە زاڭلىق قىلىپلا يۈرەتتىڭغۇ؟ يا بىزگە ئۇقتۇرماي يۈرگەنمىدىڭلار؟

— شۇنى دېمەمسەن، — زەينەپ چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ دېدى، — سەن دېگەندەك سىنىپتا ئەڭ خۇشۇم يوق، كۆزۈمگە سەت كۆرۈنىدىغان بالا مۇشۇ ئىمام ئىدى. ئۇنى ئۆتۈپ كەتكەن گومۇش، لەقۋا كۆرەتتىم. مەن ئۇنىڭغا قاراپ، مۇشۇ بالا قىز-لارغىمۇ گەپ قىلالامدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتىم. ماڭا ھەممى-دىنمۇ ئۇنىڭ بېشىدىن چۇشمەيدىغان بادام دوپپىسى سەت كۆرۈ-نەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ دوپپىسىنى خۇددى كىيمە تازدەك قۇلىقىغىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالاتتى، كېيىن ئۇقسام ئۇنىڭ بېشى-نىڭ چوققىسىدا تەڭگىدەك يەرنىڭ چېچى يوق ئىكەن، بۇ بىچارە شۇنىڭدىن خىجىل بولۇپ بېشىدىن دوپپىسىنى ئايرىمايدىكەن. سىلەر بىلىسىلەر، مەن دەسلەپ قانۇندا ئوقۇيدىغان ئەخمەت بىلەن يۈرگەن ئەمەسمىدىم. كېيىن ئۇ جەمئىيەتتىكى بىر ماگىزىندا ئىشلەيدىغان قىزنى تېپىۋالدى، ئۇ قىز ئەخمەتنى پۇل بىلەن ئۆگىتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمگە: «ۋاي بولدىلا، خىزمەتكە چىققاندا ماڭىمۇ بىر بۆيرۈغىنى چىقار» دەپ، ئويلىمايدىغان بولدۇم. ئىمام بىلەن بولسا ئاخىرقى يىلى ئىچ - پەش تارتىشىپ قالدۇق. خەۋىرىڭلاردا بار، ئۇ ئۆزى مۆلۈك بولغىنى بىلەن دەرسكە ئۆتكۈر ئەمەسمۇ، بىرىنچى مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا ئاشۇ ئىمام ياردەم قىلمىغان بولسا مەن قەتئىي ئۆتەلمەيتتىم، راستىنى ئېيت-سام ئىمتىھانلارنىڭ ھەممە جاۋابىنى شۇنىڭدىن كۆچۈردۇم. ئىم-تىھاندىن كېيىن ئۆز ئويۇمدا: «بۇمۇ ماڭا قىيىن چاغدا ئەسقات-تى. مەنمۇ قولۇمدىن كەلگەن ياخشىلىقنى قىلمايمەنمۇ» دەپ بىر - ئىككى قېتىم سىلەرگە تۇيدۇرماي ئۇنىڭ كىرلىرىنى يۇيۇپ بەردىم، يوتقىنىنى تىكىپ بەردىم. بىر شەنبە كۈنى قايناق

سۇخانىغا كېتىۋاتسام ئىمام بىزنىڭ ياتاقتا ماڭىدىغان دوقمۇشتا
تۇرۇپ كېتىپتۇ، قارىسام خېلى ياسىنىۋاپتۇ، بېشىدىكى ھېلىقى
دوپپىسىمۇ يوق، چېچىنى كۆپتۈرۈپ ياستىپتىكەن، بىر چىراي-
لىق ئىسكەت كىرىپ قاپتۇ. مەن چاقچاق قىلىپ: «ئىمامجان،
قايسى قىزنى ساقلاپ تۇرۇپ كەتتىڭىز؟» دېسەم، «سىزنى»
دېمەسمۇ. بۇ گېپىگە بىر تۇرۇپ كۈلگۈم كەلدى، بىر تۇرۇپ
ئاچچىقىممۇ كەلدى، لېكىن يەنە چاندۇرماي: «مېنى تانىسىغا
چاقىرىپ كەلدىڭىزمۇ نېمە؟» دېسەم، يانچۇقىدىن بىر بېلەتنى
ئېلىپ «بۈگۈن ئىتتىپاقتا ياخشى كىنو بار ئىكەن، سىزنى
كۆرەمدىكىن دەپ كەلگەنىدىم» دەۋاتىدۇ، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى
تۇرقى ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ، بىچارە شۇ گەپنى قىلغۇ-
چە پاتاڭلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. «ياق» دەي دېسەم ئۇنىڭ
رەنجىپ بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا ياردەم قىلماي قويۇشىدىن قورقى-
مەن، «ھە» دەي دېسەم سىلەر بىلىپ قالساڭلار شاڭخو قىلىپ
ئۆلتۈرىدىغىنىڭلار تۇرغانلا گەپ، بىردەم نېمە دېيىشىمنى بىلمەي
تۇرۇپ كەتتىم. ئىمام بولسا خۇددى تىيىن سورىغان دىۋانىدەك
ماڭا تەلمۈرۈپ تۇرىدۇ، ئاخىر: «ھوي بوپتۇلا، بۇنىڭمۇ كۆڭلى
قالمىسۇن، بىر قېتىمغا ماقۇل دەي» دەپ بېلەتنى ئالدىم.
ئىمام خۇش بولغانلىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەندەك بولدى.
مەن ئۇنىڭغا: «سىز مېنى ساقلىماي كىنوخانىغا كىرىۋېرىڭ،
مەن ئارقىڭىزدىن بارىمەن» دېدىم. مەن كىنو باشلىنغان چاغدا
كىرىپ ئولتۇردۇم. ئۇ بىچارە نېمە قىلىشىنى بىلمەي ھەدەپ
قىمىرلايتتى. كىنو تۈگىگۈچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدۇق.
يەنە بىر شەنبە ئۇ يەنە بېلەت كۆتۈرۈپ كەپتۇ. «بۇنىڭغا ئوبدانلا
ئىسسىق ئۆتۈپ قالغاندەك تۇرامدۇ نېمە» دەيمەن ئىچىمدە. قاد-
داق قىلاي، ئىمامنىڭ چىرايى بولمىغان بىلەن ئۆزى خېلى
تۈزۈك بالا، چىرايى بولغىنى بىلەن ۋىجدان بولمىسا بىكار ئىكەن-
غۇ، ئەخمەت ۋاپا قىلمىدىغۇ. مەن شۇلارنى ئويلاپ بوپتۇلا دېگەن

يەرگە كەلدىم. لېكىن ئۇنىڭغا بىر شەرت قويدۇم: «يۇرۇۋاتقىنىمىزنى ھېچكىمگە تىنمايسىز، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق بېلەت كۆتۈرۈپ كېلىشۋەرمەڭ» دېدىم. ئۇ ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ قالدۇق. شۇڭا سىلەر ئۇقماي قالدىڭلار. مېنىڭ ئويۇمدا ئىمام دەرستە ئەلاچى، ئۇنى مەكتەپتە ئېلىپ قېلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ سايىسىدە مەنمۇ ئۇرۇمچىدە قالسام دەيمەنغۇ، كېيىن دېگەندەك ئىمام مەكتەپتە قالدى، مېنى قۇمۇلغا بۆلۈۋەتتى. ئۇ يەر، بۇ يەرگە مېڭىپ باقتۇق، ھېچ ئامال بولمىدى، ئاخىر قۇمۇلغا كەتتىم. بىر يىل چىشىمنى چىشلەپ ئىشلىدىم، ئۇ يەرگە زادىلا كۆنەلمىدىم. ئىمامدىنمۇ خەت كەلمەس بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە باشقا بىرىنى تېپىۋالدىمۇ نېمە، دېگەن گۇمان بىلەن ئۇرۇمچىگە يۈگۈردۈم. كەلسەم تىنچ، مەكتەپتىن ئۇنى ياپونىيىگە ئوقۇشقا چىقارماقچى بوپتىكەن، شۇڭا ئۇ ياپون تىلى ئۆگىنىش بىلەن بولۇپ كېتىپتۇ، مېنىڭ كۆڭلۈمگە بىر جىن كىردى. تويىنى قىلىۋەتسەكقۇ يۆتكىمەي ئامالىڭ يوق، دېدىم ـ دە، ئىمامنى ئالدىرىتىپ يۈرۈپ تويىنى قىلىۋەتتۇق. تويدىن كېيىن يەنە قۇمۇلغا كەتتىم. ئىمامغا يۆتكىلىش ئىشىم توغرۇلۇق ھەپتىدە بىر خەت يازىمەن، شۇ جەرياندا چوڭ ئوغلۇمغا ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالدىم. ئىمامدىن خەۋەر يوق، ئاخىر قىشلىق تەتىلدە يەنە كەلدىم. مەكتەپكە كىرىپ: «مېنىڭ خىزمىتىمنى ھەل قىلمىساڭلار ئىمامنى ھېچ يەرگە ئەۋەتمەيمەن» دەپ تۇرۇۋالدىم. ئاخىر مەكتەپ ئۆزىنىڭ پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئالىدىغان بولۇپ يۆتكەش قەغىزىنى قىلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئاران دېگەندە يۆتكىلىپ كېلىۋالدىم.

— ئىمام ياپونىيىگە چىقتىمۇ ئاخىر؟ — چىمەن ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىپ سورىدى.

— چىقتى. چىقماي قويامدۇ، ئىككى يىل ئوقۇپ كەلدى، ھازىر يەنە دوكتورلۇقنى ئېلىش ئۈچۈن چىقىمەن دەپ چىپىپ

يۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ئوقۇش، خىزمەت بولسىلا بولدى. ئۆي، بالا، تۇرمۇش دېگەننى قىلچە ئويلاپ قويمايدۇ. قانداق قىلىمەن، ئۇ-رۇشۇپمۇ باقتىم، يامانلاپ كېتىپمۇ كۆردۇم. سۈت بىلەن كىر-گەن خۇينى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەسكەن. مۇشۇنداق كېتىپ بارىمىز، كۈندىن ـ كۈنگە قېرىۋاتىمىز، تۇرمۇش دېگەن مۇشۇ ئىكەن...

— سەن يەنە ياخشى تۇرۇپسەن، — چىمەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى.

— ئېسىڭلاردا بارمۇ، — دېدى ئالىيە نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالماقچى بولۇپ، — بىر چاغدا قايسىبىر شائىرنىڭ شېئىرىنى ھەممىمىز خاتىرىگە كۆچۈرۈپ كەتكەنىدۇققۇ؟

— «ئون توققۇزدىن ئاشمىغىن ئەسلا» دېگەن شېئىرنى دەمسەن؟ — چىمەن ئىتتىك جاۋاب بەردى.

— ھەئە، — ئالىيە بېشىنى لىڭشىتتى، — شۇ شېئىرنىڭ ئىككى مىسراسى ھازىرمۇ ئېسىمدە تۇرىدۇ:

قىزغا بۇندىن ياخشى پەسىل يوق،
ئون توققۇزدىن ئاشمىسۇن يېشىڭ.
......

قانداق ياخشى يېزىلغان ـ ھە، مۇشۇ شېئىر ھەر بىر ئېسىمگە كەلسىلا ئوقۇغۇچىلىق چاغلار كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ، ئەجەبمۇ بىر كۆڭۈللۈك دەۋر ئىكەن...

ئالىيە كۆكسىنى تولدۇرۇپ خۇرسىنىپ قويدى، ئۇنىڭ چىرايىنى يەنە ھەسرەت، مۇڭ قاپلىدى، زەينەپ ھودۇققان ھالدا ئىتتىك چىمەنگە قارىدى. ئالىيەنىڭ گېپى چىمەنگىمۇ تەسىر قىلغان چېغى، ئۇ قول ئېرىتىدىغان سىرىق قەغەزنى قاتلاپ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇراتتى. زەينەپكە ئۇنىڭ چىرايى تاتى-

ـرىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. زەينەپنىڭ كۆڭلى دەككە ـ دۈككىگە چۈشتى، ئۇ بۇ ئىككىسىنى قانداق كۆرۈشتۈرەرمەن دەپ ئەندىشە قىلىپ بۇ توغرۇلۇق چىمەنگە مەسلىھەت سالغانىدى.

— چاقىرغىن، — دېدى چىمەن گويا ئۇتتۇرىلىقتا ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئالىيەنى كۆرۈۋالاي، ئۇمۇ كونا خامانىنى سورۇپ يۈرمەس.

چىمەن دېگەندەك ئالىيە پەقەتلا چاندۇرمىدى. ئۇلار قۇچاق-لىشىپ كۆرۈشتى، ھەتتا ئاياللىقىنى قىلىشىپ بىر قەپەس يىغ-لىشىپمۇ ئالدى. شۇنىڭ بىلەن زەينەپنىڭ كۆڭلىمۇ جايىغا چۈش-كەندى. ھازىر...

ئۆيئىچى جىمجىتلىقتا چۈمدى، دېرىزىدىن كىرىۋاتقان سال-قىن شامال تور پەردىنى ئۈچۈرۈپ يېنىك تەۋرىتەتتى. ئاي چىق-تى، دۈپدۈگىلەك تولغان ئاي بۇ ئۈچ دوستنى كۆرمەكچىدەك دېرىزە ئالدىدا ئېسىلىپ تۇردى، ئۇنىڭ سۇس نۇرى خۇددى مۇڭلۇق قىزنىڭ كۆزىدەك سالقىن ۋە زەئىپ ئىدى، ئالىيە بىر چوڭقۇر خىيالدىن ئېسىگە كەلگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ نېپىز قەغەزنى بىر خىلدا قاتلاپ ئولتۇرغان چىمەنگە قاراپ تۇيۇقسىزلا سورىدى:

— ئەسئەت بىلەن نېمە بولدۇڭلار؟ بۇ يەردە ھەر تۈرلۈك گەپلەرنى ئاڭلاۋاتىمىز...

بۇ باش ـ ئايىغى يوق تۇيۇقسىز سوئالدىن چىمەن ئەندىكىپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزىنى مۇڭ باستى، قەغەز تۇتقان قولى تىترەشكە باشلىدى. لېكىن ھايال ئۆتمەي ئۇ يەنە ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— نېمە گەپ ئاڭلىدىڭلار؟ — دېدى ئۇ چىرايىغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— ئاجرىشىپ كېتىپتۇ دېگەندەك گەپلەر.

چىمەن مىيىقىدا كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— راست ئاجرىشىپ كەتتىڭلارمۇ؟ — زەينەپ ھەيران بو-لۇپ سورىدى. ئۇنىڭ دۈپدۈگىلەك كۆزلىرى ئىشەنمىگەندەك چەكچەيدى.

— ھەئە...

— نېمىشقا؟ توۋا، گەپ - سۆزمۇ بىكارلا چىقمايدىكەن - دە، — زەينەپ ھودۇقۇپ كەتتى، — بالىلىرىڭنى قانداق قىلدىڭ؟ نەچچە بالاڭ بار ئىدى؟

— ئىككى قىزىم بار، ئاپامنى ئاپىرىۋالغانىدىم، شۇ قاراپ بېرىۋاتىدۇ.

ئالىيە ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ كۆزىنى چىمەندىن ئېلىپ قاچتى. ئۇنىڭ قەلبىنى نېمىدۇر بىر نەرسە تاتىلىغاندەك بولۇپ، دىلى مۇجۇلدى. گېلىنى ئاچچىق بىر نەرسە ئېچىشتۇردى، دۇن-يادا بەختسىز، تۇرمۇشتىن ئازار چەككەن ئايالنىڭ كۆزىگە تىك قاراشتىنمۇ ئېغىر، ئازابلىق ئىش يوق. ئۈمىدسىزلىك، مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇرغان بۇ كۆزلەرگە قارىساڭ يۈرىكىڭ پارە - پارە بولىدۇ، يىغلىغۇڭ كېلىدۇ، ئالىيە مۇشۇنداق ھالەتكە چۆمدى.

— مەن سىلەرنى بۇنداق بولۇشۇپ كېتەر دەپ پەقەتلا ئويلى-مىغانىدىم، — دېدى ئۇ ئىچ ئاغرىتقان تەلەپپۇزدا، — تۇرمۇش دېگەنگىمۇ بىر نېمە دېگىلى بولمايدىغان ئىشكەن، ياشلىقتا ئادەم ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىكەن، ئاستا - ئاستا چۈشىنىدىغان گەپ-كەن. تۇرمۇش خۇددى ئېقىن دەريانىڭ قاينىمىدەك سىرلىق بولىدىكەن، بىز ئۆزىمىزمۇ ئۇقماستىن شۇ قايناملغا كىرىپ باقى-دىكەنمىز، بەزىلەر بۇ قايناملدىن تەلىيى كېلىپ ساق چىقىدىكەن، بەزىلەرنى بولسا تۇنجۇقتۇرۇپ جېنىنى ئالىدىكەن، توۋا دېگۈڭ كېلىدۇ...

ئالىيەنىڭ بۇ سۆزى ھەممىنى غەمكىن قىلىۋەتتى. چىمەن-نىڭ كۆز چاناقلىرىدا يالتىراپ ياش پەيدا بولدى. ئۇ يىغلىۋەت-مەسلىك ئۈچۈن تەتۈر قارىۋالدى، ئۇنىڭ يەلكىلىرى تىترەيتتى،

بىر چاغدا ئۇ ئۇلۇغ بىر خۇرسىندى. بۇ خۇرسىنىش بىلەن ئۇ ئىچىگە توشۇپ كەتكەن دەردلىرىنى، خۇددى بوران بىلەن يامغۇر يالاۋىرىپ تىنىپ تۈزلىنىپ كەتكەن كونا قەبرىدەك خاتىرىلىرىنى — خۇشاللىق، بەخت، ھەسرەت، ھىجران ھەممىسىنى سىرتقا تۆككەندەك بولدى...

چىمەن ئۇ چاغلاردا يالقۇنجاپ تۇرغان بىر پارچە ئوت ئىدى. بۇغداي ئۆڭ، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان زىلۋا بويلۇق بۇ قىز ئۆزىنىڭ شوخلۇقى، چاقچاقچىلىقى بىلەن قىزلار ئارىسىدىلا ئەمەس، ئوغۇللار ئىچىدىمۇ تېزلا نەزەرگە چۈشتى. ئۇ نېمىلا كىيمىسۇن، ئۆزىنى قانداقلا ياسىمىسۇن ئۇنىڭغا يارىشىپلا كېتەتتى، دەسلەپ بىر مۇنچە ئوغۇللار ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، پەرۋانىدەك ئۆزلىرىنى ئۇرۇشتى، لېكىن ھەممىسىلا ئۇنىڭدىن ئاچچىق چاقچاق جاۋابىنى ئېلىپ قايتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈستىدە «ھالى چوڭ، تەمەسى چوڭ ئىكەن» دېگەن گەپلەر تارقالدى. بەزى يىگىتلەر ھەتتا «چىمەن قىز بىلەن ئوغۇلنىڭ ئارىلىقىدىكى نېمىدەك قىلىدۇ» دېگەن گەپلەرنىمۇ دەپ يۈردى. چىمەن بولسا يىگىتلەرنىڭ ئۆزىگە يازغان خېتىنى قىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوقۇپ بېرىپ رەسۋا قىلاتتى. ئۇ ياتاقتا ئالىيە، زەينەپ بىلەن ياخشى ئۆتۈشەتتى. زەينەپ بىر كۈنى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى:

— ئاداش، يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىنى قاچۇردۇڭ، كېيىن يالغۇز قېلىپ يىغلاپ يۈرەرسەنمىكىن، ئۇنداق قىلماي بىرەرىنى تۇتقىن.

— ھازىر نېمە ئالدىراش، — دېدى چىمەن كۆڭۈلشىمىگەندەك بولۇپ، — ھەر نەرسىنى ئۆز ۋاقتى — يېتىلىدىغان مەزگىلى بولىدۇ، ئۇ تۇرپاننىڭ چىلگىسى ئەمەس - دە، ئەخمەتنى بىر كۆرۈپلا سارغىيىدىغان...

— بېشىڭنى يە، ئىسىت ساڭا گەپ قىلغان ئاغزىم...

چىمەن ئۆز چاقچىقىدىن ھوزۇرلىنىپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ زەينەپنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىدىكى ئەخمەت دېگەن بالا بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىپ يۈرۈشكىنىنى سېزىپ يۈرگەنىدى.

ئۈچىنچى يىللىقتا چىققاندا ئالىيە يىگىت تۇتتى. تېرىسى تېگى - تېگىدىن ئاپئاق، ئېگىز، زىلۋا بۇ قىز ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز ئىدى. تۇرمۇشتا تولىمۇ رەتلىك، پاكىز ئىدى. قىز-لارنىڭ ئويۇن - چاقچاقلىرىغىمۇ ئارىلاشمايتتى. بىكار بولسىلا ئولتۇرۇپ تور توقۇيتتى. چىمەن تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ قويىاتتى:

— توقۇۋاتقىنىڭ نېمە، ئاداش؟

— ۋازا ياپقۇچ...

— ۋازىلارغىمۇ تور ياپىدىغان گەپمۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا كېيىنچە ئېرىڭنىڭ كىيىملىرىنىمۇ توردىن توقۇپ بېرەمسەن نېمە؟

— ماڭغىنە ساراڭ...

— مۇشۇ تاپتا بەش ئېغىز ئۆي تۇتساڭمۇ يەتكۇدەك تور توقۇپ بولدۇڭغۇ دەيمەن - ھە، خۇدايىم بۇيرۇسا كېيىن سېنىڭ تۇتقان ئۆيۈڭنى بىر كۆرسەم دەيمەن، قانچىمۇ چىرايلىق تۇتۇۋې-تەرسەن - ھە؟

ئالىيە بىر كۈنى ئەندىكىپ تۇرۇپ چىمەننى قېشىغا چاقىر-دى. ئادەتتە ئېغىر - بېسىق، سۇزۇلۇپ يۈرىدىغان ئالىيەنىڭ بۈگۈن كۆزلىرىدە بىر پارچە ئوت چاقنايتتى. يۈز - كۆزلىرى قىزىرىپ بۆلەكچىلا بولۇپ قالغانىدى.

— قانداق قىلاي؟ — دېدى ئۇ باش - ئايىغى يوقلا ھودۇقۇپ تۇرۇپ.

— نېمىنى قانداق قىلىسەن؟

ئالىيە ئۆز گېپىدىن ئۆزى كۈلۈپ كېتىپ چىمەنگە چۈشەن-دۈرۈشكە باشلىدى:

— بايا دەرستىن يېنىپ كېلىۋاتسام ئەسئەت چاقىرىدۇ، ئۆيىاقتىن ـ بۇياقتىن گەپ قىلىپ ئاخىر ماۋۇ خەتنى تۇتقۇزۇپ قويۇۋاتىدۇ... ئوقۇپ باقسام...، — ئالىيە ۋىللىدە قىزاردى.
چىمەن خەتنى ئىتتىكلا ئوقۇپ چىقتى.
— پاھ، قالتىس يېزىپتۇ ئېتىپتۇغۇ؟ — چىمەن قېشىنى ئۇچۇرۇپ كۈلدى، — بۇ بالىنىڭ قەلىمى قالتىس كۈچلۈك ئىكەنغۇ، مۇشۇ تاپتا مەنمۇ تەسىرلىنىپ ئېرىپ كېتىۋاتىمەن.
— زاڭلىق قىلمىغىنە.
— ياق، راست گېپىم، ئەسئەت نېمە دېگەنبىلەن شائىر ـ دە، بەختىمىز بار ئىكەن ئاداش.
قىزلار ئۇچۇن ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتى ھەققىدىكى ماختاشنى ئاڭلاشتىنمۇ ھۇزۇر، لەززەتلىك ئىش بولمىسا كېرەك، ئالىيەمۇ شۇ تاپتا چىمەننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويايلا دېدى. تۇنجى مۇھەببەت بۇ ئېغىر ـ بېسىق، نازاكەتلىك قىزنىڭمۇ تىنىق سۇدەك قەلبىدە شاۋقۇن كۆتۈرۈپ، ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالماقتا ئىدى، ئۇنى، تېخىمۇ چىرايلىق، يېقىملىق قىلىۋەتكەنىدى. چىمەن ئۇنىڭغا قاراپ زوقلاندى.
— ھە، قانداق قىلىسەن؟
ئالىيە ئۇنىڭغا راست گېپىنى دېدى:
— مەن ئەسئەتنى بۇنداق دەيدۇ دەپ پەقەتلا ئويلىمىغانىدىم، سېنىڭچە قانداق بولار؟
— ئۆزۈڭنىڭ كۆڭلىگە ياقامدۇ زادى؟
— ئۆزۈممۇ ئۇقمايۋاتىمەن.
— ئەخمەق، ئەسئەتتەك يىگىت تەكلىپ قويسا نېمە ناز قىلىسەن؟ مېنىڭچە ئەسئەت بولىدىغان بالا. ياراتمايۋاتامسەن ـ يا؟
— ئۇنداقمۇ ئەمەس...، — ئالىيە بىر پەس تۇرۇپ قېلىپ، چىمەنگە يالۋۇردى، — جېنىم ئاداش، مەن نېمىدەپ جاۋاب

يېزىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، سەن كىتابنى جىق ئوقۇيسەن. گەپ-
كىمۇ ئۇستا، خەتنى سەن يېزىپ بەرگىنە.

— مەن؟ — چىمەن ئەجەبلەندى، — بۇ قانداق بولىدۇ؟

— جېنىم ئاداش، ماقۇل دېگىنە، مەنمۇ ساڭا ئەسقېتىپ قالارمەن.

ئالىيە چىمەننى ئاخىر ماقۇل قىلدى. ئۇلار ياتاقتىكى قىز-لار سېزىپ قالمىسۇن دەپ مەكتەپنىڭ كەينىدىكى كۆل بويىغا باردى. بۇ يەر دەرۋەقە تىنچ، ھېچكىممۇ يوق ئىدى، كۆل سۈيى قۇياش نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇرۇپ جىمىرلايتتى، ئىككى دوست ياپيېشىل چىملىق ئۇستىگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى. چىمەنگە بۇ ئىش خۇددى بىر قىزىق ئويۇندەك تۇيۇلۇپ، كۇلگۇسى كېلەتتى. ئۇلار ئەسئەتنىڭ خېتىنى نەچچە قېتىم ياندۇرۇپ ئوقۇشتى، ئۇ بۇ خەتنى شېئىر بىلەن يازغانىدى:

خىيال بىلەن ئۆتتى نەچچە كۈن،
بىرەر نەرسەم يوقاپ كەتكەندەك.
گويا ئەزىز ئەڭگۈشتەرىمنى،
كىمدۇر بىرى ئېلىپ كەتكەندەك.

ئويلاپ باقسام نېمەم يوقتۇر دەپ،
ئايان بولدى، كۆڭلۈم يىتۈپتۇ.
تاتلىق خۇيۇڭ، گۈل سۈپەت بويۇڭ،
ئۇنى مەندىن ئوۋلاپ كېتىپتۇ.

شۇندىن بۇيان خىيالغا مەپتۇن —
كۆكرىكىمدە يۇرەك دۇپۇلدەر.
ئەڭ ياخشىسى ھوشۇم بار چاغدا،
كۆڭلۈڭنى بەر يا كۆڭلۈمنى بەر...

خەتنى ھەر بىر ئوقۇغاندا ئالىيە ھاياجانلىنىپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي، قولياغلىقىنى مىجىقلايتتى.

— پاھ ئاداش، — دېدى چىمەن ئالىيەنىڭ ھاياجاندىن ئوتتەك قىزارغان چىرايىغا قاراپ، — سەن نەلەردە يۈرۈپ ئۇنى ئۆزۈڭگە بۇنچىۋالا مەھلىيا قىلىۋالغانسەن؟ ماڭا نېمىشقا بىرەرى مۇشۇنداق خەت يازمايدىغاندۇ؟ ساڭا ئىچىم تارلىقى كېلىۋاتىدۇ جۇمۇ!

— سەن ھېچكىمنى ياراتمىساڭ، مەكتەپتىن مۇشۇنداقلا چىقىپ كېتەرسەنمۇ؟

— بىلمەيمەن، — دېدى چىمەن يەردىن بىر تال تۆتقۇلاقنى ئۈزۈۋېلىپ ئۇنى قولىدا ئوينىغاچ، — ئوغۇللارنىڭ بىرەرىمۇ كۆزۈمگە سىغمايدىغۇتاڭ، مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ بىر تازغا ئۇچراپ قالامدىمەن تېخى...

چىمەن خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلدى، ئۇ كۈلگەن چاغدا ئادەتتە ئويناپ تۇرىدىغان كۆزى خۇمارلىشىپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى. «قانداق تەلەيلىك يىگىتكە ئۇچرارسەن دوستۇم، مەن ئوغۇل بالا بولۇپ قالغان بولسام ھېچكىمگە قارىماستىن سېنى تۇتاتتىم...» ئالىيە دوستىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزىگە قارىغىنىچە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

چىمەننىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇلار ئەسئەتنىڭ شېئىرىغا شېئىر بىلەن جاۋاب يازىدىغان بولۇشتى. چىمەن قولىغا قەغەز بىلەن قەلەمنى ئېلىپ كۆلگە تىكىلگىنىچە خىيالغا چۆكۈپ كەتتى. ئارىلاپ قەغەزگە بىر نېمىلەرنى يېزىپ قوياتتى، ئالىيە ئۇنىڭغا دەخلە قىلماي دەپ تور توقۇمىقتا ئىدى. ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتكەندە چىمەن ئورنىدىن تۇردى:

— ئالە مانا، — دېدى ئۇ قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزنى ئالىيەگە تەڭلەپ، — كۆرۈپ باقە، يارامدۇ؟

ئالىيە ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

يۈرىكىمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم،
ساڭا ئوخشاش مەنمۇ بىمەھەل.
كۆل بويىدا قالدىمىكىنتاڭ؟
مەيلىڭ بولسا ئۆزۈڭ تېپىۋال.

يوللىرىڭدا يولۇقسا گۈللەر،
كۆيگەن يۈرەك ئاشۇ بىلىۋال.
سېنىڭ كۆڭلۈڭ شۇنىڭ قېتىدا،
ياغلىقىڭغا مەھكەم چىگىۋال.

يوللىرىڭدا يولۇقسا ئالما،
ئىككىلەنمەي ئۇنى قولغا ئال.
سەن ئىزدىگەن يۈرەك شۇ بەلكى،
يۈرىكىڭگە مەھكەم تېڭىۋال.

يۈرىكىمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم،
ساڭا ئوخشاش مەنمۇ بىمەھەل.
شۇندىن بۇيان يوقتۇر ئارامىلىق،
ماڭا پەقەت ھەمراھدۇر خىيال...

ئالىيە ئەندىكىپ كەتتى، ئۇنىڭ سۆزۈك چىرايى ھەربىر مىسرانى ئوقۇغاندا بىر قېتىم ئوت ئالغاندەك بولۇپ قىزىراتتى.

— ۋىيەي، ئەجەب ياخشى يېزىپسەن، — دېدى ئۇ شېئىرنى مەيدىسىگە تېڭىپ، — سەنمۇ شائىر ئىكەنسەنغۇ، نېمىشقا يازمايسەن؟

— قويسىڭا، — چىمەن سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى، — شائىرلىقنى سېنىڭ ئەسئەتىڭ قىلىپلا ئارىلاشسۇن، ھېلىمۇ ئاشۇ تۆت كۇپلېتنى يازىمەن دەپ كاللام قاپاق بولۇپ قالايلا دېدى،

مۇشۇ قىلغىنىمغا تويۇڭدا بىرەر ياغلىق بولسىمۇ چىگىپ قويارسەن؟

ئالىيە ئىزا تارتقان، شۇنداقلا ئىپتىقۇسىز بىر خۇرسەنلىكتە دوستىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئالىيە ھودۇققان ھالدا چىمەنگە پىچىرلىدى:

— ئەسئەت شېئىرنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى، بۇنى راستتىن سىز يازدىڭىزمۇ دەيدۇ.

— مېنىڭ گېپىمنى قىلمىغانسەن؟

— ياقەي··· ئۇ تېخى مېنى يەنە يېزىڭ دەيدۇ.

— يازغىن، — دېدى چىمەن كۈلۈپ.

مۇھەببەت ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن، ئالىيە ئەمدى بۇرۇنقىدەك جىمغۇر، خىيالچان يۈرمەيدىغان بولدى. نېمىگىدۇر ئالدىرايتتى، بەزىدە خۇشال كېلەتتى. بەزى كۈنلىرى ھېچكىمگىمۇ گەپ قىلماستىن تەتۈر قاراپ يېتىۋالاتتى. ئۇ بارغانچە دەرسلەرگە قارىمايدىغان بولۇۋالدى، دەرستىن چۈشۈپلا ماگىزىنمۇ ماگىزىن ئارىلايتتى.

— ئوقۇش قاچانمۇ تۈگەر؟ — دېدى ئالىيە بىر كۈنى، — راستىنى ئېيتسام ئوقۇشتىن خويمۇ زېرىكتىم.

— ئۆي تۇتقۇڭ كېلىپ كېتىۋاتامدۇ؟ — چىمەن كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى.

— تۇرۇپلا شۇنى ئويلاپ قالىمەن، — ئالىيە كۆڭلىدىكى گېپىنى دېدى، — مۇشۇ ئېغىلدەك ياتاقتىن تېزرەك قۇتۇلسام دەيمەن. ئىككى ئېغىزلا ئۆيۈم بولسا قونچاقتەك قىلىپ ياسىۋېتەتتىم. بازاردا ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ قويدۇم، دېرىزە پەردىسى قىلىدىغان شۇنداق چىرايلىق بىر رەخت چىقىپتۇ، شۇنداق سېلىنىپ تۇرىدىكەن. بىر ئۆينى مېھمانخانا قىلىپ چىرايلىق ياساپ قوياتتىم، بىر ئۆينى ئۇخلايدىغان ئۆي قىلىمەن، ئۆي

دېگەننى چىنىدەك پاكىز تۇتاتتىم، — ئالىيە ھەۋەس بىلەن
سۆزلەپ كەتتى، — بىزنىڭ بىر قوشنىمىز بار، ئىسمى گۈلىند-
سا، ماگىزىندا ئىشلەيدۇ. بۇ ئايال شۇنداق رەتلىك، پاكىز،
سەرەمجانكى، ئۆيىگە كىرسەڭ خۇددى بىر باغچىغا كىرىپ قالغان-
دەك راھەتلىنىپ كېتىسەن. ھەممە نەرسە جاي ـ جايىدا، پارقى-
راپ تۇرغان، دېرىزە تەكچىسى گۈللەر بىلەن تولغان. ھەممىدىن
مەن ئۇنىڭ گاز ئوچىقىغا ھەيران بولىمەن، بۇ ئوچاقتا خۇددى
تاماق بىر نېمە ئەتمىگەندەك قاچانلا قارىساڭ پارقىراپلا تۇرىدۇ،
بىر كۈنى ئۇنىڭ قازان ـ قومۇچىنى يۇيۇۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە
كىرىپ قاپتۇمەن، قاراپ تۇرسام قاچىلارنى يۇيۇپ بولۇپ ئوچاق-
نى سوپۇن پاراشوكى بىلەن يۇيۇپ چىقتى. «توۋا» دەپ ھەيران
قاپتۇمەن. يولدىشى نەشرىياتتا ئىشلەيدۇ، تەرجىمان. پۇل دېگەن-
نى بەك تاپىدۇ. ئۇلار توي قىلغىلى تۆت يىل بولدى. ئۆيىگە
كىرسەڭ رەڭلىك تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ ھەممىسى بار، ئۆيىنىڭ
ئىچىدە بىرەر قېتىم قاتتىقراق گەپ قىلىشقان ئاۋازىنمۇ ئاڭلىغى-
لى بولمايدۇ، تۇرمۇش دېگەن شۇنداق بولسا دەيمەن.

— سەنمۇ شۇ ياقنى دورىسام دەيسەنكەن ـ دە، ئەسئەتمۇ
ھېلىقى تەرجىماندەك شېئىرلارنى يېزىپ پۇل دېگەننى تېپىپ
تۇرسا ـ ھە؟! ...

— ھەي، ئەسئەت ئۇياقنى دورامدىكىنتاڭ، — ئالىيە بىر
قىسمىلا بولۇپ دېدى.

— قانداق؟

— ئۇنىڭ ئاجايىپ مىجەزى بار ئىكەن. ئۇ بۇ يىلمۇ خېلى
قەلەم ھەققى ئالدى. نېمە قىلدىكىن دەپ سورىسام ئاغىنىلىرى
بىلەن ئولتۇرۇش قىلىپ تۈگىتىۋېتىپتۇ، ئاخشاممۇ شۇ توغرۇ-
لۇق تەگىشىپ قالدۇق، تۈنۈگۈن يۈز نەچچە سوم قەلەم ھەققى
كەپتۇ. مەن: «يۈز سومنى بانكىغا قويۇپ قويۇڭ، ئەتە ـ ئۆگۈن
پۇل لازىم بولار» دەپتىمەن. ئۇ نېمە دېدى دېسەڭ، «ئاپئاق

قىز، باشقۇرۇش بەكمۇ بالدۇر بولۇپ كەتتىغۇ» دەيدۇ قارا. كىنوغا ماڭغاندۇق، ئاچچىقىمدا كىنوغىمۇ كىرمەي يېنىپ كەلدىم.

— ھېلىتىنلا ئۇرۇش - جېدەلنى باشلىۋەتتۇق دېگىنە، ھەي ساراڭ، — چىمەن تېلىقىپ كۈلدى، — دېمىسىمۇ ئۇ گەپلەرنى قىلىپ نېمە قىلاتتىڭ؟

— ئەمدى مۇنداقلا دەپ قويغاندىم - دە....

ئالىيەنىڭ كۈنلىرى ئەنە شۇنداق ئۆتمەكتە ئىدى. ئىمتىھانلاردا پۇتۇنلەي چىمەندىن كۆچۈرەتتى، دەرسلەر ئۇنىڭ كاللىسىغا زادىلا چۈشمەيدىغان بولدى. تۆت يىلمۇ ئۆتتى. ۋاقىت ئاز قالغانسېرى ئالىيەنىڭ كۆنلىرىمۇ كۆز پەسلىنىڭ تايىنسىز كۈنىدەك ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولدى، خۇشال كۈنلىرىدىن تولىراق خاپا يۈرىدىغان چاغلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. بەزىدە مىسكىن، كۆڭۈلسىز بىر قىياپەتتە سائەت - سائەتلەپ ئولتۇراتتى، ئويۇن - چاقچاقلارغىمۇ ئارىلاشمايتتى، ئۆزى ئەڭ ئامراق كۆرىدىغان تانسىلارغىمۇ چىقماس بولدى، قىزلارنىڭ سوئاللىرىغا پەقەت «ھېچنېمە» دەپلا قوياتتى. بىر كۈنى چىمەن ئۇ ياتاقتا يىغلاپ ئولتۇرغانىنىڭ ئۈستىگە كىرىپ قالدى. ياتاقتا ھېچكىم يوق ئىدى.

— نېمە بولدۇڭ، ئالىيە، نېمىشقا يىغلايسەن؟ — چىمەن ھەيران بولۇپ سورىدى.

ئالىيە يەرگە قارىغىنىچە ئىسەدىمەكتە ئىدى.

— ئەسئەت بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالدىڭلارمۇ - يە؟

ئالىيەنىڭ چىرايلىق لەۋلىرى ئۆمچىيىپ تىترىدى. ئىچ - ئىچىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان يېشىنى ئارانلا بېسىپ تۇرۇپ:

— بىز ئايرىلىپ كەتتۇق، — دېدى.

— نېمە دەيدىغانسەن؟ — چىمەن ئىشەنمىگەندەك قايتا سورىدى، — ئوقۇش تۈگەي دېگەندە نېمە بولغىنىڭلار بۇ؟ ئۇنداق

قىلماي ياخشى بولۇشۇپ قېلىڭلار.

ئالىيە ئېسەدىگىنىچە بېشىنى چايقىدى.

— مەن شۇنچە يول قويدۇم. بىزنىڭ ئىشىمىزنى مەكتەپمۇ، ئۆيدىكىلەرمۇ بىلىپ كەتكەن تۇرسا بۇنداق قىلمايلى، دېدىم. سەن ئۇقمايسەن ئاداش، ئەسئەت هازىر قالتىس ئادەم بولۇپ كەتتى، هېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايدۇ. نېمىلا گەپ قىلسام ياراتمايدۇ، زاڭلىق قىلىدۇ، مەنمۇ ئەخمەق··· مەن باشتىلا ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تۇتقۇزۇپ قويمىسام بوپتىكەن. ۋاي ئىسىت، ئىسىت،···

— هېچقىسى يوق، ئاداش، — چىمەن ئۇنى بەزلىدى، — كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئەتە - ئۆگۈن يەنە ياخشى بولۇپ قالىسىلەر.

ئالىيە ئەلەم بىلەن بېشىنى چايقىدى ۋە يانچۇقىدىن پۇرلىشىپ كەتكەن بىر ۋاراق خەتنى ئېلىپ چىمەنگە بەردى.

چىمەن سەل تەئەججۈپلەنگەن هالدا خەتكە كۆز يۈگۈرتتى.

«ئالىيە! — دەپ باشلىنىدى ئەسئەت خەتنى، — بۇ خەتنى يېزىش ماڭىمۇ شۇنداق ئېغىر كەلدى، لېكىن ئامالىم يوق، كۆڭلۈمدىكى گەپنى يوشۇرغان بىلەن كېيىن هامان ئاشكارا بولىدۇ، ئۇ چاغدىكى ئازاب، پۇشايمان ئېغىر بولىدۇ، مەن ئىككىمىزنىڭ مۇهەببىتى هەققىدە كۆپ ئويلاندىم. بىز بىر يىلدىن بۇيان بىر - بىرىمىزنى خېلى ئوبدان چۈشەندۇق، مىجەزىمىزنىمۇ بىلىشتۇق، مەن سىزنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن. ئۇنداق هوقۇقۇممۇ يوق. جەمئىيەتتە هەر ئادەم ئىختىيارىي، ئۆز مىجەز - خۇلقى بىلەن ياشاشقا هوقۇقلۇق. مەن بىلىمەن، بىز يۈرگەندىن بۇيان مېنىڭ نۇرغۇن قىلىقلىرىم سىزگە ياقمىدى، بەزىدە شۇ سەۋەبتىن سىز بىلەن رەنجىشىپمۇ قالدۇق، شۇنداقلا سىزنىڭمۇ مى-

جەزلىرىڭىز مېنىڭ دىتىمغا توغرا كەلمەيدىغان بولۇشقا باشلىدى. مېنىڭچە، ئايال كىشىنىڭ ۋەزىپىسى — ئەر كىشىنىڭ قەلب دىتىنى، ئۇنىڭدىكى ھېسسىي تۇيغۇنى يالقۇنلىتىش، ئۆزى ھېس قىلالمىغان تالانتىنى يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۇچۇن ئىلھام بېرىشتۇر، لېكىن ئۇ ئەكسىچە ئۇنى پەپىلەپ ئۇخلىتىپ قويغۇچى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك، مەن سىزنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى تەلىپىمگە جاۋاب بېرىپ يازغان شېئىرىڭىزنى كۆرۈپ سىزنى تېخىمۇ ياخشى كۆرگەنىدىم، لېكىن ئۇ سىزنىڭ يازغىنىڭىز ئەمەس ئىكەن، بۇنى كېيىن ئۆزىڭىز دەپ بەردىڭىزغۇ، بىزنىڭ پىكرىمىز، ئوي - خىيالىمىز پۇتۇنلەي ئوخشاشمايدىكەن، سىز خاتىرجەم، كىشىلەر ھەۋەس قىلغۇدەك جابدۇقلىرى بار ئۆيىنىڭلا غېمىنى قىلىسىز، مېنىڭ ئارزۇيۇم بولسا باشقا. شۇڭا بىز بىر يولدا ماڭالمىغۇدەكمىز، مەن سىزنى بەختلىك قىلالىشىمغا كۆزۈم يەتمەيۋاتىدۇ.

ئالىيە! سىز ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان قىز، سىزنىڭ كەلگۈسىدە كۆڭلىڭىزدىكىدەك تۇرمۇش قۇرالىشىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل، چۈنكى سىزنىڭ چىرايىڭىز، مىجەزىڭىز ھەرقانداق يىگىتنى مەپتۇن قىلالايدۇ، مېنىڭدىن رەنجىمەڭ، مۇھەببەت دېگەن شۇنداق نەرسە ئىكەن...

خەير، سىزگە بەخت تىلەيمەن. ئەسئەت»

چىمەن نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. باشتا ئۇ «شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئەخمەق قىلىپ يۈرۈپ، ئەمدى تاشلىۋەتكىنى نېمە گەپ؟ ئالىيەگە ئۇۋال ئەمەسمۇ؟» دەپ ئەسئەتكە ئاچچىقى كەلگەن ۋە ئەسئەتنى تېپىپ قاتتىق بىر گەپ قىلماقچى بولغانىدى. خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاچچىقى نېمىشقىدۇر تارقىلىپ كەتتى. ئەسئەتنىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇقتەك تۇيۇلۇشقا

باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قاچانلا بولسا قولىدىن ژۇرنال چۈشمەيدىغان، ئويۇنچى، يوللاردا ناخشا ئېيتىپلا يۈرىدىغان ئېگىز، ئورۇق يىگىت كەلدى، ئۇ سىنىپتىمۇ داۋاملىق بىر نەرسىلەرنى يېزىپلا ئولتۇراتتى. چىمەننىڭ ئېسىگە بۈنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن تاسادىپىي قىلىشقان پارىڭى كەلدى. بۇ بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى، چىمەن ماگىزىنىدىن بىر نەرسە ئېلىپ قايتمۇقچى بولۇپ ئاپتوبۇستا ئەسئەت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئەسئەتنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى قىزارغان، كۆزلىرى خۇمارلاشقانىدى.

— بۈگۈن پەيزىڭىز بارغۇ؟ — دېدى چىمەن ئۇنى كۆرۈپ، — يەنە قەلەم ھەققى چىققان ئوخشايدۇ ـ ھە؟

— قانداق ئۇقتىڭىز؟

— ئۇقۇپ قالىمىز ـ دە، — چىمەن چاقچاق قىلىپ كۈلدى، — ئەجەب بىزلەرنى بىر-ەر قېتىم مېھمان قىلايمۇ دېمەيسىزغۇ؟

— ھوي، چاتاق يوق، ھازىرلا باشلايمۇ؟

— پۇشايمان قىلىپ قالماڭ يەنە…

— خاتىرجەم بولۇڭ.

دەل شۇ چاغدا ئاپتوبۇس بېكەتكە كېلىپ توختىدى، ئەسئەت چىمەنگە قاراپ:

— گېپىڭىز راست بولسا يۈرۈڭ، — دېدى ۋە چىمەن ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە ئۇنى سۆرىگەندەك ئاپتوبۇستىن چۈشۈرۈپ قالدى.

چاقچاق راستقا ئايلاندى، چىمەن ئەمدى بىر ئاز ھودۇقۇپ قالدى، ئۇ ساۋاقداشلاردىن بىرەرى كۆرۈپ قالمىغاندۇ دېگەن ئەندىشە بىلەن ئەتراپقا ئالاڭلاپ قاراپ قويدى. ئەسئەت ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي رېستورانغا باشلاپ كىردى، تاماقنى ئۈستى ـ ئۈستىلەپ بۇيرۇدى.

چىمەن تۇرۇپلا خىجالەت بولۇپ قالدى.

— بولدى، ئەسئەت، — دېدى ئاخىر ئوڭايسىزلىنىپ، — مېھمان قىلىش دەپ قويغىنىمغا تويدۇرۇۋېتەمسىز نېمە؟ ئالىيە-گىمۇ قالسۇن.

— ئالىيەگىزنى قويۇپ تۇرۇڭە، — ئەسئەت قولىنى سىلىك-لىدى، — مەن ئەسلىدە سىزگە قەلەم ھەققىگە قەرزدارمەن.

چىمەن ھەيران قېلىپ ئۇنىڭغا سوئال بىلەن تىكىلدى.

— نېمە قەلەم ھەققى؟

— ئالىيە ئۇچۇن يېزىپ بەرگەن شېئىرىڭىز ئېسىڭىزدە باردۇ؟ — ئەسئەت ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ دېدى.

چىمەن ئوڭايسىزلانغان ھالدا قىزاردى.

— نەدىكى شېئىر؟ نېمىلەرنى دەۋاتىسىز ئەسئەت؟

— بولدى تېنىۋالمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، بۇنى ماڭا ئالىيە ئۆزى دەپ بەرگەن، سىزدە ھەقىقىي شېئىرىي تالانت بار ئىكەن.

چىمەن ئىچىدە ئالىيەنى تىللىدى.

— چىمەن، — دېدى ئەسئەت تاماكىدىن بىر تالنى تۇتاشتۇ-رۇپ بولۇپ، — مېنىڭ سىزگە ھەۋىسىم كېلىدۇ.

— قانداق؟

— سىز بىز قىلغان ئەخمەقلىقنى قىلمىدىڭىز.

— مېنى ھېچبىر يىگىت ياراتمىدى ئەمەسمۇ؟ — چىمەن كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى.

— ياراتمىدى ئەمەس، سىز ئۆزىڭىز خالىمىدىڭىز، بەزى ئوغۇل باللار سىزنى ھاكاۋۇر، توڭ دەيدۇ، ھېسسىياتى يوقمۇ دېيىشتى. مېنىڭچە، ھېسسىياتسىز ئادەم شېئىر يازالمايدۇ، لېكىن ھېسسىياتىم بار دەپ ئۆز ئەركىگە قويۇۋېتىشمۇ ئاخىرقى ھېسابتا زىيانلىق. بىز ئالىي مەكتەپكە نى جاپالار بىلەن نېمىدەپ كەلدۇق، مۇھىمى بىلىم ئېلىش ئۇچۇن كەلدۇق، شۇڭا ئاساس-لىقى زېھنىمىزنى مۇھەببەتكە ئەمەس، بىلىم ئېلىشقا قاراتقىنىد-

مىز توغرا بولاتتى. سىز مانا شۇنداق قىلدىڭىز، دەرسلەردە قىزلارنىڭ ئالدى، ئەته - ئۆگۈن جەمئىيەتكە چىقسىڭىزمۇ تېنەمەي، بىرەرىنىڭ ئالدىدا سارغايماي ئىشلەپ كېتىسىز، دوستىڭىز ئالىيەچۇ؟ ئۇنىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە خىيالى كەلگۈسىدە تۇتىدىغان ئۆيى، ئۆينى قانداق ياساشنىڭ غېمى، مەن ئۇنىڭ شۇ گەپلىرىدىن شۇنداق زېرىكتىمكى...

— ئەسئەت، بۇنداق دەپ كەتسىڭىزمۇ بولماس، ئالىيەنىڭمۇ ياخشى كۆڭلى. ئۇ سىزنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدۇ.

— بۇنداق ياخشى كۆرۈش قۇرۇپ كەتسۇن.

— ئەسئەت، سىز ئۇجمە كۆڭۈل ئوخشايسىز.

ئەسئەت مۇرىسىنى قىسىپ ئاغزىنى قىيسايتىپ قويدى.

— بەلكىم شۇنداقتۇ، بەزىدە مەن ئۆزۈمگە: «مەن ئالىيەنىڭ نېمىسىنى ياخشى كۆرىمەن» دەپ سوئال قويىمەن. ئۇنىڭدا نېمە ئالاھىدە خىسلەت بار؟... ئويلاپ باقسام ئۆز ۋاقتىدا مەن ئۇنىڭ تانسا ئويىنىشىغا كۆيۈپ قالغانىدىم. ئۇ تانسىنى شۇنداق چىرايلىق، نازاكەت بىلەن ئوينايدۇ. سىز كۈلمەڭ، بۇ مېنىڭ راست گېپىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ ئېغىر - بېسىقلىقىغا قاراپ مەن ئۇنىڭ قەلبىنى ئاجايىپ سىرلىق بىر دۇنيا دەپ ھېس قىلاتتىم، شۇڭا مەن ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆردۈم، ئەس - ھوشۇمنى يوقاتتىم. سىز بىلىسىز، بىز بىر يىلدىن ئارتۇق يۈردۇق، مەن ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىنى ئاختۇرۇپ باقتىم. لېكىن ئۇ مەن ئارمان قىلغاندەك مۇرەككەپ، سىرلىق ئەمەس، بەلكى قۇپقۇرۇقلا ئىكەن. مەن دېگەن ھېسسىيات يوق ئىكەن. سىز دەپ بېقىڭە، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەيىبلىكمۇ؟...

ئەسئەت ئۇزۇن سۆزلىدى. چىمەنگە بارغانچە ئۇنىڭ دېگەنلىرى خېلى ئورۇنلۇقتەك سېزىلىشكە باشلىدى. ئۇ ئالىيەنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئەسئەت دېگەندەك ئۇنىڭ چىرايى، مىجەز -

خۇلقى، يۇرۇش - تۇرۇشى بىر قارىماققا ھەرقانداق يىگىتنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇ خۇددى كالپىندارلاردا چىقىدىغان قىز-لارغىلا ئوخشىشىدۇ. تۇنجى قېتىم كۆرگىنىڭدە ئۇنىڭ نۇقسان-سىز گۈزەللىكى، ئايدەك يالتىراپ تۇرغان ھۆسنى سېنى مەھلىيا قىلىدۇ، ھاياجانغا سالىدۇ. لېكىن، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى سەن ئۇنىڭ پەقەت بوياقتىكى گۈزەللىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ پەقەت جانسىز رەسىم ئىكەنلىكىنى سېزىپ كۆڭلۈڭ سوۋۇيدۇ، بۇ رە-سىمنىڭ گۈزەللىكى نەدىدۇر، دېگەن گۇمانغا كېلىپ قالىسەن، كونىرىغانسېرى ئۇ رەسىمنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ ئادەتتىكى بىر نەر-سىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا قىزلار تولا چاغلاردا ئۆز چىرايى بىلەن ئالدىنىدۇ، بەختسىز بولۇپ قالىدۇ. بىچارە ئالىيە، سەنمۇ شۇنداق تەقدىرگە يولۇقامسەن نېمە، سەن ئەسئەتنى تونۇپ چاتاق قىلدىڭ. سەن ئۇنىڭ كۆڭۈل دۇنياسىغا كىرەلمەيسەن، ئۇنى چۈشەنمەيسەن...

چىمەن ئەسئەت بىلەن قىلىشقان پاراڭلار توغرۇلۇق ئالىيە-گە تىنمىدى، ئالىيەنىڭ كۆڭلىنى ئايىدى. لېكىن ئەسئەتنىڭ قاچان بولمىسۇن ئۇنى تاشلىۋېتىدىغانلىقىغا گۇمان قىلمىدى. مانا ئاخىر ئۇ ئويلىغاندەك بولدى...

ئالىيە يىغلىماقتا ئىدى. بىچارە قىز يىغلىماي قانداق قىل-سۇن؟ ئۇ ئەسئەت ئۈچۈن، كۆز يورۇپ ئېرىشكەن تۇنجى مۇھەب-بىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىغانىدى. ھەتتا ئوقۇشىنىمۇ قۇربان قىلغانىدى، لېكىن ئۇ سەۋدايىلارچە ياخشى كۆرگەن يى-گىتى ئۇنى تاشلىۋەتتى، خۇددى چىرايلىق بىر گۈلنى بىغىدىن ئۈزۈۋېلىپ ئۇنىڭ پۇرىقىغا قېنىپ بولغاندىن كېيىن يول چېتىگە تاشلىۋەتكەندەك قىلدى. قىز بالا ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق دىل ئازابى، كۈلپەت بارمۇ؟ ئالىيە بۇ زەربىنى كۆتۈرەلەرمۇ؟ چىمەن دوستىغا چىن كۆڭلىدىن ئىچ ئاغرىتتى، ئۇنىڭ دەردىگە ھەمدەرد بولۇپ بەزلىدى.

ئالىيە ئەتىسىدىن تارتىپ ئاغرىپ نەچچە كۈنگىچە دەرسكىمۇ چىقالمىدى. ئورۇقلاپ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپلا كەتتى. سا-ئەت - سائەتلەپ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە خىيال قىلاتتى، ھەس-رەت بىلەن خۇرسىناتتى، چىمەن ئۇنىڭ بۇ دىل ئازابىدىن قۇتۇ-لۇپ كېتىشىگە كۆزى يەتمەيمۇ قالدى.

كۈنلەر ئۆتتى، ئالىيەمۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ ئورنىدىن تۇردى. لېكىن ئۇ قاباھەتلىك بىر چۈشنى كۆرۈپ ئويغانغان كىشىدەك گاراڭ بولۇپ، تېخىمۇ جىمغۇرلىشىپ كەتتى. ئۇ تور توقۇشنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا رومان، ھېكايىلەرنى باش كۆتۈر-مەي ئوقۇيدىغان بولۇۋالدى. چىمەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىمىغىنىغا قويماي كىنولارغا ئاپىراتتى، قىزىق گەپ-لەرنى قىلىپ بېرەتتى، ئالىيە بولسا ئۇنىڭ چاقچاقلىرىغا غەم-كىن، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرىدىغان بىر ھالەتتە ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا كۈلۈپ قوياتتى.

چىمەن باشتا دوستىنىڭ ھالىغا ئىچى ئاغرىپ ئەسئەت بىلەن سۆزلىشىپ كۆرمەكچى بولدى، لېكىن ھەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا نېمىشقىدۇر ئوڭايسىزلىنىپ يالتىيىپ قالاتتى. ئەسئەتنىڭ ھېلىقى بىر چاغدىكى سۆزلىرى ئېسىگە كېلىپ مېڭى-سى ئاللىقانداق سوئاللار بىلەن چىگىشلىشىپ كېتەتتى، بۇنداق چاغلاردا كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە ئەسئەتكە نىسبەتەن ھېسداشلىق، يېقىنلىق بىر تۇيغۇ پەيدا بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۆزى ئەندىكىپ كېتەتتى. «مەن نېمە بولدۇم؟ — دەيتتى ئۇ بەزىدە ئەسئەتكە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا تىكىلىپ قالغانلىقىدىن خۇدۇكسى-نىپ، — نېمىشقا ئۇ مېنىڭ كاللامغا كىرىۋالىدىغان بولدى. توۋا خۇدايىم، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن...».

چىمەن ئاجايىپ بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە ئەسئەت ئۇنى ئاجايىپ ھەشەمەتلىك بىر تانسىخانىغا باشلاپ بېرىپتۇمىش، زال شۇنداق يورۇق، ئازادە بولۇپ، بىر - بىرىدىن چىرايلىق كىيىد-

نىشكەن جۈپ - جۈپ قىز - يىگىتلەر تانسا ئوينىشارمىش.
ئەسئەت چىمەن بىلەنلا ئوينىغۇدەك ۋە ھېلىدىن - ھېلىغا: «سىز ئالىيەدىن ياخشى ئوينايدىكەنسىز، نېمىشقا مەن سىزنى بۇرۇن بايقىمىدىم، بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى سىز بىلەنلا ئوينايمەن» دېگۈدەك. زالنىڭ تاملىرى ھەممىسىلا كۆرۈنىدىغان ئەينەك ئىدى. كەن، چىمەن ئەينەكتە ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ ھەيران قالغۇدەك، ئۇمۇ چىرايلىق ئىكەنغۇ، كۆڭلىكىمۇ شۇنداق يارىشىپتۇ، ئۇ ئۆز تۇرقىنى ئاق قۇغا ئوخشاتتى، بىر چاغدا تانسا باشقۇرغۇچى ئەسئەتنى شېئىر ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ قالدى. ئەسئەت ھودۇققان ھالدا چىمەنگە قاراپ: «قانداق قىلىمەن، يازغان يېڭى شېئىرىممۇ يوق ئىدى» دېگۈدەك. چىمەن بولسا: «يادىڭىزدا بار شېئىرلاردىن بىرنى ئوقۇپ بېرىڭ» دېگۈدەك. ئەسئەت سەھنىگە چىقىپ چىمەنگە قاراپ يېقىملىق بىر كۈلۈپ قويۇپلا لەرزان بىر ئاھاڭدا چىمەننىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئالىيەگە يېزىپ بەرگەن ھېلىقى شېئىرىنى ئوقۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ شۇنچىلىك ھاياجان بىلەن ئوقۇۋاتقۇدەككى، چىمەن ئۆزىمۇ تەسىرلىنىپ ئېرىپ كېتىپتۇ. ئەسئەتكە پۈتۈن سورۇن گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىتىپتۇ، ئۇ ھاياجاندىن قىزارغان ھالدا چىمەننىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ «نېمىشقا ئۆزىڭىزنىڭ شېئىرىنى ئوقۇمىدىڭىز؟» دېگەن سوئالىغا: «مېنىڭ ئېسىمدە پەقەت مۇشۇ شېئىرلا بار، بۇ مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان شېئىر» دېگۈدەك...

ئەتىسى كەچكىچە چىمەننىڭ ئېسىدىن كۆرگەن چۈشى چىقمايلا قويدى. سىنىپتا ئەسئەتنى كۆرۈپ ئۆزىچىلا ھۇپپىدە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى، ئىچىدە «توۋا» لا دەيتتى. ئۇ ئالىيەنىڭ كۆزىگىمۇ خۇددى كېسىنىپ تىك قارىيالماس بولدى. گويا ئالىيە ئۇنىڭغا: «چىمەن، نېمە قىلىپ يۈرىسەن، سېنىڭدىن كەلگەن ۋاپا شۇمۇ؟» دەۋاتقاندەكلا تۇيۇلاتتى. چىمەن ئەمدى ئۆزىنى خۇددى بىر ئوتنىڭ ئىچىدە قالغاندەك، قانداقتۇر بىر كۈچلۈك،

شىددەتلىك كۈچ ئۇنى تەرەپ ـ تەرەپتىن قىسماققا ئېلىپ سىقى-
ۋاتقاندەك بولۇپ ئازابلىناتتى. شۇنداق، چىمەن ئۆزىگە بىر ئازاب-
نى تېپىۋالدى، بۇ شۇنداق ۋەھىمىلىك ھەم شۇنداق شېرىن ئازاب
ئىدى. ئۇ ئەمدى ئەسئەتنى بىردەم كۆرمىسە تەقەززا بولۇپ
كۆڭلى يېرىم بولاتتى، ئوغۇل باللاردىن ئۇنىڭ نەگــە كەتــكەن-
لىكىنى تىنىڭ ـ تىڭلايتتى. ناۋادا يالغۇز ئۇچرىشىپ قالغۇدەك
بولسا ئۆزىچە پۈتلىرى كالۋالىشىپ، يۈرىكى سېلىپلا كېتەتتى،
ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي قالاتتى، چىمەن ئەسلىدە مەكتەپكە كەلگەن
چاغدىلا ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئوقۇشنى تۈگەتكىچە ئوغۇللارغا قەتئىي
قارىمايمەن» دەپ سۆز بەرگەنىدى. بۇنداق بولۇشىمۇ ئۇ ئاپىسى-
نىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشقا كېلىپ بىر يىل ئۆتمەي كۆڭۈلنىڭ
كەينىگە كىرىپ ساۋاقدىشى بىلەن چاتاق چىقىرىپ قويۇپ مەكتەپ-
تىن ھەيدەلگەنلىكىنى، شۇنىڭ دەردىنى بىر ئۆمۈر تارتقانلىقىنى
ئاڭلىغانىدى. مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ئوغۇللار ئۇنىمۇ بىكار
قويمىدى. بىرەر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭغىمۇ مەنىلىك خەتلەر كې-
لىشكە باشلىدى، ئەمما ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاپىسى كېلىپلا ئۇنىڭ
يۈرىكىنى مۇزلىتىۋېتەتتى، شۇڭا «سوغۇق» جاۋابلار بىلەن ئۇ-
لارنى بەزدۈرگەنىدى. مانا ئەمدى ئاز قالغاندا...

چىمەن ئەندىشە قىلغان ئىش شۇنداق تۇيۇقسىز، تاسادىپىي
يۈز بەردىكى، ئۇ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپلا قويدى. ئۇ ئاپرېل
ئېيىنىڭ باشلىرى ئىدى. ھاۋا تۇيۇقسىزلا ئىسسىپ يەر ـ جاھان
كۆكىرىپ كەتتى. دەرسلەر ئاللىقاچان تۈگىگەن، ئوقۇغۇچىلار
ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىلىرىنى يېزىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.
چىمەن كەچلىك تاماقتىن كېيىن كۇتۇپخانىغا كىرىپ ماتېرىيال
كۆردى. سائەت توققۇز بولغاندا ياتاققا قايتتى. تالا سالقىن ئى-
دى. يېنىك چىقىۋاتقان باھار شامىلى جان كىرگەن دالىنىڭ
نەم، خۇشبۇي ھىدىنى ئەكېلەتتى، شالاڭ ئاقۇچ بۇلۇتلار ئېسى-
لىپ تۇرغان كۆكتە تولۇن ئاي نۇر چاچماقتا. كېچە سىرلىق

بىر جىمجىتلىقتا چۆمگەندى. سالقىن ھاۋا چىمەننىڭ ھارغان نېرۋىلىرىنى سەگىتتى. ئۇ كۇمۇش نۇر قويندىكى باھار كېچە-سىگە زوقلىنىپ قاراپ، قويۇق دەرەخلەر ئارىسىدىكى يول بىلەن ياتاققا قاراپ ماڭدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ دەرەخلەر ئارىسىدا جۈپ بولۇشۇپ تۇرغان قىز - يىگىتلەر ئۇچرايتتى. چىمەننىڭ يېنى-دىن بىر - بىرىنى قۇچاقلىشىپ پىچىرلاشقىنىچە بىر جۈپ قىز - يىگىت ئۆتۈپ كەتتى، قىز بېشىنى يىگىتنىڭ مۇرىسىگە تاشلىغان ھالدا كېتىۋاتاتتى، يىگىت نېمە دېدىكىن، قىز تۇيۇق-سىزلا شۇنداق ناز بىلەن كۈلۈپ كەتتى.

چىمەن خورسىنىپ قويدى. ئۇنى بىردىنلا مەيۈسلۈك باس-تى، كۆڭلى يېرىم بولدى. ھەممىسى جۈپ - جۈپى بىلەن يۈرىدۇ، ئۇ بولسا تەنھا، ئۇ بەش يىلنى تەنھا ئۆتكۈزدى، بۇ يىگىرمىدىن ئېشىپ يېتىلگەن قىز بالا ئۈچۈن ئاسان گەپمۇ؟ ئۇ سىرتىغا چىقارمىغان بىلەن بۇ ئازابنى ئۆزى بىلىدۇ. ئوغۇل بالىلارنىڭ ئوتلۇق بېقىشلىرى ئۇنىڭ قەلبىنىمۇ نەچچە - نەچچە قېتىملاپ لەرزىگە سالغانىدى. ئۇنى سۆيگۈ باغچىسىغا چاقىرغانىدى. لېكىن چىمەن يۈرىكىنىڭ نىداسىغا قۇلاق سالمىدى، ئۇنىڭ بىخ سۈرۈپ تەلپۈنگەن مايسىلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن دەس-سەپ چەيلىدى. ئۇ ئەمدى قاچانغىچە شۇنداق يۈرىدۇ ئۇ ھامان بىرەر يىگىت بىلەن يۈرۈشى كېرەكقۇ ئاخىر؟! خۇداغا شۈكرى، ئۇ ئوقۇشلارنىمۇ ياخشى تۈگەتتى، ئەمدى نېمىدىن ئەندىشە قىلى-دۇ... ئۇنىڭ ئېسىگە يەنىلا ئەسئەت كەلدى، ئۇ ھەر جەھەتتىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە يارايدۇ، ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدە قېلىشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن، بالىلارنىڭ دېيىشىچە، بەزى ژۇرناللار ئۇنى تالىشىۋاتقا-نىمىش. بۇنداقتا چىمەننىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولىدۇ، ئەس-ئەتمۇ يېقىندىن بۇيان چىمەنگە بىر تۇرلۇكلا قارايدىغان بولۇپ قالدى. بەلكىم ئۇنىڭ كۆڭلىدىمۇ شۇ خىيال بارمىكىن؟...
لېكىن ئالىيەچۇ؟ ياق، ياق...

كەينىدىن ئاڭلانغان ناخشا ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلىۋەت-
تى. بۇ شۇنداق تونۇش، يېقىملىق ئاۋاز، چىمەننىڭ يۈرىكى
توختاپ قالغاندەك بولۇپ ئاغزىغا تىقىلدى. ئۇ ئەندىككەن هالدا
ناخشىغا قۇلاق سالدى:

يارسىز ئۆتكەن ئۆمۈر،
مىڭ ياشىسام بىر كۈنچە يوق.
ئىشقى ئوتۇڭنىڭ ئالدىدا،
دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.

ناخشا گويا شېرىن ئېقىم بولۇپ ئۇنىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىغا
تارىدى. يۈرىكى ئەمدى كۆكرىكىنى يېرىپ چىققۇدەك شىددەت
بىلەن سېلىشقا باشلىدى، ئۇ كەينىگە قايرىلىپ قاراشقىمۇ جۈر-
ئەت قىلالمىدى. پۈت ـ قولى جان قالمىغاندەك تىترەيتتى.
ئەسئەتنىڭ قەدەم ئاۋازى يېقىنلاپ كەلدى. «ئۇ تونۇماي ئۆتۈپ
كېتەرمۇ؟» دېدى ئۇ ئەندىكىپ تۇرۇپ ۋە ئۆزىگە قاتارلىشىپ
كەلگەن ئەسئەتكە بۇرۇلدى. ئۈستىگە ئاقۇچ پىلاش كىيگەن ئەس-
ئەتمۇ بۇرۇلۇپ چىمەننى تونۇپ قالدى.
— چىمەن! — دېدى ئۇ سەل تېڭىرقىغاندەك بولۇپ، —
نەدىن كېلىشىڭىز؟
چىمەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ قايتۇرۇپ سورىدى:
— كۇتۇپخانىدىن، ئۆزىڭىزچۇ؟
ئەسئەت بېشى بىلەن كەينىنى ئىشارەت قىلدى.
— ئاغىنىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ كەلدىم.
— يەنە قەلەم ھەققى چىقىپتۇ ـ دە؟
— قەلەم ھەققى چىقمىسىمۇ چاتاق يوق. قانداق، رېستوران-
غا باشلايمۇ؟
— رەھمەت، — چىمەن ئوڭايسىزلاندى، — بۈگۈنكى پەيزى-

ئىمىزمۇ يەتكەندەك قىلىدۇغۇ؟
— قاراڭ، نېمىدېگەن چىرايلىق ئايدىڭ ـ ھە، تازا سەيلە قىلىدىغان كۈن بوپتۇ.
— ئۆزىڭىزمۇ سەيلە قىلغۇدەك بولۇۋاپسىز.
— چىمەن، — دېدى ئەسئەت كۈلۈپ، — ياتاقتا بارساقمۇ نېمە قىلىمىز. يۈرۈڭە، بىردەم ئايلىنىپ كېلەيلى.
— بۈگۈن بۆلەكچىلىكغۇ، — دېدى چىمەن قۇۋناقلىق بىلەن كۈلۈپ، راستىنى ئېيتقاندا ئۇ ئەسئەتنىڭ شۇنداق دېيىشىنى كۈتكەنىدى. چىمەننىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى ۋە ئەسئەتنى ھەي-ران قالدۇرۇپ ماقۇل بولدى. ئىككىسى كىشىلەردىن خالىي كۆل بويىغا بېرىشتى. ئەسئەت تاماكا تۇتاشتۇردى، ئاربلاپ چە-مەنگە قىيا بېقىپ قوياتتى. چىمەن ھاياجانلىناتتى. ئۇ مانا ئۆمە-رىدە تۇنجى قېتىم بىر يىگىت بىلەن خالىي مۇڭدىشىپ كېتىۋاتقان-دۇ. بۇ ئۇنىڭغا قانداقتۇر يات تۇيۇلۇپ كۆڭلى داۋالغۇيتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە بۈگۈن قانداقتۇر بىر ئىش بولىدىغاندەك ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ ئەندىكىپ كەتتى.
ئۇلار چىملىق قىرغاقتىكى بىر كونا ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇرۇشتى، ئەتراپتىن نەم تۇپراقنىڭ ھىدى كېلەتتى. نېرىدا يېگانە ئۆسۈپ قالغان ياۋا ئۆرۈك ئاپئاق چېچەكلەپ كەتكەنىدى. تىنچ كۆل ئاي نۇرىدا گىرىمسەن جۇلالىنىپ كېچىگە تېخىمۇ سېھىر بېغىشلىغانىدى. يىراقتا ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋا-زى، نەدىندۇر ئۇنئالغۇدىن تارىغان ناخشىلار ئاڭلىنىپ قالاتتى.
— شۇنداق قىلىپ ئايرىلىدىغان ۋاقتىمىزمۇ ئاز قالدى، — دېدى ئەسئەت ئۆزىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ تۇرۇپ، — قايسىمىز قاياقلارغا كېتەرمىز.
— سىز ھەرقاچان ئۇرۇمچىدە قالارسىز؟
— كىم بىلىدۇ دەيسىز، — ئەسئەت ئۇھ تارتتى، — ئالىمىز دەۋاتقانغۇ ئورۇنلار بار. گەپ مەكتەپ قوشۇلسا بولىدۇ،

ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئوقۇغان كەسپىم ئەدەبىيات ئەمەس.
— سىز ئەسلىدە ئەدەبىياتتا ئوقۇسىڭىز بوپتىكەن.
— سىزمۇ شۇنداققۇ دەيمەن.
چىمەن ئۇنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ كۈلۈۋەتتى.
— ئۇ بىر قىزنىڭ قىزچىلىقتا يېزىپ قويغانلا گەپ. يازغىنىمغىمۇ تويدۇرۇۋېتىدىغان بولدىڭىز.
— ياق، مەن سىزنىڭ يەنە ئاشۇنداق شېئىرلارنى يېزىشىڭىزنى خالايتتىم.
— زاڭلىق قىلمىڭە.
— ئاشۇ شېئىرىڭىز هازىرمۇ ئېسىمدە، ئوقۇپ بېرەيمۇ؟

يۈرىكىمنى يىتتۇرۇپ قويدۇم،
ساڭا ئوخشاش مەنمۇ بىمەھەل.
شۇندىن بۇيان يوقتۇر ئارامىلىق،
ماڭا پەقەت ھەمراھدۇر خىيال...

چىمەن ئەندىكىپ كەتتى، يۈز - كۆزلىرى ئوت بولۇپ يانغاندەك قىزىپ كەتتى، ئۇ بۇ شېئىرىنىڭ نەق مۇشۇ يەردە يېزىلغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.
— چىمەن، — دېدى ئەسئەت ئۇنىڭ قولىنى ئاستا تۇتۇپ، — بۇ راستتىنلا سىزنىڭ ماڭا ئېيتقان قەلب سۆزىڭىزمۇ؟ ...
چىمەننىڭ يۈرىكى شىددەت بىلەن تېپىچەكلەيتتى، گېلى قۇرۇپ كەتتى. ئاڭغىچە ئەسئەت ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ ئۇنىڭ ئوت بولۇپ يانغان لەۋلىرىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى، چىمەننىڭ بېشى پىرقىرايتتى، ۋۇجۇدى تومۇر - تومۇرلىرىغا تارقالغان شېرىن، سېھىرلىك بىر سېزىمنىڭ تەسىرىدىن مەست

ئىدى. يۈرىكىنىڭ بىر يېرى كۆيۈشكەندەك بولاتتى.

ئاي نېپىز ئاق بۇلۇتلار ئىچىگە كىرىپ كەتتى. كۆل يۈزىنى گىرىمسەن قاراڭغۇلۇق باستى، تەبىئەت بىرخىل سۈكۈنات بىلەن خىيالچان ئىدى. «ئالىيەگە نېمە دەيمەن؟— دەيتتى چىمەن ئەسئەتنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇپ يېتىپ دەككە ـ دۈككە بىلەن، — ئۇ ئاڭلىسا نېمىدەپ قالار؟ ··· توۋا ئەجەب ئىش بولدىغۇ، نېمە دېسە دېمەمدۇ؟ مۇھەببەت دېگەن شۇ ئىكەن. ئۇ ئۆزىدىن كۆرسۇن ··· توۋا، مېنىڭمۇ تەنها هاياتىم ئاخىرلاشتىمۇ ئەمدى···»

— ئەسئەت، — دېدى چىمەن ئەسئەتنىڭ ئوتتەك يانغان كۆزىگە قارىغىنىچە، — بىلەمسىز، مەن هېلىقى شېئىرنى مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ يازغان···

— شۇنداقمۇ؟ مانا تەقدىر دېگەن ـ هە. بۇ ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە بولدى···

چىمەن ياتاققا خېلى كەچ قايتتى، قىزلار ئۇخلاپ قېلىشقانىكەن، زەينەپ ئىشىكنىڭ غىچىرلىغىنىدىن ئويغىنىپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى.

— نەلەردە يۈرىسەن؟ — سورىدى ئۇ ئۇيقۇلۇق كۆزىنى ئۇۋۇلاپ، — ئويۇنغا باردىڭمۇ؟

چىمەن «هەئە» دەپلا قويدى. ئالىيە مىدىرلاپ يېنىغا ئۆرۈلدى. چىمەن ئۇنىڭغا قاراشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئىتتىك ئورنىنى سالدى ـ دە، يېتىۋالدى.

چىمەن ئەسئەت بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىنى قانچە سىر تۇتۇپ باقسىمۇ بولمىدى، هەممىدىن ئاۋۋال ياتاقتا زەينەپ تۇيۇپ قالدى:

— ماڭا قارىغىنە، چىمەن، — دېدى بىر كۈنى ئۇلار ئاشخانىدىن تاماق ئېلىپ چىقىۋاتقاندا زەينەپ كەينىدىن يېتىشىپ كېلىپ، — يېقىندىن بۇيان بۆلەكچىلا بولۇپ قالدىڭغۇ؟

— قانداق بولۇپ قاپتۇمەن؟

— ئاخشاملىرىمۇ يوقىلىپ كېتىسەن، — ئۇ قۇۋلۇق بىلەن كۈلدى، — يوشۇرۇپ كەتمىسەڭمۇ كۆرۈپ قالدۇق.

— نېمىنى؟ — چىمەن ئەندىكىپ سورىدى.

— ئەسئەت بىلەن كىنو كۆرۈۋاتقىنىڭنىچۇ، — زەينەپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن كېلىپ دېدى، — يالغان دەپ باقە!

چىمەن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— كۆزۈڭدىنلا چىقىپ تۇرىدۇ، — زەينەپ قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى، — نېمانداق ھەممىڭلار ئەسئەتكە يېپىشىدىغانسىلەر، دەسلەپ كۆرۈپ كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم جۇمۇ، توۋا، بۇ چىمەنگە نېمە بولغاندۇ، ئالىيە ئاڭلىسا قانداق قىلىپ قالار، دەپ نەچچە كۈنگىچە ئۆزۈمدىن - ئۆزۈم ئەنسىرەپلا يۈردۈم.

— ئالىيە ئۇققاندەكمۇ؟

— ئۇقماي قالامدۇ، قايسى كۈنى ماڭا بىرەر سائەتتەك يىغلاپ بەردى، ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ - دە، سەنمۇزە، يىگىت تېپىلمىغاندەك ئەسئەتنى تۇتقىنىڭنى دېسە، كۆر مانا، دېگەندەك بولدى.

— شۇڭا ماڭا تەتۈر قاراپ يۈرۈپتىكەن - دە؟

— تەتۈر قارىماي چاۋاك چالسا بولامتى؟ — زەينەپ رەنجىگەندەك تەلەپپۇزدا دېدى، — دوستلۇقنىڭ يۈزىنى بولسىمۇ قىلساڭ بولاتتى ئاداش، ئەسئەت ساڭىمۇ قانچىلىك ۋاپا قىلىپ كېتەركىنتاڭ.

زەينەپ شۇنداق دېدى - دە، باشقا بىر قىزغا گەپ قىلغان بولۇپ چىمەننى تاشلاپ ئىتتىك مېڭىپ كېتىپ قالدى. چىمەن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، بەدىنى تىكەنلەشتى، كۆڭلى چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك ئەسكى بولۇپ كەتتى. «توۋا ماۋۇ زەينەپنى، — دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن، — مەندە نېمە گۇناھ بار، ئالىيەنى تاشلىسا

ئەسئەت تاشلىۋەتتى، مەن يا گەپ ئۆگەتمىسەم... مەن دوستۇمـ
نىڭ كۆڭلىنى دەپ مۇھەببىتىمنى قـۇربان قىلسام بولامتى؟ ...
مەن ئەسئەتنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇ ماڭا ۋاپا قىلىدۇ، مەن ئالىيە
بىلەن ئوخشاشمايمەن، ھەركىم ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى بەلگىلەيـ
دۇ، ئوش، نېمە دېيىشــسەڭ دېيــــشــمەمــســەن، ناھايــتى
بىر ـ ئىككى ئاي غاجىلىشارسەن شۇ. ئاندىن كېيىن كىم قاياققا
كېتــىدۇ، ماڭا ئۇمۇرلۇك ھــەمــراھ بولــدىغان يەنــلا «ئەسـ
ئەت...» ئالىيە ئۇنىڭغا يۇزتۇرا بىر نېمە دېمىدى، لېكىن ئۇنىڭغا
گەپ قىلماس بولۇۋالدى. ئۇتتۇر كېلىپ قالسىمۇ تەتۇر قاراپ
ئۆتۇپ كېتەتتى. چىمەن ئەمدى ياتاقتا بارغانچە يېتىم قېلىشقا
باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇستىدە خىلمۇ خىل گەپ ـ سۆزلەر چىقىشقا
باشلىدى. بىر كۇنى سىنىپ مەسئۇلى ئۇنى ئىشخانىغا ئەكىرىپ
سۆزلەشتى.

— سىزنى خېلى ئەخلاقلىق ئوقۇغۇچى دەپ يۇرسەك نېمە
ئىش قىلىپ يۇرسىز؟ — دېدى مۇئەللىم قوپاللىق بىلەن، —
ئەسئەت بىلەن ئوتتۇراڭلاردا نېمە ئىش يۇز بەردى؟

چىمەن چۆچۇپ كەتتى. «مۇئەللىم نېمىنى دەيدىغاندۇ!»
ئويلىدى ئۇ ئەندىشە بىلەن. مەن ئەسئەت بىلەن مۇھەببەت باغلىـ
دىم دەپ قانداق دېيەلەيدۇ... مۇئەللىم ئەسئەتنىڭ مەكتەپتە
قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى، ھەتتا ھاراق ئىچىپ كىملەر بىلەن
جېدەل قىلىشقانلىقىدىن تارتىپ ھەممىسىنى خۇددى مازنى چۇۋۇ-
غاندەك چۇۋۇشقا باشلىدى. مۇئەللىمنىڭ ئەسئەتكە ئۆچ ئىكەنلىـ
كىنى چىمەنمۇ ياخشى بىلەتتى. ھەر قېتىم سىنىپ يىغىنىدا ئۇنى
تەنقىد قىلاتتى، يازغان شېئىرلىرىنى مازاق قىلاتتى. ئەسئەتنىڭ
دەپ بېرىشىچە، مۇئەللىمنىڭ ئالىيەگە كۆزى چۈشۈپ بىر -
ئىككى قېتىم ئۆيىگە تەكلىپ قىلغانىكەن. ئەسئەت مۇئەللىمنىڭ
غەرىزىنى بىلىپ ئالىيەنى كىنوغا ئەكەتكەچكە ئۇنىڭغا ئۆچلۇك
قىلىدىكەن.

— ئەسئەت ئۆزىچە ئىككى تال شېئىر يازغىنىغا مېنىڭچەلىك ئادەم يوق، دەپ كۆرەڭلەپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى مۇئەللىم تامىقىنى قېقىپ تۇرۇپ، — ۋاقتى كەلگەندە شېئىرلىرى نېمىگە ئەسقاتقانلىقىنى كۆرىمىز، سىز ئوبدانراق ئويلىنىڭ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىستىقبالىڭىزنى يوق قىلىۋالماڭ...

چىمەننى غەم باستى. مۇئەللىمنىڭ گەپلىرى، ياتاقتىكى قىزلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى ئۇنىڭ يۈرىكىنى يىڭنە بولۇپ سانجىيتتى، كاللىسىنى قوچۇيتتى، تۇرۇپ ئۇ ئەسئەت بىلەن يۈرۈپ قالغىنىغا پۇشايمانمۇ قىلاتتى، لېكىن ئەمدى ۋاقىت ئۆتتى، ئۇلارنىڭ ئىشى پۈتۈن فاكۇلتېتقا پۇر كەتتى. ئەمدى باشقا كەلگەننى كۆرمەكتىن بۆلەك چارە يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىمەننىڭ نەزىرىدە ئەسئەت ئۇلار دېگەندەك ئەسكى ئەمەسقۇ، بەش يىلدىن بۇيان بىللە ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇ ئەسئەتنى ئۇقمامدۇ، ئۇنىڭ ئەيىبى باشقىلارغا قارىغاندا تالانتلىق، ئويۇنچى، بۇنداق ئادەمنىڭ كۆشەندىسى جىق بولىدۇ.

چىمەن بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يۈرۈۋەردى. سىنىپ مەسئۇلى نەچچە قېتىم ئۇچرىغان ۋاقىتلاردا ئۇنىڭدىن بىرەر جاۋاب كۈتكەندەك قاراپ قويدى، لېكىن چىمەن لام - جىم دېمىدى. ئاخىر تەقسىماتمۇ ئېلان قىلىندى. ئەسئەت بىلەن چىمەننى جەنۇبنىڭ چەت بىر ۋىلايىتىگە بۆلدى، ئالىيە ئۈرۈمچىدە قالدى. مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى چىمەننىڭ كۆڭلى تۇيغانىدى. شۇڭا ئۇ قايغۇرۇپمۇ كەتمىدى. ئەسئەت بولسا «بارمايمەن» دەپ چۇقان كۆتۈردى، بىر نەچچە كۈنگىچە نەشرىيات، ژۇرناللارغا قاترىدى، لېكىن ھەممىلا يەردىن بىرلا جاۋابنى ئالدى: «مەكتەپ قوشۇلمىسا بىزنىڭ ئامالىمىز يوق، ھازىرچە بېرىپ تۇرۇڭ، بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن يۆتكىۋالارمىز».

ئەسئەتنىڭ روھى چۈشۈپلا كەتتى، نەچچە كۈن ئۇدا ئىچىپلا يۈردى، سىنىپ مەسئۇلىنى ئىشخانىسىغا كىرىپ ھارغۇچە تىللى-

دى. ئۇنىڭ ئۇستىدىن مەكتەپ رەھبەرلىكىگە ئەرز قىلدى، لېكىن بۇلارنىڭ ھېچبىر پايدىسى بولمىدى، ئاخىر بىر ئاي كېچىكىپ خىزمەت ئورنىغا ماڭدى.

— ھېچقىسى يوق، روھىڭىزنى چۈشۈرمەڭ،— دەيتتى ئۇ چىمەنگە بىر خىل ئىشەنچ بىلەن،— جىق بولسا ئىككى يىلدىن كېيىن يېنىپ كېلىمىز. ژۇرنالدىكىلەر ماڭا: «ھازىر مەكتەپ بىلەن ئېتىشساق دۆلەتنىڭ تەقسىمات پىلانىنى بۇزدى، دەپ يۇقى-رىغا ئەرز قىلىدۇ، تەسىرى ياخشى بولمايدۇ، ئازراق ۋاقىت ئۆتسۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن يولىنى قىلساق ئاسان بولىدۇ» دې-دى، — دەپ چىمەننىڭ كۆڭلىنى ياسايتتى.

چىمەن غەمكىن ھالدا ئىچىگە تىنىپلا قويدى. ئۇ ئەسئەتنىڭ دېگىنىگىمۇ ئىشىنەتتى. بىر - ئىككى يىل دېگەنمۇ بىردەمدە ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەش يىلمۇ ياتاقتا ئۆتتىغۇ، مەيلى، شۇ باھانىدە يۇرت كۆرۈۋالىدۇ، ئۆمۈر دېگەن تېخى ئۇزۇنغۇ، ئىشقىلىپ ئەسئەت بىلەن بىللىلا بولسا بولدى. ئۇ ئاپىسىغىمۇ شۇنى دەپ كۆڭلىنى تىندۇردى.

ئۇلار كېچىكىپ كەلگەچكە ۋىلايەتتە ئورۇن قالماي چەت بىر ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا مەكتىپىگە بۆلدى، باشتا كەلمىگەن تەلەيگە نېمە دېيىش كېرەك، «بەربىر ۋاقىتلىققۇ، بوپتۇلا» دېيىشتى - دە، ناھىيىگە مېڭىپ كېتىشتى. مەكتەپ چىمەننىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالدى. مەكتەپنىڭ ئىچى بۈككىدە دەل - دە-رەخ، گۈللۈك بولۇپ بەئەينى بىر ئىستىراھەت باغچىسىغا ئوخ-شايتتى، ئارقىدا مەكتەپكە قاراشلىق خېلى چوڭ مېۋىلىك بېغىمۇ بار ئىدى. سىنىپلارنىمۇ پىششىق خىشتىن يېڭىدىن سېلىپتۇ. مەكتەپ مۇدىرى — ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى دېھقان چىراي كىشى بۇ ئىككى ستۇدېنتنى تولىمۇ قىزغىن قارشى ئالدى:

— سىلەر مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن مەكتىپىمىزگە تۇنجى كەلگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، بىزنىڭ بۇ يۇرتنى

چەت دەپ كەلگىلى ئۇنىمايدۇ. سىلەر قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭلاركىن، شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ يىل ئۆگىنىشنى بەكرەك قىلغان ئوخشايسىلەر - دە، — ئۇ سارغۇچ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ قويدى، ئاندىن مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى بىرەر قۇر تونۇشتۇرۇپ چىقتى.

— ئۆتۈپ كەتكەن ھىيلىگەر نېمىدەك قىلىدۇ، — دېدى ئەسئەت مۇدىرنىڭ يېنىدىن چىقىۋېتىپ چىمەنگە، — تۇرقىدىن مائارىپچىدەكمۇ قىلمايدۇ، بىزنىڭ يېزىدا ئىمىن دەپ بىر دۇيجاڭ بولىدىغان، چىرايى، گەپ - سۆزلىرى شۇنىڭ مۇت ئۆزى.

بىزنىڭ مائارىپىمىز مۇشۇنداق قارا قورساقلارنىڭ قولىدا...

مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلىرى ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكەن بۇ بىر جۈپ مۇئەللىمنى قىزغىن، يېتىرقاش، گۇمانلىنىشقا ئوخشاش بىر ئىپادىدە قارشى ئېلىشتى. ئاياللار چىمەننىڭ كىيىملىرىگە زەن قويۇپ قارىشاتتى، بىر - بىرىگە نېمىدۇر دەپ كۇسۇرلىشاتتى. ئەسئەتنىڭ ئىشى ئوڭ كەلدى، ناھىيىدىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنى زىيارەت قىلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ياتىقىدىن ھەر كۈنى ئادەم ئۈزۈلمەيتتى، ئەسئەتتىن ئۈرۈمچىدىكى شائىر - يازغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىنى، ژۇرناللاردا كىملەر ئىشلەيدىغانلىقىنى، شېئىرنى قانداق يېزىش كېرەكلىكىنى سورىشاتتى، ئۆزلىرىنىڭ يازغانلىرىنى كۆرسىتىپ پىكىر ئالاتتى. ئۇلار بۇ چەت ناھىيىگە ئەسئەتتەك بىر تونۇلغان، تالانتلىق شائىرنىڭ خىزمەتكە كەلگەنلىكىگە چەكسىز خۇرسەن ئىدى. ئۇلار كۈن ئارىلاپلا ئەسئەتنى ئۆيلىرىگە، ئولتۇرۇش - مەشرەپلەرگە چاقىرىپ ئەكېتىشەتتى. ئەسئەت بارغانچە قولدىن - قولغا تەگمەس بولۇپ كەتتى. چىمەن ئۇنى پەقەت ئىشخانىدىلا كۆرەتتى.

— ئۆزلىرى قالتىسقۇ؟ — دېدى بىر كۈنى چىمەن ئۇنى ئاشۇنداق ئولتۇرۇشتىن قايتقان چېغىدا ئۇچرىتىپ، ئەسئەت

غەرق مەست بولۇپ ئارانلا دەسسەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ چىمەننى تونۇپ ئېسىلىۋالدى. ئۇ ھەدەپ كىمنىدۇر ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى. چىمەن مەكتەپتىكىلەردىن بىرەرى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ئۇنى ئىتتىك ياتىقىغا ئاپاردى ـ دە، ئورنىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ قايتتى، ئەتىسى ئەسئەت دەرسكىمۇ چىقالمىدى، چىمەن چۈشتىن بۇرۇنقى ئىككى سائەتلىك دەرسنى ئۆتۈپ بولۇپ ئەسئەتنىڭ ياتىقىغا باردى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ سەسكىنىپ كەتتى. يەر، يوتقان ـ كۆرپىلەر قۇسۇقتا چىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۆينىڭ ئىچى تىنغۇسىز سېسىق پۇراققا توشۇپ كەتكەنىدى. ئەسئەت ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ رەڭگىرويى بەئەينى تامدەك تاتىرىپ، ئادەم قورققۇدەك ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى. چىمەننىڭ كۆڭلى ئېلىشتى. ئاچچىقى كېلىپ يېنىپ كەتمەكچى بولدى، لېكىن تۇرۇپلا يەنە ئەسئەتكە ئىچى ئاغرىپ يەڭلىرىنى تۇردى ـ دە، قۇسۇقلارنى تازىلاشقا كىرىشتى. ئاچچىق بۇستىن ئۇنىڭ بېشى ئايلىناتتى، بۇرنى ئېچىشاتتى. ئۇ قۇسۇقلارنى تازىلاپ يۇيۇپ بولۇپ دېرىزىنى ئېچىپ ياتاقنىڭ ھاۋاسىنى يەڭگۈشلىدى. ئوچاققا ئوت قالاپ چاي قايناتتى. ئەسئەت شۇ چاغقىچە ھېچنېمىنى تۇيماي ياتاتتى. بىر كەمدە ئۇ قۇرۇق ھۆ بولۇپ ئويغاندى ۋە چىمەننى كۆرۈپ ئەجەبلەندى.

— ئەھۋالىڭىز قانداق؟ — دېدى چىمەن ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ. ئەسئەتنىڭ پۈتۈن ئەزايىدىن ھاراقنىڭ ئاچچىق بۇسى گۈپۈلدەپ تۇراتتى. چىمەن ئۆزىنى زورىغا بېسىپ تۇرۇپ سوردى، — قوپۇپ قىزىق چاي ئىچىپ باقامسىز؟

ئەسئەت خۇددى كېسەل ئادەمدەك سەنتۈرۈلۈپ ئاران تۇردى. يوتقاندىكى داغلارنى كۆرۈپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى ـ دە، يۈزىنى چالا ـ بۇلا يۇيدى. ئۇ چىمەن ئالدىغا ئەكەلگەن چايدىن ئىككى پىيالىنى ئىچىپ سەل ئۆزىگە كەلدى.

— ئاخشام بەك زورلاپ كەتتى، — دېدى ئۇ چىمەنگە تىك

قارىيالماي، — قانداق كەلگىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ پىيالىدە ئىچىدىغان ئادىتى يامان ئىكەن…

چىمەن گەپ ـ سۆز قىلمىدى. ئۇنىڭ ئەسئەتكە قاراپ كۆڭلى يېرىم بولدى، ئۇنىڭ كۆزىگە ئەسئەت بارغانسىرى مەكتەپ-تىكى چاغلارغا ئوخشاشماي قېلىۋاتاتتى. هازىر ئۇ شېئىر يېزىش-نىمۇ تاشلاپ قويدى. ئۇنىڭ ۋاقتى توي ـ تۆكۈن، ئولتۇرۇشلار بىلەن، هاراق بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. دەرسكىمۇ تەييارلىق قىل-ماي، چىمەن تۈزگەن تېزىس بىلەنلا سىنىپقا كىرەتتى. مەكتەپ-تىمۇ ئۇ توغرۇلۇق گەپلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. «ئەسئەت نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دەيتتى چىمەن ھەسرەت بىلەن، — مۇشۇنداق يۈرۈپ بىرەر ئاغىرىق تېپىۋالمىسا بولاتتىغۇ ياكى… توي قىلساق بېسىلىپ قالارمۇ ـ يە؟! … هازىر ئۇنىڭ توي، ئۆي دېگەن خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ، ئۆزۈم دېسەم قانداق بولار؟…»

— ئەمدى هاراق دېگەن نېمىنى ئاغزىمغا ئالماسمەن، — دېدى ئەسئەت خۇددى چىمەنىنىڭ كۆڭلىنى بايقاپ تۇرغاندەك، — كېچىدىن جېنىم چىقىپ كېتەرمۇ دەپ قورقتۇم، مۇشۇ تاپتىمۇ مەيدەم زەھەر قايناۋاتقاندەك بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئەمدى ئىچىدى-غان بولسام يۈزۈمگە تۈكۈرۈڭ. راست…

دېگەندەك ئەسئەت بىر ـ ئىككى ئايغىچە هاراقنى ئاغزىغا ئالمىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ژۇرناللاردا بېسىلىپ چىقىشقا باش-لىدى. ئەسئەتنىڭ نامى بۇ كىچىككىنە ناھىيىنى يېڭىۋاشتىن تەۋرىتىۋەتتى. ئۇنىڭ بىر شېئىرى ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىن-چى دەرىجىلىك باھالىنىپ مۇكاپاتمۇ كەلدى. ئەسئەتنىڭ بۇ ئۇتتۇ-قىدىن ئۇنىڭدىن بەكرەك چىمەن خۇشال ئىدى. «خۇداغا شۈك-رى، ئەسئەت تۈزەلدى، ۋەدىسىدە تۇردى، — دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، — بەلكىم ئۇنىڭ بۇ نەتىجىسىنى ساۋاقداشلارمۇ ئاڭلىغاندۇ؟ ئۇلار نېمىلەرنى دېيىشىۋاتىدىكىن؟ بىزنى ھەرقاچان

توي قىلىپ بولدى دەۋاتىدىغاندۇ...
چىمەننىڭ كۆڭۈل شادلىقى ئۇزۇنغا بارمىدى. ئەسئەتنىڭ ئەدەبىيات ھەۋەسكار دوستلىرى ئۇنى يەنە ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ئاشخانىلارغا باشلىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ ياتىقىدا تەڭ كېچىلەرگىچە قىيقاس - چۇقان بېسىلمايدىغان بولدى.

— قانداق، يۈزىڭىزگە تۇكۇرۇپ قويايمۇ؟ — دېدى چىمەن بىر كۈنى ئەتىگەندە كىرىپ، ئەسئەت يەنە ياندۇرۇپ ياتقانىدى.

ئەسئەت گۇناھكاردەك يەرگە قارىۋالدى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى ئىششىغان، كۆزى نۇرسىز پىلدىرلايتتى، ئۇ مەيدىسىنى چاڭگاللىغىنىچە تۇگۈلۈپ ئۇزۇنغىچە گەپ قىلماي ئولتۇردى.

— چىمەن، — دېدى ئۇ بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ، — بىز توي قىلايلى...

چىمەن ئەندىكىپ كەتتى، ئەسئەتنىڭ ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوق بۇ گەپنى چىقىرىشى ئۇنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى.

— سىز مەستمۇ يا ساقمۇ؟ — چىمەن كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى.

— ياق، چىمەن، مەن چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق. ئەتىگەندىن بۇيانمۇ شۇنى ئويلاپ ياتاتتىم. بويتاق بولسام بۇلار ماڭا ئارام بەرمەيدىكەن. ئۇلارنى يە كەلمەڭلار دېگىلى بولمىغان، يىغىلغاندىن كېيىنلا يەنە ئىچىپ قويىدىكەنمەن...

ئەسئەت ئۇنىڭغا يالۋۇرغاندەك تەلمۈردى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرغۇدەك بىر مىسكىنلىك بار ئىدى. چىمەننىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. كۆڭلىدە ئەسئەتنىڭ دېگىنىنىمۇ توغرا كۆردى.

— نېمە بىلەن توي قىلىمىز، بىر نەرسىلەرنىمۇ تەييارلىمىساق؟

— ئۇرۇمچىنىڭكىدەك توي قىلىمىز دېسەك يەنە نەچچە يىل تەييارلىق قىلساقمۇ تەس. ھازىرچە توينى قىلىپ قالغان نەرسىلەرنى كېيىن ئاستا - ئاستا قىلىۋالامدۇق. مەن مەكتەپتىن

بىرەر مىڭ سوم قەرز ئالسامىكىن دەيمەن.

— مېنىڭدىمۇ مىڭ سومدەك پۇل بار، ئۇنىمۇ ئىشلىتەيلى.

ئەسئەت ھەيران بولۇپ چىمەنگە قارىدى:

— سىز قاچانلاردا شۇنچىلىك پۇل يىغىپ يۈرىسىز؟

— كەلگەندىن بۇيانچۇ، سىزگە قارىسام پۇل ئىقتىساد قىلىدىغان تەلەتىڭىز يوق.

ئەسئەت ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئامراقلىق بىلەن سىلاشقا باشلىدى.

— سىز بولمىسىڭىز مېنىڭ كۈنۈم تەس ئىكەن، چىمەن، تېزرەك توي قىلايلى...

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاتا ـ ئانىلىرىغىمۇ خەۋەر قىلماي، ئاددىيلا قىلىپ تويىنى ئۆتكۈزۈشتى. توي قالتىس قىزىپ كەتتى. ھاياجانلانغان ئەسئەت بىر چاغلاردا ئالىيەگە يازغان شېئىرىنى، چىمەننىڭ جاۋاب بېرىپ يازغان شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى. ئەسئەت ئۆزىنىڭ يازغىنىنى ئالىيەگە يازدىم دېمىدى. چىمەنگە بۇ توي ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن كۆڭۈللۈك، مەنىلىك تۇيۇلدى، ھاياجاندىن يىغلىغۇسى كېلەتتى. ئۇ پات ـ پات يېنىدا بەخت شادلىقى بىلەن كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان ئەسئەتكە كۆز قىرىدا قاراپ قوياتتى. كۆزى ئۇنىڭ ھاياجان بىلەن يالتىرىغان كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا قەلبىنى چەكسىز بىر ئىللىق شادلىق، لەززەت لەرزىگە سالاتتى. ئۇ مۇشۇنداق بىر چەت، ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن ناتونۇش يەردە ھاياتنىڭ ئەڭ خاتىرىلىك كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىغا ھەيران بولاتتى، ھايات مانا شۇنداق ئىكەن ـ دە، ئىنساننىڭ تەقدىرىمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن، بىرىنى كۈلدۈرىدىكەن، بىرىنى بولسا يىغلىتىدىكەن. ھاياتنىڭ خۇشاللىقىمۇ، قايغۇسىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئىكەن. چىمەن ئۆز تەقدىرىدىن رازى. ئۇ باشتا ئۈرۈمچىدەك چوڭ شەھەرنى تاشلاپ كەتكىنىگە كۆڭلى يېرىم بولغانىدى، لېكىن شۇنىڭ ھېسابىغا مانا

بۈگۈنكى بەختكە ئېرىشتى. «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن بىكارغا ئېيتىلمىغانىكەن، چىمەنمۇ ئارمىنىغا يەتتى، مۇھەببىتى ۋىسال تاپتى. ئۇ ئالىيە تارتقان ھىجران ئازابىنى تارتمىدى. ئۇ ئەمدى ئەسئەت بىلەن كۆڭۈللۈك، مەنىلىك ھاياتنى باشلايدۇ.

تويدىن كېيىنكى كۈنلەر چىمەن ئويلىغاندەكلا كۆڭۈللۈك ئۆتۈشكە باشلىدى، ئەسئەت چوڭ بىر داستان يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ دەرسنى ئۆتۈپ بولۇپلا ئۆيگە يېنىپ كىرەتتى ـ دە، يېزىشقا باشلايتتى، چىمەنمۇ ئۇنىڭغا شارائىت يارىتىش ئۈچۈن ئۆينىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئەسئەتكە قول تىققۇزماي ئۆزى قىلاتتى، ھەتتا ئەسئەتنىڭ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق، ئىمتىھان قەغەزلىرىنىمۇ چىمەن تەكشۈرۈپ بېرەتتى، ئەسئەتنىڭ ئاغىنىلىرىمۇ چىمەندىن تەپ تارتىپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى، ئىككى ئاي دېگەندە ئەسئەت داستانىنىمۇ يېزىپ تۈگەتتى، ئۇ خۇددى شەھەر ئالغان گېنېرالدەك خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۆزىچە ناخشا ئېيتاتتى، چىمەن بىلەن چېقىشاتتى، چىمەن ئۇنىڭغا قاراپ شادلىناتتى. كەچتە چىمەن بازارغا چىقىپ سومكىنى تولدۇرۇپ بېلىق، توخۇ گۆشى ئەكىردى. ئەسئەت ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا سەل ئەجەبلەندى:

— بۈگۈن مېھمان چاقىرامسىز نېمە؟ — دېدى ئۇ ھېچ چۈشىنەلمەي.

— ھەئە، — دېدى چىمەن قۇۋلۇق بىلەن كۈلۈپ.

كەچتە ئۇ ئۈستەلنى چىرايلىق ياسىدى، بازاردىن ئەكەلگەن نەرسىلەردە تۆت ـ بەش خىل سەي قورۇپ ئەكىردى. ھەممە ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن چېچىنى تاراپ ئۈستەلگە كېلىپ ئەسئەتنى چاقىردى.

— مېھمانلىرىڭىزچۇ؟ — سورىدى ئەسئەت ئۈستەلگە كۆز يۈگۈرتۈپ.

— بۇگۇنكى مېھمان سىز، — دېدى چىمەن يېقىملىق كۈ-
لۈپ تۇرۇپ. ئاندىن سومكىدىن بىر بوتۇلكا ئۈزۈم ھارىقى ئېلىپ
ئۈستەلگە قويدى. ئەسئەت داڭقېتىپلا قالدى. چىمەن ھاراقنى
رومكىلارغا قۇيۇپ، چوڭراق رومكىنى ئەسئەتكە تۇتتى.
— نېمە ئىش بۇ، چىمەن؟
— بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، ئەسئەت، بۇگۈن ئىچىڭ...
تەبەسسۇم بىلەن ئويناپ تۇرغان كۆزلەر. بەخت، شادلىقتىن
گۈلدەك نۇرلانغان چىراي، تەشنالىق بىلەن تىترەپ تۇرغان لەۋ-
لەر ئەسئەتنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالدى، ئۇ چىمەننىڭ قەلبىنى
چۈشەندى. ئۇ چىمەننىڭ يېنىغا ئۆتۈپ ئۇنى بوينىدىن قۇچاقلاپ
تۇرۇپ سۆيدى.
— سىزنىڭ قەلبىڭىز شېئىرغا ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ
ئەندىكىپ تۇرۇپ، — سىز مەن ئۈچۈن ئىلھام بۇلىقى، مېنىڭ
ھالىمغا پەقەت سىزلا يېتەلەيسىز... لېكىن... سىز مەن بىلەن
تۇرمۇش قۇرغىنىڭىزغا پۇشايمان قىلمامسىز؟
چىمەن ئويچان نەزەردە ئۇنىڭغا باقتى:
— ياق، ئەسئەت. ئىنسان قەيەردە بولمىسۇن كۆڭۈللۈكلا
ياشىسا ئوخشاش...
چىمەن بىلەن ئەسئەت بىر قىشنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى.
باھار بىلەن تەڭ بۇ ئائىلىگە يېڭى بىر مېھمان — كىچىككىنە
ئاسىيە قېتىلدى. چىمەننىڭ كۈنلىرى ئەمدى ئالدىراشلىق بىلەن
ئۆتۈشكە باشلىدى، كېچىلىرى نەچچە قېتىم تۇرۇپ بالىنى ئېمى-
تىش، تاماق ئېتىش، دەرسكە تەييارلىق قىلىش كۈندىن - كۈنگە
ئۇنىڭ ھالىنى قويمايۋاتاتتى. بەزى كۈنلىرى ئۇ چېيىنى ئىچىش-
كىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئاچ قورساق دەرسكە چىقاتتى. لېكىن ئۇ
يەنىلا زارلانمايتتى، ئەكسىچە ئەسئەتنىڭ بۇ قالايمىقانچىلىقتا خا-
تىرجەم يازالمايۋاتقانلىقىغا خۇددى ئۆزى ئەيىبلىكتەك خىجالەت
بولاتتى. ئەسئەت يەنە ئاخشاملىرى چىقىپ كېتىپ يېرىم كېچە-

لەردە كېلىدىغاننى چىقاردى. ئۇنىڭغا باھانىمۇ چىقىپ تۇراتتى. بىر كۈنى ئۇ ئىشخانىدىن ناھايىتى خاپا ھالدا كىردى.

— نېمە بولدى؟ — چىمەن ئەنسىرەپ سورىدى.

ئەسئەت قولىدىكى ژۇرنالنى ئۈستەلگە پىرقىرىتىپ ئاتتى:

— ئاناڭنى... ئىتنىڭ بالىسى. بۇ گۆينىڭ نېمە ئالالمىغان ئۆچى باردۇ؟ بىر ئادەمنى مۇشۇنداقمۇ سېسىتقان بارمۇ؟...

چىمەن دەرھال چۈشىنىپ ژۇرنالنى ئېلىپ ۋاراقلىدى. ئۇ «تەنقىد ۋە تەقرىز» دېگەن سەھىپە ئاستىغا بېرىلگەن «شېئىرىيەتىمىزدىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا» دېگەن ماقالىگە كۆزى چۈشتى. ماقالە ئاپتورى نۇقتىلىق ھالدا ئەسئەتنىڭ يېقىندىن بۇيان ئېلان قىلغان شېئىرلىرىدىكى پىكىرنىڭ قۇرۇقلۇقى، سۆزلەرنىڭ مەنتىقسىزلىقى ئۈستىدە توختالغانىدى.

— بۇنىڭغا شۇنچىۋالا خاپا بولۇپ كېتەمسىز؟ — چىمەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىماقچى بولدى.

— نېمە؟ — ئەسئەت ئۇنىڭغا چەكچەيدى، — بۇنىڭدىن ئوشۇق نېمە دېسەم بولىدۇ؟

ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئاسىيە ئويغىنىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— زۇۋاننى ئۆچۈرگىنە، — ئەسئەت قوپاللىق بىلەن توۋلىدى.

— نېمانچە ۋارقىرايسىز؟ — چىمەن قىزىنى قولىغا ئېلىپ ئەلەيلىدى، — خۇددى بىز سەۋەبچى بولغاندەك...

— سىلەر، — ئەسئەت ئۈستەلنى قونى بىلەن ئۇردى، — سىلەرنىڭ كاساپىتىڭلاردىن بۇ ئۆيدە تۈزۈكرەك بىر نەرسە يازغىلىمۇ بولمايۋاتىدۇ، قاراپ باقە، بۇ ئۆينىڭ مال بازىرىدىن نېمە پەرقى بار؟

— مەن قايسىبىرىگە يېتىشىمەن؟ يا سىز ياردەملىشەي دېمەيسىز؟

— مەنما؟ — ئەسئەت ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ھور-

پەيدى، — مەن قىلمىغان ئۆينىڭ ئىشى قالدىمۇ ئەمدى؟ نېمە قىلاي، تاماق ئېتەيمۇ، بالىنىڭ لاتىلىرىنى يۇيايمۇ؟ سېنىڭ مەقسىتىڭ شۇغۇ، دېمەمسەن؟! ...

چىمەن گەپ قىلمىدى، ئەسئەت شۇ تۇرقىدا گەپ يەيدىغاندەكمۇ ئەمەس ئىدى. ئەسئەت يەنە بىردەم ۋارقىراپ-جارقىرىغاندىن كېيىن ئىشىكنى جالاقشىتىپ يېپىپ تالاغا چىقىپ كەتتى. چىمەننىڭ يۈرىكى ئاچچىق ئەلەمدىن ئۆرتەندى. ئەسئەتنىڭ بۈگۈنكى قىلغىنى ئۇنىڭ جان-جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. «توۋا، — دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، — ئەسئەتنىڭ ئەجەبلا خۇيى باركەنغۇ، ھېلىمۇ ئۇنى يازسۇن دەپ ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى ئۆزۈم قىلىۋاتىمەن، يەنە مەن گۇناھلىقمۇ؟ نېمىشقا ماڭىمۇ ئازراق ئىچى ئاغرىپ قويمايدۇ. ئەر، ئۆي دېگەن مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ؟... ئەتە-ئۆگۈن يەنە قانداق كۈنلەرنى كۆرەرمەن. ئىسىت، ئاپام يېنىمدا بولسىمۇ بۈنچىلىك خورلۇق تارتمايتتىم. مەن نېمىشقا كۆڭلۈمنىڭ كەينىگە كىرىپ مۇشۇ يۇرتقا كەلدىم، ياخشى كۆرگەن، تاغدەك ئىشەنگەن ئادىمىمنىڭ ئەھۋالى مانا ھېلىتىنلا تايىنلىق بولغىلى تۇردى. ئەسئەتنىڭ مۇشۇ خۇيى بولسا يەنە نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمەن؟...»

چىمەن ئۆي تۇتۇپ تۇنجى قېتىم يۈرىكى ئېزىلىپ يىغلىدى. قايغۇ-ھەسرەت گويا بىر تاغدەك ئۇنى باسقانىدى. ئۇنىڭ ھېچنېمىگە قولى بارمىدى. قىزىغا بۇلماق ئېتىپ قورساقىنى تويدۇردى-دە، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ياتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇمۇ كەلمىدى. كۆز ئالدىدىن ئەسئەتنىڭ ۋارقىراپ-جارقىرىغان سۈرلۈك ئەپتى كەتمەيلا قويدى. بىر چاغدا ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلىپ ئەسئەتنىڭ كىرگەن تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇ ئاشخانىدا قازان-قومۇچلارنى تاراقشىتىپ ئېچىپ ياپتى. نېمىدۇر يەرگە چۈشۈپ سۇندى. ئەسئەتنىڭ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مۇشۇمۇ ئۆي بولدىمۇ؟ ئاناڭنى… ئوت قويۇۋېتىمەن بۇ گۇينىڭ ئۆيىگە! ساڭا بالا بولسىلا بولىدۇ، سېنىمۇ كۆرۈپ قويدۇم. مېنىڭ بېشىمغا كۈن كېلىۋىدى، تاماقمۇ ئەتمەيدىغان بولدۇڭ، شۇنچىلىك ئىدىكەنغۇ، سېنىڭ ۋاپا قىلغىنىڭ مۇشۇمۇ؟! ھۇ ئاناڭنى… بىلىپ قوي، ئەسئەت ھەرقايسىڭغا تېخى ئۆزىنى تونۇتالايدۇ، شۇ چاغدا كۆرۈشىمەن…

ئەسئەت بىر چاغقىچە چىمەننى، يەنە كىملەرنىدۇر تىللاپ ھارغاندىن كېيىن كىيىمى بىلەنلا يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. چىمەن بولسا بۇ كېچىنى يىغا، ھەسرەت بىلەن ئاتقۇزدى. ئۇ سەھەر تۇرۇپ قىزىنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇپ ئۇنى بالا باقىدىغان ئايالنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىپ شۇ يەردىنلا ئىشخانىغا كەتتى. ئەسئەت ئۇخلاپ قالغانىدى. چىمەن دەرسىنى ئۆتۈپ بولۇپ ئۆيگە كەلدى. ئەسئەت ئۆيدە كۆرۈنمەيتتى، ئاخشام ئۇ ياتقان كارىۋاتتىكى ئورۇن ـ كۆرپىلەرگە لاي ـ توپىلار سۇركىلىپ قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. ئۆينىڭ ئىچى ھاراقنىڭ قاڭسىق ھىدى بىلەن بىقسىپ كەتكەنىدى. بۇنى كۆرۈپ چىمەننىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. گېلىغا ئاچچىق يىغا قاپلاشتى. ئۇ ئۆزىنى يىغىدىن تەستە تۇتۇپ ئۆينى يىغىشتۇردى، ئورۇن ـ كۆرپىدىكى لايلارنى تازىلىدى. بىر كۈن ئاغزىغا ھېچ نەرسە سالمىغاچقا ئۇنىڭ يۈرىكى تارتىشىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، ئۇ بىردەم دېمىنى ئېلىۋېلىپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. ئۇ قانچە ئويلىماي دېسىمۇ ئېسىگە ئەسئەتنىڭ ئاخشامقى دېگەن ـ ئەتكەنلىرى كېلىۋېلىپ يۈرىكى ئېچىشاتتى، قەلبىنى ھەسرەت، ئۈمىدسىزلىك تۇمانلىرى بۇرۇقتۇرما قىلاتتى، لېكىن يەنە ئۆزىگە ـ ئۆزى تەسەللى بېرەتتى، تۇرمۇشتا ھەمىشە ئويناپ ـ كۈلۈپلا ئۆتكىلى بولمايدۇغۇ، بوپتۇلا دەيچۇ، بەلكىم ئەتىگەن ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن خىجىل بولۇپ چىقىپ كەتكەندۇ، ئۇنىڭ بۇنچىلىك ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرمىسەم تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. ئەسئەتنىڭ قالغان تەرەپ-

لىرى يەنىلا ياخشى...

چىمەن سۆيۈنۈشنى ئەمدىلا ئۇسۇپ تۇراتتى، ئۆيگە ئەسئەت كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ خۇنۇكلەشكەن، كالپۇك-لىرىنى گەز باغلاپ كەتكەندى. ئۇ خۇددى يامانلىق قىلىپ ئاتا - ئانىسىدىن دەشنەم يېگەن كىچىك بالىدەك بېشىنى كۆ-تۈرمەستىن كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى ۋە يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى. پاراڭسىز ئۆي گۆردەك سۈرلۈك ئىدى. چىمەن ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئىچى ئاغرىدى ۋە بىر قاچا ئاش ئۇسۇپ كېلىپ ئۇستەلگە قويدى.

— ئاش ئىچىڭ، ئەسئەت، — دېدى ئۇ ئەسئەتكە قاراپ.

چىمەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەسئەت يېنىك بىر تىترىگەندەك بولۇپ ئاستا بېشىنى كۆتۈردى. چىمەننىڭ غەمكىن، مەيۈس بىر تەرزدە ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يۈرىكى يىڭنە سانجىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ چىمەننىڭ ئالدىغا كەلدى.

— چىمەن، — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ، — ئاخشام خاپە-چىلىقتا ئازار بېرىپ قويدۇم، دەردىمنى سىزگە دېمىسەم كىمگە دەيمەن. مېنىڭدىن خاپا بولماڭ. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇن-داق قىلمايمەن...

چىمەن گېلىنى ئېچىشتۇرۇپ تېشىغا تېپىۋاتقان يېشىنى زورىغا بېسىۋالدى.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئاستا، — ئۆتكەن ئىش كەتتى، ئەمدى ئۇنى تەگەشمەيلى... ئاش ئىچىڭ...

تۇرمۇش يەنە ئىزىغا چۈشتى، ئەسئەت شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزۇنغىچە هاراقنى ئاغزىغا ئالمىدى. دەرستىن بىكار بول-سىلا قىزىنى كۆتۈرۈپ مەكتەپنىڭ ھويلىسىدا ئوينىتاتتى. ئاسىد-يەنىڭ بىر تاتلىق تىلى چىقتى. ئۇنىڭ ھەر كۈنى چىقىرىدىغان

يېڭى قىلىقلىرى ئۆيىنى خۇشاللىققا چۆمدۈرۈۋەتتى، غەمسىز، قۇۋناق ئۆتكەن بۇ كۈنلەر چىمەنگە ئىككىنچى قىزىغا قورساق كۆتۈرگۈزدى.

شۇ كۈنلەردە ئەسئەتنى خۇش قىلىدىغان يەنە بىر ئىش بول-دى. ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدىكى بىر ئەدەبىي ژۇرنالدا ئىشلەيدىغان ئەكبەر دېگەن تونۇشى خەت يېزىپ، ئۇنى ژۇرنالغا يوٌتكەشنىڭ ئانچە - مۇنچە گېپى بولۇۋاتقانلىقىنى، شۇڭا پات - پات ئەسەر ئەۋەتىپ تۇرۇشنى خەۋەر قىلدى. بۇ خەتنى كۆرۈپ ئەسئەتنىڭ بېشى كۆككە تاقاشقاندەك قىن - قىنىغا پاتمايلا قالدى. خەتنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرگىنىچە ئۆيگە كىردى:

— خۇش خـەۋەر، چىـمەن، — دېـدى ئۇ خـەتنى پۇلاڭلى-تىپ، — ژۇرنالدىن خەۋەر كەلدى، يۆتكىلىدىغانلىقىمنىڭ گېپىنى يېزىپتۇ. خۇدا بۇيرۇسا بۇ نەس يۇرتـتـىـنمۇ قۇتۇلىدىغان ئوخشايمىز...

چىمەن ئىتتىك خەتكە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

— ئۇلار ئۇنتۇماپتۇ، ياخشى، — دېدى چىمەنمۇ ھاياجانلى-نىپ، — بولمىغاندا سىز بولسىمۇ ئالدى بىلەن يۆتكىلىپ بارسى-ڭىز، مەن ئارقىدىن بارسامموٌ مەيلىتى.

— سىز بالا بىلەن جاپا تارتىـدىـغـان بولدىڭىز - دە، — ئەسئەت خۇددى ئەتە - ئۆگۈنلا ماڭىدىغاندەك بىر تەلەپپۇزدا دېدى.

— ئۇنىڭمۇ كارايىتى چاغلىق، ئەسئەت، لېكىن بۇ تېخى قانچىلىك گەپ دەڭە.

— بۇ يىل قانداقلا بولمىسۇن كېتىمىز، قاراپ تۇرۇڭ، ئۇلار ماڭا ئۆز ۋاقتىدىمۇ دېگەن ئەمەسمۇ، بۇ نەس يۇرتتىنمۇ قۇتۇلىدىغان بولدۇق.

— يېقىندىن بۇيان تۇزۇكرەك بىر نەرسىمۇ يازمىدىڭىز، ئۇلار دېگەندەك پات - پات ئەۋەتىپ تۇرۇڭ. ئۆيىنىڭ ئىشىنى

بولدى قويۇڭ، مەن ئۆزۈم بىر نېمە قىلىمەن...
ئەسئەت باشقىدىن غەيرەتكە كەلدى. ئۇ دەرسنى ئۆتۈپ بولۇپلا ئۇتتۇر ئۆيگە كېلەتتى - دە، ئىچكىرىدىكى ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ سائەت - سائەتلەپ ئولتۇرۇپ يېزىش بىلەنلا بولاتتى. ئۇ شېئىر بىلەنلا توختاپ قالمىدى. ژۇرنالدىكىلەرنى ئەسئەتنىڭ ئەتراپلىق تالانتى بار ئىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىسقا - قىسقا ھېكايىلەردىن ئىككى - ئۈچنى يېزىپ ئەۋەتىپ باققانىدى، ئىككى ھېكايىسى تېزلا بېسىلىپ چىقتى، ھەتتا ژۇرنالنىڭ كېيىنكى ساندا ئۇنىڭ بۇ ھېكايىسىنى ماختاپ ئوبزورمۇ بېسىلدى. ئەسئەتكە ئىلھام باشقىدىن كەلدى. ئۇ ئەمدى ئارىلاپ قىسقا - قىسقا شېئىرلارنى يېزىپ قويمىسا ئاساسەن ھېكايە يېزىشقا ئۆتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ماھارىتى ئاخىر بېشىغا بالا ئېلىپ كەلدى.
بىر كۈنى ئىلمىي بۆلۈمنىڭ ئىشخانىسىدا ئوقۇتقۇچىلار بۇ يىلقى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ پارتىگىنى قىلىشىپ ئىمتىھان ئېلىش جەريانىدىكى غەلىتە ئىشلارنى دېيىشكىلى تۇردى. بەزىلەر قايناپمۇ كەتتى، گەپلەردىن مەلۇم بولدىكى، بۇ يىل ناھىيىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ بالىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك ئالدى ئىچكىرىدىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە، كەينى ئۇرۇمچىدىكى ئىنستىتۇتلارغا قوبۇل قىلىنىپ كېتىپتۇ. ئۆتەلمەي قالغىنى يەنىلا بىچارە دېھقاننىڭ بالىلىرى بوپتۇ.
— «گاچا بولىسىمۇ خاننىڭ بالىسى سۆزلىسۇن» دېگەن راست ئىكەن، — دېدى قاسىم دېگەن ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى تېرىكىپ تۇرۇپ، — بۇ ئىشقا ئامال يوق ئىكەن، باشقىسىمۇ مەيلى، تۇردى ھاكىمنىڭ ئوغلى ھۇسەننى ھەممىمىز بىلىمىز. مەكتەپنى زار قاقشاتقان بىر لۈكچەك، دەرسنى چورتلا ئۇقمايدۇ، مانا مەن شۇلارنىڭ سىنىپىغا ئۈچ يىل ئۇدا دەرس ئۆتتۇم. ئۇنىڭ

بىر ەر قېتىممۇ سىناق ئىمتىھاندا قىرىق نومۇر ئېلىپ باققىنىنى بىلمەيمەن. شۇنى نەگە ئۆتۈپتۇ دېمەمسىلەر، ئۇنداق ـ مۇنداقمۇ ئەمەس بېيجىڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنىپتۇ، «توۋا» دەپ ياقامنى تۇتۇپلا قاپتۇمەن…

ئەسئەت باشتا ئانچە ئېرەنشىمىگەنىدى، لېكىن ئوقۇتقۇچىلار قىزىشىپ قايىنشىپلا كەتتى، ئىمتىھان جەريانىدىكى، تەييارلىق ئىمتىھاننىڭ قەغىزىنى تەكشۈرگەن چاغدىكى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بەس ـ بەس بىلەن دېيىشكىلى تۇردى، ئەسئەت بۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا شۇ ھامان بىر ھېكايىنىڭ سيۇژىتى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ قىلىۋاتقان ئىشنى قايرىپ قويۇپ پاراڭغا دىققەت قىلدى، بەزى پاكىتلارنى بىلىندۇرمەي بىر ۋاراق قەغەزگە خاتىرىلىۋالدى. قاسىم مۇئەللىم ھەتتا تۇردى ھاكىم باشلىق ناھىيىدىكى كاتتىۋاشلارنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئورۇنلىرىغا نېمىلەرنى سوۋغات قىلىپ ئارقا ئىشىك قىلىشقانلىرىنىمۇ چۆۋۈۋەتتى. ھېكايە ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئوشۇق ماتېرىيال بولامدۇ؟ ئەسئەتنىڭ كاللىسىمۇ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تەڭلا قىزىدى. ئۇ شۇ كۈنى ئاخشىملا بۇ ھېكايىسىنى يېزىشقا كىرىشتى. بەزىبىر ۋەقەلەرنى توقۇپ قوشتى، بىر ھەپتە دېگەندە قىرىق بەتلىك ھېكايە تەييار بولدى. ھېكايە ئەسئەتنىڭ كۆڭلىگە ياقتى، ئۇ ئىلگىرى يازغانلىرىنى چىمەنگە كۆرسىتىپ ئۇنىڭ پىكرىنى ئالاتتى، ئۇ ئايالىغا ئاغزىدا دېمىگىنى بىلەن كۆڭلىدە قايىل بولاتتى. چىمەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى نۇقسانلارنى ناھايىتى ئاسانلا كۆرۈۋالاتتى، بۇ قېتىم بۇ ھېكايىسىنى چىمەنگە كۆرسەتمىدى. تۇرغانلا گەپ بىر مۇنچە پىكىرلەرنى بېرىدۇ، بەلكىم بۇ ھېكايىنى باستۇرۇشقا قارشى تۇرۇشىمۇ مۇمكىن.

ئۈچ ئاي دېگەندە ھېكايىنىڭ خەۋىرى كەلدى. ئەسئەت رادىئودىن ھېكايىسىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ قالدى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ

ئىسمى مۇندەرىجىسىنىڭ ئەڭ بېشىدا چىقتى. ئەسئەت خۇشاللىقىدىن يايراپلا كەتتى، ئۇ خاتا ئاڭلىمىغاندىمەن دەپ كەچتە قايتا ئاڭلىدى. ياق، خاتا ئەمەس ئىكەن، دەل ئۆزى...

ئەسئەت ئەمدى ژۇرنالىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ كۈنىگە بىر قېتىم پوچتىخانىغا بېرىپ باقاتتى. نېمىشقىدۇر بۇ سان كېچىكىپ كەتتى، ئەسئەتنىڭ تاقىتى تاق بولاتتى، تۇرۇپ چىقمايمۇ قالارمۇ دەپ ئەندىشىمۇ قىلاتتى، ئۇ بۇ يەردىكىلەر ئوقۇغاندىن كېيىنكى مەنزىرىنى خىيالەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى ماختىشىپ: «يارايسىز، سىز خەلقنىڭ ساداسىنى ئىپادىلىدىڭىز، ئوغۇل بالا ئىكەنسىز، دەپ كېتىشەر، بەلكىم ئۇنىڭغا تەشەككۈر بايان قىلىنغان خەتلەرمۇ كېلىشى مۇمكىن، چىمەن قانچىلىك ھەيران قالار...»

ئاخىر ژۇرنالمۇ كەلدى. دېگەندەك ئۇنىڭ ھېكايىسى ژۇرنالنىڭ بېشىغا، قىستۇرما سۈرەت بىلەن بېزەلگەن ھالدا بېسىلغانىدى. ھېكايىنىڭ ئاخىرىغا ئەسئەتنى تونۇشتۇرۇپ قىسقىچە تەرجىمىھالمۇ بېرىلگەنىدى.

ئەسئەتنىڭ خۇشلۇقتىن بېشى ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ ھېكايەنى قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقتى. مۇھەررىر خېلى ئۆزگەرتىپتۇ، بەزى سۆز - ئىبارىلەرنى تېخىمۇ ئۆتكۈر يۇمۇرلۇق قىلىپ بېرىپتۇ، بەزى ئۇششاق دېتاللارنى ئىخچاملاپتۇ. ئەسئەت مەكتەپتىكىلەرگە زەن قويدى. ئۇ ئۆزى تاشلىغان بۇ بومبىنىڭ ئۇلارغا قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى، نېمىشقىدۇر مەكتەپنىڭ ئىچى ئاۋۋالقىدەكلا جىمجىت، ھەر كىم ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئىدى. «بۇلار كۆرمىدىمۇ نېمە؟» دېدى ئەسئەت كۆڭلى قالغان ھالدا ئۆزىگە - ئۆزى. كەچتە چىمەن بىرىنچى بولۇپ ئىنكاس بىلدۈردى:

— ھېكايىڭىز بولىدىكەن، — دېدى ئۇ بىر خىل سالقىنلىق بىلەن، — لېكىن... يازمىسىڭىز بوپتىكەن...

— نېمىشقا؟

— سىز بۇ ھېكايىڭىز ئارقىلىق نۇرغۇن باشلىقلارنىڭ زىتىغا تېگىپ قويدىڭىز، كېيىنچە بۇنىڭ دەردىنى تارتىپ قالارسىز-مىكىن دەيمەن.

ئەسئەت مەسخىرە بىلەن ھىجايدى.

— سىزنىڭچە بولسا كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ ماختىساملا بولامتى؟

— مەن ئۇنداق دېمىدىم. لېكىن، ئەسئەت، ھەرقانداق ئادەم تىللاشقا قارىغاندا ماختاشنى ياخشى كۆرىدۇ، بولۇپمۇ ھازىرقى كۈندە...

— لېكىن، چىمەن مۇئەللىم، ئەدەبىيات ئادىللىقنى، ھەقىقەتنى تەرغىپ قىلىدۇ، سىز بەلكىم بۇنى بىلمىسىڭىز كېرەك.

چىمەن ئەسئەتنىڭ مەنمەنلىك، تەمەننا ئويناپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ قويدى - دە، باشقا گەپ قىلماستىن نېرى كەتتى.

ئوقۇتقۇچىلار ئەسئەتنى كۆرسە سىرلىق، غەلىتە بىر ھالەتتە قارىشىپ قوياتتى. قاسىم مۇئەللىملا ئۇنى ماختىدى:

— ئوغۇل بالا ئىكەنسىز ئۇكام، بۇلارنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى تازا ئېچىپسىز، بۇ پاكىتلارنى نەلەردىن بىلىۋالدىڭىز؟

ئەسئەت مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلدى - دە:

— يازغۇچى دېگەن ھەممىگە دىققەت قىلىپ كۆزىتىدىغان گەپ، — دېدى.

— نەق جايىدا كۆزىتىپسىز. نەچچە كۈن بولدى، پۈتۈن بازاردا مۇشۇ گەپ بولۇۋاتىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا تۇردى ھاكىم سەكرەپ كەتكەنمىش، بىزنىڭ ياقۇپ مۇدىرنىمۇ ئىشخانىسىغا چاقىرىپ قايناپتۇ، دەيدۇ... شۇنداق بولىدۇ - دە، بۇ يەرلىك خاقانلار ھازىرغىچە ماختاشنى، خۇشامەتنىلا كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغان ئەمەسمۇ، بۇنىڭغا چىدىمايدۇ.

قاسىم مۇئەللىم دېگەندەك كوچىلاردىمۇ كىشىلەر ئۇنىڭغا

ئەجەبلەنگەن، قىزىققان بىر تەرزدە قاراۋاتقاندەك، ئۇنى كۆرسە-تىپ بىر - بىرىگە پىچىرلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئانچە - مۇنچە يازىدىغان ئاپتورلار ئۇنى تەبرىكلىشەتتى، ئۇنىڭدىن بۇ ھېكايىنى قانداق يازغانلىقىنى كوچىلاپ سورىشاتتى. بىرەر ئاي شۇ غوۋغا بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. كېيىنچە كىشىلەر بۇ ھېكايە-نىمۇ ئۇنتۇپ كېتىشتى. ئۇنداق بولۇشىمۇ مەكتەپتە ئۇنىۋان باھا-لايدىغان ئىش باشلىنىپ ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتى شۇنىڭغا مەر-كەزلەشتى.

مەكتەپنىڭ ئىچىنى جىددىيلىك قاپلىدى. ھۆججەتتىكى بەل-گىلىمە بويىچە ئەسئەت بىلەن چىمەننىڭمۇ ئىلتىماس قىلىشقا شەرتى توشاتتى. شۇڭا ئۇلارمۇ ئانكىت توشتۇرۇشتى. گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدە ھەممەيلەن ئىككىسىگە بىر ئېغىزدىن قوشۇلۇش-تى، لېكىن مەكتەپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مۇزاكىرە قىلغاندا ياقۇپ مۇدىر ئەسئەتكە قوشۇلمىدى:

— ئۇنىڭ ئۇستىگە پىكىر ناھايىتى كۆپ، — دېدى ئۇنىڭ چىرايى بىردىن تۇرۇلۇپ، — ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئۆتمەيدۇ، بۇ توغرىدا سىنىپتىكى ئوقۇغۇ-چىلارنىڭمۇ پىكرى بار، مەن ئۇنىڭ ئۆتكەن بىر يىللىق دەرس ئۆتۈش ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ باقتىم. بىرىنچى مەۋسۇمدە ئون سائەت، ئىككىنچى مەۋسۇمدە بولسا ئون ئۇچ سائەت سەۋەبسىز دەرسكە كىرمىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا داۋاملىق ھاراق ئىچىپ جەم-ئىيەتتىكى قالايمىقان ئادەملەر بىلەن كەلدى - باردى قىلىدۇ، رەھبەرلىككە بويسۇنمايدۇ... شۇڭا ئەسئەتنى ھازىرچە باھالاشقا بولمايدۇ...

مۇدىرنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ باشقىلارمۇ لام - جىم دېمىدى، ئۇنىڭ ئىسمى شۇ سورۇندىلا چۇشۇپ قالدى. بىر ئايدىن كېيىن ئەسئەت ئۇنىۋان ئالغانلارنىڭ تىزىملىكىدە ئۆزىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ مۇدىرنىڭ ئالدىغا كىردى:

— ماڭا نېمىشقا بېرىلمەيدۇ؟ — ئۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ سورىدى.

— بىز يوللىغان، يۇقىرىدىن تەستىقلىماپتۇ، — دېدى مۇدىر نائىلاج قىياپەتتە، — سان بەكلا ئاز ئىكەن ئەمەسمۇ.

ئەسئەت ناھىيىلىك ئۇنۋان باھالاش ئىشخانىسىغا باردى.

— مەكتەپ يوللىمىدى، — دېدى ئۇ يەردىكىلەر ئانكىتنى ئاختۇرۇپ چىقىپ.

ئۇ نەچچە كۈنگىچە مەكتەپ، مائارىپ ئىدارىسىدە ۋە ئۇنۋان ئىشخانىسىنىڭ ئارىسىدا قاتىرىدى. لېكىن ئۆزىنىڭ نېمىشقا تەس-تىقلانمىغانلىقى توغرۇلۇق ھېچقايسى ئورۇندىن ئېنىق بىر جاۋاب ئالالمىدى.

— ئەرز يازىمەن… ئاپتونوم رايونغا ئەرز قىلىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ياقۇپ مۇدىرنىڭ ئۈستىلىنى مۇشتلاپ تۇرۇپ.

— يېزىڭ، يېزىڭ، — دېدى مۇدىر دىمىغىنى قىقىپ تۇ-رۇپ، — ئەمدى سىز يازمىغان ئەرز قالدى. بولسا مەركەزگىمۇ يېزىڭ!…

مۇدىرنىڭ گېپى ئەسئەتنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئاخشىمى ئولتۇرۇپ ۋىلايەتكە، ئاپتونوم رايونغا قارىتىپ ئىك-كى پارچە ئەرز يازدى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — سورىدى چىمەن ئۇنىڭ بېشىنى تىقىۋېلىپ ھەدەپ بىر نەرسە يېزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ.

— ئەرز يازدىم… بۇ گۇيلار بىلەن ئېتىشقىنىم ئېتىشقان ئەمدى…

— ئەخمەق بولمىسىڭىزچۇ؟

— سىزچە بۇ نېمىلەر بوزەك قىلسا بېشىمنى ئېگىپ تۇرسام بولامدۇ؟

— بىكار يەنە ئۆزىڭىزگە ئىش تېپىۋالارسىزمىكىن، پايدىسى يوق…

— ئەمدى سىزمۇ ماڭا تەربىيە بېرىشكە ئۆتتىڭىزغۇ؟ ئۇنىۋان ئالغانلاردىن مېنىڭ نەرىم كەم ئىكەن؟ ئۇنىۋاننى باشقىلار ئالىدۇ، مەن قاراپ تۇرىمەن... بۇنداق خورلۇقنى كۆرگۈچە ئۆلۈۋالىمەن، قېنى قولىدىن كېلىشىسە سولىتىۋەتسۇن مېنى...

چىمەن ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ باشقا گەپ قىلمىدى.

شۇنىڭدىن بىرەر ئاي ئۆتۈپ ئەسئەتكە ژۇرنالدىكى ئەكبەر-دىن خەت كەلدى. ئۇ خېتىدە ژۇرنالدىن ئەسئەتنى رەسمىي يۆتكەپ ئەكېلىدىغان بولۇپ بېكىتكەنلىكىنى، يېقىندا ئالاقە ماڭىدىغانلى-قىنى خەۋەر قىلغانىدى. بۇ خۇش خەۋەر ئەسئەتنىڭ بارلىق خاپىچىلىقلىرىنى ئۇنتۇلدۇردى.

— ئۇنىۋانىڭلارنىمۇ چېكەتلەرگە تېڭىشىۋال گويلار، — دېدى ئۇ خۇش بولۇپ، — ئاخىر بۇ پېسەندىلەردىنمۇ قۇتۇلىدىغان بولدۇم، مەنلا بېرىۋالسام بىرەر يىلغا قالماي سىلەرنىمۇ يۆتكىۋا-لىمەن. ئاھ خۇدا، ئىســت مۇشۇ يــەردە ئۆتكەن بــەش يىل ئۆمرىمىز...

ئۇ خۇشلۇقىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭغا قاراپ چىمەنمۇ يايراپ قالدى. «بۇمۇ ياخشى بولدى، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — ئەسئەت بۇ يەردىكى باشلىقلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالغانىدى. بۇ يەردە تۇرسا خاپىچىلىقتىن نېرى بولال-مايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزى ئارزۇ قىلىدىغان خىزمەتكە ئې-رىشتى، ئەمدى تۇرمۇشىمىزمۇ خاتىرجەم ئۆتەر...».

ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ھازىرچە بۇ توغرۇلۇق ھېچكىمگە تىنمايدىغان، ئەسئەت ئۇنىۋان توغرىسىدا جېدەلمۇ قىلمايدىغان بولدى. كۈنلەر ئۈمىد، بىتاقەت، ئەندىشە بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. بىر ئاي ئۆتتى، ئىككىنچى ئايمۇ توشتى. لېكىن ئالاقىنىڭ كەلگەنلىكىدىن قىلچىمۇ شەپە يوق ئىدى، تىت - تىتلىقتا يەنە بىر ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەسئەت ئەنسىرەشكە باشلىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۇرۇمچىدىن خەت تاپشۇرۇۋالدى. ئەكبەر

خېتىدە ئەسئەتنىڭ يۆتكىلىشىگە ناھىيە رەھبەرلىكى قوشۇلمى-
غاچقا ئەمەلدىن قالغانلىقىنى يازغانىدى، ئەسئەتنىڭ مېڭىسىدىن
تۇتۇن چىقىپ كەتتى. بۇ شۇم خەۋەر كەلگۈسى شېرىن خىياللار
بىلەن ئۇمىدلىنىپ يۈرگەن بۇ ياش ئائىلىنى بىراقلا كۆلپەت
گىردابىغا ئىتتەردى. ئەسئەتنىڭ خەت تۇتقان قولى تىترەپ چى-
رايى تاتىرىپ كەتتى، بىر نەچچە مىنۇتقىچە ئۇ ئۆزىنى يوقىتىپلا
قويدى. بىردىن ئۇنىڭ چىرايىغا قان تېپىپ ئورنىدىن چاچراپ
تۇردى:

— بۇ گۇيلارنىڭ مەندە نېمە ئۆچى بار؟ مەن ئارپىسىنى خام
ئورۇدۇمۇ ـ ھە، يەنە نېمە ھەققى قالدى؟ — ئۇ ئەسەبىيلىك
بىلەن ۋارقىرىدى، — بۇگۈن زادى كۆرگۈلۈكۈمنى كۆرىمەن!

ئەسئەت كۆزىگە قان تولغان ھالدا تالاغا قاراپ ئېتىلدى،
چىمەن ئادىلەنى ئېمىتىۋاتاتتى. ئەسئەت ئۇنىڭ «نەگە بارىسىز،
توختاڭ! » دېگىنىگىمۇ قارىماستىن چىقىپ كەتتى، چىمەن قاي-
داق قىلارىنى بىلەلمەيلا قالدى. ئەسئەت بولسا ئۇتتۇر مۇدىرنىڭ
ئىشخانىسىغا بوراندەك بۆسۈپ كىردى. ياقۇپ مۇدىر ئۇنىڭ ئەل-
پازىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالدى:

— ئەسئەت؟ ! ... نېمە بولدىڭىز؟

— ياقۇپ مۇدىر، سىزنىڭ مەندە زادى نېمە ئېلىشىڭىز بار؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — مۇدىر ئۆڭدى، — گېپىڭىزنى
چۈشىنەلمىدۇقۇ؟

— نېمىشقا مېنىڭ يۆتكىلىشىمگە قوشۇلمايسىلەر؟

— يۆتكىلىش؟ — مۇدىر كۈلۈپ كەتتى، — نەگە يۆتكىلى-
دىغان گەپ. ئەجەب بۇ گەپنى بىز ئۇقمايدىكەنمىزغۇ؟

— سىز ئۇقمامسىز؟ — ئەسئەتنىڭ كۆزلىرى ئاچچىق بى-
لەن قىسىلدى، — سىز تازا ئۇقىسىز، ئۇقۇپ تۇرۇپ مەن بىلەن
قېرىشىۋاتىسىز. ئۆتكەندە ئۇنۋان مەسىلىسىدىمۇ ئۇقماس بولۇ-
ۋالدىڭىز، ئەمدى يۆتكىلىشكە ئالاقە كەلسە يەنە ئۇقماس بولۇۋاتى-

سىز. سىزنىڭ مەقسىتىڭىز نېمە زادى؟... ماڭا ئوخشاش هاراق-كەش، لاياقەتسىز ئادەمنى ئىشلىتىپ نېمە قىلىسىلەر؟...

— ئوكاموي، — ياقۇپ مۇدىر قىزاردى، — هەرقانداق گەپ بولسا چىرايلىق دېيىشەيلى...

— مەن چىرايلىق دەپ هاردىم، ئەمدى بۇ يەردە ئىشلىمەيمەن.

— ئىشلىمەيدىغان هەددىڭىز ئەمەس.

— سىنىڭدەك مۇناپىق خۇشامەتچىنىڭ قولىدا ئىشلىمەيمەن!

— تىلىڭنى تارت!...

— هۇ ئاناڭنى... خۇمپەر!

— هەي، لۇكچەك!... نېمە دەۋاتىسەن؟!...

ئەسئەت مۇدىرنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ ئۇنى ئورۇندۇقتىن يۇلۇۋالدى ـ دە، قۇلىقىنىڭ تۈۋىگە مۇشت بىلەن بىرنى سالدى. مۇدىر سەنتۈرۈلۈپ كەينىگە يىقىلىپ چۈشتى، كۆزىدىن ئوت يانغاندەك بولدى... ناۋادا چىمەن قاسىم مۇئەللىمنى باشلاپ يېتىپ كەلمىگەن بولسا ئەسئەت بەلكىم چوڭ بىر ئىشنى تېرىغان بولاتتى. قاسىم مۇئەللىم يۈگۈرۈپ كېلىپ ئەسئەتنى تۇتۇۋېلىپ سۆرىگىنىچە سىرتقا ئاچىقىپ كەتتى. ئېسىگە كەلگەن ياقۇپ مۇدىر ئورنىدىن قوپۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— هۇي لۇكچەك، قاتىل!... توختاپتۇر، سېنىڭ خورىكىڭ-نى ئالمايدىغان بولسام، قاراپ تۇر!... مېنىڭدىن ئەمدى كۆرىسەن...

چۈشتىن كېيىن مەكتەپكە ساقچىنىڭ ئۈچ چاقلىق موتسىك-لىتى پەيدا بولدى، ئۇلار ئەسئەتنى ئۆيىدىن يالاپ ئاچىقىپ موت-سىكلىتقا ئولتۇرغۇزۇپ ئەكەتتى.

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەلەر چىمەننى گاڭگىرىتىپلا قويدى. تېخى ئەتىگەندىلا هەممە نەرسە ئۆز ئىزىدا

ئىدى، ئۇلار چاقچاق قىلىشىپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكەن، ئەسئەت ئاسىيەنى باغچىغا ئۆزۈم ئاپىرىمەن، دەپ ئەكەتكەن، ئەمدى مانا ئەسئەت يوق. ئۇ نەگە كەتكەندۇ، بۇ ئۇنىڭغا يەنە نېمە تارتقۇلۇق؟... ئەلەم، ھەسرەت چىمەننىڭ دىلىنى زەھەر بولۇپ ئېچىشتۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزىگە ھەممە نەرسە — ئەسئەت، ئۆي، تۇرمۇش ھەممىسى، گۇمران بولغاندەك بولۇپ يۇرىكى ئېزىلدى. ئۇ خېلى ۋاقىتقىچە ئۆيدە يىغلاپ ئولتۇردى، ئاھ ئۇردى. شۇئان ئۇنىڭ ئېسىگە قىزى كېلىپ يۈگۈرۈپ قوپتى. چىمەن ھەممىنى ئۇنتۇپ يەسلىگە قاراپ يۈگۈردى. مەكتەپ قورۇسىدا ئۇچرىغانلار ئۇنىڭغا غەمكىن ھالدا قارىشاتتى، باشلىرىنى چايقىشىپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشەتتى. چىمەن ئۇلارنىڭ نېمىلەر دېيىشكىنىنى چۈشىنىپ تۇراتتى، لېكىن ئۇلارغا ھالىنى ئېيتىشقا ئۇنىڭ شۇ تاپتا كۆڭلىمۇ تارتمايتتى، ۋاقتىمۇ يوق. ئۇ ھەممىنى ئىچىگە يۇتماي ئامالى يوق...

ئەسئەتنى ئون بەش كۈن ئەمگەككە سېلىپ قويۇپ بەردى. ئۇ قارىداپ، ئوبدانلا ئورۇقلاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ مىجەزىمۇ ئۆزگىرىپ گەپمۇ قىلمايدىغان، چىمەن گەپ قىلسا چەكچىيىپ قاراپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ تىنىماي تاماكىلا چېكەتتى. تاماقنىمۇ تۈزۈك يېمەيتتى. ئۇ ساقچىدىن كېلىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە مەكتەپ پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ ئەسئەتكە قوللانغان چارىنى ئېلان قىلدى: «ئۇ لۈكچەكلىك قىلىپ ئادەم ئۇرغانلىقى، ئىنزىبات تۈردە رەھبەرلىككە قارشى تۇرۇپ ياخشى ئىشلىمىگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، چوڭ گۇناھ يېزىلدۇ. بۈنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلىنىپ خوجىلىق بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ».

شۇ كۈنى ئەسئەت تاڭغا يېقىن ئۆيگە پەيدا بولدى. ئۇ غەرق مەست ئىدى. ئىچىپ يېرىمى قالغان بىر بوتۇلكا ھاراق يانچۇقىدا پۇلاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى ۋە مۇشتۇمىنى

هاۋادا پۇلاڭلىتىپ تىللاشقا باشلىدى:
— ياقۇپ دېگەن مۇناپىق! نوچى بولساڭ چىقمامسەن؟ ! هوي ئاناڭنى… قولۇڭدىن كەلسە… هەيدىۋەت! … ئەمدى كۆرۈپ تۇر، مەن سەن گۇيلارنى… هەممىڭلارنى يازىمەن، رەسۋايىڭلارنى چىقىرىمەن…
ئەتىسى كەچتە ئۇ يەنە يوقىلىپ كېتىپ بىر چاغدا مەست كەلدى ۋە بىر هازاغىچە يەنە تىللاپ هېرىپ ئۇخلاپ قالدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىشقا باشلىدى. كىشىلەر ئۇنى هەر كۈنى دېگۈدەك قاۋاقخانىدا كۆرىدىغان بولدى. كۈنلەر ئۆتكەنسې-رى ئۇنىڭ بۇ هۈنىرى ئەۋج ئېلىپ ئەتىگەندىلا ئىچىپ مەست يۈرىدىغان بولدى. ئۇ ئەمدى ئۆيىنى، چىمەن ۋە باللارنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ تاشلىغاندەك ئىدى. ئىنساننىڭ بۇزۇلمىغىنى بەزىدە تولىمۇ ئاسان بولىدىكەن. مانا ئەسئەت بېشىغا ئازراق كۈلپەت كېلىۋىدى، ئۆزىنى يوقىتىپلا قويدى. ئىچىملىككە بې-رىلدى. هاراق ئۇنىڭ ئازابلانغان يۈرىكىگە ئارام بەرگەندەك، شۇنىڭ هۇزۇرىدىن تەسەللى تاپقاندەك بولۇۋاتىدۇ. لېكىن بۇنىڭ هېسابىغا ئۇ سالامەتلىكىنى، يۈز - ئابرۇيىنى، ئەقلىنى يىتتۈ-رۈۋاتىدۇ. ئۇ كۈندىن - كۈنگە لەقۋا، ئېزىلەڭگۈ بولۇپ قېلىۋا-تاتتى. ئۇ ئەمدى خىزمەتكىمۇ خۇشياقسا چىقاتتى، بولمىسا بېشى قايغان يەرلەردە يۈرەتتى. خوجىلىق بۆلۈمى باشتا ئۇنى ئوقۇغۇ-چىلار ئاشخانىسىغا زاپخوز قىلىپ قويغانىدى. ئەسئەتكە بۇ ئىش تازا خۇشياقتى. ئۇ ئاشخانىغا گۆش، ماي، كۆكتات ئەكېلىمەن دەپ بازارغا چىقىپ، ئاشخانىنىڭ پۇلى بىلەن ئۇلپەتلىرىنى مېھ-مان قىلىپ كۈننى قاۋاقتا ئۆتكۈزىدىغان بولدى. خوجىلىق مۇدى-رى بىرنەچچە قېتىم ئۇ توغرۇلۇق چىمەنگە قاقشاپ بەردى. لېكىن چىمەن نېمە قىلالايدۇ، ئۇ يالۋۇرۇپمۇ باقتى، سوقۇشۇپمۇ باقتى، بىر نەچچە ۋاقىت پۇلنىمۇ تۇتقۇزمىدى، لېكىن ئەسئەت يەنىلا قاۋاقتىن بېرى كەلمىدى. ئاخىر ئۇنى زاپخوزلۇقتىنمۇ

قالدۇردى. ئەسئەتنىڭ ئەمدى مۇقىم قىلىدىغان ئىشى يوق. سىپپى ئۆزىدىن بىكارچىغا ئايلاندى، ئۇ ئۆيىدىن ئەتىگەندە چىقاتتى - دە، ئۇدۇل دوقمۇشتىكى قاۋاقا باراتتى، بىر دەمدە ئۇ يەرگە ئۆزىگە ئوخشاش ئۇلپەتلىرى جەم بولۇشۇپ تومۇرنىڭ ئوچۇقىدا ئەللىك گرامدىن قېقىۋېلىشىپ، دۇكاننىڭ ئالدىدىكى سېمونت سۇپىدا ئولتۇرۇپ قارت ئوينىشاتتى، كىم ئۇتتۇرسا شۇ هاراق ئالاتتى. بىرەر مەرد تونۇش كېلىپ قالغۇدەك بولسا ئۇلار يايراپ كېتەتتى. ئەسئەت بولسا ئۆزىنىڭ يېزىۋاتقان پوۋېستى توغرىسىدا گەپ باشلايتتى. بۇ تاماشا تاكى دۇكاننىڭ خىزمەتچىسى ئۇلارنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ قوغلىغۇچە داۋاملىشاتتى...

ياز ئۆتۈپ قىش كەلدى، يىغلاپ - قاقشاپ يۈرۈپ قىشمۇ ئۈزىدى، ئەسئەت بولسا ئىچىملىككە تېخىمۇ بەتتەر بېرىلىپ كەتتى، ئۇنى هەر بىر كۆرسە چىمەننىڭ كۆڭلى بۇزۇلاتتى، يىغلىغۇسى كېلەتتى، ئۇنىڭ بىر چاغلاردىكى نۇرلىنىپ، پارقىراپ تۇرىدىغان چىرايىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. هېسابسىز ئەنچۈرگەنلىكتىن يۈز - كۆزلىرى ئىششىپ، خۇنۇكلىشىپ كەتتى، توپا - كىردىن چىگىش بېسىپ كەتكەن چېچى خۇددى چاڭگىدەك بولۇپ پاخپىيىپلا تۇراتتى، كىيىملىرىگە قاراپ ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشاتتى.

چىمەن بۇنداق تۇرمۇشتىن جاق تويدى. ئۇنىڭدا ئىككى بالا، خىزمەت ۋە بىر ئۆينىڭ هۆددىسىدىن چىققۇدەك كۈچ - مادارمۇ قالمىدى. بىر يىلدىن بۇيان تارتقان كۈنى، دىل ئازابى ئۇنى يېشىدىن بالدۇرلا قېرىتتى. ئەسئەتنىڭ تۈزۈلۈشىدىن ئەمدى زادىلا ئۈمىد قالمىغانىدى. چىمەن ئاخىر خەت يېزىپ ئاپىسىنى چاقىرتتى. ئاپىسى ئۇنىڭ ئەهۋالىنى كۆرۈپ يېرىم كۈن يىغلىدى:

— ساڭا نېمە كۈن بۇ قىزىم، مۇشۇنچىلىك بولغۇچە نېمىشقا بالدۇرراق خەت يازمىدىڭ؟ — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — بۇ

پىيەنچۇكنىڭ كەينىگە كىرىپ كۆرگەن كۇنۇلۇڭ مۇشۇمۇ؟ خەلقى ئالەمدىن نومۇس قىلمامسەن؟ سەن نومۇس قىلمىغان بىلەن مەن نومۇس قىلىمەن. بولدى، خېتىڭنى ئال، خىزمىتىڭمۇ قۇرۇپ كەتسۇن، خىزمەتسىزمۇ كۇنۇلۇڭ ئۆتىدۇ، كېتەيلى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ ھەممىدىن قول ئۈزسۇنمۇ؟ تۇرمۇشنى قايتىدىن باشلاش كېرەكمۇ؟… چىمەن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر ئەسئەت بىلەن ئاجرىشىدىغان، ئەمما خىزمەت- نى تاشلاپ كەتمەي ئامال بار يۆتكىلىشنىڭ يولىنى قىلىدىغان بولدى. ئۇ بۇ قارارىغا ئاپىسىنى كۆندۇرگەندىن كېيىن ئەسئەت- نىڭ ئاتا - ئانىسىغا خەت يېزىپ چاقىرتتى. ئەسئەتنى شۇ ھالەتتە كوچىغا تاشلاپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەس- ئەتنىڭ دادىسى كەلدى. ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۇپ چىمەننىڭ تەلىپىگە رازى بولدى، ئوغلىنى ئۆزى بىللە ئەكەتتى.

ئەسئەت كەتتى. چىمەن گويا مۇشكۇل، خەتەرلىك بىر سە- پەرنى تۇگەتكەندەك يېنىك تىن ئالدى. بۇ كېچە ئۇنىڭ پەقەتلا ئۇيقۇسى كەلمىدى، تۇرمۇشنىڭ مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز ئاخىرلاش- قىنى ئۇنىڭ دىلىنى غەش قىلاتتى، يۇرىكىنى ئېزەتتى، دېرىزى- دىن يېڭىلا چىققان ئاينىڭ نۇرى چۇشتى. يۇلتۇزلار كېچە ئاسمى- نىنى بېزەپ جىمىرلاشماقتا. كېچىنىڭ بۇ مەنزىرىسى چىمەننىڭ ئېسىگە يىراقتا قالغان ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىنى، ئەسئەت بىلەن كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتىشقان كۆل بويىدىكى تولۇن ئايلىق كې- چىنى، ئەسئەت بىلەن توي قىلغاندىن كېيىنكى لەززەتلىك، شېرىن كۇنلەرنى سالدى. چىمەن ئۇ چاغلاردا كەلگۇسىگە ئاجايىپ زور ئۇمىد باغلىغان. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ئەسئەتنىڭ كەينىدىن مۇشۇ چەت، كىچىككىنە ناھىيىگىمۇ مەيلى دەپ كەلگەنىدى. لېكىن تەقدىر ئۇنى ئالدىدى، ئۇنىڭ بېشىغا ئويلىمىغان كۇلپەت- لەرنى سالدى. ئاخىر مانا ئۇنىڭ ئارزۇلاپ قۇرغان تۇرمۇشىمۇ بەشىنچى يىلىغا قەدەم قويغاندا پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ بەش

يىللىق تۇرمۇش تاتلىق خاتىرىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ يۈرىكى-
گە مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدىغان داغنىمۇ قالدۇرۇپ كەتتى. تەق-
دىر نېمىشقا ئۇنىڭغا بۇنچىۋالا ئادالەتسىزلىك قىلىدۇ؟ ئۇ تۇر-
مۇشتىن ئارتۇقچە بىر نەرسە تەلەپمۇ قىلمىغان ئىدىغۇ؟ بۇنىڭدىن
كېيىن ئۇنى يەنە قانداق قىسمەت كۈتۈۋاتقاندۇ؟... چىمەن ئەلەم
بىلەن خۇرسىنىپ يېنىغا ئۆرۈلدى. ئۇ يېنىدا ياتقان ئىككى
قىزىغا قارىدى. ئاي نۇرى بۇ ئىككىسىنىڭ يۈزىنى يورۇتۇپ
تۇرۇپتۇ. ئاسىيە خۇددى چوڭ قىزلاردەك يېنىك تىنىپ ئۇخلاۋا-
تىدۇ. ئۇنىڭ چىرايىمۇ، ئۇخلىشىمۇ دادىسىغا شۇنداق ئوخشاي-
دۇ، ئىككى قولىنى كېرىپ ئۇخلايدۇ. ئادىلە بولسا ئاغزىدىن
ئايرىمايدىغان ئېمىزگۈنى پات - پاتلا مىتىلدىتىپ شوراپ قويى-
دۇ، ئۇلار گويا بۇ ئائىلىدە ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك بەخىرا-
مان ئۇخلاشماقتا. «بىچارە بالىلىرىم، — ئويلىدى ئۇ ئەلەم
بىلەن، — دادىسىز قالدىڭلارغۇ ئەمدى. ئەتە - ئۆگۈن دادىمىز
قېنى، دېسەڭلار نېمە دەمەن؟ خەقلەر سىلەرنى يېتىم ئوغلاق
دېسە قانداق قىلارمەن؟ ماڭا نېمە كۈن بۇ، شۇنچە ئارزۇلاپ
قۇرغان تۇرمۇشۇم مۇشۇنداق ئاخىرلاشتىمۇ ئەمدى... بىر ئۆمۈر
بىر - بىرىگە ۋاپادار بولۇپ ئىناق ئۆتىدىغانلار قانداق ئادەملەر-
دۇر؟... بىر - بىرىدىن ئاچچىق، ئەلەملىك خىياللار چىمەننىڭ
يۈرىكىنى ئېزىپ پارە - پارە قىلاتتى. ئۇ ياندىكى ئۆيدە ئۇخلاۋات-
قان ئاپىسىنىڭ تۇيۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈزىنى ياستۇققا
يېقىپ ئۇزاققىچە يىغلىدى.

ھەممە نەرسە، ھەتتا قايغۇ - ئەلەممۇ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى
بىلەن كونىرايدىكەن، چىمەنگىمۇ دەسلەپ تۇرمۇش، كېلەچەك
تامام بولغاندەك، يۈرىكىگە چۈشكەن بۇ جاراھەت مەڭگۈ ساقايماي-
دىغاندەك تۇيۇلغانىدى. ئۇ كىشىلەرگە كۆرۈنۈشتىن ئۆزىنى قا-
چۇرۇپ تالاغىمۇ چىقماي يۈردى. ئۇنىڭ بىرلا ئەمىكى، كۆڭۈل
خۇشلۇقى ئىككى قىزىلا ئىدى. ئۇ دەرسنى ئۆتۈپ بولۇپ ئۇدۇل

ئۆيگە يۇگۈرەيتتى. بالىلارنىڭ «ئاپا» دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشى بىلەن ئۇ ھەممە ھەسرەتنى ئۇنتۇيتتى. ئاپىسىمۇ چىمەننىڭ ھالى-نى چۈشىنەتتى. ئۇمۇ بۇ بەختسىز ئائىلىنىڭ ئېغىرىنى تەڭ كۆتۈرمەكتە ئىدى. چىمەنمۇ بەزىدە ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرەت-تى. «جاھاندا تۇل ئولتۇرۇۋاتقان يالغۇز مەنلا ئەمەسقۇ، تەقدىرى مېنىڭدىنمۇ ئېغىر ئادەملەر بار. نېمە بولمىسۇن مېنىڭ بالىلى-رىم، ئاپام يېنىمدا، خىزمىتىم بار، نېمانچىلا قايغۇرۇپ كېتى-مەن، ئەسئەتمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ، بېشىغا چۈشكەن كۈنگە چىدى-ماي ئاخىر ئاشۇ ھالغا چۈشتى. مەن بولسىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەي، تۇرمۇشمۇ بىر گەپ بولار...»

تۇرمۇش كىمنى كۆندۈرمەيدۇ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چىمەننىڭ ھاياتىغا خۇددى باھار تاشقىنىدەك بېسىپ كەلگەن بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ تىنچىپ، ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلۇشقا باشلى-دى. دۇنيادا كونىرىمايدىغان نېمە بار. ۋاقتى كەلگەندە قايغۇ - ھەسرەتمۇ كونىرايدۇ، ئۇنتۇلىدۇ... چىمەنمۇ ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىدىن چىقىرىش ئۈچۈن ئۆزىنى خىزمەتكە ئۇردى. ئۇ ئۆزى تەلەپ قىلىپ يۇقىرى سىنىپنىڭ سىنىپ مەسئۇللۇقىنى ئالدى. سىنىپتىكى قىرىق نەچچە بالىنىڭ تەقدىرى ئۇنىڭغا تۈگىمەس ئەمەك بولدى. چىمەننىڭ ئەجرى بىكار كەتمىدى، ئۇ ئىككى - ئۈچ يىلدىلا مەكتەپنىڭ قابىلىيەتلىك ئوقۇتقۇچىلىرىدىن بىرى بولۇپ تونۇلدى. مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولۇپ كۆتۈرۈلدى. «سەككىزىنچى مارت قىزىل بايراقدارى» دېگەندەك ئاتاقلارغا ئې-رىشتى، بۇ قېتىم ئۇ بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلارنى ئۈرۈمچىگە تەجرىبە ئۆگىنىشكە ئەكەلگەنىدى. شۇنداق قىلىپ چىمەن قەدى-ناس شەھەر، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئون يىلدىن كېيىن كۆرۈشتى...

ئاي بۇلۇتلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ چىقتى، سالقىن شامال ئوچۇق دېرىزىدىن گۈرۈلدەپ كىردى. ئالىيە چىمەننىڭ مۇڭلۇق

كۆزلىرىگە قاراپ قويۇپ سورىدى:

— ئەسئەت هازىر نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟ خەۋىرىڭ بارمۇ؟

— ئاڭلىسام ئۇ ئۆيگە بارغاندىن كېيىن بىر مەزگىل تۇزۇك يۈرۈپتىكەن، دادىسى ئۇنىڭغا بىر دۇكان ئېچىپ بېرىپتۇ. لېكىن بىرەر ئاي ئۆتمەي يەنە كونا خۇيىنى قىلىپ ئىچىشنى باشلاپ، دادىسىنىڭ بەرگەن دەسمايىسىنى سورۇۋېتىپتۇ، ئۆزىمۇ كېسەل بولۇپ يېتىپتۇ. جىگەر قېتىشقا باشلاپتۇ. مۇشۇ ئۈرۈمچىدە بالنىستتا ئىكەن دەپ ئاڭلايمەنغۇ...

زەينەپ ئىچ ئاغرىتقان تەرزدە بېشىنى چايقىدى:

— توۋا، ئاشۇ ئەسئەتنى شۇنداق بولار دەپ كىم ئويلىغان. شۇنىڭغا قارىغاندا ئادەم دېگەننىڭ بۇزۇلۇشىمۇ بىر دەملىك ئىش ئىكەن ـ دە... سەنمۇ نېمە بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ قالدىڭكىن ئاداش، بولمىسا بۇنچىلا جاپانىمۇ كۆرمەيتتىڭ، يەنىلا ئالىيەنىڭ تەلىيى ئوڭ ئىكەن. كۆڭۈلدىكىدەك ئەرگە تېگىۋالدى. ھېچنېمىدىن غېمى يوق، ھەممىمىزدىن ئوبدان تۇردى... راستمۇ ئاداش؟...

ئالىيە ئوڭايسىزلانغان بىر ھالەتتە مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ قۇلىقىدىكى ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقا، بوينىدىكى ئالتۇن زەنجىر، لىغىرلاپ تۇرغان زەر باسقان يىپەك كۆڭلەك چىراغ نۇرىدا ۋالىلداپ كەتتى. چىمەننىڭ ئۇنىڭغا ھەۋىسى كەلدى. ئالىيە قاشتېشىدەك سۈزۈك چىرايى، ياراشتۇرۇپ قىلغان پەردازى بىلەن ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى، ئادەمنىڭ زوقىنى تارتاتتى. لېكىن چىمەننىڭ كۆزىگە ئۇ مەيۈس، غەمكىن كۆرۈندى. ئۇ مۇشۇ تۇرمۇشىغىمۇ قانائەت قىلمامدىغاندۇ؟ ئۇنىڭغا يەنە نېمە يېتىشمەيدىغاندۇ؟... ئۇ نېمىشقا ئۇھ تارتىدۇ؟... بۇنىڭ سەۋەبىنى بىر ئالىيە ئۆزىلا بىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ كۆڭۈل سىرى...

ئالىيە مەكتەپنى تولىمۇ تەستە تامام قىلدى. ئەسئەتنىڭ ۋاپاسىزلىقى، چىمەننىڭ قىلغان خورلۇقى ئۇنى ساراڭ قىلىپ

قوياپلا دېدى. ئۇنىڭ دەرسكىمۇ، كەلگۈسىدىكى خىزمەتكىمۇ، ھېچ نەرسىگە كۆڭلى تارتمايتتى. تۇنجى مۇھەببەت سالغان جارا-ھەت ئۇنى ھالسىرىتىۋەتكەنىدى. ھېلىمۇ تەلىيىگە دادىسى كادىر بولغاچقا، ئۇنىڭ خىزمەت تەقسىماتى قىيىنغا چۈشمىدى. ئالىيە بۇ ئىشلارنى دادامنىڭ كۈچى بىلەن پۈتتى دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن كېيىن ئۇقتىكى، بۇ ئىشتا دادىسىدىن بەكرەك ئۇنىڭ بىلەن بىر بۆلۈمدە ئىشلەيدىغان كېرەمجان ئىسىملىك بىرى كۈچ چىقىرىپتۇ. ئۇنىڭ ئاكىسى كادىرلار ئىدارىسىدە باشقارما باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدىكەن. ئىنىسىنىڭ ئىلتىماسى بويىچە ئالىيەنى شەھەردىكى نۇقتىلىق مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى. ئۆيدى-كىلەر خۇشاللىقىدىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەيتتى. دادا بىلەن ئانا ئاخىر بۇ ئاكا - ئۇكا ئىككىسىنى مېھمانغا چاقىرىپ رەھمەت ئېيتماقچى بولۇشتى. ئوبدان تەييارلىق قىلىشتى. لېكىن دېگەن ۋاقىتتا پەقەت ئىنىسىلا كەلدى.

— ئاكام ئەتىگەندە جىددىي بىر خىزمەت بىلەن قەشقەرگە كېتىپ قالدى، — دېدى ئۇ ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ ۋە ئالىيەنى كۆرۈپ كۆزى ئويناپ كەتتى.

ئېگىز بويلۇق، سەل دۈمچىيىپ ماڭىدىغان، ياپىلاق يۈز-لۈك بۇ يىگىتنى ئالىيە دەسلەپ كۆرۈپلا ياقتۇرمىغانىدى. ئۇ بۇرۇنمۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ھېيت - بايراملاردا كېلەتتى. ئۇنىڭ بەستىگە پەقەتلا ياراشمىغان قىيسىقراق كۆزى بىلەن قىسقا ئېگىز-كى ئالىيەنىڭ كۆزىگە غەلىتىلا كۆرۈنەتتى. ئالىيەنىڭ دادىسى بولسا ئۇنى ئىنىسىدەك ياخشى كۆرەتتى.

— كېلىــن بالــىنى ئەكەلــمــەپسىزغۇ، كېرەمجان؟ — ئالىيەنىڭ دادىسى سورىدى.

— مىجەزى يوق، بالنىستىتا بولۇپ قالدى.

— شۇنداقمۇ؟ ... ئەجەب ياخشى بولالماي كەتتى - ھە، سىزگە تازا قىيىن بولدى.

— شۇنى دېمەملا، يە ئۇنى تاشلاپ بىر ياققا چىقالمىغان...
— ياخشى بولۇپ قالار.
كېرەمجان ئۇ كۇنى ئۇزۇن ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزى ئىد-شكتە، ئالىيەنى ئىزدەيتتى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ئالىيەنى قانداق يوللار بىلەن ھازىرقى ئورۇنغا توغرىلىغانلىقىنى تولىمۇ تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.
بۇ ئىش ئالىيەنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى كېرەمجانغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. ئالىيەنىڭ دادىسى ھەدېسىلا ئۇنى ماختايتتى:
— قولىدىن ئىش كېلىدىغان يىگىت ـ دە بۇ كېرەمجاننىڭ. ياش بولۇشىغا قارىماي مۇناسىۋەت قىلىشنىمۇ بىلىدۇ. بۇ كۇندە مۇشۇنداق بولمىسا جان باققىلى بولامدۇ. شۇنىسىزە بېچارىنىڭ ئايالى بۇنى يالجىتمايلا كېتىۋاتىدۇ. ئائىلاشلارغا قارىغاندا ھېلىقى يامان كېسەل چىقىپ قالغاننىڭ گېپى بار...
دەرۋەقە نەچچە ئاي ئۆتمەي ئۇنىڭ ئايالى قازا قىلدى. كې-رەمجان ئەمدى بۇ ئۆيگە تېخىمۇ قويۇق كېلىدىغان بولدى. ئۇ قۇرۇق كەلمەيتتى، تولىراق ئالىيەگە ئۇنى قىزىقتۇرغۇدەك مودا بۇيۇملارنى ئالغاچ كېلەتتى. بىر كۇنى ئالىيەنىڭ ئاپىسى توسات-تىنلا ئالىيەدىن سوراپ قالدى:
— قىزىم، سېنىڭچە كېرەمجان قانداقراق؟
ئالىيە ھەيران بولدى.
— ھېچقانداق، نېمە سوراپ قالدىڭ؟
ئانا قىزىنىڭ كۆزىدىن نېمىنىدۇر ئاختۇرغاندەك قاراپ قويدى.
— قىزىم، خىزمەتكە چىققىنىڭغىمۇ يىلدىن ئاشتى، يېشىڭ-مۇ كىچىك ئەمەس. ئەمدى تۇرمۇش ئىشىڭنى ئويلاشقىنىمىز تۈزۈككىمىكىن. راست گەپنى قىلغىنە، ئۆزۈڭنىڭ تاپقىنىڭ بار-مۇ، يوق؟
— ئاپا، نەدىكى گەپنى قىلىدىغانسەن...

— هازىر بىزنىڭ قولىقىمىزنى ئاغرىتىۋاتقانلارمۇ ئاز ئە-مەس. داداڭ بىلەن ئىككىمىز جىق مەسلىھەت قىلىشتۇق. بۇ كۈندە جاھان بۇزۇلۇپ كەتتى، بىرىنىڭ تۇرقىغا قاراپلا بىر نېمە دېمەك تەس بولۇپ كەتتى، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، كېرەمجان باشقى-لارغا ئوخشاشمايدۇ، ساڭا بۆلەكچىلا يېقىنچىلىق قىلىدۇ...

ئالىيەنىڭ كېلىنى نېمىدۇر بوغقاندەك بولۇپ تىنالماي قال-دى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا شۇ زامان كېرەمجاننىڭ ئادەمگە بەزدەك قارايدىغان قىيسىق كۆزى بىلەن ئېڭەكسىز يۈزى كېلىپ كۆڭلى يېرىم بولدى.

ئانا ئۇنىڭغا چۈشەندۈرمەكتە ئىدى:

— ئۇ بالىنىڭ بىر ئۆيلەنگەن دېگەن نامىلا بولمىسا ھېچقان-داق يىگىتتىن قالغۇچىلىكى يوق. ئۆيلەنسە نېمە بوپتۇ. ئوبدان يېرى ئۇنىڭدىن بالىسى يوق، قېينانىنىڭمۇ زۇلۇمىنى كۆرمەي-سەن، ھازىر ئۆزۈڭمۇ كۆرۈۋاتقانسەن، نى - نى قىزلار دادىسى-دەك ئادەملەرگىمۇ تېگىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا قارىغاندا كېرەمجان سې-نىڭدىن جىقمۇ چوڭ ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى تۇرمۇشتا ئېپى بار، يولى بار ئىكەن. سېنىڭ تەقسىماتىڭدىمۇ شۇ كېرەمجان كۈچىمى-گەن بولسا داداڭنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ، تۇرغان - پۈتكىنى ئاشۇ، ھازىر راستتىن ئېيتقاندا بىر تۇغقان قېرىنداشىڭمۇ ئۇنچىلىك قىلمايدۇ...

ئانا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن چۈشەندۈردى. ئالىيەنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپلەرنىڭ بىرىمۇ كىرمەيتتى. ئۇنىڭ كاللىسى خۇددى پىر-قىرىتىپ قويۇۋەتكەن ئادەمدەك گاراڭ، كۆڭلى بولسا خۇددى بەتتام نەرسە يەۋالغاندەك ئەسكى ئىدى. ئۇنىڭغا ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان مۇشۇ ئۆيمۇ ئەمدى ئۇنى سىقىپ قوغلاۋاتقاندەك بىلىندى - دە، كوچىغا چىقتى، لېكىن كوچىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ، مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەردىن ئۇنىڭ بېشى تېخىمۇ ئاغرىپ كەتتى، ئۇنىڭ جىمجىت، خالىي ئولتۇرغۇسى، ھەممىنى

باشقىدىن ئويلاپ كۆرگۈسى بار ئىدى. ئالىيەنىڭ ئېسىگە باغچە كېلىپ ئىتتىك شۇ يەرگە ماڭدى، باغچىدىمۇ ئادەملەر ئانچە ئاز ئەمەس ئىدى. لېكىن كوچىغا قارىغاندا ھەر ھالدا خېلى جىمجىت ئىدى. ئالىيە ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئادەم يوق بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى بىر خىل ھارغىنلىقتىن بوشاشقان، دىلى غەش ئىدى. تارغىنە ئاسفالت يولدىن چىرايلىق كىيىنىشكەن قىز ـ يىگىتلەر، بالىلىرىنى يېتىلەشكەن كىشىلەر ئالدىرىماي ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، ئۇلار ھەممىسى خۇشال، شاد ـ خۇرام ئىدى. بۈگۈن كۈنمۇ شۇنداق چىرايلىق، بۇلۇتسىز كۆكتە سېنتەبىر قۇياشى پارلاپ تۇرىدۇ، ئەمدىلا سارغىيىشقا باشلىغان يوپۇرماقلار قۇياش نۇرىدا ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدۇ، بىر تال يوپۇرماق ئالىيەنىڭ ئېتىكىگە كېلىپ چۈشتى، سۇس قوڭۇر رەڭگە كىرگەن بۇ يوپۇرماقنىڭ چەت ـ چۆرىلىرى قۇرۇپ قورۇلغان، خۇددى ھايات بىلەن خوشلاشقان بىماردەك گۇنسىز ئىدى. ئۇ خۇددى جان تالىشىۋاتقان ئادەمدەك سۇس تىترەيتتى.

«بۇنىڭ ئۆمرى تامام بولدى، — دەپ ئويلىدى ئالىيە يوپۇرماقنى بېغىشىدىن تۇتۇپ ئۇنىڭغا خىيالچان بېقىپ، — خازانغا ئايلاندى. ئەمدى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا چەيلىنىپ تۇگەيدۇ. ئۇنى ئانىسى چۆرۈپ تاشلىۋەتتى، ئەتە ـ ئۆگۈن ھەممە يوپۇرماقلار خازانغا ئايلىنىدۇ ۋە تۆكۈلىدۇ، يەنە يېڭىلىرى چىقىدۇ...» ئالىيەنىڭ ئېسىگە تېخى ئاخشاملا تېلېۋىزوردا كۆرگەن كۆرۈنۈش كەلدى. ھايۋانات دۇنياسى پروگراممىسىدا بۆرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئانا بۆرىنىڭ بالىلىرى بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن بىر ـ بىرلەپ ئۇلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى كۆرسەتتى. ھايۋانلارمۇ شۇنداق، ئادەملەرمۇ شۇ، مەن ئائىلىدە ئوشۇق ئادەم بولۇپ قالغاندەك تۇرىمەن. بۇ نېمىدېگەن ئوخشاشلىق ياكى تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى شۇنداقمۇ ـ يە؟... ئالىيەنى باش ـ ئايىغى يوق خىياللار چىرمىۋالدى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە ئەسئەت

كەلدى ـ دە، يۈرىكى خۇددى ھەرە چاققاندەك زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. «ھازىر ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ. چىمەن بىلەن بەلكىم تويىنىمۇ قىلىشىۋالغاندۇ، ئۇلار يىراقتا كەتسىمۇ بەختـلىك بولدى، مەنچۇ، شەھەردە قالغىنىم بىلەن تەقدىرىم مانا مۇشۇ. مەنمۇ يىراقلارغا كەتكەن بولساممۇ بوپتىكەن. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيۈم ھامان ماڭا باقىۋەندە ئەمەس ئىكەنغۇ، مەن ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟...

— ئالىيە!

يېقىنلا يەردىن چاقىرغان ئاۋازدىن ئالىيە چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئاسفالت يولدا ئۇنىڭ بىلەن بىر مەكتەپتە ئىشلەيدىغان ئوقۇتقۇچى قىز گۈلنۇر تۇراتتى. ئۇ چىرايلىق ياسىنىۋالغان، ئۇنىڭ قېشىدا چەت ئەلنىڭ كاستۇم ـ شىمىنى كىيگەن، قىسقا بۇرۇت قويۇۋالغان قارامتۇل يىگىت بار ئىدى.

— ئەجەب يالغۇز ئولتۇرۇپ كېتىپسىزغۇ؟ — دېدى گۈلنۇر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، — بىرەرىنى ساقلاۋاتامسىز ـ يا! كىم ئۇ؟

— ياقەي، — ئالىيە ئوڭايسىزلىنىپ زورىغا كۈلۈمسىرىدى، — زېرىكىپ كەلگەنىدىم، ئۆيدە بۈگۈن دادامنىڭ مېھـمانلىرى بار ئىدى...

— كۆزىڭىزدىن يالغانچىلىقىڭىز چىقىپ تۇرۇۋاتىدۇ، مەنـدىن يوشۇرسىڭىز بوپتۇ.

ئالىيە بۇ قىز بىلەن مەكتەپتە يېقىن ئۆتەتتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن بۇ قىز مەكتەپكە ئالىيە بىلەن تەڭ كەلگەنىدى. ئۇرۇمچىگە يەرلىك بولماسلىقىغا قاردـماستىن گۈلنۇر بىر يىل بولا ـ بولمايلا ھەممە بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزلىشىپ كەتتى. يۈزى يۇپيۇمىلاق، كۆزى ئويناپ تۇرىدىغان بۇ قىز ھەمىشە ئالدىراپلا يۈرەتتى، ئۇ ئالىيە بىلەن تېزلا چىقىـشىۋالدى، ئالىيە ئۇنىڭدىن ماگىزىنلارغا قانداق يېڭى ماللارنىڭ

كىرگەنلىكى، قايسى سودىگەرنىڭ دۇكىنىدا چەت ئەلنىڭ قانداق ماللىرى بارلىقىنى، هازىر قىزلار قانداق كىيىملەرنى مودا قىلىپ كىيىۋاتقانلىقلىرىنى ئاڭلايتتى، ئۆزىمۇ ئايدا بىر قېتىم دېگۈدەك چېچىنى خىلمۇ خىل قىلىپ ياسىتىپ تۇراتتى. ئۇ مەكتەپكە يېڭى كەلگەندە دىلشات ئىسىملىك ئېگىز بىر بالا ئۇنى پات - پاتلا ئىزدەپ كېلەتتى، يېرىم يىل ئۆتمەيلا ئۇ بالا كەلمەس بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئالىيە ئۇنىڭ گېپىنى قىلىۋىدى، گۈلنۇر قولىنى سىلكىدى:

— هازىرقى سولتەك ستۇدېنتلارنى قويۇڭە، ئوقۇۋاتقان چاغدا ساددا ئىكەنمىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەممە قىزلار يۇرۇۋاتقاندىكىن مەنمۇ قاتاردىن قالماي دەپ يۇرگەن، جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن قارىسام بولمىغۇدەك، ئۇنىڭ يۇز نەچچە كوي مائاشى بىلەن كۈننى قانداق ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ، هازىر خەقلەر دېگەن كىيگەن كىيىمىڭىزگە، تۇتقان ئۆيىڭىزگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە دىلشاتنىڭ ئائىلىسىمۇ تازا كەمبەغەل خەقلەر ئىكەن. ئۇلارنى تېخى بىز يۆلىسەك بولغۇدەك، ئويلاپ باقسام ئۇنىڭ بىلەن بولسام بېشىمغا پىت سېلىۋالغۇدەكمەن. ۋاي - ۋۇي، جېنىمنى قىيناپ نېمە كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دىلشاتقا «بەي - بەي» دەۋەتتىم.

— بۇ گەپچە، بايلاردىن بىرەرىنى تېپىۋالغان ئوخشىمامسىز؟

— قانداق ئۇقتىڭىز؟

— شۇنداقمىكىن دەيمىنا.

— ھەئە،— دېدى ئۇ قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ،— هازىر سوۋېتكە چىقىپ كەتتى، قايتىپ كەلسىلا توينى قىلىدىغان بولدۇق...

ئالىيەنىڭ ئېسىگە گۈلنۇرنىڭ شۇ دېگەنلىرى كېلىپ يولدا تاماكا چېكىپ تۇرغان بايىقى يىگىتنى بېشىدا ئىشارەت قىلىپ

گۈلنۇردىن سورىدى:

— شۇمۇ؟

— ھەئە،— دېدى گۈلنۇر شادلانغان ھالدا،— سوۋېتتىن تۇنۇگۈن قايتىپ كەلدى.

— ئەمدى توينى ئوينايدىكەنمىز ـ دە؟

گۈلنۇر «ھەئە» دېگەندەك كۈلدى.

— باياتىن ئۆيگە بېرىپ ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى كۆرۈپ كەلدىم. چېگرىدىن شۇنداق ئوبدان ئۆتۈپتۇ قاراڭ، توينىڭ ھەممە كىيىملىرى، ئالتۇن جابدۇقلىرىنىمۇ تەق قىلىپ كەپتۇ. ئاياللارنىڭ پەلتوسىدىنلا ئون بەش پەلتو ئەكەپتۇ. مەن قايسىسىنى تاللاشنى ئۇقمايلا قالدىم. ئەتە ـ ئۆگۈنگىچە مەن سىزنى باشلاپ باراي، سىز تاللاپ بېرىڭ، بولامدۇ، ئۆزىڭىزگىمۇ توغرا كېلىپ قالسا بىرەرنى ئېلىۋالامسىز. سىزگە ئەرزان بېرىدۇ، ماقۇلمۇ؟… ھازىر ئەكبەر ئىككىمىز «قىزىلتاغ» ماگىزىنىغا كارىۋات كۆرگىلى كېتىۋاتىمىز، سىز بىردەم ئولتۇرامسىز؟

ئالىيە «ھەئە» دەپ بېشىنى لىڭشىتتى، گۈلنۇر شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان يىگىتنىڭ يېنىغا ماڭدى. ئۇ بېرىپ نېمىلەرنى دېدىكىن، يىگىت قايرىلىپ ئالىيەگە قىزىققاندەك قاراپ قويدى. ئۇلار قولتۇقلىشىپ دەرەخلەر ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى. ئالىيەنى يەنە غەمكىن تۇيغۇلار چۇلغىۋالدى، ئۆزىنى تەلەيسىز ھېس قىلدى. ئۇ گۈلنۇرغا قاراپ قىز بالا ئۈچۈن ئۆزى كۆڭۈل بەرگەن يىگىتكە ئېرىشىشتىنمۇ چوڭ بەختنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدى. شۇ تاپتا گۈلنۇرنىڭ كۆزىگە ئەكبەردىن بۆلەك ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ، بۇنى ئۇنىڭ شادلىقتىن ئويناپ تۇرغان كۆزى، كۈلكىسى ھەتتا مېڭىشلىرىمۇ ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ. ئالــىيەچۇ، ئۇ بولــسا يالغۇز، ئۇمۇ بىر چاغلاردا ئاشۇ گۈلنۇردەك خۇشاللىقتىن ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقاندى، لېكىن ئەسئەت ئۇنى داغدا قويۇپ كەتتى. ھېلىمۇ ئەسئەت

ھەر بىر ئېسىگە كەلسە يۈرىكىنىڭ بىر يېرى پىژىلداپ ئېچىشىش ۋە پۈتۈن ئەزايى بىر شېرىن تۈيغۇ بىلەن مەست بولىدۇ. دېمەك، ئۇ ھازىرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، ئوتلۇق بىر ھېسسىيات بىلەن ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنى سېغىنىدۇ. ناۋادا شۇ تاپتا ئەسئەت كېلىپ: «ئالىيە، مەن بىلەن كېتەمسەن؟» دېسە ئۇ ھېچ نەرسىگە قارىماي ئۇنىڭ بىلەن كېتەتتى، ھەممىدىن ۋاز كېچەتتى، ئەسئەت قاچانلا بولمىسۇن ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغاندەك، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «مېنى كەچۈر، ئالىيە، سەن مېنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىم، چىمەنىمۇ، باشقىسىمۇ ساڭا ئوخشاشمايدىكەن، مەن ئېزىپتىمەن، بىز توي قىلايلى...» دەيدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى.

ۋاقىت ھەممە ئارزۇ ـ ئارمان، خىياللارنىمۇ كونىراتتى. ئالىيەمۇ يىگىرمە بەشىنىڭ قارىسىنى ئالدى. ئانىسى ئېيتقاندەك ئەمدى راستتىنلا تۇرمۇش توغرۇلۇق ئويلايدىغان ۋاقىت بولدى، ئالىيە بەزىدە ئۆزىگىمۇ ھەيران بولاتتى. ئۇ مەكتەپتىكى بەزى ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزىگە سىرلىق بىر خىل ھالەتتە قارايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ مەنىلىك چاقچاقلىرى، كۆز تاشلاشلىرى ئۇنى ھېچبىر ئۆزىگە جەلپ قىلالمايتتى. ئۇنىڭغا ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە جانسىزدەك، قوپالدەك تۇيۇلاتتى. «مېنىڭ كۆڭلۈم ئۆلۈپ قالدىمۇ نېمە، — ئويلايتتى ئۇ بۇنداق چاغدا ئەلەم بىلەن، — قېرى قىز بولۇپ قالارمەنمۇ، خۇدايىم...» مانا بۈگۈنمۇ ئانا ئۇنىڭغا كېرەمجاننىڭ گېپىنى چىقارغاندىمۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى يېقىمسىز بىر تۈيغۇ ئىگىلىدى، قەلبى بولسا خۇددى كۆل سۈيىدەك تېپتىنچ ھالەتتە ئىدى.

ئالىيە باغچىدىن كۆڭۈلسىز خىياللار بىلەن قايتتى.

بىر ئايدىن كېيىن گۈلنۇرنىڭ تويى بولدى. ئالىيە چوڭ بولۇپ ھازىرغىچە بۇنداق باياشات، ھەشەمەتلىك توينى كۆرۈپ باقمىغانىدى. قىز كۆچۈرۈشكىلا يىگىرمە نەچچە كىچىك ماشىنا كەلدى، ۋېچىركا شەھەردىكى ئەڭ داڭلىق ئاشخانىدا ئۆتكۈزۈل-

دى. ئۇستەللەر توخۇ، بېلىقتىن تارتىپ ھەر خىل سەي، تائام-
لار ۋە ئىلىنىڭ داڭلىق هاراقلىرى، شامپانىسكى، پىۋىلار بىلەن
تولدۇرۇلدى. ئالىيە گۈلنۇرغا قىز قولدىشى بولدى. گۈلنۇر
پات - پاتلا ئۇنىڭدىن «قانداقراق بولۇۋاتىدۇ؟» دەپ سوراپ
قوياتتى. بۇنىڭدىن ئوشۇق يەنە قانداق بولىدۇ، ئەكبەرنىڭ چىرا-
يىدا بولسا بىر خىل مەغرۇرلۇق چاقنايتتى.

گۈلنۇرنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ ئالىيەنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قال-
دى. ئەكبەر ئۆزىگە ئاتاپ ئىككى قەۋەت قىلىپ يېڭى ئۆي سالغا-
نىدى. تۆت ئېغىزلىق ئۆي قىپقىزىل قىلىپ ياسىۋېتىلگەنىدى.
كۆزنى چاقنىتىدىغان زامانىۋى جابدۇقلار، يەرگە سېلىنغان رەڭ-
دار گىلەم - پالاسقا قاراپ كىشى ئەيمىنەتتى، ئەندىكەتتى.

گۈلنۇرنىڭ تويى ئالىيەگە بۆلەكچىلا تەسىر قىلدى. مانا
توي دېگەن، مانا تەلەي دېگەن. گۈلنۇرنىڭ راستتىنلا تەلىيى بار
ئىكەن، تويغا كەلگەن قىزلارنىڭ ئىچىگە ئوت كەتتى، مۇشۇنداق
توي قىلالىساڭ يەنە نېمە ئارمىنىڭ قالىدۇ... ئىنسان بۇ دۇنياغا
نېمىدەپ كېلىدۇ، ياخشى يەپ، ياخشى كىيىمەن، راھەت كۆرد-
مەن دەيدۇغۇ. مانا، گۈلنۇر ئۆزىنى ئۇپراتمايلا پادىشاھتەك
تۇرمۇشقا ئىگە بولدى، بەختمۇ پۇلۇڭ، مال - مۈلكۈڭ بولغاندىلا
ساڭا چىراي ئاچىدۇ، بۇ ئىككىسى ئەسلىدە بىرلا گەپ
ئەمەسمۇ؟... ئالىيەنىڭ كۆز ئالدىدىن گۈلنۇرنىڭ تويى، ھەشە-
مەتلىك ئۆيى نەچچە كۈنگىچە كەتمەيلا قويدى. ئاشۇنىڭكىدەك
تۇرمۇش قۇرۇش ئىستىكى ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر پارچە ئوت بولۇپ
كىردى. «ئاپامنىڭ دېگەنلىرىمۇ توغرا ئوخشىمامدۇ، — دەپ
ئويلايتتى ئۇ كېچىلىرى، — مەن ئەمدى كىمنى ساقلايمەن.
كېرەمجان گەرچە ئەكبەردەك سودىگەر بولمىسىمۇ لېكىن قول
ئىلكىدە بار، ئۇنىڭ ئۇستىگە نېمە دېگەنبىلەن كادىر، تۇرمۇشقد-
مۇ ئېپى باردەك قىلىدۇ، دادام دېگەندەك ئەتە - ئۆگۈن مەنسىپى
ئۆسۈپ قالسا تېخىمۇ تەلىيىم. سودىگەر دېگەننىڭ بۈگۈنى بولغان

بىلەن ئەتىسىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ، ھەمىشە پايدا ئېلىشى-
مۇ ناتايىن. ئۇنىڭغا قارىغاندا كادىرلىق، مەنسەپ قانداقلا بولمى-
سۇن ئىشەنچلىك. جېنىم راھەت تاپسىلا بولمىدىمۇ؟...»

ئالىيە ئويلا - ئويلا ئاخىر شۇ قارارغا كەلدى، ئۇلارنىڭ تويىمۇ چىرايلىق كۈز ئايلىرىنىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى ئۆتتى. ھەممە ئىش ئالىيە ئويلىغاندەك بولدى. كېرەمجان ئالىيەنىڭ تەلپى بويىچە ۋىچىركىنى گۈلنۇر توي قىلغان ئاشخانىدا ئۆتكۈزدى. ئۇنى كۆچۈرۈپ ماڭغان ماشىنىلار توپى ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىنى زىلزىلىگە سالدى. ئۇنىڭغا توي كىيىمى شۇنداق ياراشقان ئىدىكى، توي خاتىرىسى قىلىپ ئېلىنغان سىنئالغۇنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. ئالىيە ئۆيىگە قاراپ كۆڭلى ئەمىن تاپاتتى، ئۆي گەرچە ئىككى ئېغىزلىق بولسىمۇ، لېكىن ھەممە نەرسە تەل ئىدى. ياپونىنىڭ رەڭلىك تېلېۋىزورى، ئىتالىيىنىڭ توڭلاتقۇسى، سوۋېتنىڭ پالاس - گىلەملىرى، ئەڭ زامانىۋى ئۆي جابدۇقلىرى بىلەن ئۆينىڭ ئىچى چاقناپ تۇراتتى. كېرەمجان ئالىيەنىڭ ئۆزىگىمۇ قوش - قوشلاپ كىيىملەرنى قىلىپ بەردى. تونۇش - بىلىشلەر، مەكتەپتىكى خىزمەتچىلەر خۇددى گۈلنۇرغا ئوخشاش ئۇنىڭغىمۇ ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى. ئالىيە بەزىدە ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ھېچقانداق جاپا تارتماي، بەدەلسىزلا مۇشۇنداق باياشات تۇرمۇشنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغانلىقىغا ھەيران بولاتتى، كۆڭۈل دېگەن ھەممىگە كۆنىدىكەن. ئەمدى ئۇ كېرەمجاننىڭ ئىلگىرى غەلىتە كۆرۈنىدىغان چىرايىغىمۇ ئادەتلىنىپ قالدى. كېرەمجان ئالىيەنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بېرەتتى. ئالىيە ئۇنى قانداق قىلاركىن دەپ ئۆي تۇتقاندىن كېيىنكى تۇنجى ئايلىقىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇۋىدى، كېرەمجان كۈلۈپ كەتتى - دە:

— ئايلىقىڭىزنى ئۆزىڭىز ئىشلىتىڭ، ئۆيگە مېنىڭ تاپقىنىممۇ يېتىدۇ، — دېدى.

كېرەمجان ئارىلاپ يەنە ئالىيەگە تۆت - بەش يۈز يۇەننى

بېرىپ «كۆڭلىڭىز خالىغاننى ئېلىۋېلىڭ» دەيتتى. ئالىيە ئۇنىڭ شۇنچىۋالا پۇلنى نەدىن، قانداق تاپىدىغانلىقىنى زادى چۈشەنمەيتتى. كېرەمجان پات ـ پاتلا ئۆيگە ھەر خىل ئادەملەرنى باشلاپ كېلەتتى. ئالىيە ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىدىن قانداقتۇر ماللارنى يۆتكەش، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئالىدىغان تاۋارلار توغرىسىدىكى گەپلەرنى خىرە ـ شىرە ئاڭقىراتتى. ئۇلار كېرەمجاندىن ياردەم قىلىشىنى، رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلاتتى. ئالىيە ئۇلارنىڭ كېرەمجاننىڭ ئالدىغا كونۋېرتتا بىر نەرسىلەرنى قويغانلىقىنى نەچچە قېتىم ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. «ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئېپى بار ئىكەن ـ دە» دېدى ئالىيە ئىچىدە ۋە كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى.

كېرەمجان پات ـ پاتلا سىرتقا خىزمەتكە كېتەتتى. ئۇلارنىڭ شىركىتىنىڭ ئىچكىرىدىكى نۇرغۇن ئىدارىلەر بىلەن ھەتتا شياڭگاڭدىكى سودا شىركەتلىرى بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى. كېرەمجان بەزىدە بىر ـ ئىككى ئاي سىرتتا بولۇپ قالاتتى. ئۇ ھەر قېتىم كاماندىروپكىغا ماڭار چاغدا ئالىيەگە:

— بىرەر نەرسىدىن قىينىلىپ قالغۇدەك بولسىڭىز رۇستەم چۇجاڭنى تېپىپ دەڭ، ئۇ ھەل قىلىپ بېرىدۇ، مەنمۇ تاپىلاپ دەپ قويدۇم، — دەيتتى.

رۇستەم كېرەمجان ئىشلەيدىغان باشقارمىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۆزىنى سىپايە تۇتىدىغان، دائىم رەتلىك، چىرايلىق كىيىنىپ يۈرىدىغان ئوتتۇرا ياشلاردىكى قاملاشقان بۇ ئادەم كېرەمجاننىڭ دائىملىق مېھمىنى ئىدى. كېرەمجان قاچانلا مېھمان چاقىرسا ئۇ بىرىنچى بولۇپ كېلەتتى. ھاراقنى جىق ئىچمەيدىغان، سىپايە بۇ ئادەمنىڭ بىرلا ئامراق ئىشى تانسا ئويناش ئىدى. ئۇ يەنە كېلىپ ئالىيە بىلەنلا ئويناپتتى.

— سىز تانسىنى ياخشى ئوينايدىكەنسىز، — دەپ ماختاپ قوياتتى ئالىيەنى، — بىزنىڭ خوتۇنلارنى خۇدا ساقلىسۇن، ئادەم

خۇددى كالىنى سۆرىگەندەك قىينىلىدىغان گەپ. نېمە دېگەنبىلەن ياشلار دېگەن ئوخشاشمايدۇ ـ دە...

ئەتىيازلىقى كېرەمجان يەنە ئىچكىرىگە كاماندىروپكىغا كەتتى. ئۇ كېتىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە بىر كۈنى كەچقۇرۇن رۇستەم چۇجاڭ ئالىيەنى يوقلاپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا سۇلياۋ خالتىدا لىق مېۋە بار ئىدى.

— ھە، قانداق تۇرۇۋاتىسىز، كېرەمجان يوق قىينىلىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن؟ — دېدى ئۇ سومكىنى يەرگە قويۇپ. ئۇنىڭ چىرايى قىزارغان، كۆزلىرىمۇ خۇمارلاشقانىدى.

— ياق، نېمىشقا قىينىلىمەن، — ئالىيە ئۇنى كۆرۈپ نېمىشقىدۇر ھودۇقۇپ قالدى.

— كېرەمجاننىڭ سىرتقا ماڭىدىغان ئىشى جىقراق. باشقىسىنى ئەۋەتەيلى دېسەك ئۇنىڭدەك قاملاشتۇرالمايدۇ. بىزگىمۇ ئامال يوق... لېكىن سىزگە تەس بولىدىغان بولدى.

— نېمىشقا؟

رۇستەم مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— سىلەر دېگەن يېڭى توي قىلغانلار... ھازىر قېنىشمايدىغان چاغلار ـ دە...

— ۋېيەي...، — ئالىيە ھۇپپىدە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئەندىكىش بىلەن سېلىپ كەتتى، «بۇ ئادەمگە نېمە بولغاندۇ بۈگۈن، گەپلىرىمۇ ئاجايىپلىغۇ؟ ...» رۇستەم بولسا ئالىيەدىن كۆز ئۈزمەي، ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھەر بىر ئۆزگىرىشنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى.

— كېرەمجان ياش بولغىنى بىلەن قابىلىيىتى بار، قولىدىن ئىش كېلىدۇ، — دېدى رۇستەم ئالىيەنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان كۆكسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، — مەن نەچچە چاغدىنمۇ ئۇنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە يۇقىرىغا دەپ كەلگەنىدىم، بۈگۈن سىزگە خۇش خەۋەر ئەكەلدىم.

ئالىيە «نېمە ئىش» دېگەندەك رۇستەمگە قارىدى.

— كېرەمجاننى بىزنىڭ باشقارمىغا مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ ئۆستۈرىدىغان بولدى، قانداق، بوپتۇمۇ؟...

ئالىيە ھاڭ - تاڭ بولدى. «توۋا، ئاشۇ چۇجاڭ بولىدىغان بولدىمۇ؟ ئۇ راستتىنلا شۇنچىۋالا قابىلىيەتلىكمىدۇ؟ مۇشۇنداقلا ماڭسا نەچچە يىل ئۆتمەي شىركەتكىمۇ باشلىق بولۇپ قالامدۇ تېخى، ئۇ چاغدا كىچىك ماشىنىمۇ بولىدۇ، مەنمۇ خالىغانچە ئولتۇرارمەن...» ئالىيەنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى.

— گەپ قىلمايسىزغۇ؟ — رۇستەم ئۇنى شېرىن خىيالدىن سەگىتتى، — باشلىق بولۇشنى خالىمامسىز - يا؟

— ياق... ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

— مەن سىزگە يالغان گەپ قىلارمەنمۇ؟ بوپتۇ، كېيىن رەسمىي ھۆججەتنى ئەكېلىپ كۆرسىتەي... ئەمدى بۇ كىچىك ئۆيدىنمۇ قۇتۇلىدىغان بولدىڭىز.

— ئۆي بېرەمدىكەن؟

— باشقارمىدىن يۇقىرى كادىرلارغا يېڭى بىنا سېلىۋاتىدۇ، ئەمدى كېرەمجانغىمۇ بېرىدۇ، كىم بىلىدۇ، قوشنا بولۇپ قالىمىزمۇ تېخى.

مانا ئامەت دېگەن. ئالىيەنىڭ خۇشلۇقتىن بېشى ئايلىنىپ كەتتى، ئۇ گەپ بىلەن بولۇپ مېھمانغا چايمۇ قۇيمىغانلىقى ئېسىگە كېلىپ ئالدىراپ ئاشخانىغا يۈگۈردى. ئۇ ھودۇقاتتى، چىنە تەخسىلەرنى بىر - بىرىگە ئۇرۇۋالاتتى. ئۇ قازان بېشىدا تۇرۇپ رۇستەم چۇجاڭنى نېمە تاماق قىلىپ مېھمان قىلسام بولار دەپ ئويلىدى. ئاۋۋال چاينى ئەكىرەي، ئاندىن... مېھمانخانا ئۆيدىن رۇستەم چۇجاڭنىڭ ۋالىس ئاھاڭىغا ئاستا غىڭشىپ ئېيتقان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئالىيەنىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتتى.

— ئۇنئالغۇڭلار قېنى؟ — دېدى رۇستەم ئالىيە چاي كۆتۈرۈپ كىرگەندە.

— بار، ياتاق ئۆيگە ئەكىرىپ قويغان، ئاخشاملىرى شۇنى ئاڭلايمەن...

— ئۇنئالغۇ ھەمراھ بولۇۋاتىدۇ دەڭا، — رۇستەم ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ دېدى. ئالىيە ۋىلىلىدە قىزىرىپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

ئۇنئالغۇدىن يېقىملىق، لەرزان مۇزىكا كەلمەكتە. رۇستەم چوجاڭ ئالىيەنىڭ تاماق ئېتەي دېگىنىگە ئۇنىمىدى. ئۇ پەقەت ئالىيە ئالغان ئۈزۈم ھارىقـــدىن ئىككــى رومكا ئىچتى، ئۇ-نىڭ يۈز - كۆزلىرى تېخىمۇ قىزاردى.

— كېلىڭ، تانسا ئوينايلى، — دېدى باشلىق ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مۇزىكا چىققاندا ئالىيەنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

ئالىيە ئەندىكتى. بۇ ئادەم تانسىغا نېمانچىلا ئامراقتۇ، قوش-نىلار ئاڭلىسا نېمدەپ قالار... ئەگەر بۇ ئادەمنىڭ رايىنى ياندۇرسام كېرەمجانىنىڭ ئۆسۈشىمۇ سۇغا چىلىشىدۇ. ئۆيدىنمۇ قورۇق قالىمىز... ئالىيە شۇلارنى ئويلاپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى. رۇستەم چوجاڭ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى - دە، ئالىيەنىڭ بېلىدىن ئاۋايلاپ تۇتتى. مۇزىكا تەسىرىدىنمۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلاشقان بولۇپ ھەدەپ ئالىيەنىڭ ئاپئاق بوينى، يېرىم ئېچىلغان كۆكسىگە تىكىلەتتى. باشلىقتىن ئەتىرنىڭ ئۆت-كۈر پۇرىقى گۈپپۈلدەپ كېلەتتى، باشلىقنىڭ يوتىسى پات - پاتلا ئۇنىڭ يوتىسىغا تېگىپ كېتىپ ئالىيەنى ئەندىكتۈرەتتى. ئەندى-شە، قورقۇش، شۇنداقلا يەنە ئىنتىلىشتەك بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترىتەتتى.

— سىز بىلەن ئويىنسامىلا خۇماردىن چىقىمەن، — دېدى باشلىق ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە پىچىرلاپ، — سىزچۇ؟

ئالىيە گەپ قىلماستىن تۆۋەن قارىۋالدى، ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى ئوت كەتكەندەك قىزىپ كەتتى، باشلىق ئۇنى ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىن تارتىشقا باشلىدى. مەيدىسىگە ئالىيەنىڭ كۆكسى

نەچچە قېتىم تېگىپ كەتتى، باشلىقنىڭ ھاسىرىغان تىنىقى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلاتتى. ئەركەكلەرگە خاس ھاراقنىڭ پۇرىقى ئارىلاش-قان ئىسسىق نەپەس، ئەتىرنىڭ ئۆتكۈر، يېقىملىق پۇرىقى، لەرزان مۇزىكا ئاۋازى قوشۇلۇپ ئالىيەنىڭ بېشىنى پىرقىرىتىۋەت-تى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشەتتى، كۆز ئالدى غۇۋال-شىپ، ئۆيمۇ تەڭ پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ يىقى-لىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن باشلىقنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان تەجرىبىلىك باش-لىق پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ ئالىيەنى چىڭ قۇچاق-لاپ ئۇنىڭ سۆيگۈگە قانمىغان سۇزۇك لەۋلىرىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن شوراشقا باشلىدى...

شۇنداق تاسادىپىي، گويا تاتلىق چۈشتەك بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشلار ئالىيەنى ھەم قورقۇتاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن سۆيۈندۈرەت-تى. «توۋا، مەن نېمە بولدۇم، ئەمدى كىشىلەرگە، كېرەمجانغا قانداق قارارمەن، قوشنىلار نېمە گەپلەرنى تاپار؟ مەن نېمىشقىمۇ ياق دېيەلمىدىم؟...» ئۇنىڭ ئېسىگە رۇستەم چۈجاڭنىڭ قامەت-لىك بەستى، خۇمارلاشقان كۆزى، يۈرەكنى ئېرىتىپ سۇغۇرۇ-ۋالغۇدەك سۆيۈشلىرى... كېلىپ قەلبىنى شېرىن بىر لەززەت يايرىتىۋەتتى. ئۇ كېرەمجانغا زادىلا ئوخشاشمايدۇ، ئۇنىڭدا ئايال-لارنى ئۆزىگە تارتىدىغان بىر سېھرىي كۈچ بار، ئەركەككە خاس بىر قۇدرەت بار، كېرەمجانچۇ؟... ئۇنىڭ چىرايىمۇ يوق، قىلىق-لىرىمۇ ئالىيەنى بىزار قىلىدۇ، ئۇ يېنىغا كەلسە ئالىيەنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ كېتەتتى، ئۆزىنى قانچە زورلاپ باقسىمۇ كۆڭلى مۇزدەكلا تۇراتتى. ھەممىدىنمۇ ئالىيە ئۇنىڭ خورىكىدىن بىزار ئىدى. بېشى ياستۇققا تېگە ــ تەگمەيلا خورىكى تەڭلا باشلىنىدۇ، ئۆينى بېشىغا كىيىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ سىرتقا خىز-مەتكە كەتسە ئالىيە خۇش بولىدىغان بولدى. ئالىيە بەزىدە ئۇنىڭ

بىلەن توي قىلغانلىقىغا پۇشايمانمۇ قىلاتتى. بارغانچە كۆڭلىنىڭ سوۋۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ھەسرەت چېكەتتى. مانا ئەمدى بۇنىڭ ئورنىنىمۇ تولدۇرىدىغان ئادەم بار بولدى.

رۇستەم چوجاڭ دېگەندەك بىرەر ئايغا قالماي كېرەمجاننىڭ ئۆستۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە ھۆججەتمۇ چۈشتى. كېرەمجاننىڭ خۇشلۇقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى، ئۇ بۇنىڭ شەرىپىگە بىر قوي سويۇپ باشلىقلارنى چاقىرىۋالدى. رۇستەم چوجاڭنى ئايرىم مېھ-مان قىلدى.

— رۇستەمكام ئىدارىگە ئۆسۈپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ بىر كۈنى ئۇنى يەنە چاقىرىۋېلىشنى مەسلىھەت قىلىپ ئالىيەگە، — بۇ ئادەمنى قولدىن بېرىپ قويساق بولمايدۇ، ھېلىتىنلا ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىشقىلى تۇردى...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالىيە ئەندىكىپ كەتتى.

كۈزگە يېقىن يېڭى ئۆيمۇ پۈتتى. كېرەمجانغىمۇ يېڭى بىنا-دىن ئۆي تەگدى. ئالىيە چوڭ - ئۈچ ئېغىزلىق ئۆينى كۆڭۈل قويۇپ ياسىدى، بەزى مودىدىن قالغان جابدۇقلارنى سې-تىۋېتىپ يېڭىدىن ئالدى. ئىدارىدىن كېرەمجانغا ئاتاپ تېلېفونمۇ ئورنىتىپ بەردى. ئالىيە بۇلارنىڭ ھەممىسىدە رۇستەم چوجاڭ-نىڭ قولى بارلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. ئەمدى ئۇ باشلىققا قوشنا بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىشىكلىرى بىر - بىرىگە ئۇدۇل قارى-شىپ تۇراتتى. رۇستەمنىڭ ئايالى — كېلەڭسىز سەمرىپ، چېچىنىڭ تېگى ئاقىرىپ كەتكەن ئاق سېرىق ئايال ئېرىنىڭ خۇيىنى بىلگەچكىمۇ ئالىيەگە ئانچە چىراي ئېچىپ كەتمەيتتى، لېكىن ئېرىدىن قورقۇپ قاتتىقراق گەپمۇ قىلالمايتتى، بىچارە ئايال ھەممە دەردىنى ئىچىگە يۇتاتتى. ئۇ دوختۇر بولۇپ، پات - پاتلا كېچىسى دىجورنى بولۇپ ئۆيىگە كەلمەيتتى.

كۈنلەر ئالىيە ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋەردى. بەزىدە ئۇ

تەشۋىشمۇ قىلىپ قالاتتى. ھەممىدىنمۇ قىزى چولپان تۇغۇلغاندا ئۇنى سۆر باستى. ئۇ قىزىنى تۇنجى كۆرۈپلا ئۇنىڭ قاش ـ قاپىقىنىڭ رۇستەم چۇجاڭغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىشىدىغانلىـ قىنى كۆرۈپ كۆڭلىنى ئەنسىزلىك باستى. ئۇ ئىلگىرىمۇ شۇنداق گۇمان قىلاتتى. ئاخىر مانا دېگەندەك بولۇپ چىقتى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟... لېكىن ئۇ يەنە بالىسىنىڭ كېرەمجانغا ئوخشاشمىغانلىقىغا بىر تەرەپتىن خۇش بولاتتى. كۆزى ياكى ئېڭىكى ئوخشىشىپ قالسا قانداق قىلارىدىم، دەيتتى كۆڭلى خاـ تىرجەم بولۇپ. باشلىق ئەمدى ئالىيەنى ئىلگىرىكىدىنمۇ كۆپرەك يوقلاپ تۇرىدىغان بولدى. ئالىيە ئەمدى بۇ قايىنامىغا تېخىمۇ چوڭـ قۇرراق چۆكتى. بۇ قايىنام ئۇنى ئۆزىدىن نېرىغا قويۇپمۇ بەرمەيتـ تى ياكى چۆكۈرۈپ تۇنجۇقتۇرۇپمۇ قويمايتتى، پەقەت ھاۋادا ئىـ لەڭگۈچ ئۇچقاندەك ئۇنى پىرقىرىتىپ ئوينايتتى، بەزىدە ئالىيەـ نىڭ بېشى قېيىپ، قىرغاققا چىقىپ ئەركىن نەپەس ئالغۇسى كېلەتتى، لېكىن بۇ قايىنام ئۇنى خۇددى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارـ تىپ قويۇپ بەرمەيتتى.

ئالىيە بەزىدە گۈلنۇرغا قاراپ ئۆز تۇرمۇشىدىن ئەنسىرەپمۇ قالاتتى، گۈلنۇر ھازىر ھېلىقى بىر چاغدىكى چىرايلىق، ئۆز بەختىگە تەمەننا قىلىدىغان گۈلنۇرغا پەقەتلا ئوخشىمىغاي قالدى، ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتتى. ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇسـ تىخانغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ مەكتەپكە ئىككى كۈندىڭ بىردـ دە قاش ـ قاپىقىنى كۆكەرتىپ كېلىدىغان بولدى. ئۇ پۈتۈن دەردىنى ئالىيەگە تۆكەتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ ئەتىگەندىلا ئالىيەنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ئۇ ئۇلۇغ چېكىسىگە داكا تېڭىۋالغانىدى.

— چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى ئاداش، — دېدى ئۇ ئالىيەگە ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ، — مەن ئەكبەرنى مۇنداق خۇي چىقىدـ رار دەپ زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن، توۋا، ئەر كىشى دېگەنمۇ

ئاجايىپ بولىدىكەن، مەن نېمە پوق يەپ بۇ قارا قورساققا تەگكەن بولغىيتىم، ئىسىت، ئىسىت...

— يەنە كۆڭلەپ ئۇرۇشامدۇ؟

— شۇ جېدەل، ئەر كىشى دېگەننىڭ كۆڭلىشىدىن خۇدا ساقلىسۇن، سىزمۇ كۆرۈۋاتىسىز، ئىشتىن چۈشۈپلا ئۆيگە يوگۇ-رىمەن. نېمىشقا؟ يەنە ئاشۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالمايلى، دەي-مەن، نەچچە قېتىم نان دەسسەپ قەسەممۇ قىلىپ بەردىم. شۇن-داق قىلساممۇ يەنە ماڭا ئىشەنمەيدۇ، كېچىچە سوئال - سوراققا تارتىپ چىقىدۇ. خۇدايىم، ئاگىسىز ئادەمگە غەرەز ئۇقتۇرماقمۇ مۇشكۇل ئىش ئىكەن، بىر نېمە دېسەڭ مۇشتىنى كۆتۈرۈپلا قوپىدۇ. مال - دۇنياغىمۇ، پۇلغىمۇ تويدۇم. قۇرۇپ كەتسۇن...

ئالىيەنىڭ ئۇنىڭغا راستتىنلا ئىچى ئاغرىدى.

— بۇنداق ئۆزىڭىزنى قىينىغۇچە ئايرىلىپ كەتسىڭىز بولمامدۇ؟

— ۋېيەي جېنىم، شۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ ئەمەسمۇ. يالۋۇرۇپمۇ باقتىم، ئۇرۇشۇپمۇ باقتىم. ياق، ياق... سەن مېنىڭدىن ئاجرى-شىمەن دەپ خام خىيال قىلما. سېنى پۇتۇمغا چېتىپ يۇرگىنىم يۇرگەن، دەيدۇ. ئۇ هازىر ئوقەتنىمۇ تۈزۈك قىلمايدۇ، ئەتىگەن-دىن كەچكىچە مېنى مارىلاپلا يۇرىدۇ، مۇشۇ تاپتىمۇ مەكتەپنىڭ ئەتراپىدا بار...

— توۋا، ئەجەب قىلىقى بار ئىكەنا بۇ ئەكبەرنىڭ.

— ئۇنى بىر دېمەڭ... سىزنىڭ ئەقلىڭىز بار ئىكەن، كې-رەمجان قانداق بولىسۇن كادىر، هەرقانداق ئىشنى ئاڭلىق، توغرا چۈشىنىدۇ، مەن نېمىدەپ پوق يېدىمكىن... مۇشۇ قىلغى-نىغا مانا ئەمىسە دەپ كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ بىر ئوينايمەن. شۇنىڭ بىلەن يا ئۇياق، يا بۇياق بولۇشىمىز، راست...

گۈلنۇرنىڭ ھالىغا قاراپ ئالىيەنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. تېخى ئۈچ يىل ئاۋۋاللا ئۇ تولغان ئايدەك چىرايلىق قىز ئىدى. ھازىر بولسا ئۇ چىرايىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، سارغايغان قانسىز يۈزى، تاتارغان كالپۇكلىرى، يۈز - كۆزلىرىدىكى تاياقتىن قالغان يارا ئىزلىرى ئۇنى چوڭلا بىر ئايالغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشتىن كۆرگەن خوۋلۇقى مۇشۇ بولدىمۇ، بۇنداق ئۆتكەن ئۆمۈرنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن؟... ئىنساننىڭ ھاياتىمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن - دە، مانا گۈلنۇر ئەكبەرگە شۇنداق ئەقىدە قىلدى. ئۆيۈم دەپ كۆيۈپ - پىشتى. ئەمما ئۇ شۇنچە كۆڭۈل بەرسىمۇ تۇرمۇش ئۇنى جازالاپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئالىيە كېرەمجاننى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئۇنى دەپسەندە قىلىدۇ، ئەمما ئۇ يەنە قەدىرلىنىدۇ. كېرەمجان ئۇنىڭ باشلىق بىلەن قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى بىلمەي قالارمۇ، سىرتتىكى گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىماي قالارمۇ؟ لېكىن ئۇ ئالىيەگە ھازىرغىچە چىش يېرىپ بىر ئېغىز قاتتىق گەپ قىلىپ باققىنى يوق. ئەكسىچە، ئالىيەگە نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىدۇ، ھە دېسىلا باشلىقنى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن، تۇرمۇش نېمىشقا ھەممىگە ئادىل ئەمەس ياكى بىر كۈنلىرى ئۇمۇ گۈلنۇرنىڭ مۇشۇ كۈنىگە قالارمۇ - يە؟!... خۇدايىم ساقلىسۇن...

مۇشۇلارنى ئويلىسا ئۇ ھەممىدىن ۋاز كېچىپ تۇرمۇشىنى باشقىدىن توغرا يولغا سېلىپ بېقىشنىمۇ ئويلاپ قالاتتى. دېمىسىمۇ بۇنداق ھايات ئۇنى بارغانچە ئازابلاشقا، زېرىكتۈرۈشكە باشلىغانىدى. لېكىن قانداق تۈزەش كېرەك. ئۇ باشلىقتىن قانداق قىلىپ قۇتۇلىدۇ؟ باشلىق ئۇنىڭغا خۇددى ئايالىدەك ئۆگىنىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈسىلا ھەممىدىن مەھرۇم قالىدۇ. بۇ بىردەملىك خىيالنى يەنىلا باشلىقنىڭ بەرگەن تېلېفونى كاللىسىدى-

دىن نېرى قىلاتتى. باشلىق ئۇنى پەستە ماشىنىدا كۈتۈپ تۇردۇ. ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان مېھماندارچىلىق، زىياپەت، كۆڭۈل ئېچىشلار، مودا كىيىملەر — بۇ رەڭگارەڭ دۇنيا ئۇنى ئۆز قۇچىقىدا ئەللەيلەيتتى. ئۆزگىنى ئويلاشقا ۋاقتىمۇ، ئارامىمۇ بەرمەيتتى…

توخۇ چىللىدى، تام سائىتىمۇ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا داڭ ئۇردى. ئايمۇ بۇلۇت كەينىگە ئۆتۈپ كۆكۈچ ئاسماننى خىرە قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. زەينەپ ئۇلۇغ بىر خۇرسىنىپ قويۇپ ئىككى دوستىغا قاراپ:

— ئۇيقۇڭلار كەلدىمۇ، ئورۇن سالايمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئالىيە چىمەنگە قاراپ:

— سەن ئۇخلىغىن. ئەتە ماڭىدىغان ئادەم، — دېدى.

— پەقەتلا ئۇيقۇم كەلمىدىغۇ، — چىمەن كۈلدى، — سىلەرنى كۆرۈپ شۇنداق بولۇۋاتىمەنمۇ ئۇقمايمەن، يەنە بىردەم ئولتۇرايلىلا…

ئالىيە بىلەن زەينەپ ئۇنىڭ رايىغا باردى.

— چىمەن، — دېدى ئالىيە بىردەمدىن كېيىن، — ئەسئەت بىلەنمۇ تۈگىشىپ كېتىپسىلەر، ئەمدى ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كېلىۋالساڭ بولمامدۇ؟

— مېنىڭمۇ شۇنداق ئويۇم بار ئىدى. لېكىن يۆتكىلىش ئاسان ئەمەس ئوخشايدۇ، ھازىر بىرەر يۆلەنچۈكۈڭ بولمىسا تەس ئىكەن.

زەينەپ ئىتتىك ئالىيەنى بېشى بىلەن ئىشارەت قىلدى.

— ئاداش، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — راست گەپنى قىلغاندا مېنىڭ قولۇمدىن ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ. كەلسە ئالىيەنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، — ئۇ ئالىيەگە چاقچاق تەرىقىسىدە دېدى، — ياردەم قىلغىن ئاداش، يا ساڭمۇ ئارقا ئىشىك قىلى-

مىزمۇ ـ يە؟

— شۇنداق بولىدۇ ـ دە، — ئالىيە كۈلۈپ كەتتى، — قۇرۇق گەپ كىمنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقىدۇ.

— چاتاق يوق. بولدى ئۆزۈڭ دە، نېمە لازىم؟

دوستلار بىردەم چاقچاق قىلىشتى.

— ناھىيىدىن چاتاق قىلماس ـ ھە؟ — ئالىيە ئەستايىدىل تەلەپپۇزدا سورىدى.

— ئۇنداق قىلمايدۇ، ئۇلارمۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتىدۇ… ھېلىمۇ ئون يىل ئىشلەپ بەردىم. ياشلىقىمنىڭ گۈلدەك پەسلى ئاشۇ يەردە توزىدى، ئەمدى شۇ ئىككى قىزىمنى ئوبدانراق ئوقۇ-تۇپ تەربىيىلىسەم دەيمەن. مەن ئەمدى راستتىنلا ھاردىم…

زەينەپ ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە بېشىنى لىڭشىتتى.

— توۋا، تېخى تونۇگۈنلا قىزلار ئىدۇق، ئەمدى بالىلىرى-مىزنىڭ غېمىگە ئۆتتۇۋاتىمىز. ئەتە ـ ئۆگۈن قېرىنانا بولىمىز ـ ھە، ئويلىسام زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

— ھايات دېگەن شۇ ئىكەن…

ئۇلار بىردەم ئۆز خىياللىرى بىلەن سۈكۈتكە چۆمدى. بىر كەمدە ئالىيە تۇيۇقسىزلا چىمەندىن سورىدى:

— ئەسئەتنى ئۈرۈمچىدە داۋالىنىۋاتىدۇ دېدىڭمۇ؟ قايسى دوختۇرخانىدىكەن؟

— ئىككىنچى دوختۇرخانىدا ئوخشايدۇ.

— كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن ئاداش، — ئالىيە ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ دېدى، — مەن… بىر يوقلاپ قويای دەيمەن. نېمە بولمى-سۇن بىللە ئوقۇغان ساۋاقداش ئەمەسمۇ…

بۇ گەپنى ئاڭلاپ زەينەپ ھودۇقۇپ كەتتى ۋە ئىتتىك چىمەن-گە قارىدى. چىمەن ئالىيەگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— سەن ئۇنى تېخىچىلا ئۇنتۇيالماپسەن ـ دە؟!

ئالىيە گەپ - سۆز قىلمىدى. ئۇنىڭ ئويچان، غەمكىن كۆزلىرىدە قانداقتۇر بىر ئۇچقۇن چاقنىغاندەك بولدى - دە، ئاپئاق يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈردى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي ھەدەپ ئالتۇن ئۈزۈكلەر بىلەن تولغان بارماقلىرىنى قاراسلىتاتتى. ئاخىر ئۇ بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئۆزىگە سىنچى نەزەر بىلەن قاراپ تۇرغان دوستلىرىغا قاراپ چۈشىنىپ بولمايدىغان پەرىشانلىق، غەمكىنلىك بىلەن جىلمايدى.

# چېغىر يول

## 1

مەن يەنە ئاغرىپ يېتىپ قالدىم.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان بۇ ئىككىنچى قېتىم ئاغرىشىم ئىدى، تاماق يېسەملا ئىچىدە بىر يەر مۇجۇپ ئاغرىپ ئاچچىق زەرداپ ياندۇرىمەن، ھېلىمۇ تەلىيىمگە دادام ئەترەت باشلىقى بولغاچقا ئۆيىمىزدىن بۇغداي ئۇنى ئۈزۈلمەيدۇ، ئاپامنىڭ كۆڭلۈم تارتقان تاماقنى ئېتىپ بېرىپ باققانلىقىدىنمۇ ياكى دورا پايدا قىلدىمۇ، تۈنۈگۈندىن بۇيان ئاغرىقمۇ پەسلەپ، تاماق سىڭىدىغان بولدى، پۇت - قولۇمغىمۇ جان كىردى، ئۆيدىكىلەرنىڭ دېيىشىچە، مەن كىچىكىمدىنلا كېسەلچان چوڭ بولۇپتىمەن، ئۇلار مېنى ئۆلۈپ كېتىدۇ، دەپلا ئەنسىرەيتتىكەن، تولا كېسەل تارتقاچقىمىكىن، ئاۋاق ئادەم بولدۇم، بويۇممۇ ئانچە ئۆسمىدى، مانا بۇ يىل ئون سەككىز ياشقا كىردىم، كۆرگەنلەر مېنى ئون بەش ياشقا كىردىمىكىن دەيدۇ، شۇڭىمۇ مەھەللىدىكى دوستلىرىم مېنى «ئادىل ئاۋاق» دەپ چاقىرىشىدۇ.

بۇ بىر ھەپتە ئۇدا يامغۇر ياغدى، مەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇيقۇدىن ئويغىنىپلا دېرىزىدىن سىرتقا قارايمەن، خۇددى دادامنىڭ قاپىقىدەكلا تۈرۈلگەن كۈل رەڭ ئاسماننى، سىمىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇرنى كۆرۈپ كۆڭلۈم غەش بولاتتى. يىڭنىدەك ئىنچىكە، ئۇششاق يامغۇر گاھ توختاپ قالغاندەك بولاتتى، يەنە تۈرۈپلا كۈچىيىپ، ئەزمىلىك بىلەن يېغىشقا باشلايتتى، بىكارچىلىقتا

يېتىپ نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇۋەتتىم. مېنىڭ بىردىن - بىر ئامراق نەرسەم كىتاب ئىدى. شەھەرگە ھەر بىر كىرگىنىمدە بىر مۇنچە يېڭى كىتاب سېتىۋالاتتىم - دە، مەكتەپتىن كەلگەندىن كېيىن ئۆينىڭ كەينىدىكى باغقا كىرىۋېلىپ كەچ كىرگىچە كىتاب ئوقۇيتتىم. دادام مېنىڭ بۇ قىلىقىمنى ماختاپ: «ئادىل چوڭ بولسا ئالىم بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەيتتى خۇش بولۇپ.

دادام بالدۇرلا خۇشال بولغىنىكەن، مەن تولۇقسىزنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا ئىنقىلاب باشلىنىپ كېتىپ، مەكتەپلەر تاقالدى. مانا ئۈچ يىلدىن بۇيان كەمبەغەل — تۆۋەن - ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئېلىۋاتقان دېھقان بولۇپ قالدۇق. شۇلارنى ئويلىسام يۈرىكىم يىڭنە سانجىغاندەك ئېچىشىدۇ.

سىرتتا سىمىلداپ يامغۇر يېغىۋاتىدۇ، ئارىلاپ يامغۇر تامچىسى دېرىزە ئەينىكىگە تېگىپ يول - يول سىزىقلارنى ھاسىل قىلىدۇ، بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدىن چوڭ يول ئۆتىدۇ. بۇ يول ئۇدۇل ئۆستەڭگە تاقىلىپ، قوشنا مەھەللىگە تۇتىشىدۇ، ئېھتىمال ھازىر بۇ يول پاتقاققا ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق چاغلاردا يولدىن ئۆتكەن ئات ھارۋىلىرىنىڭ رېزىنكە چاقلىرى گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا سۇرۇلۇپ يىلانباغرى ئىز قالدۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۆگزىسىنى ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن پاكار دېھقان ئۆيلىرى يامغۇر سۈيىدە ئېزىلىپ شۈمشەرەپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئۆيلەرنىڭ تۈرخۇنلىرىدىن چىققان كۆكۈچ ئىس يۇقىرى ئۆرلەشكە مادارى قالمىغاندەك تۈرخۇننىڭ ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇرىدۇ ۋە ئاستا - ئاستا گۈگۈمدەك ھاۋاغا سىڭىپ كېتىدۇ.

بۈگۈن ئەتىگەن يۈزۈمگە چۈشكەن ئىسسىقتىن ئويغىنىپ كەتتىم. كۆزۈمنى ئاچسام ئۆيگە كۆز چاقناتقۇدەك قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى، ئۆزۈممۇ يېنىكلا بولۇپ قاپتىمەن، كىيىملىرىمنى كىيىپ ھويلىغا چىقتىم. نەمخۇش، ساپ ھاۋا دىمىغىمغا ئۇرۇلدى. بىر ھەپتىدىن بۇيان تالا - تۈزنى كۆرمىگەچكىمۇ

كۆزۈمگە ھەممە نېمە ئۆزگىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئاسمان چىنىدەك تازا، ئۇپۇق بويىدىكى قوڭۇر تاغلارمۇ شۇنچىلىك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يولدىكى پاتقاقلارمۇ قۇرۇپ ئەكچىگەن، قا-رامتۇل توپىدىن سۇس ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى، ئوت - چۆپلەر ئوچۇق ئاپتاپتا خۇددى مىنالدەك پارقىرايتتى. يول ياقىسىدىكى شالاڭ ئۈنۈپ قالغان ياۋا گۈللەر غۇچچىدە ئېچىلىپ كەتكەندى. قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان بۇ گۈللەر خۇددى ئەمدىلا رەسىدە بولغان قىز-نىڭ مەڭزىگە ئوخشايتتى.

— ئادىل، چېچىكنى ئىچىۋال بالام!

ئاپامنىڭ چاقىرىشىدىن ئېسىمگە كېلىپ، يۈزۈمنى چالا - بۇلا يۇيدۇم - دە، ئۆيگە كىردىم. ئۆڭۈپ رەڭگىنى يوقاتقان داستىخان سېلىنغلىق ئۈستەلنىڭ تۆرىدە دادام چازا قۇرۇپ ئولتۇ-راتتى. ئۇ ئاغزىنىڭ يېرىمىنى يېپىپ تۇرغان قويۇق بۇرۇتىنى سىلىغانچە خىيالغا چۆمگەنىدى. ئۇنىڭ قاپىقى ھەرقاچانقىدەك چىڭ تۈرۈلگەنىدى، ئۇ تۈرۈپ - تۈرۈپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قوياتتى.

مەن ئېسىمنى بىلگەندە دادام ئۇنداق ئەمەس ئىدى، ئويۇن - تاماشىنى قولدىن بەرمەيدىغان، مەشرەپلەردە ناخشا ئېيت-تىپ ھارمايدىغان، چاقچاقچى ئادەم ئىدى. ئولتۇرۇشلارغا دائىم مېنى ئۆزى بىلەن بىللە ئاپىراتتى. مۇشۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ مىجەزى چورتلا ئۆزگىرىپ جىمغۇر بولۇپ قالدى. قاچانلا قارىسام قاپىقى تۈرۈلگەن ھالەتتە كۆرىمەن. ياكى ئادەم قېرىغانچە شۇنداق بولۇپ قالامدىكىن؟

— ساقىيىپ قالدىڭمۇ بالام؟ — دادام مېنى كۆرۈپ ئەھۋال سورىدى.

مەن قورقۇمسىرىغان ھالدا بېشىمنى لىڭشىتتىم. شۇ ئارىدا ئاپام لېگەندە ھورى چىقىپ تۇرغان قوناق مومىسىنى كۆتۈرۈپ

كىردى ۋە ئارىسىدىن بىر تال بوغداي ئۇنىدا قىلغان ئاپئاق مومىنى ئايرىپ مېنىڭ ئالدىمغا سوروپ قويدى ۋە ئاشۇ مومىدىن كۆز ئۈزەلمەي قالغان ئۇكىلىرىمغا قاراپ:

— سىلەر ساق بولغاندىكىن قوناقنى يەڭلار، — دەپ ئۇلار- نىڭ ئالدىغا قوناق مومىسىنى قويدى.

ئۇكىلىرىم ئاغزىغا كەلگەن سېرىق سۇنى ئىچىگە يۇتۇشتى، دادام بولسا ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ قويدى، ھەممىمىز ئەمدىلا چاينى ئوتلاپ تۇراتتۇق، ئۆينىڭ كەينىدىن جاڭ ئاۋازى چىقتى.

— بۈگۈن ئەزالار ئۆستەڭ چاپقىلى بارىدۇ، — دېدى دادام بىزگە چۈشەندۈرۈپ.

— سىزمۇ بارامسىز؟

— بارماي بولامدۇ.

— مۇشۇ مومىنى ئېلىپ بارارسىزمۇ؟ — دېدى ئاپام دادام- نىڭ كۆزىگە قاراپ، — قوشنىلارنىڭكىگە چىقىپ باقايمىكىن...

— بولدى، بۈگۈنكى كۈندە كىمنىڭ ئۆيىدە ئوشۇق نان بولاتتى.

— پاتىگۈللەر قايسى كۈنى نان يېقىۋاتقاندەك قىلىۋاتاتتى...

— بولدى، ئۇلارنىڭكىگە كىرمە!

ئاپام جىم بولۇپ قالدى ۋە ھەممە ئىشقا ئۆزى ئەيىبلىكتەك نېمە قىلارىنى بىلمەي دادامغا قارىدى. ئاپامنىڭ مۇشۇ ھالىتىنى كۆرسەم ئىچىم سىيرىلىپ، يىغلىغۇم كېلىدۇ. دادام چېيىنى چالا - بۇلا ئىچىپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا مەندىن سورىدى:

— مەكتەپتە ئوقۇغان كىتابلىرىڭنى تاشلىۋەتمىگەن بولغىيدىڭ؟

— ساندۇقتا سېلىپ قويغان، — دېدىم مەن ئۇنىڭ بۇنى نېمىگە سوراپ قالغىنىنى چۈشىنەلمەي.

— تۈنۈگۈن دادۇيدىكى يىغىندا كادىرلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭ-

لاپ قالدىم. بۇ يىل ئۇرۇمچىدىكى مەكتەپلەرگە بالا ئالىدىغانلىڭ گېپى بار ئوخشايدۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىمدىن ئورنىمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— راستمۇ دادا؟

— تېخى ئۇقتۇرۇش كەلمەپتۇ، ئىشقىلىپ مىش - مىش گەپ بار.

— ئەمدى ئوقۇپ نېمە قىلار؟ — ئاپام گەپ قىستۇردى، — ئوقۇپ بولغىنى مۇشۇغۇ...

— سېنىڭچە ئوقۇماي دېهقان بولسۇنمۇ؟

— بىرەر هۈنەر ئۆگەنسە... ئەمدى شۇ ئەسقاتارمىكىن.

— نەدىكى گەپنى قىلىدىكەنسەن، — دادام ئۇنىڭ گېپىنى قىيقىۋەتتى، — بۇ سەهرادا نېمە هۈنەر بولسۇن، ئۇنىڭدىن ئوقۇپ خىزمەتچى بولغىنى تۈزۈك، — ئاندىن ئۇ ماڭا قاراپ جېكىدى، — بۇ گەپنى باشقا بالىلارغا دەپ يۈرمە جۇمۇ، بىكار ۋاقتىڭدا ئوقۇغان دەرسلىرىڭنى بىر قۇر ئۆتكۈزۈپ قويغاچ تۇر!

دادام كەتكەندىن كېيىن مەن قەغەز يەشىكلەرگە سېلىپ كارىۋاتنىڭ ئاستىغا تىقىۋەتكەن ھەممە كىتابلارنى ئېلىپ چىقىپ رەتلىدىم. دەرسلىك كىتابلارنى ئايرىۋېلىپ، قالغان رومان، هېكايە كىتابلارنى دېرىزە تەكچىسىگە چىرايلىق قىلىپ تىزىپ قويدۇم. خىيالىمدا مەن ئەتىلا ئوقۇشقا ماڭىدىغان، بۇ قىيامەت سەهرادىن مەڭگۇ قۇتۇلۇپ كېتىدىغاندەك بىلىنىپ، يۈرىكىم دۇپۇلدەيتتى، دەرسلىكلەرنى بىر قۇر كۆرۈپ بېقىۋىدىم، ھەر ھالدا ئۇنتۇپ كەتمەپتىمەن، ئاستا - ئاستا ئېسىمگە كېلىشكە باشلىدى. مەن ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا كىتابقا چۆكۈپلا كەتتىم.

— ئەمدى ساڭا بولۇپ بەردىمۇ دەيمەن بالام، — ئاپام بىر چاغدا كىرىپ ماڭا كايىدى، — بىردەم تالا - تۈزگىمۇ چىققىن، هۆسەن سېنى چاقىرىۋاتىدۇ.

— قانداق ئەھۋالىڭ ھوي، — ھۇسەن مېنى كۆرۈپ خۇشال سورىدى، — ھېچبىر كۆرۈنمەيسەن، ئاپاڭ ساڭا تۇخۇم باستۇ-رۇپ بەردىمۇ نېمە؟

باللار مېنى «توخۇ» دەپ چاقچاق قىلىشاتتى، ھۇسەن بولسا چاقچاقتا ھەممىدىن يامان ئىدى. مەن كۈلۈپ قويدۇم-دە، تۇزلا جاۋاب بەردىم.

— مىجەزىم يوق...

— شۇ، ئۆزۈڭمۇ قىزىل ئەت بولۇپ كېتىپسەن، ئۆستەڭ بويىغا بارمايمىزمۇ؟

— نېمىش قىلىمىز؟

— ئانچە - مۇنچە دانلاپ...، — ئۇ كۈلگىنىچە دولامغا ئۇرۇپ قويدى، — ۋايىت شەھەردىن يېڭى تەمبۇر سېتىۋېلىپ كەپتۇ، بىردەم ئاڭلاپ كەلمەيمىزمۇ؟ مەن ۋېلىسىپىتنى ئۆيگە تاشلىۋېتىپلا چىقىمەن.

ئۆستەڭ بويى مەھەللىدىكى باللارنىڭ يىغىلىدىغان يېرى. ئىككى قاسىنىقى شالاڭ سۆگەتلەر بىلەن قاپلانغان ئۆستەڭنىڭ مەھەللە تەرىپىدە خېلى كەڭرى ئوتلاقلىق بار. بىز كىچىك چاغ-لىرىمىزدىن باشلاپ بۇ يەردە ئېشەك، قويلارنى باقاتتۇق. ۋەللەي ئويناپتتۇق، پۇتون ياز بويى كۈندۈزى ئۆستەڭدە چۆمۈلۈپ، قىرغاقتىكى تارغىنە قۇملۇقتا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتاتتۇق. لايدىن سېپىللارنى ياساپ، ئارمىيە - دۈشمەن بولۇپ ئويناپتتۇق. كەچ-قۇرۇنلىرى يەنە ئۆستەڭ بويىغا يىغىلىشىپ، شەھەردە كۆرگەن كىنولىرىمىزنى، چوڭلاردىن ئاڭلىۋالغان ھېكايە - چۆچەكلەرنى ئېيتىشىپ، يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇشاتتۇق، ئۆستەڭنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە دۆڭلۈك بولۇپ، دۆڭنىڭ ئۇستىدە يالغۇز جان ھاموت تەخەينىڭ ئۆيى بار ئىدى. قىشتا بولسا بىز بۇ دۆڭدىن پەسكە چانا تېيىلىپ ئويناپتتۇق. ھاموت تەخەي نەچچە ئاي بول-دى، تۇيۇقسىزلا مەھەللىدىن غايىب بولدى، ئۇنىڭ نەگە كەتكە-

ننى هېچكىم بىلمەيتتى، ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئۇ دائىم ئۆس-تەڭگە سۇغا ماڭىدىغان چېغىريولىنىمۇ ئوت بېسىپ كېتىشكە باشلىدى.

خېلى كۈنلەردىن بۇيان ئاغرىپ بالىلارنىمۇ كۆرمىگەنىدىم، شۇڭا ئۇلار بىلەن بىردەم پاراڭلىشىشنى ئويلاپ ئۆستەڭ بويىغا چۇشتۇم، تومۇز قۇياشى زېمىننى ئوتتەك قىزدۇرماقتا ئىدى. يامغۇردا ئۇلغايغان ئۆستەڭ سۈيى قىرغاقنى يالاپ لۆمشۇپ ئاق-ماقتا ئىدى. يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلۇپ ياشارغان سۆگەت يوپۇرماق-لىرى، قىرغاقتىكى ياپيېشىل مايسىلار قۇياش نۇرىدا مەرۋايىت-تەك يالتىرايتتى. سۆگەت شاخلىرىدا توپ - توپ بولۇپ ئولتۇ-رۇشقان ئاق قۇشقاچلار تىنماي ۋىچىرلىشاتتى.

ھايال ئۆتمەي ۋاڭ - چۇڭ قىلىشىپ يولدا مەھەللىنىڭ بالىلىرى كۆرۈندى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دادىسىدەك بەستلىك، تەتۇر ئۆستىخان ۋايىت ئالچاڭشىپ دەسسەپ كېلىۋاتاتتى. ۋايىت — ئەترەتنىڭ ئىلگىرىكى دۈيجاڭى ئابدۇل قاۋاننىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ دادىسىنى تۆتنى ئېنىقلاش ھەرىكىتىدە خىيانىتىنىڭ بار دەپ دۈيجاڭلىقتىن ئېلىۋەتكەن، ئورنىغا مېنىڭ دادام دۈيجاڭ بولغانىدى. مەن ۋايىت بىلەن ساۋاقداش ئىدىم. ئەسلىدە ئۇ مەندىن بىر سىنىپ ئىلگىرى ئىدى، تولۇقسىزغا چىققاندا ئۇ سىنىپتىن چۈشۈپ قېلىپ مەن بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇدى، ئۇنىڭ يېشىمۇ چوڭ، قاۋۇل بولغاچقا سىنىپتىكى بالىلار ئۇنىڭ-دىن قورقاتتى. ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ئۇ مەكتەپنى سورىدى، ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بىرى بولدى، ناھە-يىگە كىرىپ ئەلەم كۆرەشلىرىگىمۇ قاتناشتى، كېيىن تۇرۇپلا ھەممىدىن قول ئۈزۈپ، ساز ئۆگىنىشكە قىزىقىپ كەتتى. ئۇ ھازىر مەھەللىنىڭ تونۇلغان سازەندىسى بولۇپ قالدى، ۋايىت شۇ كۈنلەر ئىچىدە كۆزۈمگە تېخىمۇ ئېگىزلەپ، سەمرىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

بىز بىردەم ئۇنىڭ تەمبۇرىنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆ-
رۈشتۇق، ماختاشتۇق.
— بالىلار، — دېدى ئاخىر ۋايىت تەمبۇرنى يېنىغا
قويۇپ، — ھېرىپ كەتتىم، ئەمدى بىر دەم قارتا ئوينىماي-
لىمۇ... ئەگەر كىم قالسا، سۇغا بىر قېتىم چۆمۈلسۇن!
— بولىدۇ، ئەمىسە شاڭيۇ ئوينايلى، — ھۇسەن پۇچۇق
ۋايىتنىڭ يېنىغا جايلىشىپ تۇۋلىدى، ئۇ قاچانلا بولسا شاڭيۇ
ئوينايمىز دەپ تۇرۇۋالاتتى، شۇڭا بالىلار ئۇنى ھۇسەن شاڭيۇ
دەپ قوياتتى، ئۇ ماڭا قاراپ تۇۋلىدى، — قېنى ئادىل ئولتۇرە،
نېمانداق مۇشۇك كۆرگەن چۈجىدەك تىترەپ تۇرىسەن؟
مەن مەسخىرىگە قالماسلىق ئۈچۈن ئامالسىز ئولتۇردۇم،
مەن ۋايىتنىڭ ھۇسەنگە كۆز قىسقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، ئوي-
ناش جەريانىدىمۇ ھۇسەن مەن ئالغانلا قارتنى باستۇراتتى، ۋايىت
بولسا تىنماي ئۇنىڭغا شەرەت قىلاتتى. قارىغاندا ئۇلار گەپنى بىر
قىلىۋالغاندەك قىلاتتى.
— ئوينىمايمەن، — دېدىم مەن قەغەزنى يەرگە ئېتىپ، —
سىلەر بىرلىشىۋالدىڭلار.
ۋايىت ماڭا ھۇرپەيدى:
— ئادىل، چىدىماسلىق قىلما!
— چىدىماسلىق قىلىۋاتقان سىلەر.
— يېڭىلىپ قالساڭ خەقتىن كۆرەمسەن؟ — ھۇسەن پۇ-
چۇقمۇ كانىيىنى كۆپتۈردى، — دۇيجاڭنىڭ بالىسىمەن دەپ
يوغانچىلىق قىلما جۇمۇ!
— دادامنى چىشلەپ تارتما!
— تارتسام نېمە قىلاتتىڭ؟
— ھەي، ھەي، — ۋايىت ئوتتۇرىغا كىردى، — بۇ بولمى-
دى ئاغىنىلەر، قارتنىمۇ چېچىۋېتىڭلار، ئەمىسە مۇنداق قىلاي-
لى، ھەر ئىككىڭ ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن يەكمۇ يەك

چېلىشىگلار، كىم يىقىلسا شۇ سۇغا چۈشسۇن، بولامدۇ؟
— بولىدۇ، — دېدى ھۇسەن يايراپ ۋە چاپىنىنى سېلىشقا باشلىدى.
ھۇسەننىڭ ئادىتى شۇ، ۋايىت نېمە دېسە دەرھال ئۇنى قۇۋ-ۋەتلەيتتى، شۇڭلاشقا باللار ئۇنى كەينىدىن «ھۇسەن تەخسە» دەيتتى. خۇددى توپقا ئوخشاش دۇپدۇگىلەك، پۇت - قولىرى كالتە ھۇسەنگە مەھەللىدە ۋايىتتىن باشقا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيت-تى. ئۇ يوقىلاڭ ئىشتىن جېدەل تېرىپ ئۇرۇشاتتى. شۇ تاپتا ئۇ مېنى باللار ئالدىدا يىقىتىپ پۇخادىن چىقماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنى قىسىپ كۆرەڭلەپ تۇرۇشى ئوغامنى قايناتتى. ئەگەر كۆچۈم يەتسە ئۇنى يەرگە ئەمەس، ئاشۇ ئۆستەڭنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئېتىۋەتسەم، ئۇ سۇغا چۆكۈپ بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەتكەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى. مەن نېمانچە ۋىجىك، جاد-سىز چوڭ بولۇپ قالغان بولغىيدىم، ھەممىسى مېنىلا بوزەك قىلىدۇ، مېنى بىردىن يىغا تۇتتى.
— ئادىل گەپ قىلمايسەنغۇ؟ — ۋايىت مەسخىرە بىلەن ھە-جايدى، — ھۇسەننى ياراتمايۋاتامسەنيا؟
باللار پاراققىدە كۈلۈشتى، مەن ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ ۋار-قىرىدىم.
— مەن چېلىشمايمەن!
— بۇنداق دېسەڭ قاملاشمايدۇ، — ۋايىت بېشىنى چايقىدى، — داداڭ سېنى ئوغۇل بالا دەپ تاپقاندۇ؟ لاتىلىق قىلما!
— چېلىشمايمەن دېدىم چېلىشمايمەن!
— ئۇنداق بولسا ئويۇننىڭ قائىدىسى بويىچە سۇغا بىر چۆمۈ-لۈپ چىق!
— چۆمۈلمەيمەن!
— باللار، — دېدى ۋايىت ئەتراپىدىكىلەرگە كۆز

قىسىپ، — ئادىلنىڭ تېخى كۆرۈكى يېشىلمىگەن ئوخشايدۇ، ئۇنى سەگىتىپ قويالىمۇ؟

ۋايىتنىڭ گېپى بىلەن بالىلار قىيقاس - چۇقان سېلىپ ماڭا يوپۇرۇلدى، ئۇلار مېنى يىقىتىپ بىرى پۇتۇمدىن، بىرى قولۇمدىن كۆتۈرۈپ زەمبىل قىلدى - دە، كۆتۈرگىنىچە ئۆستەڭ بويىغا ئەكەلدى، مەن جان - جەھلىم بىلەن يۇلقۇندۇم، تېپەچەكلەپ باقتىم، لېكىن بەش - ئالتە بالىنىڭ قولىدىن بوشىنىپ چىقالمىدىم، ۋايىت بالىلارغا بۇيرۇق قىلدى:

— بىر، ئىككى، ئۈچ!

مەن هاۋادا لەيلىگىنىمچە ئۆستەڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەينىمچە چۈشتۈم. سالقىن سۇ مېنى ئۆز قوينىغا تارتىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى، مېنى قورقۇنچ باستى ۋە بار كۈچۈمنى يىغىپ ئۆزۈمنى تۆپىگە ئاتتىم، بېشىم سۇدىن چىقتى، ۋايىتلار قىرغاقتا تۇرۇپ ماڭا قاراپ ۋارقىرىشىپ كۈلۈشمەكتە ئىدى. ۋايىتنىڭ مەنمەنچى، گىدەيگەن تۇرقى، هۇسەننىڭ خۇشاللىقتىن يۇمۇلغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئىچىمنى ئاچچىق بىر ئەلەم قاپلىدى. قىرغاقتىكى سۆگەتنىڭ سۇغا ساڭگىلىغان شېخىغا ئېسىلىپ قىرغاققا يامىشىپ چىقتىم. پۇتۇن ئەزايىم ئەلەم، ئاچچىقتىن بەزگەكتەك تىترەيتتى، شۇ تاپتا هوشۇمدىن كېتىـدىغـاندەكلا قىلىـپ تۇراتتىم.

— ئۇيقۇڭ ئەمدى ئېچىلغاندۇ، ئادىل! — ۋايىت كۈلگىنىچە ئۇن قاتتى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ؟ — هۇسەن بېلىنى تۇتقىنىچە خىرىلدىدى، — بۇ يەنە بىر چۆمۈلۈۋالسا بولىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— هەي هۇسەن، بولدى ئەمدى، ئادىلنى بوزەك قىلىشىۋېرەمسەن؟

ئۆستەڭ بويىغا هېلى كەلگەن ياسىن جېدەلگە ئارىلاشتى. ياسىن بىلەن ۋايىت مەھەللىمىزنىڭ گۈلى هېسابلانغان سەنەۋەرنى

تالىشىپ يۇرگەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى، ئاڭلىساق ۋايىت-ىنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئەلچى كىرگۈزۈپ، قىز تەرەپنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ چاي ئىچۈرۈپ قويغانىنىڭ گېپى بار. ياسىن بىر قېتىم ماڭا: «مەن ۋايىتنى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۆلتۈرۈۋېتى-مەن» دېگەنىدى، ئۇنىڭ ۋايىت بىلەن ئۇرۇشماقچى بولۇپ كەل-گەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئۇنى كۆرۈپ ۋايىتنىڭ قاپىقى سىلىندى.

— سەن ئويۇندىن بۇزما، ياسىن،— دېدى ۋايىت ئۇ-نىڭغا،— بولمىسا ئۆزۈڭ چۈش!

— چۈشسەم چۈشتۇم، سەن بىلەن چېلىشىمەن!

— يامان گېپىڭ يوغانغۇ!

— يوغان بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟

— بالىلار، قاراڭلار!

ئەگەر ياقۇپ شۇ گەپنى قىلمىغان بولسا ۋايىت بىلەن ياسىن بىر قەپەس مۇشتلاشقان بولاتتى. ئويۇننىڭ ئاخىرى چىڭغا چىقات-تى. ياقۇپنىڭ گېپى بىلەن ھەممىمىز كۈنچىقىش تەرەپتىكى دۆڭگە قاراشتۇق. ئەمەن بىلەن قىياق شالاڭ ئۆسكەن دۆڭلۈكتى-كى چېغىرىيولدىن قولىدا چېلەك كۆتۈرگەن بىر قىز چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. ئون يەتتە - ئون سەككىز ياشلار قۇرامىدىكى، ئۇستىگە ئاق كوپتا، قارا يوپكا كىيگەن بۇ قىز چېچىنى كەينىگە تۇرۇپ يۆگىۋالغانىدى، قىسقا يوپكىسىدىن ئۇنىڭ ئاپئاق پاچىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، سەل سوزۇنچاقراق يۇزى قۇياش نۇرىدا يالتى-رايتتى. بۇ كىم بولدى؟ بىزنىڭ مەھەللىدە بۇنداق قىزنى كۆر-مىگەنىدۇققۇ؟ تۇرقىدىن ئۇ شەھەر قىزلىرىدەك قىلىدۇ ياكى بۇ يەرگە تۇغقان يوقلاپ چىققان بىرىمىدۇر؟ مېنىڭ كۆزۈمگە ئۇ خۇددى گۈلدىن گۈلگە قونۇپ يۇرگەن رەڭدار كېپىنەكتەك كۆرۈ-نۇپ كەتتى. بالىلار ھەممىنى ئۇنتۇپ، قىزغا ھاڭۋېقىپ قاراشقى-نىچە تۇرۇپ قېلىشتى.

قىز ئۆزىگە قاراپ قېتىپ قېلىشقان بالىلارغا قاراپ مىيىقىدا

كۆلۈمسىرەپ قويدى. ئۇمۇ سەل ھودۇققاندەك قىلاتتى، خۇددى بىر يېرى ئېچىلىپ قالغاندەك يوپكىسىنىڭ ئېتىكىنى تارتىشتۇ-رۇپ قويدى، ئۇ سۇنى قەيەردىن ئالسام بولاركىن دېگەندەك ئۆستەڭ بويىغا كۆز يۈگۈرتتى ۋە كىشىلەر دائىم سۇ ئالىدىغان كېچىككە كېلىپ ئېگىشتى.

— ئاپام!

قىز چىرقىرىغىنىچە تېيىلىپ يىقىلدى. ئۇنىڭ چېلەكى قولىدىن ئاجراپ چىقىپ ئۆستەڭدە لەيلەپ ئېقىشقا باشلىدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن ھەممىمىز داڭقېتىپ قالدۇق، ھېلىمۇ قىز ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتمىدى. ئۇ بىر قولىدا سۆگەتنىڭ شېخىنى تۇتۇۋالغانىدى، مەن ئورنۇم-دىن يۈگۈرۈپ قوپۇپ ئۆستەڭگە ئۆزۈمنى ئاتتىم ۋە سۇ يۈزىدە قېيىقتەك چايقىلىپ لەيلەپ ئېقىپ كېتىۋاتقان چېلەكنى چاققان-لىق بىلەن تۇتۇۋالدىم. مەن ھازىرمۇ ئاشۇ ئىشنى پات - پاتلا ئەسلەيمەن، شۇ چاغدا بۇ جاسارەتنىڭ قانداق كەلگىنىنى بىلمەي-مەن، بەلكىم باللىقتۇر، لېكىن شۇ ئېنىق ئېسىمدە، مەن قىزنى تۇنجى كۆرۈپلا يۈرىكىم سېلىپ كەتكەنىدى، شۇ ئىشنى ھەر بىر ئەسلىسەم باللىق چاغلىرىمغا قايتقاندەك، قەلبىم شې-رىن بىر تۇيغۇ بىلەن يايرىغاندەك بولىمەن.

مەن جەڭدە غالىب كەلگەن باتۇردەك بىر ھېسسىياتتا قىر-غاققا ئۆرۈپ كەلدىم، قىز يۈز بەرگەن ئىشتىن خىجالەت بولغان-دەك قىزارغىنىچە كۆلۈمسىرىدى، ئۇنىڭ ئاشۇ قىياپىتى تولىمۇ سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ كەتتى. زىلۋا قامەت، سوزۇنچاقراق ئاپئاق يۈز، سىلىق قوڭۇر چاچ، ئويماقتەك لەۋلەر، كۆلۈمسىرەپ تۇرغان ئويناق كۆزلەر مېنىڭ قەلب ئېكرانىمغا مەڭگۈلۈك ئو-رۇنلىشىپ قالدى. ئۇ ماڭا قاراپ شۇنداق يېقىملىق كۆلۈمسىر-دىكى، ۋۇجۇدۇم ئېرىپ كەتكەندەك بولدى.

— ئەكېلىڭ قولىڭىزنى، — قىز ماڭا ئاپئاق، نازۇك

قولىنى سوزدى. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ شۇنداق يېقىملىق ئىدى.
مەن چېلەكنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۆزۈم چاقچاقلىق بىلەن سەكـ-رەپ قىرغاققا چىقتىم، ئۇ مېنىڭ سۇ ئېقىنىۋاتقان ئۇستۈپىشىمغا قاراپ نېمىدۇر دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن نېرىدا خۇددى كىنو كۆرۈۋاتقاندەك قىزىقىش، ھەيرانلىق، تەئەججۇپتە داڭقېتىشىپ تۇرغان باللارغا قاراپ قويۇپ:
— رەھمەت سىزگە. بۇ يەر ئەجەبمۇ تېيىلغاق بولۇپ كېتىپ-تۇ، — دېدى.
ھودۇققىنىمدىن نېمە دېيىشىمنى بىلمەيلا قالدىم.
— سىلەر مۇشۇ دۆيىنىڭ باللىرىمۇ؟ — قىز مېنىڭ جاۋا-بىمنى كۈتمەستىن سورىدى.
— ھەئە، بىزنىڭ ئۆي ئاۋۇ شۇ.
— ئۇنداقتا قوشنا ئىكەنمىزغۇ، — قىز خۇشخۇي كۈلۈمسى-رىدى، — سىزنى تازا ئاۋارە قىلدىم ـ ھە، سوغۇق ئۆتۈپ كەتمىسۇن، كىيىمىڭىزنى قۇرۇتۇۋېلىڭ.
قىز شۇنداق دېدى ـ دە، ئېھتىيات بىلەن سۇنى ئالدى ۋە كەلگەن يولى بىلەن دۆڭگە قاراپ مېڭىپ كەتتى. سۇنىڭ ئېغىر-لىقىدا ئۇنىڭ بېلى تال چىۋىقتەك تولغىناتتى. بىر قولىدا كېرىپ تۇتقان يوپكىسى خۇددى كېپىنەكنىڭ قانىتىدەك يەلپۈنەتتى، ئۇ دۆڭنىڭ ئۇستىگە چىقىپ چېلەكنى يەرگە قويدى ۋە قايرىلىپ بىز تەرەپكە قاراپ، يۈزىگە چۈشكەن چېچىنى قولى بىلەن تۈزەشتۈر-دى. قۇياش نۇرىدا ئۇنىڭ ئاپئاق يۈزى ئەينەكتەك پارقىراپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ غايىب بولدى.
ھەممەيلەن خۇددى غەلىتە بىر چۈش كۆرگەندەك ئېسىنى يوقىتىپ قويۇشقانىدى.
— شەھەردىن چۈشۈرۈلگەنلەر ئىكەن، ھامۇت تەخەيىنىڭ ئۆيىنى بېرىپتۇ، — كىمدۇر بىرى قىز توغرۇلۇق يېڭى خەۋەرنى

ئېيتتى.

يۈرىكىم ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ كەتتى، دېمەك ئۇ تۇغقان يوقلاپ ئەمەس مۇشۇ ئەترەتكە ئەزا بولۇپ كەپتۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى كۆرۈشۈپ تۇرالايدىكەنمەن. ئۇنىڭ ئىسمى نېمە بولغىيدى؟ ھەرقاچان ئىسمىمۇ ئۆزىدەك چىرايلىقتۇر.

قىز كەتكەندىن كېيىن ئويۇنمۇ ھېچكىمگە خۇشياقمىدى. ۋاپىت ھەدەپ تاماكا چەككىنىچە دۆڭدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى، ھۇسەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمە دېۋىدى، ئۇ قوپاللىق بىلەن سىلكىۋەتتى:

— كۆزۈمدىن نېرى بولغىنە پۇچـۇق. ھەجەپمۇ تويدۇم سەندىن...

تۇرغانلا گەپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئوت چۈشتى، بۇنى ئۇنىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى ئېيتىپ تۇرىدۇ. لېكىن سەنەۋەرنى قانداق قىلىسەن، ئۇنى ياسىندىن تارتىۋالدىم دەپ كېرىلىپ كەتكەندىڭ، ئەمدى بۇ قىزغا كۆز تاشلىغىنىڭ بىكارلا. ساڭا قاراپمۇ قويمىدى.

قىزنىڭ بايىقى يېقىملىق كۈلۈمسىرىشى كۆز ئالدىمغا كېلىپ يۈرىكىم ئويناپ كەتتى. باللار ماڭا ھەسەت، قىزغىنىش بىلەن قاراۋاتقاندەك قىلاتتى.

## 2

سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، چۈشتىن كېيىن قىزىشقا باشلىدىم. ئاپامنىڭ ئەنسىز سوئاللىرىدىن زېرىكىپ يوتقانغا پۈركىنىپ يېتىۋالدىم. ئۆزۈم تىترەپ تۇرىمەن. لېكىن كۆز ئالدىمغا ھېلىدىن ـ ھېلى سۇغا چىققان شەھەرلىك قىزنىڭ قىياپىتى، ماڭا دېگەن گەپلىرى كېلىۋالىدۇ. خىيالىمدا ئۇ مەندىن ئەنسىرەپ ئۆيگە كىرىپ كېلىدىغاندەك، مەن سىزنى ئاغرىتىپ

قويدۇم - ھە، دەپ كۆڭۈل سورايدىغاندەك تۈيۈلاتتى.
ئاپام نەدىن ئۇقتىكىن ۋايىتلارنىڭ مېنى ئۈستەڭگە تاشلىغىنىنى دەپ دادامغا دادلاشقا باشلىدى:
— بۇ قاۋانلارنىڭ دەستىدە بۇ يۇرتتا تۇرغۇسىز بولدىغۇ كىشى. يا چوڭلارغا كۈن يوق، يا كىچىككلەرگە، ئەمدى ئۆتۈپ تېشىپ مۇشۇ بالىنى بوزەك قىلغىنىنى كۆرمەمدىغان، ئىنقىلاب-تىمۇ ئوق تېگىپ ئۆلمىدى بۇ نىجىس. ئۇلارنىڭ مەقسىتى سىز-دىن دۈيجاڭلىقنى ئېلىشقۇ.
دادام بولسا ئۈلۈغ - كىچىك تىنىپلا قويدى. ئۇ ھامان شۇنداق، ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ ئاشۇ بىر خۇرسىنىشى بىلەن ئىچىگە سىڭدۇرۇۋېتىدۇ. شۇ تەپسە تەۋرىمەس مىجەزى بولغاچقىمۇ كىشىلەر ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى.
تاماق ئۈستىدە ئاپام سوراپ قالدى.
— ئەترەتكە يېڭى ئەزا كەپتۇمۇ نېمە؟ قوشنىلار شۇ گەپنى قىلىدىغۇ؟
— ھەئە، — دېدى دادام، — شەھەردىن چۈشۈرۈپتۇ، ماشىنىچى ئادەمكەن.
— ئۇنىسۇ رىمكەن؟
— ئۇنى ئۇقمىدىم، شۇنداق بىر يېرى بولمىسا سەھراغا ھەيدەمدۇ؟
— ئەمدى ئۆمەر پومغا ھەمراھ تېپىلىپتۇ - دە.
— ماشىنىچى كېسەلچان ئادەمكەن، بالىسىنىڭ چوڭى قىز ئوخشايدۇ، قالغان بالىلىرى چۆچۈرىدەك ئۇششاق تۇرىدۇ. يال-غۇز ئەمگەك بىلەن ئەترەتتە قانداق كۈن ئالاركىنتاڭ.
يۈرىكىم تېپىچەكلەپ، مەڭزىم ئوت كەتكەندەك يېلىنجاپ كەتتى. مەن ھاياجىنىمنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن سۇيۇقئاشنى سۇمۇردۇم، قىزىق ئاش ئۈچەي - باغرىمنى كۆيدۈرۈپ كەتكەچ-كە، كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— ئالدىرىماي ئىچسەڭ بولمامدۇ؟ — ئاپام مېنىڭ چىرا-
يىمغا قاراپ كايىدى، دادام بولسا سىنچى كۆزلىرىدە كۆزۈمنىڭ
ئىچىگە تىكىلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ «ئە-
چىڭگە ئوت كەتتىمۇ نېمە» دېگەندەكلا قىلىپ تۇراتتى.
— ئەترەتتە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بارمىكەن؟ — ئاپام يەنە
سورىدى.
— نېمىسى بولىدۇ، ئۆمرىدە بۇ يەرگە دەسسەپ باقمىغان-
كەن. ياقۇپجاننىڭ دېيىشىچە، ئارتامدا يىراق تۇغقانلىرى بار
ئىكەندۇق، شۇ يەرگە ئەۋەتسەڭلا دېسە تەشكىل پەقەت ئۇنىماپتۇ.
— كۆرىدىغان كۈنى بار ئىكەن - دە، بىچارىلەرنىڭ.
— ئۆيدە قوناق ئۇنى بارمۇ؟
— بىر تونۇرلۇقتەك بار، نېمە بولدى؟
— ئەتىگەن ياقۇپجان هال ئېيتىپ كەپتۇ. ئۆيىدە يېگۈدەك
هېچنەرسە قالماپتۇ. بېرەيلى دېسەك دۈيدىمۇ بىر چىمدىم ئاش
قالمىدى، بىز بىر ئامال قىلارمىز.
دادام قاپىقى يامان ئادەم بولغىنى بىلەن كۆڭلى يۇمشاق،
مېھرىبان. مەن دادامدىن ئىچ - ئىچىمدىن رازى بولدۇم. تاماق-
تىن كېيىن ئاپام يېرىم خالتا قوناق ئۇننى داستىخانغا يۆگەپ
يېڭى كەلگەنلەرنى يوقلىغىلى كەتتى. مەن ئاپام خۇددى ئۇ ئۆيگە
ماڭا ئەلچىلىككە بارىدىغاندەك خۇش بولۇپ كەتتىم، ئۇنىڭ كېلى-
شىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتتۇم. ئاپام قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ
كەلدى.
— توۋا، شەھەرنىڭ ئادەملىرى يەنە بۆلەكچە بولىدىكەن -
دە، — دېدى ئۇ ئۆيگە كىرىپلا، — هامۇت تەخەينىڭ ئۆيىنى
تونۇغۇسىز قىلىۋېتىپتۇ. ئاقارتىپ ئۆي ئىسكەتىگە كىرگۈزۈپ
ئولتۇرۇپتۇ، زورىخان: «ھەممىنى مۇشۇ قىزىم قىلدى» دەيدۇ.
ئاپىسى رەيھاننى ماشىنىچىلىقتا دادىسىدىن ئۇستا، كۆڭلەكلىرى-
ڭىز بولسا ئەكېلىڭ، تىكىپ بەرسۇن دەيدۇ.

— ئىسمى رەيھانمىكەن؟ — مەن ئۆزۈممۇ سەزمەي ئالدىراپ سورىدىم.

— ھەئە، بىچارىلەر ئۇنى ئاپارسام خۇش بولۇپ كەتتى.

ئاپامنىڭ گەپلىرى مېنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى، كۆڭۈل دېگەن ئاجايىپ نېمىكەن، مەن رەيھاننى تۈنۈگۈن كۆرگەندىلا ئۇنىڭ ئەقىللىق، پاكىز، قولىدىن بىرەر ئىش كېلىدىغانلىقىنى پەملىگەنىدىم، ئويلىغىنىمدەك چىقتى، بەلكىم ماشىنىچىلىقتىن باشقا ئىشلارنىمۇ قىلالايدىغاندۇ...

شۇ كېچىسى خېلى چاققىچە ئۇيقۇم كەلمىدى، رەيھاننىڭ زىلۋا قامىتى، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلىرى ھېلىدىن - ھېلى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولاتتى. مەن ئۇنى مەھەللىدىكى تەڭتۇش قىزلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم، سەنەۋەر، ئارزۇگۈل، خاتەم، بۇئايشەملەر ئۇنىڭ يېنىدا شۇنچىلىك قوپال، سەت كۆرۈنۈپ كەتتى، دېمىسىمۇ ئۇلار رەيھان بىلەن قانداق تەڭ بولسۇن، ئۇلار ماشىنىچىلىق بۇياقتا تۇرسۇن، بىرەر تال قولياغلىقنى كەشتىلەشنىمۇ بىلمەيدۇ، تېخى ھالىچۇ... تەييار كىيىمنىمۇ ياراشتۇرۇپ كىيىشنى ئۇقمايدۇ، ھېيتلىق كىيىملىرىنى ئېتىزغا كىيىپ چىقىشىدۇ، كۆڭلەكنىڭ ئېچىگە ئۇشۇققىچە ئىشتان كىيىپ، ۋېلىسىپىتنى ئوغۇللاردەك كالچىيىپ مىنىپ يۈرۈشكەن. قىزلار دېگەن قىزلارغا لايىق نازۇك، تارتىنچاق بولمامدۇ، رەيھان ئاددىي بولسىمۇ كىيىملىرى ئۆزىگە شۇنداق ياراشقان، بەلكىم ئۆزى تىككەن بولغىيدى، ئۇ بۇ كىيىمدە خۇددى كېپىنەككىلا ئوخشايدۇ...

كېچە ئاجايىپلا بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە مەن ئۆستەڭ بويىدا چېغىر يولغا قاراپ رەيھاننى ساقلاپ ئولتۇرۇپتىمەن، كېچە شۇنداق سالقىن، بۇلۇتسىز ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلىشىپ تۇرغۇدەك، تەلىيىمگە بۈگۈن بالىلاردىن ھېچكىم ئۆستەڭ بويىغا چىقمىدى، ھەممىسى دادۈيگە كىنو كۆرگىلى كېتىپتۇ، بىر

كەمدە دۆڭدە رەيھاننىڭ قارىسى كۆرۈندى، ئۇ كەينىگە قاراپ - قاراپ قويۇپ چىغىر يولدا يۇگۇرگىنىچە يېنىمغا كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى جىددىيلەشكەن، نازۇك تېنى غال - غال تىترەيتتى، ئۇ كەلگىنىچە بوينۇمغا گىرە سېلىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى:

— ئادىل! مېنى قۇتقۇزۇۋال، ئۆيدىكىلەر مېنى ئەرگە بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، — دېگۇدەك ئۇ تىترەپ تۇرۇپ.

— كىمگە بەرمەكچى؟ — مەن بوغۇلغان هالدا ۋارقىرىدىم.

— ۋايىتقا، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن بۈگۈن ئەلچى كەلدى.

— ياق، ئۇ سەنۋەر بىلەن توي قىلماقچى بولۇۋاتسا.

— يېنىۋاپتۇ، مەن دالاندا ھەممىنى ئاڭلاپ تۇردۇم.

— مېنى ياخشى كۆرەمسەن؟

— ھەئە، مەن سېنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالغاندىم، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋال!

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

— ئىككىمىز يىراق بىر يەرگە قېچىپ كېتەيلى، ھازىرلا...

— بۇ قانداق بولىدۇ؟ — مەن ھودۇقۇپ قالدىم، — توختا، مەن ئاپامغا دەي، ئۆيدىكىلەر ئەلچى كىرگۈزسۇن.

— ئەمدى ئۇلگۇرمەيدۇ، ئۆيدىكىلەر جاۋابىنى بېرىپ بولدى، — رەيھان ئېسەدىگىنىچە مېنىڭ كۆزۈمگە تەلمۈردى، — سەن مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالامسەن؟

مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدىم. رەيھان كەينىدىن بىرى ھېلىلا قوغلاپ كېلىدىغاندەك خاۋاتىرلەنگەن ھالدا دۆڭلۈككە قاراپ -قاراپ قوياتتى. ئاخىر ئۇ مەندىن يۇلقۇنۇپ ئاجرىدى - دە، يۇگۇرگىنىچە لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭگە ئۆزىنى ئاتتى.

— رەيھان! رەيھان!

مەن ۋارقىرىغىنىمچە ئويغىنىپ كەتتىم، پۈتۈن ئەزايىم قارا

تەرگە چۈمۈپ كېتىپتۇ، يۇرىكىم ئەنسىز دۈپۈلدەيتتى، مەن ئاستا بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۆي ئىچىگە سەپسالدىم، ئۇكىلىرىم يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى، تاشقىرىقى ئۆيدە دادامنىڭ خورۇ-كى ئۆينى بېشىغا كىيگەنىدى. كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى، مەنغۇ چۈش ئۆرۈشنى ئۇقمايمەن، لېكىن رەيھان بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىـــغا ۋايىتـىنـىڭ قىسىلغانلىقى ئىچىمنى ئاچچىق قىلىپ قويدى.

چاي ئۈستىدە دادام چىرايىمغا بىر قارىۋېتىپ سورىدى:

— ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— هەئە، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قارىماستىن، نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم دەككە - دۈككىدە داۋالغۇيتتى.

— ئەمدى ئويۇننى قويۇپ كىتابلىرىڭغا قارا، ۋايىتلارنىڭ كەينىگە كىرسەڭ ئۇرۇش - جېدەلدىن بۆلەك ئىش يوق. ئۇنىڭ-دىن كۆرە ئوقۇپ بۇ سەھرادىن كېتىشنىڭ خىيالىنى قىل، جاهان ئەتە - ئۆگۈن نېمە بولۇپ كېتىدۇ، كىم بىلىدۇ. ئىمتى-هاننىڭ گېپىنى باشقىلارغا دېمىگەنسەن؟

— ياق.

— هېچكىمگە تىنما، هازىر جانمۇ جان ئۆزىنىڭ جېنى بولۇپ قالدى، ئابدۇل ئوقۇپ قالسا گۇڭشېدىكى تاغىسىغا دەپ ئۆزىنىڭ ئەۋلادىنى تىقىشتىن يانمايدۇ.

ئەجەب ئىش، تۈنۈگۈن دادام بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەن چاغدا خۇشاللىقتىن قىن - قىنىمغا پاتماي كەتكەنىدىم، چوڭ شەھەر، قەۋەتلىك مەكتەپ بىنالىرى، گۈزەل ئىستىقبال كۆز ئالدىمغا كېلىپ ئوتتەك قىزىغانىدىم. بۈگۈن بولسا ئوقۇش خۇددى ئەت-رەتنىڭ هاشارىسىدەك كۆڭۈلسىز يۈك بولۇپ تۇيۇلدى. مۇشۇ نامرات مەهەللە، ئۆستەڭ بويى، دۆڭدىكى چېغىر يول نېمىسى بىلەندۇر مېنى ئۆزىگە تارتىپ، قەلبىم ئىزتىراپ، ئازابلىق تۇيغۇ بىلەن داۋالغۇيتتى.

چۆشكىچە دادامنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قوتاننىڭ قىغلىرىنى
چىقاردىم، قولۇم زادىلا ئىشقا بارمايتتى، لېكىن دادامدىن قورق-
قىنىمدىنلا ئامالسىز ئىشلىدىم. ئىچىمدە بولسا مۇشۇ قوتاننى،
قوتاننى قىغقا توشقۇزۇۋەتكەن ئېشەكنى مىڭنى تىللىدىم. چۈش-
تىن كېيىن يۈز - كۆزۈمنى پاكىز يۇيۇپ، كىتابنى ئالدىم -
دە، ئۆستەڭ بويىغا يۈگۈردۈم.
ئۆستەڭ بويى جىمجىت ئىدى، ئۆستەڭ سۈيى تۈنۈگۈنكىگە
قارىغاندا سەل تارتىلغاندەك ۋە سۈزۈلگەندەك ئىدى. ياز قۇياشى
زېمىننى چوغدەك قىزدۇرماقتا. تۈنۈگۈنلا يامغۇر سۈيىدە ياشى-
رىپ جان كىرگەن سۆگەت يوپۇرماقلىرى بۈگۈن سالپىيىپ
قالغانىدى. تىك چۈشكەن قۇياش نۇرى سۇ يۈزىدە ئالتۇن ھەل
بولۇپ ئوينايتتى. مەن ئۆستەڭ بويىدا نېمە قىلىشىمنى بىلمەي
بىر پەس تۇردۇم، دۆڭدىكى چېغىرىيول ئادەمسىز، مىسكىن كۆ-
رۈنەتتى. ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. تۈنۈگۈن رەيھاننىڭ
سۇ ئالىمەن دەپ تېيىلىپ كەتكەن ئاياغ ئىزى شۇ پېتى تۇرۇپتۇ،
شۇ ھامان ئۇنىڭ ئاپئاق، چىرايلىق پۇتلىرى كۆز ئالدىمدا نامايان
بولۇپ كۆڭلۈم يايراپ كەتتى، ئەگەر رەيھانمۇ مەن بىلەن ئوقۇشقا
بىللە كەتكەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى، دادامغا دەپ باقسام
قانداق بولار، لېكىن ئۇنى ئۇنسۇرنىڭ قىزى دەپ ئۇنىماي قويسى-
چۇ، ئۇلار نېمە بولۇپ ئۇنسۇر بولۇپ قالغان بولغىيدى؟ نېمە
بولمىسۇن مەن ئۇنىڭغا ئوقۇشنىڭ خەۋىرىنى دەيمەن، ئۇ بارمىسا
مەنمۇ بارمايمەن.
— نېمە ئىزدەۋاتىسەن؟ — كەينىمدىن تۇيۇقسىز چىققان
ئاۋازدىن چۆچۈپ قايرىلدىم، ئارقامدا ۋايىت تۇراتتى. مەن خۇد-
دى ئوغرىلىق ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قالغان ئادەمدەك ھودۇقۇپ
قالدىم.
— ھەدەڭنى ساقلاپ ئولتۇردۇڭمۇ نېمە؟ — ۋايىت مىيىقىدا
كۈلگىنىچە سورىدى، — ھەدەڭنىڭ سۆڭگىچى تەگكەن يەرنى

پۇراۋاتامسەن - يا؟
ۋايىت ھاياسىزلارچە ھىجىيىپ كۈلدى، ئاچچىقىم شۇنداق كەلدى، قوپقىنىمچە بېرىپ ئۇنىڭ تومپىيىپ تو ۇغان قورسىقىغا كەلتۈرۈپ بىر ئۇسەيمۇ دېگەن ئويغىمۇ كەلدىم، لېكىن بەربىر ئۇنىڭغا كۈچۈم يەتمەيدۇ، ئۇ مېنى قۇچاقلىغان پېتى ئۈستەڭگە تاشلىۋېتىدۇ. ئۈستەڭدىكى سۇغا قاراپ تېنىم شۈركەندى.
— چېقىشىپ قويدۇم، نېمانچە ئېسىلىپ كېتىسەن؟ — ۋايىت مېنىڭ خاپا بولغىنىمنى بىلىپ مۇرەمگە ئۇرۇپ قويدى ۋە يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ ماڭا بىر تال تۇتتى، — تاماكا چېكە! تونۇگۈن ئۆيگە ئارمىيە ۋەكىللىرى كەلگەنىدى. ئۇلار ئۇزاپ چىققاندا قارىسام بىر قاپ تاماكا ئۈستەلدە قاپتۇ، كوپلا قىلىپ يانچۇققا سالدىم، — ئۇ مەغرۇرلانغان ھالدا ھىجىيىپ قويدى، — ھەرقاچان بۇ ئېسىل تاماكا.
— چەكمەيمەن، — دېدىممەن كەينىمگە داجىپ، — چېكىپ باقمىغان.
— ئوغۇل بالا دېگەن تاماكا چەكمىسە، هاراق ئىچمىسە قىز بالىغا ئوخشاپ قالىدۇ، قىزلارمۇ ياراتمايدۇ دېگىنە، چېكىپ باقمىغان بولساڭ ئەمــدى چــەك، بۇ تەس نېــمە ئەمــەس، مانا مۇنداق…
ئۇ تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ ئىچىگە كۈچەپ شورىدى، بىردەمـ دىن كېيــىن كۆپــكۆك ئىــس ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىــن تۈرۈلۈپ - تۈرۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى. مېنىڭ تۇرۇپلا ۋايىتقا ھەۋىسىم كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ، ساز چالىدۇ، ئۇسسۇلمۇ ئوينايدۇ، ۋاسكېتبول ئويناشتىمۇ گوڭـ شى كوماندىسىغا تاللىنىپ ناھىيىدىكى مۇسابىقىگە قاتنىشىپ كەلدى. شۇڭا مەھەللىدىكى قىزلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن سوكۇلـ دايدۇ، ئوغۇل باللار ئۇ نېمە دېسە ماقۇل دەيدۇ. مەن ناھايىتى ئۇنىڭدىن بىر ياشلا كىچىك، مەن نېمىشقا ئۇنى دوراپ باقمىغۇـ

دەكمـەن، قاچانغـىچە كـىچىك بالىدەك ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈرىمەن؟

مەن ئۆزۈمگە جۈرئەت بېرىپ، ۋايىت تۇتاشتۇرۇپ بەرگەن تاماكىنى ئېلىپ ئۇنى دوراپ بار كۈچۈم بىلەن ئىچىمگە تارتتىم، تاماكىنى تارتقىنىمنى بىلىمەن، بىر يۆتەل بىلەن ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلدى، بېشىم پىررىدە قايدى، ئۆزۈم مۇئەللەقتە پىرقىراۋات-قاندەك، تېگى يوق بىر هاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى، قۇملۇققا ئوڭدامغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن، قۇلىقىمغا بالىلارنىڭ ئاۋازى، ۋايىتنىڭ خىرىلداپ كۈلگىنى يە-راق بىر يەردىن ئاڭلانغاندەك قىلىدۇ. خېلىدىن كېيىن ئاران ئېسىمگە كەلدىم. قارىسام هۇسەن پۇچۇق كالتە قوللىرىنى پۇ-لاڭلىتىپ ئۇسسۇل ئوينىغاندەك سەكرەۋاتاتتى، قالغان بالىلارمۇ ماڭا قاراپ هەدەپ قاقاقلاپ كۈلۈشمەكتە ئىدى. بېشىمنى كۆتۈ-رۈۋېدىم، كۆڭلۈم ئايىنىپ ياندۇرغۇم كەلدى، ئاغزىم ئەمەن يە-ۋالغاندەك ئاچچىق بولۇپ كەتتى، كۆزۈمدىن توختىماي ياش قۇ-يۇلاتتى.

— ئادىلجان، تېخى چۈجە ئىكەنسەن ـ دە، — دېدى ۋايىت كۈلگىنىچە، — مەن تېخى سېنى يىگىت بولۇپ قالدى دەپتىمەن، تاماكا چېكىمەن دېگۈچە بېرىپ ئاپاڭنى ئەم.

— شۇ هالـىڭـغـا بۇ يەردە قـىـز ساقـلاپ ئولتۇردۇڭ-مۇ؟ — هۇسەن پۇچۇقمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ مېنى مازاق قىلدى.

— قاراڭلار بالىلار، تۇنۇگۇنكى قىز كېلىۋاتىدۇ.

كىمدۇر بىرىنىڭ هاياجان بىلەن يەتكۈزگەن خەۋىرىدىن هەممە بالىلار ئۆزىنى ئوڭشاپ دۆڭ تەرەپكە قاراشتى. مەنمۇ رەيهاننىڭ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ هوشۇمغا كەلگەندەك بولدۇم. دەرۋەقــە چېغىـر يولدىن بىر قولىدا چېلەك، يەنە بىر قولىدا كىيىملەر سېلىنغان داسنى قولتۇقلاپ رەيهان چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ تۇنۇگۈنكىدەكلا چېچىنى كەينىگە تۇرۇپ بوغۇۋالغان، ئۇستىگە

بولسا گۈللۈك رەختتىن ئۆزۈن كۆڭلەك كىيگەنىدى. مېنىڭ كۆزۈمگە يەنىلا گۈلدىن گۈلگە قونۇپ يۈرگەن رەڭلىك كېپىنەك كېلىۋالدى. ئۇ دىمىغىدا قانداقتۇر بىر ناخشىنى ئېيتىپ كېلىۋا- تاتتى، بىز خۇددى غەلىتە بىر تاماشىنى كۆرۈۋاتقان ئادەملەردەك هاڭۋاققىنىمىزچە ئۇنىڭغا قاراپلا قالغانىدۇق.

رەيهان بىزنى كۆرۈپ سەل هودۇققاندەك بولۇپ قىزاردى. ئاندىن ئىتتىك ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ياخشىمۇسىلەر باللار؟ — دېدى.

ئۇ بۇ گەپنى خۇددى ماڭا دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى، ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىگەنىدى، گويا مىڭلارچە قۇياش چاقنىغاندەك قەلبىمنى بىر هارارەت كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. مەن ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي قالدىم، بوغۇزۇم ئوت ئالغاندەك قىزىپ كەتتى.

رەيهان كىرلىرىنى يەرگە قويۇپ چېلەكنى قولىغا ئالغان- دى، ۋايىت ئىتتىك ئۇنىڭ يېنىغا باردى.

— ئەكېلىڭ، سۇنى مەن ئېلىپ بېرەي، — دېدى ئۇ سىپايىلىك بىلەن.

— كەچكىچە يىغلىۋەرمەسمەن، — دېدى رەيهان كۈلۈپ.

— شۇنداق بولسىمۇ سىز مېهمان - دە، يامانلاپ كېتىپ قالماڭ يەنە.

— سىلەرنى ياردەم قىلسۇن، دەپ شەهەرنى تاشلاپ كەلدۇق - تە.

— ئۇنداق بولسا سىزدىن خىزمەت ئايلانسۇن.

ۋايىتنىڭ سۆزگە ئۇستىلىقىغا ئىچىمدە قايىل بولدۇم. رەي- هانمۇ ئۇنىڭغا چىرايلىق كۈلكىسى بىلەن جاۋاب قايتۇردى. شۇ گەپلەر بىلەن ئارىدىكى ياتسىراش، تارتىنىش سەهەردىكى تۇمان- دەك تارقىلىپ كەتتى، ئۇ كىرىنى چايقىغاچ باللارنىڭ ئىسمىنى بىر - بىرلەپ سوراپ تونۇشۇپ بولدى. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە ئۇ:

— ئادىل بىلەن مەن ھەممىڭلاردىن بۇرۇن تونۇشۇۋالدىم، — دېدى ھەييارلىق بىلەن.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى كۆڭلۇمنى توق قىلىپ قويدى.

رەيھاننىڭ ئوچۇقلۇقى مېنى ھەيران قالدۇردى، ئۇ گويا بۇ يەرگە تۈنۈگۈنلا كەلگەن ناتونۇش قىز بولماستىن، بەلكى مۇشۇ مەھەللىنىڭ قىزىدەك قورۇنماستىن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ مەكتەپتىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز ئېسىمگە كەلدى. ئۇ گەرچە رەيھاندەك چىرايلىق بولمىسىمۇ، لېكىن مىجەزى شۇنداق ئوچۇق ئىدى، قاچانلا بولسا كۈلۈپلا يۈرەتتى. ياكى شەھەر قىزلىرى شۇنداق بولامدىكىنتاڭ ئىنقىلابتا ئۇنى «بۇرژۇئازچە ياسىنىدۇ» دەپ كۈرەش قىلدى، مەھەللىمۇ مەھەللە سازايى قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ نېرۋىسىدىن ئازغىشىپ، ئەر كىشىنى كۆرسە ئېسىلىپ تاتىلايدىغان، ئاغزىغا كەلگەن تىل بىلەن تىللايدىغان بولدى. ئاخىر شەھەردىن ئاتا - ئانىسى كېلىپ ئېلىپ كەتتى. تەقدىر كىشىلەرگە ئويلىمىغان كۈلپەتلەرنى سالىدىكەن، كىم بىلىدۇ، رەيھاننىمۇ بۇ يەردە قانداق قىسمەتلەر كۈتۈۋاتىدىكىن؟ ھازىر ئۇنىڭغا خۇشامەت بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان ۋايىت، ھۈسەن پۈچۈقلار ئەتە - ئۈگۈن ئۇنىڭ كۈشەندىسى بولۇپ قالامدۇ تېخى، ھاياتنىڭ ئۆزى سىرلىق تىلسىمات - تە.

— ئاراڭلاردا ساز چالالايدىغانلارمۇ بار ئوخشىمامدۇ؟ — رەيھان ھۈسەننىڭ يېنىدىكى تەمبۇرنى كۆرسىتىپ سورىدى.

— ۋايىت چالىدۇ، — ھۈسەن ئىتتىك ۋايىتنى كۆرسەتتى.

— مۇنداق دەڭە، — رەيھان ۋايىتقا ھەۋەسلەنگەندەك قاراپ قويدى، — قېنى، بىرەر پەدە چېلىپ بەرمەمسىز؟

— سىزگە يارىغۇدەك چالالمايمىز.

— بەكمۇ كەمتەر ئىكەنسىزغۇ، ئاۋۋال چېلىپ باقمامسىز؟

— ئەمىسە سىز ناخشا ئېيتىپ بېرىڭ بولامدۇ؟

— ماقۇل.

ۋايىت ھۆسەننىڭ قولىدىن تەمبۇرنى ئېلىپ بىردەم سازلى-غاندىن كېيىن رەيھانغا قاراپ قويۇپ، ئۆزى داۋاملىق چالىدىغان ناخشىغا چالدى، رەيھان ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىۋالغانلىقىدىنمۇ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويدى، ۋايىت پائۇزىنى چېلىپ بولۇپ، رەيھانغا قارىغاندى، ئۇ تەكەللۇپ قىلغۇزماستىنلا گېلىنى بوش قىرىپ قويۇپ ناخشىنى باشلىدى:

سەنمۇ قىلدىڭ بىۋاپا،
مېنى قىلماس دېمىگىن،
نېمە كويلاردا يۈرسەن،
مېنى بىلمەس دېمىگىن...

خۇددى مەيىن شامالدەك يېقىملىق، نازۇك ئاۋاز دىللارنى تىترىتىپ ئۆتتى، ئۇ گويا بۇلاق سۈيىدەك تومۇر - تومۇرلارغا سىڭىپ لەززەت بېغىشلايتتى. باللار قاتتىقراق تىنىشقىمۇ جۈر-ئەت قىلالماي رەيھانغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قېلىشقانىدى. مېنىڭ كۆزۈمگە رەيھان تېخىمۇ گۈزەل، چېچەكلەردىكى پەرىزاتتەك كۆ-رۈنۈشكە باشلىدى. ۋايىت بولسا پۈتۈن ئىشقى بىلەن تەمبۇرنى ئويناتماقتا ئىدى، ئۇ پات - پات ئوت چاقنىغان كۆزىنى رەيھانغا تىكەتتى.

رەيھان ناخشىسىنى خۇددى ئارتىسلاردەك لەرزان ئاخىرلاش-تۇردى.

— ئېيتماي يۈرۈپ ئۇنتۇپ قالاي دەپتىمەن، — دېدى ئۇ ناخشىسىنى تۈگىتىپ.

— سىز جىق ناخشىچى ئىكەنسىز، — ۋايىت خۇشامەت بىلەن ئۇن قاتتى.

شۇ ئارىدا دۆڭنىڭ كەينىدىن بىر ئايالنىڭ چىرقىراق ئاۋازى

ئاڭلاندى:

— رەيھان! ھەي رەيھان!

رەيھان ئوڭايسىزلانغان ھالەتتە ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى:

— مانا ھازىر بارىمەن، — دېدى ئۇ دۆڭگە قاراپ، ئاندىن كىرلەرنى يىغىشتۇرۇپ داسقا سالدى - دە، ھەممىمىزگە تاتلىق بىر كۈلۈمسىرەپ، — خوش بالىلار، يەنە بىر قېتىمدا سىلەرنىڭ ناخشاڭلارنى ئاڭلارمەن، — دېدى.

رەيھان كەتتى، بىز ھەممىمىز تاكى ئۇنىڭ تۆپىلىكتىكى چېغىر يولدا قارىسى يىتكۈچە كەينىدىن قاراپ تۇرۇشتۇق. ھەممىمىز گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، چۈشىمىزنى بۇزۇۋەتمەسلىكنى ئارزۇ قىلغاندەك ئۆز خىيالىمىزغا پېتىپ قالغاندۇق، باياتىنلا بۇ يەر شادلىق ماكانى ئىدى، رەيھان كېتىۋىدى، ھەممە نەرسە كۆرۈمسىز، چۆلدەرەپ قالغاندەك تۇيۇلدى.

— كاساپەت ناخشىنىمۇ قالتىس ئېيتىپ قويىدىكەن - دە، — ھەممىدىن بۇرۇن ھوسەن پوچۇق ئۈن قاتتى.

— ئۆزىمۇ خام يېگۈدەك نېمىكەن ئەمەسمۇ!

— مۇشۇنداق چىرايلىق قىزلار كىمنىڭمۇ قۇچىقىدا ياتار!

— تېخى سېنى يارىتىپ قالامدۇ ھوسەن، كىم بىلىدۇ.

— ئەگەر مېنىلا ياراتسا ھەممە نېمىدىن ۋاز كېچەتتىم جۇمۇ!

— شەھەردە يۈرگەن يىگىتى باردۇ؟ شەھەر قىزلىرى دېگەن بوش ئەمەس...

بالىلارنىڭ رەيھان توغرىسىدا دېگەن ھەر بىر سۆزى يۈرىكىمگە زىخ بولۇپ سانجىلاتتى. ئۇلار گويا تەرەپ - تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ ئۇنى يېنىمدىن تارتىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. قەلبىمنى بىر قىزغىنىش، نەپرەت قاپلىدى. چاچراپ قوپۇپ، «رەيھان مېنىڭكى، ئۇنىڭغا كۆز ئالايتىشما» دېگۈم كەلدى.

هۆسەن پۆچۈق تىخىمۇ ئەزۋەيلىدى:

— هەي بالىلار، بەسلىشەيلى، ئەگەر قايسىمىز ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرسەك...

— ئاغزىڭنى يۇم! — باياتىندىن خىيالغا چۆكۈپ گەپكە ئارىلاشماي تۇرغان ۋايىت ئۇنىڭغا قاراپ ھۆركىرىدى، — ئېيتىپ قوياي، ئەگەر قايسىڭ رەيھانىنىڭ ئۈستىدە گەپ تاپىدىغان، چاقچاق قىلىشىدىغان بولساڭ مېنىڭدىن ياخشىلىق كۆرۈشمەيسەن!

مەن ۋايىتقا ئەيمىنىپ قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايى سۇرلۇك تۈس ئالغانىدى. ئۇ بۇ گەپنى خۇددى ماڭا قارىتىپ دەۋاتقاندەك ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولىشىپ، يۈرىكىم جىغىلداپ كەتتى.

## 3

بىز ئەمدى كۈن ئارىلاپلا ئۆستەڭ بويىغا يىغىلىپ ئوينايدىغان بولدۇق، رەيھانمۇ چىقاتتى، ئۇ بىزگە شەھەردىكى ئوقۇغان مەكتىپى، شەھەرنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى، ناخشا ئېيتاتتى. بىز خۇددى ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدەك ئۇ نېمە دېسە جان ـ دىلىمىز بىلەن ئورۇندايتتۇق، ۋايىت ھەممىمىزدىن بەك ئاكتىپ ئىدى. ئەگەر ئۇ بىرەر كۈن ئۆستەڭ بويىغا كەلمەي قالسا خۇددى بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولغاندەك ھېچبىر ئويۇن قولاشمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق كۈنلىرى ۋايىت ئۆزمەي تاماكا چېكەتتى.

ياز ئۆتۈپ كۈز كەلدى. ئۆستەڭ ياقىسىدىكى سۆگەت يوپۇرماقلىرى، چېغىر يول بويىدىكى ئوت ـ چۆپلەر سارغىيىپ قۇرۇدى. يالىڭاچلانغان ئېتىزلىقتا كۈز شاملى ھۇشقىيتاتتى. شامال بەزىدە كۈچىيىپ قۇرۇپ ھالىدىن كەتكەن يوپۇرماقلارنى بەرگىدىن ئۈزۈپ سۇ يۈزىگە تۆكەتتى.

دادۋي ماگىزىنىغا بېرىپ قايتىشىمدا ئۈستەڭ بويىغا كېلىپ بىردەم ئولتۇردۇم. كۆز ئاسمىنى ئاستىدىكى پايانسىز دالا جىم-جىتلىقتا چۆمگەنىدى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى تاقىر ئېگىزلىق-لاردا قوي، كالا، ئېشەكلەر پەرىشان ھالدا ئوتلاپ يۈرەتتى. پىشىپ سارغايغان قوناقلار ئەنسىز شالدىرلايتتى. قۇشقاچلار توپ - توپ بولۇشۇپ خۇددى بىر پارچە بۇلۇتتەك ئۇچۇشۇپ قوناقلىقتىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى - دە، ئارقىدىن مۆلدۈردەك گۈرۈلدەپ كېلىپ سۆگەت شاخلىرىغا كېلىپ قونۇشتى. سۇ يۈزىگە ساپسېرىق يوپۇرماقلار تۆكۈلدى. قۇرۇغان يوپۇرماقلار بىر پەس سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇردى - دە، ئاندىن دولقۇن ھەيدىگەن يەلكەندەك سۇ ئېقىنى بىلەن يىراقلارغا كەتتى. بىر قاغا توسات-تىنلا بېشىم ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئەلەملىك ئاۋازى كۆڭلۈمنى بىر خىل ئەنسىزلىك، قايغۇغا پاتۇردى.

ئۆيگە كەلسەم ئادەم يوق، مەن ئىچىم پۇشۇپ، دېرىزە تەكچىسىدىن ئاخشام ئوقۇپ يېرىملاتقان «مېھرابتىن چايان» رو-مانىنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. «يەرلەر يېشىل گىلەم بىلەن ياسانغاندا، ھەممە يەرنى بىنەپشە چېچەكلەر قاپلىغاندا، قۇشلار ئۇۋا قايغۇسىنى قىلىشۋاتقاندا بىزمۇ توي قىلىمىز، ھۇجرىدا بەخت سازىنى تىڭشاپ، ئىستىقبال ناخشىسىنى كۈيلەيمىز، شۇندامۇ رەنا؟»

تاشقىرىدا ئاپامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— قېنى، ئۆيگە كىرىڭە، قىزىم. ئادىل ماگىزىنىغا كەتكەنىدى.

ئۆيگە خۇددى سەھەردە پارلاپ چىققان قۇياشتەك كۈلۈمسى-رەپ رەيھان كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئاغزىمغا كەپلەشكەندەك بولۇپ ئورنۇمدىن چاچراپ قوپتۇم.

— قېنى، سۇپىغا ئۆتۈڭە، قىزىم، — ئاپام رەيھاننىڭ كەينىدىن كىرىپ ۋە ھودۇققىنىمدىن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي

تۇرغان ماڭا قاراپ، — رەيھان قىزنى مېھمانغا ئەكەلدىم، — دېدى.

شۇ كۈنلەر ئىچىدە رەيھان كۆزۈمگە ئورۇقلاپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ھەرقاچانقىدەك تاتلىق كۈلۈمسىرىگەن ھالدا تىنچلىق سوراشتى، ھەۋەسلەنگەن ھالەتتە ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

— ئوھوي، سىزنىڭ كىتابلىرىڭىز جىق ئىكەنغۇ، — دېدى ئۇ ئاپام چاي تەييارلىغىلى دالانغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، — نەچچە ۋاقىتتىن كىتابلىرىم بار دېسىڭىز بولمامتى؟

— مەن سىزنى كىتابقا قىزىقماسمىكىن دەپتىمەن.

— مېنىزە، تالادىن كىرمەي سەكىلدەپلا يۈرىدىغان نېمە دەپسىز - دە.

— ياق...

— قايسى كىتابنى ئوقۇۋاتىسىز؟

— «مېھرابتىن چايان» نى.

— ئاجايىپ ئېسىل كىتاب - دە، ئۇ، مەن ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىققانىدىم. بولۇپمۇ ئەنۋەر بىلەن رەنانىڭ بېيىت يېزىشقان يېرىنى ئاجايىپ ياخشى يازغان - ھە! بېيىتنى بىلىدىغانسىز؟

مەن كىتابنى ئېلىپ بىرىنچى بەتتىكى بېيىتنى ئوقۇدۇم:

ئەگەر پەرھاتنىڭ شېرىن بولسا، مەجنۇننىڭ لەيلىسى،
نېسىپ بوپتۇ ماڭا گۈلشەن ئارا گۈللەرنىڭ رەناسى...

رەيھان نېمىدۇر ئويلىغاندەك كۆزىنى تورۇسقا تىكتى. ئاندىن دېكلاماتسىيە قىلغاندەك ئاھاڭ بىلەن يادقا ئوقىدى:

ئەگەر ئار قىلسا لەيلى ھەقلىقتۇر، قەيسىنىڭ جۇنۇنىدىن،

نه بەخت رەنا، خېرىدارىڭ تەلەپ ئەھلىنىڭ مىرزاسى...

مەن داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدىم، كۆز ئالدىمدا رەيھان ئەمەس، بەلكى گۈللەر يېنىدا تارتىنچاقلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرغان رەنا پەيدا بولىدى. ۋۇجۇدۇم تاتلىق سىزىم بىلەن داۋالغۇدى.

— ۋاي - ۋۇي، كىتاب ئوقۇشقا چۈشۈپ كېتىپسىلەرغۇ،— داستىخان كۆتۈرۈپ كىرگەن ئاپام سۆزلەپلا كىردى،— بىزنىڭ بۇ ئادىلغا كىتاب بولسىلا بولدى، تاپقان پۇلىغا كىتاب ئالىدۇ. تەڭ كېچىگىچە ئوقۇيدۇ. شۇنىڭغا قاراپ ئالىم بولىدىغان بولدى، دېسەك ئاخىر مانا دېھقان بولۇپ ئولتۇردى. قېنى، قۇرۇق بولسىمۇ چايدىن ئېلىڭە، قىزىم!

— مەنمۇ شۇنداق كىتابقا ئامراق ئىدىم، دادام كىتابخانىغا يېڭى كىتاب چىقسىلا سېتىپ ئەكېلىپ بېرەتتى،— رەيھان ماڭا قاراپ قويۇپ سۆز قىستۇردى، — ئىنقىلابتا ئىسيانچىلار كىرىپ ھەممە كىتابلارنى، رەسىملەرنى ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ كۆزىمىزچىلا ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى، باشقا نەرسىلەرمۇ بىر نۆۋرى، كىتابلىرىمغا ئىچىم ئاغرىپ بىر كۈن يىغلىدىم.

ئاپام ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى:

— كەلگۈلۈك سىلەرگىلا كەلدىغۇ، سىلەرنىڭ تازا ئوقۇپ بىلىم ئالىدىغان چېغىڭلار سۇدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ جاھان ئوڭشىلامدىكىنتاڭ.

— پېشانىمىز تەتۈر ئىكەن ئايىم ھەدە.

— ئىنقىلاب بولمىغان بولسا سىلەرمۇ بۇ سەھرايى قىيامەتكە كەلمەيتتىڭلار.

— شۇنداق بولمايچۇ، ئىنقىلاب باشلانمىغان بولسا بۇ كەمدە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان بولاتتىم.

— بۇ يىل قانچىگە كىردىڭىز، قىزىم؟

— ئون توققۇز ياشقا كىردىم...

— بىزنىڭ ئادىلدىن بىر ياش چوڭ ئىكەنسىز.

— شۇنداقمۇ؟— رەيھان ئەجەبلەنگەندەك ماڭا قارىدى،— مەن تېخى ئادىلنى مېنىڭدىن جىق كىچىك دەپ ئويلاپتىمەن.

— بۇ بالا كىچىكىدە جىق كېسەل تارتىپ بويى ئۆسمەي قالدى، شۇڭىمۇ دادىسى بۇنى دېھقان قىلمايمەن، دەپ ئوقۇتۇۋېدى، ئاخىر يەنە دېھقان بولۇپ ئولتۇردى، سىز دېگەندەك تەقدىر ـ پېشانەڭلار شۇنداق ئىكەن. بۇ جاھانمۇ بۇنداق ئۆتۈۋەرمەس. ھېلىمۇ قولىڭىزدا ھۈنىرىڭىز بار ئىكەن، ئېتىزنى كۆرمەي ئۆتۈۋاتىسىز، ياراتقان ئىگەم كۆزدىن ئايرىسىمۇ ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ دېگەن شۇدە. مەن بەزىدە ئادىلنىڭ دادىسىغا ئادىلمۇ بىرەر ھۈنەر ئۆگەنسۇنمىكىن دېسەم، ئۇ «ئوقۇش چىقىپ قالسا ئوقۇشقا بارسۇن دەيدۇ» ئوغۇل بالا ھۈنەر بىلگىنى ياخشى ئىدى.

يەر ئاستىدىن رەيھانغا سەپسېلىپ ئولتۇراتتىم. ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاپامنىڭ گېپىنى تىڭشاپ، ئارىلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشىمۇ شۇنداق چىرايلىق، ئۇزۇن پۈتىنى جۈپلەپ، بىر قولىدا يەرگە تايانغىنىچە يېنىچە بولۇپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئىنچىكە بېلى تال چىۋىقتەك ئەۋرىشىم ئىدى.

چايدىن كېيىن ئاپام رەيھانغا ئۆيدىكى كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى كۆرسەتتى:

— بۇنى ئادىلنىڭ دادىسى گۇڭشې سودا كوپېراتىپىنىڭ باشلىقىغا بۇغداي ئۇنى تېگىشىپ بېرىپ يۈرۈپ ئالغانىدى. مەن تېخى خاپا بولۇپ «ئۆيدە ئىش تىكىشنى ھېچكىم بىلمىسە بىر مۇنچە پۇلغا بۇنى ئېلىپ نېمە قىلىمىز» دېسەم، «بۇ دېگەن مۈلۈك، بىر كۈنلىرى ئەسقېتىپ قالىدۇ» دېگەنىدى. مانا ئەمدى ئەسقاتتى، سىلەرنىڭ ماشىنا بىلەن ئوخشاشمىكەن؟

—ماركىسى بىر ئىكەن، — دېدى رەيھان ماشىنىنى سىلاپ

كۆرۈپ، — لېكىن بۇ يېڭى چىققىنى، ياخشى ماشىنا.
— سىزگە يارىغان بولسا بولدى، — دېدى ئاپام خۇش بولۇپ ئاندىن ساندۇقنى ئېچىپ بىر گۈللۈك رەختنى ئالدى، — كۆڭلەك تىكىيەرمەن دەپ ئەتىيازدا ئېلىپ قويۇۋېدىم، سەيپۇڭغا ئاپىرىشقا چولام تەگمىدى، كۆڭلەك كىيسەم بولارمۇ؟
— نېمىشقا بولمايدۇ؟ چىرايلىق رەختكەن. ھېيتقا كىيىۋېلىڭ.
رەيھان پىشقان ئۇستىلاردەك چاققان ھەرىكەت بىلەن ئاپامنىڭ بويىنى ئۆلچىدى، ئاندىن ئۇستەلگە رەختنى يېيىپ پىچىشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ نازۇك قوللىرىدا قايچا شۇنداق ئەپچىل ھەرىكەت قىلاتتى، ئۇنىڭغا مەستلىكىم كېلىپ قاراپ تۇردۇم، ئەگەر بولسا «بىز بىر ئۆيلۈك بولساق، مەن بىر ئۆينى مەخسۇس ماشىنىچىخانا قىلىپ راسلاپ بېرەتتىم، بىز ھېچبىر قىيىنچىلىق تارتماي ياشايتتۇق» دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتىم.
ئاپام تاماقنىڭ تەرەددۇتىنى قىلغىلى دالانغا چىقىپ كەتتى. رەيھان كۆڭلەكنى تىككەچ ماڭا ئۆزى ئوقۇغان كىتابلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى:
— ئوقۇغۇچىلىق دەۋر قىزىق بولىدىكەن، مەن «باشتا كەلگۈسىدە دوختۇر بولىمەن» دەيتتىم، داداممۇ ماڭا «سىزنى چوقۇم دوختۇرلۇقتا ئوقۇتىمەن» دەيتتى، كېيىنچە ئەدەبىي كىتابلارغا قىزىقىپ قالدىم، يېقىپ قالغان كىتابنى ياندۇرۇپ - ياندۇرۇپ ئوقۇيتتىم، ئۆزۈمچە ئاشۇ كىتابنى يازغان يازغۇچى قانداق ئادەمدۇر، ئۇ كىتابتىكى ئادەملەرنىڭ كەينىدە ماراپلا يۈرىدىغان ئوخشىمامدۇ، ئۇلارنىڭ خىياللىرىنى قانداق بىلىۋالىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. بىر قېتىم ئەدەبىيات دەرسىدە بۇنى مۇئەللىمدىن سورىۋېدىم، ئۇ كۈلۈپ كېتىپ يازغۇچىلىقنىڭ سىرىنى دەپ بەردى، شۇنىڭدىن كېيىن يازغۇچى بولسام دېگەن خىيال كاللامغا كىرىۋالدى. ئوقۇغۇچىلىقتا ئادەم ھەممە نېمىنى

ھەۋەس قىلىپ باقىدىكەن. سىز دەرسلەردىن نېمىگە قىزىقاتتى-
ڭىز، ئەدەبىياتقۇ دەيمەن؟

— ھەئە…، — دېدىم مەن ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ.

— ئاخىر مانا دېھقان بولۇپ ئولتۇردۇق، — رەيھان خۇر-
سىنىپ قويدى.

مېنىڭ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

— كېلەر يىل مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى ئالىدىغانىنىڭ گېپى
بار، — دېدىم مەن دادامنىڭ تاپىلاشلىرىنى ئېسىمدىن چىقىرىپ
ئاستا.

— راستمۇ؟ — رەيھاننىڭ كۆزلىرىدىن ئۈچقۇن چاچرىغاندەك
بولدى.

— دادام گۇڭشېدىكى باشلىقلاردىن ئاڭلاپتۇ.

— سىز بارامسىز؟

— بارماي بۇ يەردە نېمىش قىلىمىز؟ — مەن، «سىز
بارسىڭىز مەنمۇ بارىمەن» دېمەكچىدىم، لېكىن تىلىم بارمىدى.

— سىزنىڭ يولىڭىز بار، دادىڭىز ئەترەتنىڭ باشلىقى، ماڭا
ئۇنىمايدۇ.

— نېمىشقا ئۇنىمايدۇ؟

— سىز ئۇقمايسىز، ئادىل، — رەيھان غەمكىن ھالدا
دېدى، — دادامنى بۇ يەرگە قالپاق بىلەن چۈشۈرگەن، مېنى
ئۇنىسۇرنىڭ بالىسى، دەپ ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ.

— دادام ياردەم قىلىدۇ. مەن دادامغا دەي…

رەيھان غەمكىن ھالدا بېشىنى چايقاپ قويدى. مېنىڭ كۆڭ-
لۈم لەسسىدە بولۇپ قالدى، رەيھان راستىنلا دېھقان بولۇپ
قالارمۇ؟ مەن تېخى ئۇنى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا خۇش بولىدۇ،
بەلكىم ئىككىمىز بىر مەكتەپكە بارارمىز، بىز مەڭگۈ بىر -
بىرىمىزدىن ئايرىلمايمىز، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمدى رەيھان بار-
مىغان ئوقۇشتا ماڭا نېمە بار؟ ياق، مەن بۇنى دادامغا دەيمەن،

دادامنىڭ تونۇشلىرى جىق، ئۇ بىر يولىنى قىلىدۇ.
ئاپامنىڭ تامىقى پىشىقچە رەيھان كۆڭلەكنى تىكىپمۇ بولدى.
— تۇۋا، بىلگەن ئادەمگە بىردەملىكلا ئىشكەن، — دېدى ئاپام كۆڭلەكنى كىيىپ كۆرۈپ خۇشلۇقتىن، — بازاردىكى سەيپۇڭغا ئاپارساق قاق بىر ئايسىز پۈتمەيتتى، ئۈچ - تۆت قېتىم قاتريتاتتى، بۇنى كىيىپ چىقسام مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئىچىگە ئوت كېتىدىغان بولدى - دە، قولىڭىزغا دەرد بەرمىسۇن قىزىم!
— ئىشلار بولسا دەڭ ئايىم ھەدە، مەن قىلىپ بېرىمەن.
— سىزنى تازىمۇ ئاۋارە قىلدىم قىزىم، ئەمدى ئۆز بولۇپ قالدۇق، كېلىپ تۇرۇڭ!
— ماقۇل.
تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن رەيھان قايتماقچى بولدى.
— ئادىل، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ، — كىتابلىرىڭىزدىن بىرەرنى ئوقۇپ تۇرسام بولامدۇ؟
— ئېلىڭ، ئېلىڭ، — دېدى ئاپام مېنىڭدىن بۇرۇن، — نەچچە ۋاقتىن توپا بېسىپمۇ ياتتى، سىزدىن ئايلانسۇن قىزىم.
رەيھان كىتابلارنى بىر قۇر ئاختۇرۇپ «كېلىدۇ بىر كۈن» نى قولىغا ئالدى.
— بۇرۇن بىر ئوقۇغانىدىم. يەنە بىر ئوقۇپ چىقاي، — دېدى ئۇ.
— پۇل بەرسەم ئالمايسىز قىزىم، — دېدى ئاپام ئۇ ئۆيدىن ئۇزاپ چىققاندا، بىر كىچىك كورىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ، — ئۆيدە ئازراق قوي مېيى بار ئىكەن، تاماق ئېتىپ يەڭلا... ئالمىسىڭىز مەن رەنجىيمەن، راست...
رەيھان كەتتى، ئۇ ماڭا كۆڭۈللۈك تاتلىق خىياللارنىمۇ، ئۈمىدسىز ئازابنىمۇ ھەدىيە قىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ باياتىنقى مىسكىن ھالىتى، ھەسرەتلىك خورسىنىشى مېنى غەمگە سالدى.

بەلكىم ئۇمۇ يالغۇز قالغان چاغلىرىدا ئۆز تەقدىرىدىن يىغلايدىغاندۇ، ياشلىقنىڭ، غايىلىرىنىڭ خۇددى كۆز غازاڭلىرىدەك قۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئازابلىنىدىغاندۇ، لېكىن ئۇ بۇ دەردلىرىنى ھېچكىمگە بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشىدۇ. ھاياتنىڭ ئېغىر يۈكىنى داد ـ پەريادسىز سۆرىمەكچى، تۇرمۇشتا مۇشۇنداق ھەمراھ بولسا نېمە ئارمىنىڭ.

— قىز بالا بولسا مۇشۇ قىزدەك بولسا، — ئاپام ماڭا قاراپ قويۇپ رەيھاننىڭ كەينىدىن ئۆز ـ ئۆزىگە دېدى، — قولىنىڭ ئىشلىقلىقى، مىجەزىنىڭ ئوڭلۇقلۇقىنى كۆرمەمدىغان، ئىسست، ئۇنسۇرنىڭ قىزى بولمىغان بولسا ئۆزۈم كېلىن قىلىۋالاتتىم...

مەن ئاپامنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتىم.

4

چۈشتە ئىشىك ئالدىدا تۇراتتىم، ۋايىت ۋېلىسىپىتلىك پەيدا بولدى.

— دادۇيگە كىنو كەپتۇ، بارامدۇق؟ — دېدى ئۇ ۋېلىسىپىتتىن چۈشمەي تۇرۇپ.

— نېمە كىنوكەن؟

— بىلمىدىم، ھېلى ھۇسەندىن ئاڭلىدىم، بىكارچىلىقتا نېمە ئىش قىلىمىز، كۆرۈپ كەلمەيمىزمۇ؟

شۇ كۈنلەردە قويۇلۇۋاتقان كىنولارمۇ ماڭا بەلگىلىك ئىدى، ھەرقاچان يا «قىزىل چىراغ»، بولمىسا «شاجياباڭ»نى قويىدىغاندۇ. ئۇنىڭدىن كىتاب ئوقۇغىنىم تۈزۈك.

— بارغۇم يوق، — دېدىمەن خۇشياقماي، — ئۆزۈڭ نەگە ماڭدىڭ؟

— رەيھانىنىڭكىگە، — ۋايىت كۆرەڭ بىر قىياپەتتە گېلىنى
قىرىپ قويدى، — ئاپامنىڭ تىكتۈرگىلى بەرگەن كىيىملىرى بار
ئىكەن، ئەكېلىپ بەرسەڭ دېگەنىدى. ئەمىسە مەن كەتتىم.

ۋايىتنىڭ گەپلىرى ئىچىمنى ئاچچىق قىلىپ قويدى، بەلكىم
ئۇ رەيھاننى كىنوغا تەكلىپ قىلار، ئۇلار بىللە كىنو كۆرسە مەن
ئۆيدە نېمە ئىش قىلىمەن؟ ئۇ مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ رەيھاننى
قولغا كەلتۈرۈۋالمىسىلا بولاتتىغۇ؟ ئاچچىق بىر نەرسە ئىچىمنى
تاتىلاپ ئارام بەرمىدى، تىت ـ تىت بولاتتىم، ئاخىر نېمە بولسى-
مۇ كىنوغا بېرىش قارارىغا كەلدىم.

چۈشتىن كېيىن ۋېلسىپىتنى سۈرتۈپ تازىلىدىم، خىيا-
لىمدا رەيھان مېنىڭ ۋېلسىپىتىمگە مىنگىشىدىغاندەكلا تۇيۇلات-
تى، باش ـ كۆزۈمنى يۇيۇپ كىيىملىرىمنى ئالماشتۇردۇم.
ھېيتقا دەپ ئالغان خۇرۇم ئاياغنى كىيدىم، مەن بۇ كىيىملەردە
ئۆزۈمنى چوڭلا يىگىت بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم.

ۋېلسىپىتلىك، ئېشەك ھارۋىلىق دېھقانلار يولغا پاتماي
كېتىشىۋاتاتتى. ۋېلسىپىت قوڭغۇراقلىرىنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇ-
ڭى، ئېشەككە ۋارقىرىغان ئاۋازلار، ئەرلەرنىڭ چاقچىقى بىلەن
ئاياللارنىڭ ياڭراق كۈلكىسى گۈگۈم پەردىسىگە پۈركەنگەن يېزا
يولىنى چاڭ كەلتۈرگەنىدى. دېھقانىنىڭ كۈنى شۇ. ئۇ ئەتىگىنى
تاڭ بىلەن تەڭ قوپۇپ ئېتىزغا بېرىپ، تا كۈن پاتقۇچە كەتمەن
چاپىدۇ، سۇ تۇتىدۇ، ئورما ئورىدۇ، خامان تېپىدۇ، باھارنىڭ
ئىزغىرىن شاماللىق كۈنلىرىدىمۇ، قۇياش ئوت چېچىپ تۇرغان
تومۇز ئايلىرىدىمۇ، زېمىن يالىڭاچلانغان كۈز پەسلى بىلەن تەبى-
ئەت ئۇيقۇغا كەتكەن قەھرىتان قىشتىمۇ ئۇ بىكار بولمايدۇ،
قۇرتتەك مىدىرلاپلا تۇرىدۇ، پەقەت قۇياش ئولتۇرۇپ، كېچە
يېتىپ كەلگەندىلا گۆشىسىز سۆيۈقئاشنى ئىچىپ بولغاندىلا ئۇنىڭ
تارىمۇشتەك قاتقان مۇسكۇللىرى بوشىشىدۇ، ئاجايىپ بىر شې-
رىن، مەست قىلغۇچى ئۇيقۇ ئۇنى ئەللەيلەيدۇ، تەۋرىتىدۇ،

ئېغىر ئەمگەكتىن ھارغان، بوشاشقان تەنلەر پەقەت تەڭرى ئاتا قىلغان ئاشۇ ئاراملىق ئۇيقۇدىنلا ھۇزۇر ئالالايدۇ، ئەتە ئۇچۇن كۈچ توپلايدۇ، تاڭ يورۇشى بىلەن ئۇنىڭ يېڭى بىر تەشۋىشلىك، جاپالىق كۈنى باشلىنىدۇ، شۇڭا جاھاندىكى بولۇۋاتقان ئىشلار توغرۇلۇق باش قاتۇرۇشقا، ئويلاشقا ئۇلارنىڭ چولىسىمۇ، قىزىقىشىمۇ يوق. دېھقان دېگەن شۇ، بەلكىم ئەتە - ئۆگۈن مەنمۇ، رەيھانمۇ ئۆزىمىز سەزمىگەن ھالدا مۇشۇ توپنىڭ ئىچىگە قېتىلىپ كېتەرمىز، راستتىنلا شۇنداق بولارمۇ؟

كەينىمدە تونۇشلا كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى، ھايال ئۆتمەي ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە رەيھاننى ئولتۇرغۇزغان ۋايىت ماڭا ياندىشىپ كەلدى.

— ئەتىگەن كىنوغا بارمايمەن دەۋاتاتتىڭغۇ؟ — ۋايىت مېنى كۆرۈپ ئۇن قاتتى، ئۇ خۇشاللىقتىن تېرىسىگە پاتماي قالغانىدى.

— ئادىل، ياخشىمۇسىز؟ — رەيھان خۇشخۇي ھالدا ئەھۋال سورىدى.

— ياخشى، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قارىماستىنلا، يۈرىكىم ئەلەم بىلەن سىرقىرىدى.

— كىتابىڭىزنى ئاپىرىپ بېرەي دېگەنىدىم، يېقىندىن ئىش كۆپىيىپ كېتىپ پەقەتلا چولام تەگمىدى.

«ۋايىتنىڭ ئاپلىرىنىڭ ئىشىدىن ئاشمىدىم دەڭە» مەن ئاچچىق بىلەن ئويلىدىم. مەن گەپ قىلمىدىم، رەيھان چىرايىمدىن خاپا بولغىنىمنى سەزدى بولغاي:

— بايا ۋايىتقا ئادىلنى چاقىرىۋالايلى دېسەم، سىزنى بارمايدىكەن دېگەنىدى، — دېدى ئۇ يالۋۇرغاندەك قىلىپ.

— كىچىك بالا دېگەننىڭ گېپىنىڭ تايىنى يوق بولىدۇ - دە، — ۋايىت ماڭا قاراپ مەسخىرە بىلەن كۈلدى.

ۋايىتنىڭ چاقچىقى جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئەگەر رەيھان بولمىغان بولسا كەينىمگە يېنىپلا ئۆيگە كېتەتتىم. لېكىن

رەيھان نىمىدەپ ئويلاپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن قىيىدىغۇ- دەك ھېچبىر ئىش يوققۇ، توغرا، بايا ئۆزۈمنىڭ بارمايمەن دېگى- نىم راست، ۋايىتتىنمۇ ئاغرىنغۇدەك يولۇم يوق… لېكىن رەي- ھاننىڭ خۇددى ۋايىتنىڭ ئايالىدەك ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە ئول- تۇرۇشى نىمىشقىدۇر ئىچىمنى ئاچچىق قىلاتتى.

دادۇي ئىشخانىسىنىڭ دەرۋازىسىدا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلاردىن بىر نەچچىسى ئۇچراشتى، ۋايىت ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇپلا رەيھان بىلەن قورۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، مەن باللار بىلەن پاراڭلاشقان بولۇپ ئەتەيگە كەينىدە قالدىم. قارىسام باللارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزى رەيھاندا ئىدى.

— ۋايىتنىڭ توشقىنى خېلى جايىدىغۇ.

— شەھەرلىك ئوخشىمامدۇ، كۆرمىگەنلا قىزغۇ؟

— ئاۋۇ قاپاقنىڭ كىرىلىپ كەتكىنىنى قاراڭلار، تېرىسىگە پاتمايلا قاپتۇغۇ؟

— سەنەۋەرنى تاشلاپتۇ ـ دە….

مېنىڭ كۆزۈم نېرىدىكى دۇكان ئالدىدا تۇرغانلارغا چۈشتى. ئۇلار ماگىزىندا ئىچىشكەن بولسا كېرەك، چىرايلىرى قىزار- غان، كىمنىدۇر شاڭخو قىلىشىپ قىيقاس چىقىرىشىپ كۇلۇش- مەكتە ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىزدىن كۆز ئۇزمەي تۇر- غان سەنەۋەرنىڭ ئاكىسى بەكرىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم نىمىشقىدۇر سەل دەككە ـ دۈككىگە چۈشتى. ماڭا بۈگۈن كېچە بىرەر ئىش يۈز بېرىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. مەن رەيھانلارنى تېپىش ئۈچۈن باللار بىلەن خوشلىشىپ قورۇنىڭ ئىچىگە كىردىم. قورۇنىڭ ئىچى ئادەم بىلەن لىق تولغانىدى. چوڭلاردىن ئۇششاق باللار كۆپ بولۇپ، ئۇلار تامغا تارتىلغان ئېكران ئالدىدا قولىرىنى پۇلاڭلىتىشىپ چۇرقىراشماقتا ئىدى. ۋېلىسىپىتنىڭ جىقلىقى- دىن ئالامانىنىڭ ئىچىگە كىرەلمىدىم. مەن كىرىشىمگە كىنومۇ باشلىنىپ كەتتى. مەن ئويلىغاندەك «شاجيابالڭ» نى قويدى، بۇ

كىنونى كەم دېگەندە ئەللىك قېتىم كۆرگەن بولغىيدىم. ئۇنىڭ ھەممە كۆرۈنۈشلىرى يادا بولۇپ كەتكەنىدى. بەلكىم مۇشۇ ئول. تۇرغانلارمۇ نەچچە قېتىمدىن كۆرۈشكەندۇ. لېكىن ھازىر ئۇلار خۇددى يېڭىدىن كۆرۈۋاتقاندەك ئېكراندىن كۆز ئۈزمەي قارىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. مەن ئاپپاراتتىن چۈشكەن يورۇقتا توپ ئىچىدىن رەيھانلارنى ئىزدىدىم. لېكىن بۇلۇتتەك توزۇغان توپا ـ چاڭلار ئارىسىدىكى قارا قاغىدەك ئولتۇرۇشقان ئادەملەر ئىچىدىن ئۇلارنى زادىلا پەرق قىلالمىدىم. كىچىك باللارنىڭ يىغىسى، بىر ـ بىرىنى چاقىرىپ توۋلىغان ئاۋازلار، ياشلارنىڭ ئۆزئارا چاقچاق قىلىپ سوزۇپ كۈلۈشكەن ئاۋازلىرى مەيداننى بىر ئالغانىدى. ئىچىمدە رەيھان سەھرالىقلارنىڭ كىنو كۆرۈشىگە ھەيران بولۇ. ۋاتقاندۇ. بەلكىم ئۇ مۇشۇ تاپتا كىنوغا كەلگىنىگە مىڭ يەردىن پۇشايمان قىلىۋاتقاندۇ. ۋايىت بەلكىم مېنىڭ باللار يېنىدا قې. لىپ ئۇلارنى خالىي قىلغىنىمغا خۇش بولۇپ كەتكەندۇ، دەپ ئويلىدىم. تۇرۇپ قايتايمىكىن دەپمۇ ئويلىدىم. دېمىسىمۇ ماڭا بۇ يەردە نېمە بار؟ نەچچە قېتىم كۆرگەن كىنو ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەيھانمۇ مېنى ساقلاپ تۇرماستىن ۋايىت بىلەن كىرىپ كەتتى، بەلكىم ئۇمۇ ۋايىتنى كۆڭلىدە يارىتىپ قالغان بولسا كېرەك، ئەمدى ماڭا بۇ يەردە تارتىشقۇدەك نېمە بار؟ لېكىن كۆز ئالدىمغا سەنەۋەرنىڭ ئاكىسى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى باللار كېلىپ كۆڭلۈمنى بىر ئەنسىزلىك چىرمىدى. ئۇلار باياتىنمۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ بىردەم تۇرۇشۇپ، نېرىغا كېتىشتى، قارىغاندا ۋايىتنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى.

بىر چاغدا ھۆسەن يېنىمدا پەيدا بولدى.

— ۋايىتنى كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى ئۇ توپ ئىچىگە قولىنى سايىۋەن قىلىپ قارىغىنىچە.

— ياق، — دېدىمەن، — سەن يالغۇز كەلدىڭمۇ؟

— ئەركىنلەر ئاۋۇ يەردە، ئۇلار كېتەيلى دېيىشىۋاتىدۇ.

— ماڭا قارا ھۆسەن، بۈگۈن كىنونى تۈگىتىپ كېتەيلى.

— نېمە بولدى؟ — ئۇ ماڭا ئەجەبلەنگەندەك قاراپ سورىدى.

— ماقۇل دە، كېيىن بىلىسەن.

— مەن ئەمىسە باللارغا دەپ قوياي.

ئاخىر ئارزۇلاپ كەلگەن كىنومۇ تۈگىدى. توپا - تۇمان تولغان قورۇ ئىچىنى يەنە كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى. ۋېلىسىپىتلەرنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازى، ۋارقىراش - جارقىراشلار بىر ئالدى، مەن ھەممىدىن بۇرۇن چىقىپ يول بويىدىكى قويۇق تېرەكنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ رەيھانلارنى ساقلىدىم. خۇددى قوتاندىن چىققان مالدەك گۇلدۇرلەپ، قىستىلىشىپ چىققان كىنوچىلار سەلدەك ئېقىشماقتا ئىدى. ۋېلىسىپىتلەرنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازى، ئېشەك ھارۋىلىرىنىڭ گۇلدۇر - تاراقلىرى، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىنى چاقىرىشقان ئاۋازلىرى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىناتتى.

— مۇشۇ كىنوغىمۇ ئەخمەق بولۇپ كەپتۇق - ھە، توختى، — ۋېلىسىپىت يېتىلىۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر دېھقان ھارۋىلىققا ياندىشىپ ئۈن قاتتى، — ئۇرۇش كىنو دېسە ھە دەپتىمەن، چاڭچىلە ئىكەن ئەمەسمۇ؟

— شۇنى دېمەمسەن، بىر گېپىنى ئۇققان بولسام.

— شۇنىڭ ئورنىدا ئۇخلىسامچۇ، ئەتىگەنلىككە دولقۇنغا كېچىكىدىغان بولدۇق - تە.

— نومۇرىنىڭ يېرىمى يوق بولدى دېگىنە.

— شاڭگەنلىگىنىڭ كىنوسى قالتىس كىنو - دە، شۇ كىنو دەپ ئاڭلاپتىمەن.

— ئۇ كىنولارنى قويماس بولغان ئوخشايدۇ، ئۇمۇ قارا يىپ چىقىپ قالغانمىكىن؟

— مۇشۇ قارا يىپ دېگەن نېمىنى ھۆكۈمەت ئىشلىمىسىلا بولىدۇ.

— تۇنۇگۇن بىزنىڭ ئۆيدىكى چاپىنىمنى يامغىلى تۇرۇپتۇ، «نېمە قىلدىڭ» دېسەم، «نېمە بولدى» دەيدۇ، «نېمىدەپ قىزىل يىپ بىلەن يامىمىدىڭ» دېسەم، كۆزۈمگە قارايدۇ، مەن ئۇنىڭغا «قارا يىپ بىلەن تىككەن چاپىنىڭنى كىيمەيمەن» دېدىم...

قاتتىق كۈلكە بىلەن ئۇلارنىڭ قارىسى تۇن قاراڭغۇلۇقىغا سىڭىپ كەتتى. ئادەملەر شالاڭلاشقا باشلىدى، مېنىڭ كۆزۈم يولدا ئىدى. بىر چاغدا ۋايىت ۋېلىسىپىتنى يېتىلىگەن ھالدا قورۇدىن چىقتى، ئۇنىڭ يېنىدا رەيھان بىلەن ھۆسەن بار ئىدى، ۋايىت ھۆسەنگە بىر نېمە دېگەندەك قىلىۋېدى، ئۇ سۆرۈلۈپ كەينىدە قالدى، بەلكىم ۋايىت ئۇنىڭغا بىزنى يالغۇز قوي دېگەن بولسا كېرەك، ۋايىتلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن مەن تېرەكلىك كەينىدىن چىقتىم - دە، ھۆسەننىڭ قېشىغا كەلدىم.

— نەگە يوقالدىڭ؟ — ئۇ مېنى كۆرۈپ سورىدى.

— ھاجەت قىلىپ كەلدىم، — مەن يالغانلا سۆزلىدىم، — باشقىلار قېنى؟

— ۋايىت بىلەن رەيھان ھازىر ماڭدى، ئەكبەرلەر يوق تۇرىدىغۇ. كېتىشكەن ئوخشايدۇ.

— ئەمىسە بىزمۇ كەتتۇق.

مەن ئەتەيگە ۋېلىسىپىتنى ئاستا تېپىپ ماڭدىم. كۆڭلۈمدە بۇگۇن ۋايىت چوقۇم رەيھانغا تەكلىپ قويىدۇ، دەپ پەرەز قىلاتتىم. رەيھان ماقۇل دەمدۇ؟ رەيھانمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك تۇرىدۇ، رەيھان ئەقىللىك قىز، ئۇ بۇنداق قىلسا مەڭگۇ مۇشۇ يېزىلىق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمامدۇ؟ ياق، رەيھان بۇنى بىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ، ئۇ قايسى كۈنى ئامالىلا بولسا ئوقۇيتتىم دېدىغۇ. ۋايىت ئۇنىڭ ئوچۇق مىجەزىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىۋاتىدۇ، بىز ھامان ئوقۇشقا بىللە كېتىمىز.

ئالدىمىزدا بىرلىرىنىڭ ۋارقىرىغان، تىللاشقان ئاۋازى ئاڭلانغاندى. مەن ھۆسەنگە «تېز بولايلى» دەپ شەرەت قىلدىم،

يىراقتا يول ئۈستىدىلا بىر ـ ئىككى ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى، مەن يىراقتىنلا رەيھاننىڭ گۈللۈك ئاق كۆڭلىكىنى تونۇدۇم. ئاڭغىچە بىزنىڭ كېلىۋاتقان شەپىمىزنى ئاڭلاپ قالدىمۇ، ئىككى گەۋدە يول ياقىسىدىكى ۋېلسىپىتلەرنى سۆرىگىنىچە كۆزدىن يىتتى. بىز كەلسەك ۋايىت باش ـ كۆزى توپا، قانغا مىلەنگەن هالدا يول ياقىسىدا ياتاتتى، بۇ ئىشتىن ئېسىنى يوقىتىپ قويغان رەيھان غال ـ غال تىترەپ تۇراتتى.

— نېمە بولدى، كىملەر ئۇ؟ — مەن هېچنېمە ئۇقمىغان كىشى بولۇپ سورىدىم.

— ئادىل، نەگە كەتتىڭىز؟ — رەيھان مېنى تونۇپ يېنىمغا كەلدى.

— مەن سىلەرنى ئىزدەپ كېتىپىتىمەن، مەستلەر ئوخشىمامدۇ؟

— تاڭەي، كەلگەنچە ۋايىتنى ئۇرۇپ كەتتى. قورقۇپ جېنىم چىقاي دېدى. توۋا، ئەجەب ياۋايى خەقلەر بار ئىكەنغۇ بۇ يەردە.

ۋايىت هۇسەننىڭ ياردىمىدە ئېرىقتا يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ ئادەم سىياقىغا كەلدى، ئۇنىڭ ئوڭ قاپىقى يېرىلغانىدى، بىر پۈتىنى ئاقساپ دەسسەيتتى.

— كىملەر ئۇ، تونۇدۇڭمۇ؟ — مەن ۋايىتنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئىچىمدە خۇشمۇ بولدۇم.

— بەكرىلەر، — ۋايىت رەيھانغا قارىيالماستىن دېدى، — ئاناڭنى. بۈگۈن بىر نوچىلىق قىلىۋالدى ـ دە، خەپ توختاپ تۇر، بەكرى.

ۋايىت هەدەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى، كەينى ـ كەينىدىن تاماكا چېكەتتى. تۇرغان گەپ، ئۆزىنىڭ رەيھاننىڭ ۋە بىزنىڭ ئالدىمىزدا شۇ هالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇۋاتاتتى. مەن بولسام ئۆزۈمنى خېلى مەغرۇر هېس

قىلىپ قالدىم.

ئەتىسى كەچقۇرۇن ئۆيدە ئولتۇرسام ئۇكام كىرىپ سىرتتا ۋايىتنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى دېدى، چىقسام ۋايىت دەرۋازىدا تۇ-رۇپتىكەن، ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ كۆلكىلىك بىر ھالەتكە كېلىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

— بۈگۈن بەكرى بىلەن بىر ھېسابلىشىمەن، — دېدى ئۇ مېنى كۆرۈپلا، مەن ئۇنىڭ يېنىغا ئېسىۋالغان پىچىقىنى كۆرۈپ ئەندىكىپ كەتتىم.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ، ئۇنداق قىلساڭ تۈرمىدە ياتىسەن.

— مەيلى نېمە كۆرسەم، رەيھانىنىڭ ئالدىدا ئەجەب ئۆزىنى كۆرسىتىپ كەتتى بۇ گۇي، مەن ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويمايدى-غان بولسام قاراپ تۇر!

— بىلسەڭ سەن پايدىنى ئالدىڭ.

ئۇ گېپىمنى چۈشەنمەي ماڭا چەكچىيىپ قاراپ قالدى.

— سەنەۋەر ئۆزىگە قىلىپ قويدى، ئەمدى ئۇنىڭ گەپ قىلىدىغان يولى قالمىدى - دە.

— بۇ گۇي مېنى بىكارغىلا ئۇرۇۋالامدۇ؟

— سەنمۇ سەنەۋەرنى شۇنچە ۋاقىت سۆرەپ تاشلىۋەتسەڭ خەقمۇ چىدامدۇ؟ — ئۇ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ، قايىل بولغان-دەك بېشىنى چايقاپ قويدى.

— ئاپام بىلەن دادامىلارمۇ ئۇقۇپ، «بولدى سەنەۋەرنى كې-لىن قىلمايمىز» دېدى. لېكىن رەيھان نېمىدەپ ئويلاپ قالدى دېگىنە. مەن تېخى بۈگۈن بەكرى بىلەن بىر قان بولۇشاي دېگەنىدىم.

— ئۇنداق قىلساڭ ئۆزۈڭ زىيان تارتىسەن.

ۋايىت يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ ماڭا بىر تال تۇتتى.

— ئەمدى قارا، — دېدى ئۇ تاماكىنى قېنىپ بىر شورىۋې-لىپ، — ئاخشامقى ئىش پۈتۈن مەھەللىگە پۇر كەتتى دېگىنە،

بۈگۈن ئېتىزدىمۇ ئاياللار شۇ گەپنى قىلىشىپتۇ، بولىدىغان ئىش بولدى دېگىنە. مەن ئەسلىي ئاخشام رەيھانغا گەپنى تەشمەكچى بولغانىدىم، ئاۋۇ گۈيلار پىلانىمنى بۇزۇۋەتتى. ئەمدى رەيھان بىلەن كۆرۈشمەكمۇ بىر ئوڭايسىز بولۇپ قالدى.

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟

— خەت ئارقىلىق دېسەم بولامدىكىن دەيمەن، سەن قاملاشتۇرۇپ بىر خەت يېزىپ بەرمەمسەن؟

— نېمە خەت؟

— نېمە خەت بولاتتى، ئۇنىڭغا تەلەپ قويىدىغان خەتچۇ.

يۈرىكىم مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى.

— ئاغزىڭ بىلەن دېسەڭ بولمامدۇ؟

— دەۋاتىمەنغۇ، ھازىر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشمۇ ئەپسىز دېگىنە، ئۇنداق قىلماي خەت يېزىپ بەرگىنە!

— ئۆزۈڭ يازمامسەن، سەن بىر ساۋاتسىز بولمىساڭ.

— ئەتىگەندىن ئولتۇرۇپ زادىلا قاملاشتۇرالمىدىم. سەن كىتابنى كۆپ ئوقۇيسەن، مەن بۇ ياخشىلىقىڭنى ئۇنتۇپ قالماسمەن، ئاداش.

نېمە دەيمەن، ۋايىتقا يۈرىكىمدىكى گەپنى دېگىلى بولامدۇ، ئاخىر ئامالسىز خەتنى يازدىم. ئۆزۈمچە رەيھان كۆڭۈلسىز بولسۇن، دەپ ئۇنى گۈزەللىكتە كۆككە كۆتۈرۈپ تېتىقسىز ماختىدىم. بۇ قۇرلار ۋايىتقا بەك ياراپ كەتتى، ئۇ خۇددى توي خېتىنى ئالغان يىگىتتەك خەتنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مېنى نېمىشقىدۇر يىغا تۇتاتتى. رەيھاننى قاراپ تۇرۇپ قولدىن چىقىرىپ قويۇۋاتقىنىمغا، ئۆزۈمنىڭ بىر ياش بولسىمۇ كىچىك بولۇپ قالغىنىمغا، بويۇمنىڭ پاكار، بەستىمنىڭ ئاۋاق بولۇپ قالغىنىغا ئىچ - ئىچىمدىن ئاچچىقىم كېلەتتى. يۈرىكىم ئېچىشاتتى. مەن بېشىمنى چاپان بىلەن پۈركۈۋېلىپ ئۇزاققىچە يىغلىدىم.

## 5

خېلى كۈنلەرگىچە رەيھان مەھەللىدە كۆرۈنمىدى، ئاڭلىساق ئۇ شەھەرگە كىچىك دادىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ مەھەللىدىن كېتىشىنى گەپ - سۆزلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ قىلغان ئىشى دەپ جەزملەشتۈردۈم. دېمىسىمۇ شۇ كۈنلەردە ۋايىت بىلەن ئۇنىڭ توغرىسىدىكى گەپ مەھەللىنى بىر ئالغاندى. ۋايىتنىڭ ئاپىسىمۇ ئاياللارغا رەيھانلارنىڭكىگە ئەلچى كىرگۈزمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھازىر ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ ئىدى.

— زەينەپنىڭ ئۇ ئالىقىپىغا رەيھان زايىغۇ، — ئاپام چاي ئۈستىدە ئېتىمىزدا بولۇنغان گەپلەرنى سۆزلەپ بېرىپ شۇنداق دېدى ۋە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ماڭا قاراپ قويدى.

— ئەلچى كىرگۈزۈپتۇمۇ؟ — دادام ئېرەنسىزلىك بىلەن سورىدى.

— كىرگۈزگەن ئوخشايدۇ، رەيھاننىڭ ئاتا - ئانىسى «بىز قىزىمىزنىڭ رازىلىقىنى ئالايلى» دەپ ياندۇرۇپتۇ.

— ھىم، تەقدىر - پېشانە دېگەن شۇ، بۇ قاۋان قول سالغانلا نەرسىنى يۇلۇپ ئالماي قويمايدۇ.

— بىچارىلەرنىڭ كۆرگۈلۈكى بار ئىكەندە.

ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم جايىغا چۈشكەندەك بولدى. كۆڭلۈمدە بىر ئۈمىد پەيدا بولدى. كەچقۇرۇن دۇكاننىڭ ئالدىدا ۋايىت ئۇچراپ قالدى. تۇرقىدىن ئازراق ئىچكەندەك قىلىدۇ، كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ يېنىغا چاقىردى. مەنمۇ ئۇنى ھېلىقى كۈندىن بۇيان كۆرمىگەنىدىم.

— ئىشلىرىڭ قانداق؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭدىن ھەقىقىي گەپنى ئۇقماقچى بولۇپ.

— رەيھان شەھەرگە كىرىپ كېتىپ چىقمايۋاتامدۇ؟

— خەتنىڭ جاۋابىنى بەردىمۇ؟
— ياق، ئۇنىڭ شەھەردە يۈرگەن يىگىتى يوقتۇر ـ ھە؟
— كىم بىلىدۇ.
— بىكارغا ئەخمەق بولۇپ يۈرمىسەك بولاتتىغۇ، ھازىر قولۇم زادىلا ئىشقا بارماس بولۇپ قالدى.
— كىم بىلىدۇ، رەيھان شەھەردە قىشلاپ چىقامدۇ، — مەن ۋايىتنىڭ كۆڭلىگە تېگىش ئۈچۈن ئەتەيگە شۇنداق دېدىم.
ۋايىتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. تۇرغان گەپ، ئۇ شۇ تاپتا رەيھاننىڭ ئوت ـ پىراقىدا ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويايلا دېگەندى. تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى.
— مەن شەھەرگە كىرىپ ئۇقۇپ باقايمىكىن دەۋاتىمەن.
ۋايىت شەھەرگە كىرىشكە ئۈلگۈرمەستىنلا رەيھان مەھەللىگە قايتىپ چىقتى، ئۇنىڭ قايتىپ چىقىشىغىمۇ دادىسى سەۋەبچى بولدى. ياقۇپجان ئۇستام ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋېتىپ تۇ-يۇقسىزلا يىقىلىپ تىلى گەپكە كەلمەس بولۇپ قاپتۇ. شۇ كۈنىلا ئۇنى ئەترەتتىكىلەر ھارۋىدا ئاۋۋال گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا، ئۇ يەردىن ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئەكەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ رەيھان ئۆيگە يېنىپ كەلدى. دوختۇرلار ياقۇپجان ئۇستام توغرۇ-لۇق خېلى ئۇزاق يېتىپ قالىدىغانلىقىنى گېپىنى قىپتۇ. ئەمدى رەيھان تالا ـ تۈزدىمۇ كەم كۆرۈنىدىغان بولدى. ئارىلاپ ئاپام بېرىپ يوقلاپ كېلەتتى.
بىر كۈنى ئۇ غەمكىن ھالدا ئۇلارنىڭكىدىن كەلدى.
— ئەجەب بۇلارغا كەلگۈلۈك كېلىپ كەتتىغۇ، سەرگەردان بولغىنى يەتمىگەندەك ياقۇپجاننىڭ ئاغرىپ قالغىنىنى كۆرمەمدى-غان. بۈگۈن بارسام بىچارە رەيھان يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. «نېمە بولدى» دېسەم، ماشىنىنى سېتىۋەتتۇق، بىزنىڭ جېنىمىزنى بېقىۋاتقان نەرسە مۇشۇ ئىدى، دادام بىر ئۆمۈر تۇتقانىدى، ئاڭلى-سا نېمە بولۇپ كېتەر، ساتمايلى دېسەك، چاي ـ تۇزغا خىراجەت

قىلغۇدەك ھېچنەرسىمىز قالمىدى» دەيدۇ. بىچارىلەرنىڭ ھالىغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى.
— بىزنىڭ ماشىنىنى بېرىپ تۇرساق بولمامدۇ، بىكارلا تۇرىدىكەن ئۆيدە، — مەن جۇرئەت قىلىپ ئاپامغا دېدىم.
— مەنمۇ شۇنى ئويلىدىم، شۇنىسى داداڭنىڭ ئاچچىقى كې-لەرمىكىن؟
— نېمىشقا؟
— ئۇنسۇرغا ياردەم قىلدى دەپ خەقلەر گەپ تاپسىچۇ.
— دادام ئۇنداق دېمەيدۇ، بولدى، مېنى ئاپىرىپ بېرىپتۇ دەپ دۆڭگەپ قويغىنە.
— شۇنداق قىلامدۇق بالام، داداڭ خاپا بولسىمۇ بىردەم سۆزلەپ توختاپ قالار، ئەمما داداڭنىڭ يوق ۋاقتىدا ئاپىرىپ بەرگىن.
— ماقۇل.
مەن قاراڭغۇ چۈشۈشىنى كۈتتۇم. ئىچىمدە سۇ قۇرۇلۇشقا كەتكەن دادام بۈگۈن كەلمىسكەن، دەيتتىم، ماشىنىنى چۈۋۈپ ئاۋايلاپ تاغارغا يۆگەپ ۋېلىسىپىتكە تېڭىپ تەييار قىلىپ قوي-دۇم. كۆز ئالدىمغا رەيھاننىڭ ماشىنىنى كۆرۈپ قانداق خۇش بولۇپ كېتىدىغانلىقى، «ئادىل، سىز نېمىدېگەن ئوبدان» دېيىش-لىرى كېلىپ، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلاتتى. ئەلىياتقۇ بولغاندا ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ قورۇدىن چىقتىم. تەلىيىمگە دادام بۈگۈن كەلمىدى. مەن خۇددى ئوغرىلىققا ماڭغان ئادەمدەك قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ كېتىۋاتىمەن. بىردەم-دىلا رەيھانلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى هارۋا يولىغا چىقتىم. دۆڭ-دىكى ئۆي ئاي قاراڭغۇسىدا قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەنە ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى تېرەكلىك ئېنىق كۆرۈندى. مەن ئامال بار ئاۋاز چىقارماسلىققا تىرىشىپ ۋېلىسىپىتنى يېنىك ھەيدەپ كېتىۋاتىمەن. تۇيۇقسىز ۋېلىسىپىتنىڭ قوڭغۇراق ئاۋا-

زى ئاڭلاندى. مەن ۋېلسىپىتنى يولنىڭ چېتىدىكى چاتقاللىقنىڭ كەينىگە سۆرەپ يوشۇرۇندۇم. دېگەندەك هايال ئۆتمەي ئىككى ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بىرى ۋېلسىپىت يېتىلىۋالغانىدى. مەن دېمىمنى ئىچىمگە تارتىپ چاتقاللار ئارىسىدىن سەپسالدىم. ئۇلار ئاستا مېڭىپ كېلىۋاتاتتى، مەن ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن تونۇپ قالدىم. ئۇلار ۋايىت بىلەن رەيهان ئىدى. ۋايىت هەدەپ سۆزلەۋا-تاتتى:

— سىز ماڭا جاۋابنى بېرىۋېتىڭ، ئاندىن قانچە ساقلا دېسىڭىزمۇ ساقلايمەن، راست، مېنى بۇنداق قىينىماڭ، رەيهان!

— ۋايىت! سىز ئاڭلىق يىگىت، مەن سىزگە دېدىمغۇ، هازىر ماڭا بۇلارنى ئويلايدىغان ۋاقىت ئەمەس، دادامنىڭ ئەهۋالىنى ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مېنى بۇنداق قىستىماڭ!

— مەن هازىرلا توي قىلايلى دەۋاتقىنىم يوقمۇ، پەقەت سىز...

— مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى چۈشەندىم. لېكىن مېنىڭمۇ ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرىم بار، مەن سىزگە راست گەپنى قىلسام، ئوقۇش ئارزۇيۇم بار، دادام ياخشى بولۇپ قالسا ئوقۇشقا بارىمەن.

— قانچە يىل ئوقۇسىڭىز كۈتىمەن!

— ياق، ۋايىت! سىز مېنىڭ ئەهۋالىمنى چۈشەنمەيسىز، مەن هەممە گەپنى دېدىمغۇ. ئەمدى قايتىپ كېتىڭ، مەھەللىدىكى بىرەرى كۆرۈپ قالسا ياخشى ئەمەس.

— خەقلەر نېمە دېسە دېسۇن.

— مېنى ئاياڭ، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي! خەير - خوش!

— رەيهان، مەن سىزنىڭ جاۋابىڭىزنى كۈتىمەن!

ۋايىت رەيهاننىڭ كەينىدىن ۋارقىراپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى، رەيهان بولسا ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ قورۇغا كىرىپ كەتتى.

ۋايىت بىرپەس ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇردى. تاماكا تۇتاشتۇ-رۇپ چەكتى، ئۇ شۇ تاپتا ئەلەم، ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇ-ۋاتقاندۇ، كۆڭلى قانائەت تاپقۇدەك جاۋاب ئالالمىغانلىقىغا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايۋاتقاندۇ. نېمىشقىدۇر بىر خۇشلۇق ۋۇجۇ-دۇمنى تىترەتتى. ئادەمنىڭ يۈرىكى سېزىدىكەن، مەن رەيھاننىڭ ۋايىتقا ماقۇل دېمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم، يۈرىكىم شەپە بېرەت-تى. بۈگۈن مانا مەن دېگەندەك بولۇپ چىقتى. ھەممىدىن رەيھان-نىڭ «ئوقۇشقا بارىمەن» دېگەن گېپى مېنى قەۋەتلا خۇش قىلى-ۋەتتى. دېمەك، ئۇمۇ مەن بىلەن بىر نىيەتتە ئىكەن، بىزنىڭ ئارزۇيىمىز، يولىمىز ھامان بىر.

ۋايىت بىردەم قاراڭغۇ بوشلۇققا قاراپ تۇردى ـ دە، مەھەللە تەرەپكە قاراپ كەتتى، مەن چاتقاللىق كەينىدىن چىقتىم، ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. مەن ۋېلىسىپىتنى ئىتتىك ـ ئىتتىك ئىتتىرىپ رەيھانلارنىڭ قورۇسىغا كىردىم. پاكارغىنە ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن سۇس چىراغ نۇرى يورۇپ تۇراتتى. مەن رەيھاننى قورقۇتۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئەتەيگە ئاۋازلىق يۆتىلىپ قويۇپ رەيھاننى چاقىردىم.

— كىم؟ — ئۆي ئىچىدىن رەيھاننىڭ ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن، ئادىل.

رەيھان ئىشەنمىگەندەك بىردەم تىڭشاپ تۇردى ـ دە، ئىشىك-نىڭ ئىلغۇچىنى چۇشۇرۇپ ئاچتى:

— ئادىل، نېمە بولدىڭىز؟ — رەيھان بىر ماڭا، بىر ۋېلى-سىپىتكە قاراپ تېڭىرقاپ سورىدى.

— ماڭا ياردەملىشىپ بېرىڭە، — مەن ۋېلىسىپىتنى تۇرغۇ-زالماي ئۇنىڭغا دېدىم.

رەيھان ئىتتىك كېلىپ ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىنى تۇتۇپ بەردى.

— نېمە بۇ، ئادىل؟

— هازىر ئۇقىسىز،— دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب بەرمەي. كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا ئېنىق گەپنى دېسەم «ياق» دەپ قايتۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرىدىم.

مەن ماشىنىنى تاڭغان ئارغامچىنى يېشىپ تاغارنى چۈشۈردۈم. رەيھان بولسا، هاڭ - تاڭ بولغىنىچە قاراپ تۇراتتى. ئاندىن ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىردىم. رەيھان شۇ چاغدىلا نېمىلىكىنى ئۇقۇپ ماڭا سوئال بىلەن باقتى.

— ماشىنا ئىكەنغۇ؟

— هەئە، ئۆيدىكىلەر سىلەرنى ئىشلىتىپ تۇرسۇن دەپ ئەۋەتتى، — دېدىم مەن.

— ۋىيەي، نېمە قىلغىنى بۇ؟

— رەيھان، ئۆزىڭىزمۇ كۆردىڭىز، ماشىنا بىزنىڭكىدە بىكارلا تۇرۇپ دات بېسىپ كېتەي دېدى، ئۇنىڭدىن سىز ئىشلىتىپ تۇرامسىز.

— ئايىم ھەدەم ماشىنىنى سېتىۋەتكىنىمىزنى ئاڭلاپ ئەۋەتىپتۇ - دە، مەن نېمىدەپمۇ دېگەن بولغىيدىم؟

— رەيھان، بىزنى شۇنداق يات كۆرەمسىز؟

— ياق، ئەمدى سىلەرگىمۇ لازىمدە، ئەختەمكام نېمىدەپ قالدىۇ؟

— دادام ھېچنېمە دېمەيدۇ، ماشىنىنى قۇراشتۇرۇشنى بىلىدىغانسىز؟

— بىلىمەن...

— ئۇنداق بولسا مەن كەتتىم،— دېدىم ئورنۇمدىن تۇرۇپ.

— ئادىل، ئاران بىر كەلگەندە، قۇرۇقلا قايتىدىغان بولدىڭىز، ھە راست، ئوقۇشنىڭ گېپى قانداقراق، خەۋەر بارمۇ؟

— هازىرچە تېخى جىمىغۇ. ئۇچۇر بولسا مەن خەۋەر قىلىمەن.

— ماقۇل.
— ھە راست، ياقۇپچىنىڭكام قانداقراق بولۇپ قاپتۇ؟
— دادامنىڭ ھالى بىر خىللا، پالەچ بولۇپ قالامدىكىن دەپلا ئەنسىرەۋاتىمەن. ئاپام يېنىدىن ئايرىلماي تۇرۇۋاتىدۇ، — رەيھاننىڭ چىرايىنى ھەسرەت باستى.
— ياخشى بولۇپ قالار. خوش، كېچە بولۇپ كەتتى. مەن قايتاي.
— رەھمەت ئادىل، ئايىم ھەدەمگىمۇ سالام ئېيتىڭ، سىلەر بولمىساڭلار بىز قانداق قىلاتتۇق، كىيىملىرى بولسا ئەكەلسۇن!
رەيھان مېنى ھويلىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ماڭا ئۇ شۇ كۈنلەردە خېلىلا ئورۇقلاپ قالغاندەك كۆرۈندى. دېمىسىمۇ ئۇ-نىڭغا ئاسانمۇ. بىر قىز بالا پۈتۈن ئائىلىنىڭ غېمىنى يەۋاتسا، ئەگەر ئۆيدە مەندەك بىر ئەر بولغان بولسا ـ ھە؟
— بايا يولدا بىرەرى ئۇچرىمىغاندۇ؟ — رەيھان خۇدۇكسىر-گەن ھالدا سورىدى.
— ياق، — دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ.
رەيھان يېنىك تىنغاندەك بولدى ۋە كۈلۈپلا قويدى. ئۇ ئاشۇ كۈلكە ئىچىگە قەلبىدىكى پۈتۈن ئازاب، سىرلارنى يوشۇرۇپ ئەكىرىپ كەتتى. ئۇ ۋايىتنىڭ ئىسمىنى چىقارمىدى، مەنمۇ سورىمىدىم، لېكىن شۇ تاپتا يۈرىكىنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىۋات-قانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم، كىم بىلىدۇ، ئەتە ـ ئۆگۈن ئۇ يۈزىنى ئۆرۈپلا مېنىمۇ ۋايىتنى قوغلىغاندەك ھەيدىۋېتەمدۇ؟ بەلكىم ئۇنىڭ شەھەردە يۈرگەن يىگىتى باردۇ. بىز بۇ يەردە قۇرۇق تەمەنى قىلىپ يۈرگەن بىلەن ۋاقتى كەلگەندە پەشنى قېقىپلا بىزنى داغدا قويۇپ كەتىسچۇ، قىزلارنىڭ قەلبىنى تېگى كۆرۈنمەس كۆل دېگىنى راست ئىكەن، ئۇنىڭ تېگىدە نېمىلەر بارلىقىنى ھېچكىم ئۇقمايدۇ، بولۇپمۇ رەيھاندەك ئوقۇغان، تەر-بىيە كۆرگەن شەھەر قىزلىرىغا ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ مېنىڭ

كۆڭلۈمگە ئازابلىق بىر ئەنسىزلىك كىرىۋالدى. ئۆيگە كىرىپ يېرىم كېچىگىچە ئۇيقۇم كەلمىدى، مەن رەيھاننى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى، ئۇنىڭسىز ماڭا ھاياتنىڭ مەنىسىز ئىكەنلىكىنى شېرىن بىر ئازاب بىلەن ھېس قىلدىم.

دادام ماشىنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ماڭا ئىتتىك قارىدى:

— بۇ ئەقىلسىزنى ھەرقاچان سەن كۆرسەتتىڭغۇ دەيـ مەن، — دېدى ئۇ چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن، — بوپتۇ، ياخشى قىپسىلەر، بىچارىلەرگە تەس بولدى.

ئاپام يېنىك تىن ئالدى، دادامنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيغانىدى.

## 6

ياز كېتىپ، قىش كەلدى، يالىڭاچلانغان ئېتىزلار بىلەن دەل - دەرەخلەرنى قېلىن قار قاپلىدى، ئاچچىق تاغ شامىلى يۇزلەرگە يىڭنە بولۇپ سانجىلاتتى. قىشنىڭ كالتە كۈنى بىردەمـ دىلا تۈگەپ، زېرىكەرلىك ئۇزۇن كېچە باشلىناتتى، دېھقانچىلىقـ نىڭ ئىشلىرىمۇ تۈگىدى، ئەمدى ئەزالارنىڭ بىردىن - بىر قىلىدىغان ئىشى مال قوتانلىرىدىكى ئوغۇتلارنى چىقىرىش، ئۇنى ئېتىزغا يۆتكەشلا ئىدى. پۈتۈن بىر ياز ئىشلەپ ھارغان دېھقانلار ئەتىگىنى كۈن ئارغامچا بويى ئۆرلىگەندە قوپۇشۇپ، ئالدىرىماي چېيىنى ئىچىپ، ئاندىن ئېرىنچەكلىك بىلەن بىردىن - ئىككىدىن خامانغا يىغىلىشاتتى. كاڭدا يېتىپ زېرىككەن قېرىلارمۇ چاقىرغاندەكلا شۇ يەرگە پەيدا بولۇشاتتى. ئۇلار خامان كۆزەتچىسى ياسىن كورەكنىڭ پاكار ئۆيىنىڭ كۈنگەي تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشۇپ قىشنىڭ ئىلمان ئاپتىپىغا قاقلىناتتى ۋە بۇ يىلقى قىشنىڭ كېلىشى، كۆزگىلەرنىڭ مايسىلىرى ھەققىدە ئالدىرىماي سۆزلىشەتتى. قولىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلىشىپ ئاۋرال تېغىغا

چۈشكەن قارنى مۆلچەرلىشەتتى.

ياشراق ئەزالار بىردەم قوتاندىن قىغنى چىقىرىپلا «دەم ئالايلىلا» دېيىشىپ قوتانىنىڭ سوقما تېمىغا قاغىلاردەك قونۇشۇپ ئولتۇرۇپ قوتاندىكى ئاتلارنى باھالاشقا باشلايتتى:

— قارىغىنە ھاشىر، قارا بايتالنىڭ تېيى بەيگىگە سالغۇدەكلا ئات بولغۇدەكتە - ھە، پۇتلىرىغا قارىغىنە.

— ئالدىنقى بالىسىمۇ نوچى چىققانتى، ھېلىم دېگەن نېمە ھارۋىدا زىڭلى قىلىۋەتتى - دە ئۇنى.

— ئاشۇ قانجۇق ھارۋىكەش بولغاندىن كېيىن ئىش پۈتتى دېگىنە. ئۇ ئېشەك ھارۋىسى ھەيدىسە بولىدۇ.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن دادۇيجاڭنىڭ ئىنىسىدە...

— ھاسانكامنىڭ تورۇقى ئاقساپ قاپتۇغۇ؟

— بايتاللاردىن بىرى تېپىۋەتكەن ئوخشايدۇ - دە.

— لېكىن، ئات بالىسى بۇنداق كۆچلۈك چىقمايدۇ جۇمۇ، ئۇزا سۇ قۇرۇلۇشىغا تاش توشۇغاندا يارداڭدىن باشقا بىرمۇ ھارۋا چىقالمىدى، قاشقا تورۇق ھارۋىنى يالغۇز ئۈزى سۆرەپ غىڭ قىلماي چىقىپ كەتتى جۇمۇ!

— بۇ يىل ئاتلارنىڭ ھالى چاتاققۇ. تاغقا چىققۇچە نەچچىسى ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

— سېسىق سامانغا قالغاندىكىن قانداق بولاتتى.

قىشنىڭ قىسقا كۈنى تېرەكلەر كەينىگە ئۆتۈپ، دۆمبىلىردىگە سوغۇق ئۆتكەندىلا ئۇلار تامدىن چۈشۈشۈپ ئۆيلىرىگە تارشاتتى ۋە ئاياللىرى ئەتكەن گۆشسىز سۇيۇقئاشنى تەرلەپ تۇرۇپ ئىچىپ بولۇپ، قىشنىڭ ئۇزۇن ئۇيقۇسىغا باش قوياتتى. دېھقاننىڭ كۈنى شۇ — ئۇنىڭ ئالدىرىغۇدەك ھېچبىر ئىشى يوق. كۈنىگە سەككىز نومۇر ئالسا بۇلدى. قورساق ئاچسا ئەترەتنىڭ ئامبىرى بار، قوناق بولسىمۇ بار، قالغىنىنى ياراتقان ئىگەم بېرىدۇ.

دېھقانلارنىڭ بىكار بولۇپ قالغانلىقىنى ھۆكۈمەتمۇ بىلىپ قالدىمۇ قانداق، يېزىغا ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ياردەم بېرىدۇ، دېگەن نام بىلەن شەھەردىن خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. بىزنىڭ ئەترەتكە بانكىدا ئىشلەيدىغان نىزام ئىسىملىك ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى ئورۇقلۇقتا ئىسكىلىتقىلا ئوخشايدىغان بىر كادىر مەسئۇل بولۇپ كەلدى. ئۇ كېلىپ تۇنجى مەجلىس ئاچقان كۈنىلا مەھەللىدىكى باللار ئۇنىڭ ئۇستىدە چاقچاق قىلىشىپ ئوخشىتىشتى:

— كادىرنىڭمۇ تازا نوچىسىنى ئەۋەتىپتۇ - دە بىزگە.

— تۇرىگە قارىغاندا بەرگەن نورمىنى يېمەي پۇلغا تېگىشكەن بولسا كېرەك.

— شۇڭا ھۆكۈمەتمۇ نورما يوق يەرگە بېرىپ ئەت قوندۇرۇپ كەل دەپ ئەۋەتكەن گەپ - دە.

— مۇشۇنداقتىن تۆتى كېلىدىغان بولسا شۇ ئەترەتنى دىۋانە قىلىۋېتىدۇ - دە.

— ئەمدى مەجلىس دېگەنگە كېكەرتىۋېتىدىغان بولدى بىزنى.

ئۇ كۈندۈزلىرى ئەزالار ئىشلەۋاتقان يەرگە چىقىپ بىر ئايلىنىپ قويۇپ ياتىقىغا كىرىپ كېتەتتى - دە، كەچتە مەجلىس ۋاقتىدا بىراقلا چىقاتتى. بىر كۈنى دادام ئۇنى ئۆي تامىقى سېغىنغانسىز دەپ ئۆيگە باشلاپ كەلدى. قاراپ تۇرسام لەڭمەندىن ئىككى تەخسىنى گەپ قىلماي سوقۇۋەتتى. مېنىڭ قايتا تەربىيىدە تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئاڭلاپ قىزىققاندەك قاراپ قويدى.

— يۇقىرىدىن بىرەر سان - پان كەلمىدىمۇ؟ — ئۇ دادامدىن سورىدى.

— ئانچە - مۇنچە كەلدى، لېكىن بىزگە ئاشامدۇ.

ئۇ كۈلگىنىچە بېشىنى چايقىدى.

— قىزىقكەنسىزدە ئەختەمكا، سىز ئەترەتنىڭ باشلىقى تۇ-

روْپ سىزگە ئاشمىسا قانداق بولغىنى، هازىر تارتىنىپ تۇرىدىغان زامان ئەمەس.

— بۇ بالىنىڭ يۇقىرى مەكتەپتە ئوقۇغۇسى بار ئىدى.

— هازىرچە مەكتەپلەرگە تېخى بالا ئالمىدى، شۇڭغىچە بىر يەردە ئىشلەپ تۇرمامدۇ؟ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ تۇرسا قانداق؟

— دادۇي مەكتىپىدە دەمسىز؟

— هەئە.

— ئوقۇتقۇچى ئالامدىكەن؟

— قايسى كۈنى دادۇيدە مەكتەپنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتاتتى، مائارىپ كادىرى بىلەن قانداقراقسىز؟

— تونۇشۇمغۇ تونۇيمەن. لېكىن ئەسرا بولۇشمىغان.

— بۇنىڭ ئىشى ئاسان قاراڭ، — ئۇ دادامغا يېقىن سۈرۈل-دى، — ئەترەتتە ماي بىر نېمىلەر باردۇ؟

— تەييار ماي يوق، زىغىر بار.

— هە، شۇنىڭدىن بەش — ئون كىلو ماي تېگىشىڭ، ئۇنى بىردەمدىلا هەل قىلىمىز.

— بۇ قانداق بولار؟ — دادام ئىككىلەندى، — باشقىلار ئۇقۇپ قالسا ياخشى بولماسمىكىن؟

— قىزىقكەنسىز - دە، ئەختەمكا، سىز دېگەن ئەترەتنىڭ باش دۇيجاڭى، نېمىدىن قورقاتتىڭىز، ئەگەر باشقىلار سوراپ قالسا خىزمەت گۈرۈپپىسىدىكىلەرنىڭ تامىقىغا بەردۇق دېسىڭىز پۈتمىدىمۇ؟

مەن بۇ ئاۋاقنىڭ پەمىگە قول قويدۇم، ئۇ دېگەندەك بىر ئايغا قالمايلا مەن دادۇي باشلانغۇچ مەكتىپىگە خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئورۇنلاشتىم، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كۈن ئارىلاپلا كېلىدىغان بولدى. هەر كەلگەندە ئۆزىگە بىرەر نەرسىنى هەل قىلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ سورىمايدىغان نەرسىسى يوق ئىدى.

بىر كۈنى توخۇغا چار دەيتتى، بىر كۈنى يازدا ئۆي ياسىماقچىدىم، ساماندىن بىر هارۋا ئاپىرىپ بېرىڭ، دەيتتى. هەر قېتىم ئۆيگە ماڭغاندا تۇخۇمدىن تارتىپ قايماقچە يىغىپ ماڭاتتى. ئۇ گويا بۇ يېزىغا خىزمەتكە ئەمەس، بىر نەرسىلەرنى يىغقىلى چىققاندەكلا ئىدى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ دادام بىلەن دالان ئۆيدە قىلىشقان پارىڭىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— جىنەستە ھەدەمنىڭ تاماقتا پەيزى يوق ئايال ئىكەن، — دېدى ئۇ ئۇنىڭغا ئاش ـ تاماق ئېتىپ بېرىدىغان ئايال توغرۇلۇق گەپ قىلىپ،— كەچكىچە سۆيۈقئاشلا ئېتىدىكەن.

— ھەر قېتىم كادىرلار كەلسە شۇ ئايال ئېتىۋاتقان،— دادام ئوڭايسىزلانغاندەك دېدى.

— مېنىڭ ئاشقازىنىم چاتاق دەڭە ئەختەمكا، بۇ ئايالنىڭ قولىدا ئاغرىپ قالىدىغان ئوخشايمەن، باشقا بىرىنى ئاجرىتىپ بەرسەڭلار بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— سەھرانىڭ تامىقىغا كۆنمەيسىز ـ دە،— دادام ئويلىنىپ قالدى،— سىزگە كىم ئېتىپ بەرسە بولىدىكىن؟

— ئاڭلىسام شەھەردىن كەلگەن رەيھان دېگەن قىزنى تاماقتا ئۇستا دەيدىغۇ؟

— رەيھانــمۇ؟ — دادام خاۋاتىرلەنــگەن ھالدا يانــدۇرۇپ سورىدى.

مەن قاچانلاردا ئۇنىڭ رەيھاننى بىلىۋالغانلىقىنى ئۇقالماي ھەيران بولدۇم، كۆڭلۇم نېمىشقىدۇر ئەسكى بولۇپ قالدى. ئۇ نەلەردە يۈرۈپ رەيھاننىڭ تاماقتا ئۇستىلىقىنى بىلىۋالغاندۇ. ياكى رەيھاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرۇۋاتامدۇ ـ يا. مەن دادامنىڭ ياق دېيىشىنى كۈتۈپ تۇراتتىم.

— رەيھانغۇ شەھەردە ئۆسكەن قىز، تاماقتا ئۇستا بولۇشى مۇمكىن،— دېدى دادام بىر ئازدىن كېيىن تەستە،— شۇنىسى

هازىر ئۇنىڭ كۆڭلى جايىدا ئەمەس، دادىسى ئاغرىپ بالنىستتا يېتىۋاتىدۇ، قانداق بولاركىن؟

— مەن ئۆزۈم سۆزلىشىپ باقايمۇ ـ يا؟

— ياق، مەن سۆزلىشىپ كۆرەي، بەلكىم ئۇناپ قالار.

مەن دادامنىڭ نائىلاجلىقتىن ماقۇل دېگەنلىكىنى سېزىپ تۇردۇم، مەن ئىچىمدە رەيھان چوقۇم ئۇنىمايدۇ، بۇ گەپنى ئاڭلىسا دادىسىنىڭ يېنىغا كېتىشى مۇمكىن، دەپ ئىشىنەتتىم، لېكىن ئەتىسى دادامدىن رەيھاننىڭ تاماق ئېتىشكە ماقۇل بولغانلىقىنى ئاڭلاپ هەيران قالدىم. رەيھان نېمە ئويلايدىغاندۇ؟ دادامغا يۈز كېلەلمىدىمۇ ـ يا؟ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم دەككە ـ دۈككىگە چۈشتى. ماڭا رەيھان ئاشۇ ياغاقنىڭ كەينىگە كىرىپ بۇ يەردىن كېتىپ قالىدىغاندەكلا تۇيۇلۇپ، ئىچىم ئاچچىق بولۇپ قالدى.

ئەمدى مەن رەيھاننىڭ هەر كۈنى ئەترەت ئىشخانىسىغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىدىغان بولدۇم، مېنىڭ كۆزۈمگە ئۇ بارغانچە تولۇپ، چىرايلىقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بىر كۈنى مەن ئۇ ماڭىدىغان ۋاقىتنى مۆلچەرلەپ مەكتەپتىن قايتتىم، بىز دېگەندەك ئەترەت ئىشخانىسىنىڭ بېرىسىدىكى تېرەكلىكتە ئۇچرىشىپ قالدۇق.

— ئادىل، قانداق ئەهۋالىڭىز؟ — رەيھان مېنى كۆرۈپ بۇرۇنقىدەكلا قىزغىن ئامانلىق سورىدى.

— قەدىر ئەهۋال.

— مۇبارەك بولسۇن، مەكتەپكە ئورۇنلىشىپسىز.

— ئۆزىڭىزدىن بولسۇن، سىزنىمۇ مۇبارەكلەمدۇق قانداق؟

— مېنىمۇ؟ نېمىدەپ؟ — ئۇ ئەجەبلەنگەندەك سورىدى.

— سىزنىمۇ ئاشپەزلىككە بەلگىلىنىپتۇ دەپ ئاڭلايمەنغۇ.

رەيھان دالىنى بېشىغا كىيىپ قاقاقلاپ كۈلدى.

— ئەجەب شاڭخوچى بولۇپ كېتىپسىز، ئادىل، — ئۇ

كۆلگىنىچە كۆزىگە چۈشكەن چىچىنى كەينىگە قايرىدى، — بىزگە شۈنچىلىك خىزمەتنىڭ تەگكىنىگە خۇش بولۇپ كېتىۋاتامەنمۇ قاراڭ.
— مەن سىزنى ئۇنىماسمىكىن دېگەن.
— تەشكىل دېسە ئۇنىماي بېشىم ئونمۇ مېنىڭ.
— ياقۇپكامنىڭ ئەھۋالى قانداق؟
— شۇ بىر خىللا …، — رەيھاننىڭ چىرايى غەمكىن تۇس ئالدى، — نىزامكام شەھەردىن ئىشچىلىققا سان كېلىپ قالسا ياردەم قىلىمەن دەۋاتىدۇ، كىم بىلىدۇ.
مەن ھەممە نەرسىنى چۈشەندىم. رەيھان ئەسلىدە شۇ مەق- سەتتە ئۇنىڭغا تاماق ئېتىشكە ماقۇل دېگەنىكەن - دە، دېمەك رەيھان بۇ يەردىن كېتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ - دە.
— رەيھان، — دېدىم ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ، — مەن مەك- تەپ مۇدىرى بىلەن سىز توغرۇلۇق سۆزلىشىپ باققانىدىم.
— نېمىدەپ؟
— سىزنى خەلق ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئالماقچى بولدى.
— راستمۇ؟ نېمىشقا بالدۇرراق دېمەيسىز؟ — ئۇنىڭ كۆز- لىرى خۇشاللىقتىن ئويناپ كەتتى.
— لېكىن بۇنى گۇڭشې تەستىقلىشى كېرەككەن، ئاۋۇ نىزام كادىر ياردەم قىلارمۇ؟
— مەن نىزامكامغا ھازىرلا دەپ باقاي، چوقۇم ياردەم قىلىدۇ.
— ئەمىسە ئەتىگىچە جاۋابىنى بېرەرسىز، مۇدىرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتقانلار خېلى بار ئىكەن، جۇمۇ!
— ماقۇل ئادىل، رەھمەت سىزگە.
ئۇ ماڭا ئوتلۇق تەبەسسۇمغا تولغان كۆلۈمسىرەشنى ھەدىيە قىلىپ كەتتى. ئەتىسى مەن ئۇنى يەنە شۇ يەردە كۈتۈپ تۇردۇم، قاياقتىن پەيدا بولدى، يېنىمدا ۋايىت ھازىر بولدى. مەن مەكتەپ-

كە ئوقۇتقۇچى بولغاندىن بۇيان ئۇنى كۆرمىگەنىدىم.
— تونۇپ كېتىپسەنغۇ؟ — دېدى ئۇ ماڭا سوغۇق نەزەر تاشلاپ.
— ھە، بىكار، — مەن ئۇنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالدىم.
— يوشۇرۇپ كەتمىسەڭمۇ بىلىمەن، رەيھاننى ساقلاۋاتقانسەن؟
— ياق، ئۇنى نېمىشقا ساقلايمەن؟
— ئادىل، — دېدى ئۇ ئۇرۇشىدىغاندەك ماڭا ھۈرپىيىپ، — مەن سەندىن بۇنى كۈتمىگەنىدىم، ئوشۇق گەپ قىلما، تونۇگۇن ئىككىڭلار شۇنچە ئۇزۇن نېمە دېيىشتىڭلار، مەن ھەممىنى كۆرۈپ تۇردۇم.
— ھېچنېمە، — مەن بولغان گەپنى يوشۇردۇم، — ياقۇپكامنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم.
— مېنى ئالدايمەن دېمە.
— راست.
— مەن ساڭا دەپ قوياي، — ئۇ ھەر بىر سۆزنى چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ دېدى، — ئەگەر رەيھاننى ئازدۇردىغان بولساڭ مېنىڭدىن ياخشىلىق كۆرمەيسەن.
ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، يەرگە قاتتىق بىر تۈكۈرۈپ قويۇپ مەھەللىگە قاراپ كەتتى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. تۇرۇپلا ئاچچىقىم كەلدى. ۋايىت نېمىشكە بۇنچە يوغانچىلىق قىلىدۇ؟ ياكى رەيھان ئۇنىڭ ئىلكىدىكى قىز بولمىسا، شۇ دېگىنىڭگە يۇرسەم قانداق قىلىسەن؟
— ئادىل!
رەيھاننىڭ چاقىرىشىدىن ئېسىمگە كەلدىم.
— ھازىر سىز بىلەن تۇرغان ۋايىتمۇ؟ — سورىدى ئۇ.
— ھەئە.
— نېمە دەيدۇ؟

— ھېچنېمە، — مەن گەپنى يوشۇردۇم، — دادۇيگە بېرىپ كېلەمدۇق دەيدۇ. ھە، قانداق بولدى؟

رەيھان ئوڭايسىزلانغاندەك كۆزىنى يەرگە ئاغدۇردى.

— ئىزامكام، «تۇرۇپ تۇرۇڭ، يېقىندا شەھەرگە سان كېلــىــپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ، شۇنىڭغا بىر ئامال قىلايلى» دەيدۇ.

مەن ئەمدى ئېنىق ئىشەندىم، رەيھاننىڭ شەھەرگە قايتىپ كېتىش نىيىتى بار ئىكەن، مېنىڭ پۈتۈن ئۈمىدىم ئۈزۈلگەندەك بولدى.

— سىز راستىنىلا شەھەرگە قايتىپ كېتەمسىز؟

— دادامنىڭ ئەھۋالى شۇنداق تۇرسا مەن قانداق قىلىمەن، ئادىل، — رەيھان غەمكىن ھالدا كۆزىگە ياش ئالدى، — شەھەردە بولسام دادامنى داۋالىتىشقىمۇ ئاسان بولىدۇ. مەن بۇ تۇرمۇشقا چىدىيالمىدىم، ئادىل.

بەلكىم رەيھاننىڭ دېگىنىمۇ توغرىدۇ. ھەركىم ئۆز بېشىغا كەلگەندە بىلىدۇ، مەن نېمىشقا ئۇنىڭ ھالىغا يەتمەيمەن؟

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ بىركۈنى كەچقۇرۇن قاراڭغۇ چۈشكەن چاغدا رەيھان تۇيۇقسىزلا بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان، نېمىدىنــدۇر قورققانــدەك تىــترەپ تۇراتتى.

— رەيھان! نېمە بولدى قىزىم؟ ئۆيدىكىلەر تىنچلىقتۇ؟— ئاپام ئۇنى كۆرۈپ ئەنسىرەپ سورىدى.

رەيھاننىڭ كۆزلىرىدە لىغىرلاپ ياش پەيدا بولدى.

— تىنچلىق، — دېدى ئۇ ئارانلا.

— ئەمىسە نېمە بولدىڭىز؟

— ئەختەمكام، — دېدى ئۇ يەرگە قارىغىنىچە دادامغا، — مەن ... تاماق ئەتمەيچۇ.

— نېمە گەپ، رەيھان؟ سىزنى بىرى رەنجىتتىمۇ؟

رەيھان گەپ ـ سۆز قىلماستىن تۆكۈلۈپ يىغلىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چېچىغا قاراپ مەن ھەممىنى چۈشەندىم.

دادام ئۇلۇغ بىر تىنىپ قويدى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى.

— يۇرۇڭ قىزىم، — دېدى ئۇ رەيھانغا، — قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، مەن سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي.

دادام بىرەر سائەتتىن كېيىن يېنىپ كەلدى، ئۇنىڭ قاپىقى چۈشۈپ كەتكەنىدى، ئۇ مېنى بار دېدىمۇ، رەيھان توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، مەن ئۇخلىغىلى ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن دادام ئاپامغا بوش ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى دېدى، مەن ئاپامنىڭ:

— چىرايىدىنمۇ چىقىپ تۇراتتى ئۇ ياغاقنىڭ ئەسكىلىكى، بايا رەيھاننى تاماق ئېتىــپ بەرسۇن دېگىنىــدە مەقسىــتى بار ئىكەن ـ دە، — دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم.

دادام ئەتىسى ئەتىگەندىلا داداۋيگە كەتتى. مەن ئۇنى مۇشۇ ئىش بىلەن كەتتىمىكىن دەپ ئويلىدىم. دېگەندەك بىر كۈن ئۆتمەيلا ئەترەتنىڭ ھارۋىكىشى نىزامىنىڭ يوتقان ـ كۆرپىسىنى ھارۋىغا بېسىپ داداۋيگە ئاپىرىپ قويدى.

## 7

كۈنلەر خۇددى ھۇرۇن كالا سورىگەن ھارۋىدەك ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى، قىش ئۇزاپ يازمۇ كەلدى، ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەتلەر يېشىللىققا پۈركەندى. دۆڭدىكى چېغىر يول بويىدا يەنە رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتتى. بۇ كۈنلەردە رەيھان تالا ـ تۈزدىمۇ كۆرۈنمەس بولۇپ كەتتى. نىزام كادىرنىڭ ئىشىدىن كېيىن ئۇ شەھەرگە كېتىپ بىر ـ ئىككى ئايغىچە چىقمىدى، كېيىن ئۇ دادىسىنى دوختۇرخانىدىن ياندۇرۇپ چىقتى. ياقۇپجان ئۇستامنىڭ بىر قولى بىلەن پۇتى پالەچ بولۇپ قاپتۇ. دوختۇرلار-

نىڭ دېيىشىچە، بۇنىڭدىن ئارتۇق داۋالاشقا ئۇلارنىڭ ئامالى يوق ئىكەن. رەيھان شۇلارنى دەپ يىغلاپ بەردى.

بىر كۈنى مەكتەپتىن كېلىشىمگە دادام يېڭى بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى:

— ئۇرۇمچىدىن مەكتەپكە بالا قوبۇل قىلىدىغانلار كەپتۇ، ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ياق، قايسى مەكتەپنىڭ كەپتۇ؟

— ئۇنى تازا ئۇقۇپ كەتمىدىم، مەن رەيھان بىلەن ئىككىڭلارنى يازغۇزۇپ قويدۇم.

خۇشاللىقىمدىن دادامنى قۇچاقلىغۇم كېلىپ كەتتى. دادام بىلىندۇرمىگىنى بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى چۈشىنىدۇ، ئۇنىڭ مەقسىتى بىزنىڭ بېشىمىزنى بىر قىلىش ... مەن خۇشاللىقىمدا شۇ هامان رەيھاننىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بارغۇدەك بولدۇم.

— رەيھان بىلەن سۆزلىشىپ باق، — دېدى دادام ماڭا يەر ئاستىدىن قاراپ، — لېكىن بۇ گەپنى باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن، كەلگەن سان ئاز ئوخشايدۇ.

مەن تاماقىمۇ قارىماستىن يۈگۈرگەنچە رەيھانلارنىڭ ئۆيىگە باردىم. قورۇنىڭ ئالدىدا رەيھاننىڭ ئىنىسى پولات ئۇچراشتى.

— رەيھان ئۆيدە بارمۇ؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— هەدەم زىننەت هەدەمنىڭ ئۆيىگە كەتتى.

مەن قانداق قىلاي دەپ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ، يانچۇقۇمدىن قەغەزنى ئېلىپ رەيھانغا «كەچتە ئۆستەڭ بويىغا كەلسىڭىز، سىزگە دەيدىغان مۇھىم بىر گەپ بار. چوقۇم كېلىڭ» دەپ خەت يازدىم ـ دە، خەتنى پۈكلەپ پولاتقا بەردىم ۋە رەيھان كەلگەندە ئۇنتۇپ قالماي بەرگىن دەپ تاپىلاپ ئۆيگە كەتتىم. مەن ئۆيگە يېنىپ كېلىپ كەچ كىرىشىنى كۈتتۈم، كۆڭلۈمدە باللاردىن بىرەرى مېنى ئىزدەپ كېلىپ قالمىسىدى دەيتتىم، قەلبىمنى بىر تاتلىق سېزىم ئىگىللىگەندى. كۆڭۈل ئېكرانىمدىن كەلگۈسى

كۆنلەر — ئالىي مەكتەپنىڭ ئازادە، يورۇق سىنىپلىرى، مەك-
تەپنىڭ گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن سالقىن باغلىرى، مەنىلىك
ئوقۇغۇچىلىق هايات، رەيھان بىلەن بىللە ئۆتىدىغان كۆڭۈللۈك
كۈنلەر، ئوقۇش تۈگىگەندىن كېيىنكى بەختلىك تۇرمۇشلار سۈ-
رەتتەك بىر - بىرلەپ ئۆتەتتى.

رەيھاننى ساقلاپ ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرغىنىمغا يېرىم سائەت-
تەك بولدى. ياز قۇياشى غەربتىكى ئېگىز تېرەكلەر كەينىگە
پاتقان بولۇپ، كەچكى شەپەق خۇددى كۆيۈۋاتقان يالقۇندەك ئاس-
ماننىڭ يېرىمىنى قاپلىغانىدى. ئۇپۇق گىرۋەكلىرىدىكى شالاڭ
ئاقۇچ بۇلۇتلار يۇزىدىكى قىزىللىق خۇددى شامال هەيدەپ كېتە-
ۋاتقاندەك ئۇپۇق سىزىقىغا قاراپ سۈرۈلمەكتە ئىدى. مەهەللىنى
بارا - بارا كۆكۈمتۈل تۇتۇق پەردىسى هەر تەرەپتىن ئوراشقا
باشلىدى. هېلىلا قىزىرىپ تاۋلىنىپ تۇرغان ئېتىزلار، يوللار
ئۆز رەڭگىنى يوقىتىپ قوڭۇر توپىغا ئايلانماقتا ئىدى. يىراقتا
گىرىمسەن تۇمان ئىچىدە هەرە چىشىدەك كۆرۈنگەن تاغ چوققىلى-
رى سۇس شەپەق نۇرىدا قاپقارا كۆلەڭگىدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
يوللاردىن كۆتۈرۈلگەن توپا پاكار، كۆرۈمسىز دېهقان ئۆيلىرىنىڭ
تۇرخۇنىدىن چىقىۋاتقان ئاپئاق ئىسقا قوشۇلۇپ كۆكۈم پەردىسى
بولۇپ يېزا ئاسمىنى ئۈستىدە نېپىز بۇلۇتتەك لەيلەپ يۈرەتتى.
يىراقتا كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، هارۋا چاقلىرىنىڭ كاداڭلىق
يولىدىكى تاراقلىغان ئاۋازى، كىملەرنىڭدۇر سوزۇپ ئېيتقان
ناخشا ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مېنىڭ كۆزۈم گىرىمسەن تۇمان ئىچىدە خىرە - شىرە
كۆرۈنۈپ تۇرغان چېغىر يولدا ئىدى. كۆكۈم قاراڭغۇلۇقىغا
چۆكۈپ كېتىۋاتقان يول سىرلىق سۈكۈنات ئىچىدە جىمجىت تۇ-
راتتى. بىر چاغدا قارىسام، خۇددى ئۇپۇقنى يېرىپ چىققان تولۇن
ئايدەك بولۇپ رەيھاننىڭ زىلۋا قامىتى دۆڭدە كۆرۈندى. ئۇ سەل
تۇرۇۋېلىپ قويۇق ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان دۆڭدىن ئىت-

تىك ـ ئىتتىك مېڭىپ تۆۋەنگە چۈشتى.

— ئادىل، نېمە ئىش؟ — دېدى ئۇ ماڭا يېقىن كەلگەندە، ئۇنىڭ چىرايىدا بىرخىل ئەنسىزلىك، ھودۇقۇش ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— ياقۇپجىننىكامىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟— مەن گەپنى دەرھال دېمەستىن گەپ ئەگىتىپ سورىدىم.

— شۇ بىرخىلدا ...، — ئۇ بۇ ھەقتە گەپ قىلغۇسى كەلمىگەندەك يۇلتۇزلار جىمىرلاۋاتقان ئاسمانغا تىكىلدى، — سەھرانىڭ كېچىسى قانداق چىرايلىق ـ ھە، مەن نېمىشقىدۇر مۇشۇنداق كېچىنى ياخشى كۆرىمەن. قارىسىڭە، ھەممە تەرەپ جىمجىت، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرغان، ئۆستەڭدە سۇ ئېقىپ تۇرغان، سالقىن كېچە، ئاسمانغا قاراپ ياتساڭ قانداق راھەت، شەھەردە بۇنداق مەنزىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ، بىزنىڭ مەھەللىدە ئۆستەڭ تۇرماق ئېرىقمۇ يوق، ئۆيىمىزمۇ كىچىككىلا قورۇ. بەزىدە سەھرادىكى تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئۆيىگە چىقىسام شەھەرگە كىرگۈم كەلمەي قالىدۇ.

— ئۇنداقتا ئارا مەھەللىدىنمۇ كەتمەيدىكەنسىز ـ دە؟

ئۇ ماڭا «يالت» قىلىپ قاراپ قويدى.

— مەن ئۇنداق دېمىدىم، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — ھە، نېمە ئىش بىلەن چاقىرغانتىڭىز، ھېچبىر دەي دېمەيسىزغۇ؟

— ئۇرۇمچىدىن ئوقۇغۇچى ئالىدىغانلار كەپتۇ.

— ئاڭلىدىم، — دېدى ئۇ يېنىك بىر خۇرسىنىپ قويۇپ.

— دادام سىز بىلەن ئىككىمىزنى يازغۇزۇپ قويۇپتۇ، بىزنىڭ ئەترەتتىن ئىككىمىزلا ئىكەنمىز.

رەيھان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن ئۇ قولىدا بىر تال تۆتقۇلاقنى پىرقىراتقىنىچە خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى مېنىڭ ئىچىمنى پۇشۇردى.

— نېمە، ئوقۇشقا بارغۇڭىز يوقمۇ؟
ئۇ ئېغىر بىر تىنىپ قويۇپ ماڭا قايرىلدى.
— مېنى ئوقۇشقا بارغۇسى يوق دەمسىز؟ — ئۇ غەمكىن بىر هالدا ئۈن قاتتى، — لېكىن قانداق بارىمەن؟ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئەھۋالىنى سىز ئوبدان بىلىسىز، دادام پالەچ بولۇپ ياتتى، ئاپامنىڭ تېنى دېگەندەك ساق ئەمەس، بىر كۈن ساق يۈرسە ئىككى كۈن ئاغرىپ قالىدۇ، ئۇكىلىرىم بولسا ئەسقاتقۇدەك بول- مىدى، ئۇلارنى شۇ هالدا تاشلاپ قانداق كېتەلەيمەن؟ مېنىڭ پېشانەمگە يېزىلغىنى مۇشۇ كۈن ئوخشايدۇ.
رەيهان بوغۇلۇپ گەپ قىلالماي قالدى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن قايناۋاتقان ھەسرىتىنى ئاران بېسىپ تۇرۇۋاتاتتى.
— ياقۇپجىنىكاممۇ تازا بىر چاغدا ئاغرىپ قالدى، — مەن كۆڭلۈم قالغان هالدا دېدىم.
— شۇنى دېمەمسىز، بۇمۇ بىزنىڭ تارتقۇلۇقىمىز - دە، سىزنىڭ تەلىيىڭىز بار ئىكەن، يېزىدىن قوتۇلىدىغان بولدىڭىز.
— سىز بارمىسىڭىز مەنمۇ بارمايمەن، — مەن ئۆزۈممۇ بىلمەستىن يۈرىكىمدىكى گەپنى دەۋەتتىم.
رەيهان كۈلۈپ كەتتى.
— كىچىك بالىدەك گەپ قىلىسىز - دە، ئادىل، نېمىشقا ئەمدى؟
— سىز بولمىسىڭىز ماڭا نېمە بار ئۇ يەردە.
— سىز مېنى ياخشى كۆرۈپ قالمىغانسىز؟ — ئۇ كۆزلىرى- نى ئوينىتىپ سورىدى، — نېمىشقىمۇ بۇ گەپنى بالدۇرراق دېمەيدىغانسىز؟
— ئەگەر سىز ماقۇل دېسىڭىز بولىدى ئوقۇشقىمۇ بارمايمەن!
— ياق، ياق، ئۇنداق ئەخمەقلىقنى قىلماڭ، — ئۇ بېشىنى چايقىدى، — سىز بولسىڭىزمۇ ئىستىقبالىڭىزنى يوقاتماڭ! ئە-

گەر دادام ساق بولغان بولسا مەنمۇ سىز بىلەن باراتتىم. مېنىڭ تەقدىرىم شۇنداق ئىكەن.
— ياقۇپجــىنىكــام ياخشــى بولۇپ قالسا كېلەر يىلى بارمامسىز؟
— كىم بىلىدۇ دەيسىز، ساقىيىشىغا ھېچ كۆزۈم يەتمەيدۇ.
— مەن سىزنى ۋايىت بىلەن توي قىلىپ قالامدىكىنلا دەپ يۈرۈپتىمەن. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئاشكارا دەپ يۈرىدۇ.
— ئۇ ماڭا ھازىر كانىدەك چاپلىشىۋالدى. راست گەپ قىلسام، ئادىل، پەقەت كۆڭلۈم تارتمايدۇ. بىلمەيمەن.
— ئۇ سىزنى ۋەيران قىلىدۇ، رەيھان، مېنى كۈتەمسىز؟
رەيھان بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە تىكىلدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى شۇنچىلىك سېھىرلىك، شۇنچىلىك غەمكىن ئىدى. مەن ئۇنىڭ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ كۆكسى تېز - تېز كۆتۈرۈلدى. لەۋلىرى تىترىدى. بىر چاغدا ئۇ بوينۇمغا ئېسىلغىنىچە ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى.
مەن تۇنجى قېتىم قىز بالىنىڭ قۇچىقىغا چىرماشتىم. تىترىگەن، ئىللىق تەندىن چەكسىز بىر لەززەت تومۇر - تومۇرلىرىمغا ئېقىپ كىرىۋاتقاندەك بولاتتى. ئىچىمدە ئوتتەك بىر نەرسە لاۋۇلداپ، ياناتتى. تامىقىم قۇرۇپ، نەپسىم بوغۇلدى، ۋۇجۇدۇم ئوت كېتىدىغاندەك قىزىپ كەتتى، مەن پەقەت رەيھاننى چىڭ قۇچاقلىغانچە ھەدەپ پىچىرلايتتىم:
— رەيھان ··· جېنىم رەيھان ···، — ۋۇجۇدۇمنى تەلۋە، شېرىن بىر سېزىم تىترىتەتتى، مەن مۇھەببەت ۋە تەقدىر كۈلپىتىدە ھالسىزلانغان قىزنى قىزغىنىش ۋە ئەلەم بىلەن سۆيەتتىم، رەيھان بولسا پۈتۈن ئىختىيارىنى ماڭا تاشلاپ بېرىپ، بوشقىنە ئىڭرايتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان، ھوشسىزلانغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ مەن ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇدۇم.

— ئادىل ... ئۇنداق قىلماڭ ... مېنى ئاياڭ... ، — لېكىن شۇ تاپتا مەن بىر تەلۋىگە ئايلانغانىدىم. رەيھاننىڭ ھالسىز يالۋۇ- رۇشلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم نامەلۇم بىر ھەۋەس، ئىستەك ئىلكىدە تېپىچەكلەيتتى، ئۇ مېنىڭ تەلۋىلەرچە ھەرىكىتىمنى چەكلەشكە ئاجىز كەلدى. تۈن قاراڭغۇسى، شالاپ- شىپ ئېقىپ تۇرغان ئۆستەڭ سۈيىنىڭ ئاۋازى رەيھاننىڭ نالىسى- نى ئۆز قوينىغا جىمغىنە سىڭدۈرۈپ كەتتى.

قۇترىغان بوران ئۆتۈپ كەتتى. ئۆستەڭ بويى سېھىرلىك جىمجىتلىققا چۆمدى، بۇلۇتلار كەينىدىن ئاي كۆتۈرۈلۈپ چىق- تى. ئۇ گويا «سىلەر نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟» دېگەندەك سوغۇق نەزەر تاشلاپ قېتىپ تۇراتتى. مەن رەيھانغا قاراشقا پېتىنالمى- دىم. ئۇ بولسا تىزىغا بېشىنى قويغىنىچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇ- راتتى، ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرى يۈز - كۆزىنى، يەلكىسىنى يېپىــــۋالغانــــدى. ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ يەلكىلىرى تىترەش- كە، بارا - بارا ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى مېنى ئازابلاشقا باشلىدى. مەن نېمە قىلىپ قويدۇم؟ ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە دېسەم بولار؟ ئەمدى بولىدىغان ئىش بولدى، ئەمدى مەكتەپكىمۇ بارمايمەن، توي قىلىمەن.

رەيھان تېخىمۇ بەكرەك يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نازۇك يەلكىسى ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك تىترەيتتى. مەن بولسام ئۇنىڭغا نېمــــدەپ تەسەللى بېرىشىمــنى بىلــمەي تىت - تىت بولاتتىم.

— رەيھان! — دېدىم مەن ئاخىر ئۇنىڭ يەلكىسىنى ئېھتىيات بىلەن سىلاپ، — مەن ئوقۇشقىمۇ بارمايمەن، بىز توي قىلايلى!

رەيھان تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. قىزلارنىڭ يى- غىسىنى ئۇقۇپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇلار خۇشال بولسىمۇ، ھەس- رەت چەكسىمۇ ئوخشاشلا يىغلايدۇ. رەيھان شۇ تاپتا بەلكىم ئۆزى ئۈچۈن، ئەڭ قەدىرلىك نەرسىسىنىڭ تولىمۇ مەنىسىز ئەرزانلا

يوقالغانلىقى ئۈچۈن يىغلاۋاتقاندۇ، پۇشايمان قىلىۋاتقاندۇ؟ لېكىن مەن ئۇنىڭغا مۇشۇ تەلۋىلىك بىلەن بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك ئازاب، پۇشايمان ئەكەلگەنلىكىمنى ھېس قىلمايتتىم.

— رەيھان ... گەپ قىلىڭە...

رەيھان بېشىنى تىزىدىن كۆتۈردى.

— كېتىڭ! — دېدى ئۇ يىغا ئارىلاش ئاچچىق بىلەن، — كۆزۈمدىن يوقىلىڭ!

مەن نېمە بولغانلىقىنى ئۇقالماي تۇرۇپ قالدىم. ئۇ نېمىشقا مېنى ھەيدەيدۇ، ئۇنى بۇ ھالەتتە ئۆستەڭ بويىغا قانداق يالغۇز تاشلاپ كېتىمەن، ئۇ ئاچچىقىدا ئۆزىنى ئۆستەڭگە تاشلىۋالسىچۇ؟!

رەيھان مېنىڭ قوزغالمىغانلىقىمنى سېزىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، ماڭا گەپ - سۆز قىلماستىن دۆڭ تەرەپكە ماڭدى.

— رەيھان! — مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توۋلىدىم، — توختىڭە! ماڭا جاۋاب بېرىڭ!

لېكىن، ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە چېغىر يول بىلەن دۆڭگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. سۈتتەك ئاي يورۇقىدا ئۇ خۇددى گۈلدىن گۈلگە قونۇپ، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان كېپىنەككە ئوخشايتتى، رەيھان كۆزدىن غايىب بولدى. مەن ئۆزۈمنى ھەممە نەرسىدىن ئايرىلغان تەنھا، بىچارە ھېس قىلدىم.

مەن رەيھان بىلەن ئولتۇرغان يەرگە كەلدىم. چەيلەنگەن ئوت ئۈستىدە رەيھاننىڭ تارغىقى تۇراتتى. مەن ئۇنى ئېلىپ يانچۇقۇمغا سالدىم. ھەر تەرەپكە چاپلىشىپ تاتقان يۇمران مايسىلار ئېچىنىشلىق بىر ھالەتتە ئىدى، بىر تۇتام تۆتقۇلاق مىجىلىپ ياتاتتى، بەلكىم رەيھان ئۇنى جان ئاچچىقىدا يۇلۇۋەتكەن بولسا كېرەك. ھەممە نەرسە كۆڭۈلسىز، ئېچىنىشلىق ئىدى.

شۇنداق تاماكا چېككۈم كەلدى، لېكىن يانچۇقۇمنى ئاختۇ-رۇپ ھېچنەرسە تاپالمىدىم. جىددىيلەشكەن نېرۋىلىرىم ئاستا - ئاستا پەسلەشكە باشلىدى. كاللامدا پەقەت شۇلا خىيال ئىدى. ئەمدى ئوقۇشقا بارمايمەن. ھەممە ئىشنى ئۆيدىكىلەرگە دەپ، رەيھان بىلەن توي قىلىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولىدۇ، ۋاقتىدا كۆرەرمەن، رەيھانمۇ ئەمدى رازى بولماستىن ئامالى يوق. تۇرۇپ ئىشىنىڭ مۇشۇنداق بولغانلىقىدىن خۇشالمۇ بولدۇم.

ئەتىسى ۋاقچە قوپتۇم، ئۆتكەن بىر كېچىدە يۈز بەرگەن ئىشلار مېنى چوپچوڭلا ئادەم قىلىپ قويغاندەك قىلاتتى، نېرىقى ئۆيدە ئاپام ماڭا ئاتاپ يوتقان تىكىۋاتاتتى. ئۇ مېنىڭ چىرايىمغا قاراپ خاۋاتىرلەنگەندەك سورىدى:

— چىرايىڭ ئوسالغۇ، ئاغرىپ قالمىغانسەن؟ داداڭ دادۇيگە بېرىپ تونۇشتۇرۇشنى ئالسۇن دەيدۇ.

مەن گەپ قىلماستىن ھويلىغا چىقتىم. كۆز قۇياشى ئاجىز نۇرىنى سەپمەكتە ئىدى. چوڭ يولدا بىرقانچە ئۇششاق باللار يۇڭلۇق بىر كۈچۈكنى قوغلاپ ئويناشماقتا ئىدى. مېنىڭ خىيا-لىمغا رەيھان كەلدى، ئۇ شۇ تاپتا نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ ھەي، مەن نېمە قىلىپ قويدۇم.

— ئادىلكا!

دەرۋازىدىن چىقىشىمغا بىرى چاقىردى، قارىسام رەيھاننىڭ كىچىك ئۇكىسى مۇرات ئىكەن. ئۇ مېنى كۈتۈپ تۇرغان بولسا كېرەك، ئاستا يېنىمغا كەلدى.

— مۇرات! بۇياققا كېلىپسەنغۇ؟

— ھەدەم ماۋۇنى سىزگە ئەۋەتكەنىدى، ئۇ ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىن پۈكلەنگەن قەغەزنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى.

مەن مۇراتنىڭ قولىدىن خەتنى ئىتتىك ئېلىپ ئاچتىم:

«ئادىل! — دەپ يازغانىدى رەيھان قىڭغىر ـ قىيسىق قىلىپ، — ئۆتكەن ئىشلار توغرۇلۇق مەن سىزدىن خاپا بولمايمەن، مەن تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمىدىم، ئۇنى ئۆزۈمنىڭ ئىرادىسىزلىكىمدىن كۆرىمەن، قىز بالا ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نومۇسىنى ساقلاش مۇھىم ئىدى، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بوشاڭلىق قىلدىم. بەلكىم بۇمۇ پېشانەمگە يېزىلغان تەقدىر. دۇ. سىزگە دەيدىغىنىم، مېنى دەپ ئوقۇشتىن قالماڭ، ئەگەر ئۆيدە شارائىتىم ياخشى بولسا مەنمۇ سىز بىلەن كېتەتتىم. لېكىن ئامالىم يوق، كېيىنچە دادام ياخشى بو. لۇپ قالسا بىر گەپ بولار.

مېنى دەپ ئوقۇشتىن قېلىپ ئاۋارە بولماڭ، ئۇنداق قىلسىڭىز مەن يۈزىڭىزگە قارىمايمەن، ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىككىمىز گۇناھلىق ئەمەس، خەير، سىزگە بەخت تىلەيمەن.

رەيھان»

خەتنى نەچچە قېتىم ياندۇرۇپ ئوقۇپ چىقتىم. ھەرھالدا رەيھاننىڭ مېنى تىللاپ كەتمىگىنىگە خۇش بولدۇم، لېكىن نې. مىشقا مېنى كەت دەيدۇ؟ بۇ گەپچە ئۇ مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئوخشايدۇ ـ دە؟ مەن ئەخمەق ئۇنىڭغا ئاۋارە بولۇپ يۈرۈپتىمەن. نېمە بولمىسۇن ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ باقماقچى بولۇپ ئىككى قېتىم ئۇنى ئىزدەپ باردىم، لېكىن ئۇنى شەھەرگە كەتتى دېگەن جاۋابنى ئالدىم.

بۈگۈن ۋايىتنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ بۇ كۈنلەردە ئۆي سالد. مەن دەپ يۈرۈپ يادامپلا كېتىپتۇ، ئۇنى كۆرۈپ نېمىشقىدۇر ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم.

— ئاڭلىسام ئوقۇشقا بارىدىغان بوپسەن، — دېدى ئۇ قولۇم. نى سىقىپ تۇرۇپ، — تويۇمغا قاتنىشالمايدىغان بولدۇڭ ـ دە.

مەن ئاچچىق كۈلۈپ قويدۇم. مەن ماڭغۇچە رەيھان مەھەللىدە كۆرۈنمىدى، ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ مەن ئاخىر ماڭدىم. نەچچە قېتىم يېنىۋالاي دېدىم. لېكىن رەيھاننىڭ خەتتىكى قاتتىق گەپلىرى يۈرىكىمگە نەشتەر بولۇپ سانجىلاتتى، تۇرۇپلا يىغلىغۇم كېلەتتى، ئاخىر يولغا چىقتىم. رەيھان بىلەن بولغان ئىشلار مېنىڭ كۆڭلۈمنىڭ قېتىدا مەڭگۈلۈك سىر بولۇپ قالدى، مەن تۇنجى مۇھەببىتىم پارتلىغان ماكاننى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرنى تاشلاپ يىراقلارغا كەتتىم.

## 8

مانا شۇ ئىشلارغا ھازىر ئاز كەم يىگىرمە يىل بولاي دەپتۇ، لېكىن ماڭا ئۇ خۇددى تۈنۈگۈنلا بولغان ئىشلاردەك يېڭى تۇيۇلىدۇ. ئۇ ئىشلار يۈرىكىمنىڭ ئەڭ پىنھان يېرىدىن ئورۇن ئېلىپ يىللار مابەينىدە خىيالىمغا ھەمراھ بولدى. مەن ئۇ ئىشلارنى قانچە ئۇنتۇپ كېتەي دەپ باقتىم، لېكىن يىللار ئۆتكەنسېرى ئۇلارنى تېخىمۇ ئەسلەيدىغان، ھەربىر ئەسلىسەم بىر - ئىككى كۈنگىچە جىمغۇر بولۇپ قالىدىغان بولدۇم.

مەن ئوقۇشقا ماڭغان يىلى قىشتا بىر كۈنى دەرستىن يېنىپ كەلسەم ياتاقتا ھۇسەن پاناق ئولتۇرۇپتۇ، يۇرتدىشىمنى كۆرۈپ بېشىم كۆككە يەتكەندەك بولدى. ئۇ دادىسىنى چوڭ ئوپېراتسىيە قىلدۇرماقچى بولۇپ ئۈرۈمچىگە ئەكەلگەنىدى، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭدىن خەت - خالتا ئەۋەتىپتۇ، ئۇ ماڭا مەھەللىدىكى مەن كەتكەندىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلەرنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— سەن كېتىپ كۆزدە رەيھان بىلەن ۋايىتىنىڭ تويى بولدى، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ.

— شۇنداقمۇ، ۋايىت ئاخىر مۇرادىغا يېتىپتۇ - دە.

ھۆسەن بېشىنى چايقاپ قويدى.

— ھەممە ئادەم شۇنداق دېگەنىدى. لېكىن ۋايىت تويدىن كېيىن ھاراققا بېرىلىپ كەتتى. ئىچمۇۋېلىپ ھەدېسىلا بىۋاپا دې- گەن ناخشىنى ئېيتىدۇ، نېمە دەردى بارلىقىنى ئۇقۇپ بولمايدۇ.

مەن ئوڭايسىزلانغان ھالدا چەتكە قارىۋالدىم.

— رەيھانچۇ؟

— رەيھانمۇ سىرتلارغا چىقمايدۇ، بىز مېڭىشتىن ئاۋۋال يەڭگىپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق، قىز تۇغۇپتۇ...

نەچچە كۈنگىچە خىيالىمغا رەيھان كىرىۋالدى. مەن تېخى ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلاپ يۈرەتتىم. بۇ رەيھان نېمانچە ئالدىراپ كەتكەندۇ ياكى... خىيالىمغا كەچمىگەن نەرسىلەر قالمىدى، ئا- خىر ئۇنى خىيالىمدىن چىقىرىۋېتىشنى، ئارا مەھەللىگە دەسسى- مەسلىكنى ئويلىدىم. تەلىيىمگە شۇ يىلى بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرمۇ ناھىيىگە — چوڭئانامنىڭ يېنىغا كۆچۈپ كېلىشتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەكتەپنىڭ ئۆزىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قال- دىم، كېيىنچە ئۆي - ئوچاقلىق بولدۇم.

بۇ يىل مەكتەپ جەمئىيەت تەكشۈرۈشكە مېنىڭ سىنىپىمدى- كى بالىلارنى بىزنىڭ ناھىيىگە بېرىشقا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. مەن بالىلارنى ناھىيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن رەيھاننىڭ ھازىرمۇ ئارا مەھەللىدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنى كۆرۈپ كەل- مەكچى بولدۇم. ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشى ماڭا بىر سىرلىق تىلسىماتتەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرقىنى خىيالەن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ باقاتتىم.

ئارا مەھەللىگە بارىدىغان ئىلگىرىكى يول پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. مەن كىشىلەردىن ئۇ يەرگە بارىدىغان بېكەت- نى سوراپ ۋېلىپ، ئەتىگەندىلا يولغا چىقتىم. مەن بېكەتكە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا خېلىلا يېڭى بىر مىنىبۇس بېكەت ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ماشىنىدىن ئوتتۇرا بوي، دوغىلاق كەلگەن، يۈز -

كۆزلىرىنى ساقال بېسىپ كەتكەن شوپۇر يىگىت چۈشتى. مەن شوپۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ :

— ئارا مەھەللىگە قاتنايدىغان ماشىنا شۇمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

يىگىت مېنىڭ باش - ئايىغىمغا بىر قارىۋېتىپ سىپايە جاۋاب بەردى :

— ھەئە، سىز بارامتىڭىز؟ — دېدى - دە، كابىنكىنىڭ ئالدىدىكى ئىشىكىنى ئاچتى، — مەيەردە ئولتۇرۇڭ، ئارقىدا ئولتۇرسىڭىز تاماكىنىڭ ئىسىغا چىدىيالمايسىز.

بىردەمدىلا ماشىنا ئادەملەر بىلەن لىق توشتى. شوپۇر يىگىت سائىتىگە قاراپ قويۇپ ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى. ماشىنا تارغىنە قاراماي يولدا چايقىلىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن يول ياقىسىدىكى ئېتىزلىقلار، مەھەللىلەرگە قىزىقىپ قاراپ ئولتۇرىمەن. مېنىڭ كۆزۈمگە ھەممە نەرسە — يوللارمۇ، يول بويىدىكى تېرەكلەرمۇ، مەھەللىلەرمۇ ئۆزگىرىپ يات بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

— بۇ بۇرۇنقى يول ئەمەسقۇ دەيمەن، — سورىدىم كەپكىسىنى قىڭغىر كىيىپ ئولتۇرغان شوپۇر يىگىتتىن.

ئۇ ماڭا «يالت» قىلىپ قاراپ قويۇپ:

— سىز مۇشۇ يەرلىك ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئىلگىرى ئارا مەھەللىدە تۇرغان.

— مەن ئەجەب تونۇيالمىدىمغۇ؟

— ئەختەم دۈيجاڭ دەپ ئاڭلىغانمىدىڭىز...

— ھوي... سىز ئۇرۇمچىدىكى ئادىلكامۇ؟

— ھەئە، سىز...

— مەن ياقۇپ سەيپۇڭنىڭ ئوغلى مۇرات...

— مۇرات، سىز رەيھاننىڭ كىچىك ئىنىسىمۇ؟

— ھەئە.

مەن يىگىتنىڭ قوپال، يىرىك قوللىرىغا، تەن قويغان بەسـ
ـتىگە ئىشەنمىگەندەك قاراپ قويدۇم. توۋا، مەن كەتكەن چاغدا
ئۇ تېخى ئالتە ياشلاردا ئىدى، مانا ئەمدى زور بىر ئەر بولۇپتۇ.
مۇراتقا سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتىم.

— توۋا، مەن مۇرات دېگىن ... رەيھانچۇ، تىنچ - ئاماندۇر؟
ياقۇپجىننىكامچۇ؟

مۇرات مېنىڭ سوئاللىرىمغا كۆڭۈلسىزلا جاۋاب بەردى.

— دادام بەش يىلنىڭ ئالدىدا تۇگەپ كەتتى، دادامدىن
كېيىن بىر يىل ئۆتۈپ ئاپاممۇ قازا قىلدى، ھەدەم ساق -
سالامەت.

— شۇنداق بولدىمۇ؟ رەيھان نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— ھەدەم بىر ئاشخانا ئېچىۋالدى. قىلما دېسەك ئۇنمايدۇ.

— لوبەن بولۇپ كېتىپتۇ - دە، ۋايىتچۇ؟

مۇرات خۇرسىنىپ قويدى.

— ۋايىتكام تۈرمىدە.

— تۈرمىدە؟ نېمە بولۇپ كىرىپ قالدى؟

— دەپ كەلسەك گەپ تولا، — مۇرات بېشىنى چايقاپ
قويدى، — ھۆكۈمەت بازارنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن ئوقەت
قىلىپ ئىچكىرىگە قاتناۋاتقانىدى. كېيىن نېمە بولغان ھېلىقى
زەھەرلىك چېكىملىككە ئارىلىشىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قولغا
ئېلىنىپ كەتتى.

مېنىڭ كۆز ئالدىمغا ۋايىتنىڭ شوخلۇق بىلەن ئويناپ تۇرىد-
غان قىياپىتى كەلدى، ئۇنىڭ تەنتەكـلـىـكى ئاخـىـر بېشىغا
چىقىپتۇ - دە، ھاياتنىڭ يولى سىرلىق جاڭگالغا ئوخشايدۇ،
بەزىلەر بۇ يولدا ئازماي مەنزىلگە يېتىۋالىدۇ، بەزىلەر بولسا
چىگىش يوللاردا تەمتىرەپ كۆپ ئۆتكۈزىدۇ، يىرتقۇچلارغا يەم
بولىدۇ.

— بۇ ماشىنا ئۆزىڭىزنىڭمۇ؟ — مەن گەپنى بۇراپ سورىد-

ـدىم.

— ھەئە، بۇ يىل ھەدەم ئېلىپ بەردى.

— پولاتچۇ؟

— ئاكام يېزىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋا-تىدۇ.

— ئۆزۈڭنىڭ تاپاۋىتى قانداقراق؟

— يامان ئەمەس، كۆنگە يەتمىش — سەكسەن سوم كىرىم بولىدۇ ... ئارا مەھەللىگە كېلىپ قالدۇق.

مەن ئالدىمغا قارىدىم. ئالدىمىزدا كۆتۈرۈپ سېلىنغان كۆۋ-رۈك، كۆۋرۈك ئەتراپىدا قاتار كەتكەن ئېگىز - پەس ئۆيلەر تۇراتتى. مىنبۇس ئىشىكىگە «ئۇيغۇر ئاشخانىسى» دەپ يېزىل-غان قىزىل لاتا تارتقان لەمپىلىك ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختى-دى. لەمپىنىڭ ئاستىدىكى ئۈستەلگە قويۇلغان ئۈنئالغۇدىن ناخشا ياڭرىماقتا:

كەپتەرسىز غېرىبلاشتى،
گۈل چەككەن پېشايۋانلار.
كەلسە كەپتىرىم قايتىپ،
كۈلۈپ كەتمەمدۇ بۇ جانلار...

ناخشا خۇددى ماڭا قارىتىپ ئېيتىلغاندەك يۈرىكىمنى تىترى-تىۋەتتى، رەيھان مېنىڭ كېلىشىمنى بىلگەندەك ۋە شۇ ناخشا بىلەن مېنى چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مېنى ياشلىق چاغ-لىرىدىكى رەيھاننى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆستەڭ بويىدا سائەتلەپ ئولتۇ-رۇپ كەتكەن چاغدىكى ھېسسىيات قاپلىۋالدى. رەيھانمۇ مۇشۇن-داق ئويلامدىغاندۇ؟ ئۇ مېنىڭ كەلگىنىمنى ئۇقسا نېمە بولۇپ كېتەر؟ تونۇماسقا سېلىۋالىسچۇ؟ رەيھان بىلەن بىزنىڭ ئارىمىز-دىكى ئىشلار ئۆتمۈش، قايتىپ كەلمەس ئۆتمۈش. بىزنىڭ ھايات

يوللىرىمىز ئوخشاشمىدى. لېكىن شۇنچە يىللار ئۆتتى، مەن ئۇنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدىم، ماڭا مۇشۇ نامرات، كۆرۈمسىز مەھەللە، دەسلەپكى مۇھەببەت خۇددى سايىدەكلا يىگىرمە يىلدىن بۇيان ھەمراھ بولۇپ كەلدى. مەن ئۇلارنى ئۇنتۇي دەپمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم. بىلمەيمەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنتۇپ كېتەلەيمەنمۇ؟

ئايال كىشىنىڭ چاڭىلدىغان ئاۋازى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى:

— قاراپ ئالساڭ بولامدۇ، قارىغىنە، بۇ نەدىمۇ كالا گۆشى بولىدۇ، تۆگىنىڭ تۇرمامدۇ؟

— مەن نەدىن بىلەي؟— دېدى مۇرات غودۇڭشۇپ، — قاسساپلارنىڭ ھەممىسى كالا گۆشى دەۋاتسا.

— ھەي، خەق دېسىلا ماقۇل دېدىڭمۇ؟ قاچانمۇ بىر ئادەم بولارسەن؟

— بولدىلا ھەدە، ئازراق گۆشقۇ؟ — مۇرات مەن تەرەپكە قاراپ قويۇپ دېدى.

مەن شۇ چاغدىلا گەپ قىلىۋاتقان ئايالنىڭ رەيھان ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم - دە، ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۆتتۇم. مېنىڭ ئالدىمدا تەن قويۇپ سەمرىگەن، ئۇستىگە كەڭرى قىلىپ كۆڭلەك كىيگەن، قارىداپ داغ قاپلىغان يۈزىنى تىلىم - تىلىم قورۇقلار باسقان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققان بىر يېزا ئايالى تۇراتتى. بۇنىڭ مەن بىلىدىغان رەيھان ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى، بۇ زادى كىم بولدى؟ ئايال ماڭا نۇرسىز كۆزلىرىدە تىكىلدى - دە، ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا:

— ياخشىمۇسىز؟ — دېدى.

يۈرىكىم مۇزلاپ كەتكەندەك «لەسسىدە» بولۇپ قالدى. رەيھان مېنىڭ سالىمىمغا پەرۋا قىلماستىن ئاشخانىغا قاراپ:

— ئەكبەر! — دەپ چاقىردى.

ئاشخانىدىن دوغىلاق بىر يىگىت يۈگۈرۈپ چىقتى.

— يۈگۈرۈپ ساۋۇركامىنىڭ يېنىغا بېرىپ باققىنە، گۆشى بولسا بەش كىلو گۆش ئەكەلگىن، ساندىن ئال جۇمۇ!

يىگىت ماقۇل دېگىنىچە ماڭدى، ئەمدى ئاشخانا ئالدىدا رەيھان ئىككىمىزلا قالدۇق.

— رەيھان، مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟— مەن رەيھاننىڭ ئېپادىسىز، سوغۇق چىرايىغا قارىغىنىمچە ئۇن قاتتىم.

— مېنى تونۇمايۋاتىدۇ دەمسىز؟ — رەيھان ئاچچىق ئارىلاش جاۋاب بەردى،— بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭىز؟

— سىزنى كۆرۈپ كېتەي دەپ كەلدىم.

— ئەمدىمۇ؟ يىگىرمە يىلدىن كېيىن ...، — رەيھان ئاچچىق بىلەن كۈلدى، — رەھمەت سىزگە!

رەيھان شۇنداق دېدى - دە، قايرىلىپ ماڭدى، ئۇ ئىككى قەدەم ئېلىپ ماڭا قايرىلدى.

— ئۇسساپ قالغانسىز، چاي ئىچىڭ، — دېدى لەمپىنىڭ يېنىدىكى ئۇستەلنى كۆرسىتىپ، چېچىنى بۇدۇر قىلىۋالغان كۇتكۇچى قىز چەينەك بىلەن پىيالە كۆتۈرۈپ كېلىپ، بىر ماڭا، بىر رەيھانغا قاراپ قويدى - دە، نېرى كەتتى. رەيھان چاي قويۇپ مېنىڭ ئالدىمغا قويدى. مەن گەپنى نېمىدىن باشلاشنى بىلمەي:

— مۇرات چوڭلا يىگىت بولۇپ كېتىپتۇ، ئەتىگەن تونۇمايلا قاپتۇمەن، — دېدىم.

— مېنىمۇ تونۇماي قالغانسىز؟ — رەيھان قاشلىرىنى سۇزۇپ تۇرۇپ سورىدى.

— ئۆزگىرىپ كېتىپسىز.

— تۇرمۇش ئۆزگەرتىدىكەن،— رەيھان ئېغىر ئۇھ تارتتى. بېشىدىكى ياغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزىنىڭ چۆرىسىنى ئېرتتى، — مەن كۆڭۈل بەرگەن ئەرلەرنىڭ بىرەرىدىنمۇ ۋاپا كۆرمەدىم، سىز مېنى نېمە كۈنلەرگە قويدىڭىز بىلەمسىز؟ سىز مېنى

تۇگىمەس دەردكە ئىتتىرىپ قويۇپ يوقالدىڭىز، مەن بولسام بىرتەرەپتىن ئۆيىنىڭ غېمى، بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنىڭ دەردى، نېمە قىلارىمنى بىلمەيلا قالدىم، ئاخىر ئامالسىز ۋايىت بىلەن توي قىلدىم. مەن ئۇنى مېنىڭ يەلكەمدىكى يۈكنى يېنىكلىتىپ بېرەر، ماڭا ھەمدەرد بولار دەپتىكەنمەن، لېكىن ئۇ توي كۈنىدىن باشلاپلا مېنى خورلاشقا باشلىدى. ھە دېسىلا «سەن بۇزۇق» دەپ ئۇراتتى. قىزىم ساجىدە تۇغۇلغاندا چىرايىغا قارىماي قويدى. مەن بۇ ئازابقىمۇ چىدىدىم، بەزى كېچىلىرى ئولتۇرۇپ تەقدىرىمـ نىڭ مۇشۇنداق بولۇپ قالغىنىغا ئېچىنىپ تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقاتتىم. مەن ساراڭ بولۇپ قالارمەنمۇ دەپ ئەنسىرەيتتىم، نەچچە يىلنى شۇنداق ئازاب بىلەن ئۆتكۈزدۈم. ئوغلۇم يادىكار تۇغۇلغاندىن كېيىن ۋايىت بىر ئاز ئوڭشالدى، ئاڭغىچە زامانمۇ كەڭرىپ، ھۆكۈمەت بازارنى قويۇپ بەردى. مەن ۋايىتقا يالۋۇـ رۇپ يۈرۈپ ئوقەتكە سالدىم. باشتا ياغلىق، پايپاق دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ ساتتى، قولىمىز پۇل كۆردى، كېـ يىنچە كىيىم ـ كېچەك سودىسى قىلىپ، شەھەردىن دۇكان ئاچتى. سودىسى ئوبدان ئاقتى. ئۇ پات ـ پات ئىچكىرىگە مېڭىپ تۇراتتى. بىر قېتىم ئۇ گۇاڭجۇغا كېتىپ بىر يىلغىچە ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. ئوقەتچىلەردىن سورىسام كۆرمىدۇق دەيدۇ، ئاخىر ئۆزۈم باردىم. بىر ئاي گۇاڭجۇنى ئاختۇرۇپ ئاران تاپتىم، نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ دېمەمسىز؟ ئاق تاماكىنى چېكىپ يېتىپتۇ، ھەممە پۇللىرىنى چېچىپ تۈگىتىپتۇ، يىغلىدىم، قاقـ شىدىم، ئاخىر ئۇنى ئېلىپ قايتىپ كەلدىم. شەھەردىكى دۇكانـ نىمۇ قەرزگە ئۆتكۈزدۈم. ۋايىت كەچكىچە بىكار يۈرەتتى. بەزىدە خۇمارى تۇتسا ئائىلەمنى مالەم قىلىدۇ، ئۇ ئەمدى ئۆيدىكى نەرسىـ لەرنى، مېنىڭ جابدۇقلىرىمنى ئېلىپ ساتقىلى تۇردى. ئاخىر چىدىيالماي ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردىم. ئۆزۈن ئۆتمەيلا شەھەردە ئاق تاماكىچىلار بىللە قولغا چۈشۈپ تۈرمىگە كىرىپ

كەتتى.

رەيھان ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى. مەن بولسام گۇناھكار ئادەمدەك ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇم.

— بەزىدە تۇرۇپ ئويلاپ كېتىمەن، — دېدى ئۇ بىر ئازدىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۆز ۋاقتىدا ھەممىنى تاشلاپ سىز بىلەن ئوقۇشقا كەتكەن بولسامۇ بۇنچىۋالا دەرد - ئەلەمنى تارتماس بولغىيتتىم. لېكىن ماڭا ئامال يوق ئىدى. پېشانەمگە يېزىلغىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ، دەپ ھەممىگە چىدىدىم، يېزىدا مەن قىلمىغان ئىش قالمىدى، ئېتىزدىمۇ ئىشلىدىم، باغمۇ كۆتۈرە ئالدىم، سەيپۇڭچىلىقمۇ قىلدىم. خۇدايىمنىڭ رەھمى كەلدىمۇ، كېيىنچە ئىشلىرىم ئوڭغا تارتتى، پولاتنى ئۆيلۈك قىلدىم، مۇ-راتقا ماشىنا ئېلىپ بەردىم، ئۆينى يېڭىلاپ سالدىم. ئەمدى مانا ئاشخانا ئېچىۋالدىم، ئىنىلىرىم، «ئەمدى بولدى، ئۆيدە ئولتۇر، سېنى بىز باقايلى» دەيدۇ. ئۆيدە يالغۇز نېمە ئىش قىلىمەن، يالغۇز قالسام خىيال باسىدىكەن، ئۇنىڭدىن ئاشخانىدا ئۇنى - بۇنى قىلىپ يۈرگىنىم ياخشىكەن. مەن تۇرمۇش دېگەننى ئەمدى چۈشەندىم. بۇ كۇندە كۆڭۈل ئەمەس، قولۇڭدىكى پۇلۇڭ ئەسقا-تىدىكەن، نېمىشقىدۇر بالدۇرراق شۇ ئەقىلگە كەلمىگەن بولغىي-دىم دەيمەن.

سىرتتا رەيھاننى بىرى چاقىرغانىدى، ئۇ چىقىپ كېتىپ ئۇزۇنغىچە كىرمىدى، مەنمۇ قوپۇپ سىرتقا چىقتىم. مېنى نې-مىشقىدۇر كۆڭۈلسىز ئويلار چىرمىۋالدى.

— چىقىۋاپسىزغۇ؟ — كەينىمدە رەيھاننىڭ ئاۋازى ئاڭلان-دى، — تاماق يەمسىز، قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ؟

— ياق، رەھمەت، — دېدىم مەن ئوڭايسىزلىنىپ.

— نېمىشقا كەلدىڭىز؟

— سىزنى ۋە ساجىدەنى كۆرۈپ كېتەي دېگەنىدىم.

رەيھان ماڭا «يالت» قىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ قورۇق باسقان

لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئاشخانىغا
قاراپ ماڭدى، ئۇ كېتىۋېتىپ كەينىگە قايرىلدى ـ دە:
— كېتىڭ، — دېدى ئاچچىق بىلەن.
مەن بىردەم نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قال-
دىم. رەيھاننىڭ مۇئامىلىسى مېنى ئۈمىدسىزلىككە قويدى. لې-
كىن ئۇنىڭغىمۇ ئاغرىنغۇدەك يولۇم يوق. ئۇ مېنى تىللاپ قوغلى-
غان بولسىمۇ ھەقلىق ئىدى. مەن زادى بۇ يەرگە نېمىدەپ كەل-
دىم؟ ھەممە نەرسە ئۇنتۇلغان، ئۆزگەرگەنىدى. مانا رەيھانمۇ
پۈتۈنلەي باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن يەنە نېمى-
نى كۈتەتتىم؟ مەن پەقەت ساجىدەنى بىر كۆرسەملا بولاتتى.
مەن ئاشـخانىنىڭ يېنى بىلەن ئارقـىغا ئۆتتۈم، دۆڭدە —
ئىلگىرىكى رەيھانلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئورنىدا پېشايۋانلىق ئۆي قۇياش
نۇرىدا چاقناپ تۇراتتى. مەن قورۇنىڭ ئالدىغا كەلدىم. كۆك
سىرلانغان قوش قاناتلىق دەرۋازا قۇلۇپلاقلىق ئىدى. مەن ساجى-
دەنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىنى بىلىپ دۆڭدىكى چىغىر يول بىلەن تۆۋەن-
گە — بىز ئەينى چاغدا رەيھان بىلەن يىغىلىپ ئوينايدىغان ئۆس-
تەڭ بويىغا ماڭدىم. ماڭا مۇشۇ چىغىر يول شۇ بۇرۇنقى پېتى
تۇرغاندەك كۆرۈندى. يولنىڭ ئىككى چېتى قويۇق ئوت ـ چۆپلەر
ياۋا گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن، سېرىق سەبدە گۈللەر غۇچچىدىلا
ئېچىلىپ كەتكەنىدى. گۈللەر ئۈستىدە يىڭناغۇچ، كېپىنەكلەر
ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. مېنىڭ ئېسىمگە بىر چاغلاردىكى ئىشلار
كېلىپ قەلبىم ھاياجاندىن لەرزىگە كەلدى. مانا مۇشۇ يەر مېنى
بالىلىق، ياشلىقنىڭ پاك ۋە خىيالىي دۇنياسىغا، تۇنجى سۆيگۈ-
نىڭ شادلىق ۋە ئازابلىرىغا باغلايدۇ، ئاشۇ ياپيېشىل ئوتلار،
گۈللەر ئارىسىدىكى چىغىر يول — رەيھاننىڭ ماڭىدىغان يولى،
ئۇنىڭ خۇشخۇي، يۈرەكنى ئوينىتىدىغان يېقىملىق ئاۋازى، قوڭ-
غۇراقتەك كۈلكىسى، ھەمىشىلا تەبەسسۇم بىلەن ئويناپ تۇرىدى-
غان بۇلاقتەك كۆزلىرى، تال چىۋىقتەك ئەۋرىشىم قامىتىنى

مۇشۇ يەردە كۆرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بولغانىدىم. ئاشۇ كېلەڭ-
سىز يېپىلغان سۆگەت تۈۋىدە مەن ئۆمرۈمدە ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇت-
لارنى ئۆتكۈزگەنىدىم. نېمىشقىدۇر بۇ ئىشلارنى زادىلا ئۇنتۇيال-
مىدىم، هازىرقى ئايالىم بىلەن توي قىلغان ئاخشىمىمۇ رەيھان
كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، كۆڭلۈمنى غەشلىككە سالغانىدى.
شۇنچە يىللاردىن بۇيان بۇلارنى زادىلا ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم، بەل-
كىم ئۇ ماڭا ئۆمۈرۋايەت هەمراھ بولسا كېرەك.

ئۆستەڭ بويى جىمجىت ئىدى. بىز رەيھان بىلەن ئولتۇرغان
سۆگەت چوڭىيىپ باراقسان بولۇپتۇ، ئۇنىڭ يېنىدا يېڭىدىن يېڭى
ياش سۆگەتلەر پەيدا بولۇپتۇ. ماڭا بۇ يەر هېچقانچە ئۆزگەرمىگەن-
دەك بىلىندى.

سۆگەتلىكنىڭ ئارىسىدا بىرلىرىنىڭ كۈلۈشكەن ئاۋازى ئاڭ-
لاندى ۋە هايال ئۆتمەي قېرى سۆگەت ئاستىدىن ئۇستىگە گۈللۈك
ئاق كۆڭلەك كىيگەن بىر قىز يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەلدى.
ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم «قارت» لا قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ بوي -
تۇرقى، كىيىنىشى، هەتتا چېچىنى كەينىگە تۇرۇۋېلىشىمۇ رەي-
هانىنىڭ بىر چاغلاردىكى تۇرقىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.
ئاڭغۇچە سۆگەت تېگىدىن يالاڭباش، ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت
چىقتى، ئۇنىڭ قولىدا گىتار بار ئىدى.

— ساجىدە، كەچتە چىقامسەن؟ — دېدى ئۇ قىزغا قاراپ.

— ياق، چىقالـمـايـمەن،— دېدى قىز شوخـلـۇق بە-
لەن،— بۈگۈن تېلېۋىزوردا ياخشى كىنو بار.

— كىنونى قويغىنە، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار.

— ئاپام ئۇنىمايدۇ.

ساجىدە مېنى كۆرۈپ قېلىپ يىگىتكە شەرەت قىلىۋېدى،
يىگىت ماڭا قاراپ - قاراپ قويۇپ ئۆستەڭ ياقىلاپ كېتىپ
قالدى. ساجىدە ئوڭايسىزلانغاندەك قىزارغىنىچە ماڭا قاراپ -
قاراپ قوياتتى.

— سىز ساجىدەمۇ؟ — دېدىم مەن قىزغا يېقىن كېلىپ.
— ھەئە... ، — قىز كۆلۈمسىرىگىنىچە ماڭا ئەجەبلەنگەندەك تىكىلدى. بۇ كۆزلەر رەيھانغا نېمانچە ئوخشايدىغاندۇ؟
— مەن رەيھاننىڭ ئىلگىرىكى ساۋاقدىشى بولىمەن، ئۈرۈمچىدىن كېلىشىم.
— ھە ... ، — قىزنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، — ئاپام سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ بەرگەن، سىز ئادىلكامغۇ؟
— ھەئە.
— ئاپام بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟
— كۆرۈشتۇم، رەيھان ياخشى تۇرۇپتۇ.
— ئاپام جاپانى جىق تارتتى. سىز ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇتقۇچىسىمۇ؟
— ھەئە، ئوقۇغۇچىلارنى پراكتىكىغا ئەكەلگەن. سىزچۇ، ئوقۇۋاتامسىز؟
— تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگەتتىم.
— ئالىي مەكتەپتە ئوقارسىز؟
— ئۆزۈمنىڭغۇ ئوقۇغۇم بار، شۇنىسى ئاپام يالغۇز. بەزىدە نەچچە كۈن ئاغرىپ يېتىپ كېتىدۇ، دادام بولغان بولسىمۇ خاتىرجەم ئوقۇيتتىم.
يۈرىكىمنى نامەلۇم بىرنەرسە قىسقاندەك سىرقىراپ كەتتى. مەن ساجىدەدىن كۆزۈمنى ئېلىپ يەرگە قارىۋالدىم.
— مەن ئېسىمنى بىلسەم ئاپام بىچارە جاپادىن نېرى بولمىدى. بىرتەرەپتىن دادامنىڭ دەردى، بىرتەرەپتىن تاغىلىرىمنىڭ غېمى، ئۇ بەزىدە مېنى يېتىلەپ مۇشۇ يەرگە كېلەتتى. ئولتۇرۇپ سائەت - سائەتلەپ يىغلايدۇ.
— بىز رەيھان بىلەن مۇشۇ يەرگە يىغىلىپ ئويناپتتۇق، ئۇ ناخشىنى بەك ياخشى ئېيتاتتى.
— باشقىلارمۇ شۇنداق دەيدۇ. نېمىشقىدۇر سىز بىلەن بىللە

ئوقۇشقا كەتمىگەن بولغىيدى؟ چوڭدادامغا تارتىشقان بولسا كې-
رەك؟!

— ھەئە، ئۆينى تاشلاپ كېتەلمىدى. سىز ئاپىڭىزنى دورد-
ماڭ، ئوقۇڭ!

— چوقۇم ئوقۇيمەن!

دۆڭدە بىر ئايالنىڭ ئاچچىق چاقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ساجىدە! ھەي ساجىدە!

ساجىدە ماڭا ئوڭايسىزلانغاندەك قاراپ قويىدى ـ دە:

— ئاپام چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى ۋە نېمىدۇر ئېسىگە كەلگەن-
دەك ئىككىلىنىپ سورىدى، — ئىمتىھان نومۇرۇمنى سىزگە
ئەۋەتسەم ياردەم قىلارسىزمۇ؟ ھازىر يۆلەنچۈك بولمىسا بىكار-
كەن.

— بولىدۇ، ئەۋەتىڭ، — دېدىم مەن ۋە قويۇن يانچۇقۇمدىن
ئىسىم كارتۇچكامنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردىم، — ماۋۇ ئۆينىڭ
تېلېفونى، ئىمتىھان بېرىپ بولغاندىن كېيىنلا ماڭا تېلېفون
قىلىڭ، بولامدۇ؟

— ماقۇل، — ساجىدەنىڭ چىرايى شادلىقتىن جىلۋىلەندى.

ساجىدە چېغىر يولغا چۈشۈپ دۆڭگە قاراپ مېڭىپ كەتتى.
ئۇنىڭ مېڭىشلىرىمۇ رەيھانغا نېمىدېگەن ئوخشىغان. ئۇ خۇددى
گۈلدىن گۈلگە قونۇپ يۈرگەن كېپىنەكتەك يېنىك قەدەم ئېلىپ
كېتىۋاتاتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ ئېڭىشىپ يەردىن بىر تال سەبدە-
گۈلنى ئۈزۈۋېلىپ بۇرنىغا ئەكېلىپ پۇرىدى ۋە گۈل ھىدىدىن
يايرىغاندەك يۈگۈرگىنىچە دۆڭگە چىقىپ ئۆزىدىن كۆز ئۈزمەي
تۇرغان ماڭا قولىنى پۇلاڭلاتتى. ئۇ شۇ تاپتا خۇددى دۆڭدىن
كۆتۈرۈلگەن قۇياشتەك نۇرلۇق ئىدى.

قەدىمكى چېغىرىيول قۇياش نۇرىدا ئاقىرىپ تۇراتتى.

1996 ـ يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyODY4ODQuemlw",
  "filename_decoded": "40286884.zip",
  "filesize": 17454083,
  "md5": "db0653936e0d8c0ef627324eaad0d66d",
  "header_md5": "3ed1c391666346bb4d69417f2e99ba0a",
  "sha1": "7e7d7b169c9f93261629db0521197a219357504d",
  "sha256": "9180a5f1bcc0d9112439a7ddfc1dced7e460cb38cd3406d9751e582f36a3662a",
  "crc32": 3118406810,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 17886710,
  "pdg_dir_name": "\u2563\u251c\u2500\u2229\u2592\u2261\u2534\u2248\u2514\u00df_40286884",
  "pdg_main_pages_found": 317,
  "pdg_main_pages_max": 317,
  "total_pages": 323,
  "total_pixels": 1202487616,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}